国家出版基金项目

# جۇڭگو داڭلىق يازغۇچىلىرىنىڭ ھېكايىلىرىدىن تاللانما



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

国家出版基金项目

# جۇڭگو داڭلىق يازغۇچىلىرىنىڭ هېكايىلىرىدىن تاللانما

تەرجىمە قىلغۇچىلار : ئەخمەت پاسار
مەسئۇت خالىت قاتارلىقلار

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

中国名作家短篇小说:维吾尔文/王蒙等著；艾合买提·帕萨尔等译. 一 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2012.8
ISBN 978-7-228-15791-4

Ⅰ.中... Ⅱ.①王... ②艾... Ⅲ.①短篇小说一小说集一中国一当代一维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.Ⅰ246.7

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2012)第191447号

责任编辑 阿扎提·阿里玛斯
责任校对 阿依古丽·沙比提
特约校对 玉素甫·斯马依
封面设计 买买提·诺比提
出版发行 新疆人民出版社
电　　话 0991-2827472
地　　址 乌鲁木齐市解放南路348号
邮　　编 830001
印　　刷 乌鲁木齐军星印刷厂
经　　销 新疆维吾尔自治区新华书店
开　　本 880×1230毫米 32开本
印　　张 10
版　　次 2012年8月第1版
印　　次 2012年8月第1次印刷
印　　数 1—3000
定　　价 25.00 元

# كىرىش سۆز

«جۇڭگو داڭلىق يازغۇچىلىرىنىڭ ھېكايىلىرىدىن تاللانما»ناملىق بۇ كىتابقا يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيانقى داڭلىق يازغۇچىلار ۋاڭ مېڭ، ۋاڭ شياۋبو ۋە دۇڭ لىبو قاتارلىقلارنىڭ ھېكايىلىرى كىرگۈزۈلدى.

بۇ ھېكايىلەر جۇڭگو بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىيات ئىجادىيىتىنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى مەلۇم جەھەتتىن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ. بىز بۇ كىتابنى تۈزۈشتە تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ئوبيېكتىپ ئەمەلىيىتىگە ھۆرمەت قىلىپ، ئاساسەن جۇڭگو بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىيات تارىخىدا خېلى تەسىر قوزغىغان ياكى مەلۇم ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلەرنى تاللىدۇق. بۇ ئەسەرلەر ئەينى چاغدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە كىشىلەرنىڭ ئىچكى روھىي دۇنياسىنى تولۇق ئەكس ئەتتۇرگەن، بۈگۈنكىچە ئىدىيىۋى ئەھمىيىتىنى يوقاتمىغان، شۇنىڭدەك بەدىئىي جەھەتتىكى ئۆزگىچە قىممىتىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان ئەسەرلەردۇر. شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش زۆرۈركى، جۇڭگو بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىدىكى داڭلىق يازغۇچى، نەسىرچى ۋە شائىر ۋاڭ مېڭنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ مۇشەققەتلىك ۋە يەنە ئەڭ مۇھىم پەيتلەر شىنجاڭدا ئۆتكەن، ئۇيغۇر خەلقى بىلەن، بولۇپمۇ ئۇيغۇر دېھقانلىرى بىلەن بىللە ئۆتكەن، بۇ جەرياندا ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇرمۇشىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئۇلارنىڭ نازۇك ئىچكى كەچۈرمىشلىرى، ئەقىل ـ پاراسەتلىكلىكى، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداملىق خاراكتېرى ۋە ئادىمىيلىككە ياتىدىغان گۈزەل پەزىلەتلىرى بىلەن پىششىق تونۇشقان. شۇڭا، ئۇيغۇر خەلقى ئېما



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلىنغان ئەسەرلىرىنىڭ تىلى شۇنچىلىك راۋان، يېقىشلىق، يارىتىلغان ئوبرازلار شۇنچىلىك جەلپ قىلارلىق، ئەينەن ۋە روھىي دۇنياسى، مىجەز - خاراكتېرى چىنلىق بىلەن تەسۋىرلەنگەن.

ۋاڭ مېڭ ئەسەرلىرىنىڭ تىلى تاتلىق، قويۇق يۇمۇرىستىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بەزى ئەسەرلىرىدىن شىنجاڭغا بولغان چوڭقۇر مېھرى - مۇھەببىتى، مەمنۇنىيەتلىك ھېسسىياتى، تەشەككۈرلۈك تۇيغۇسى ئېنىق بىلىنىپ تۇرىدۇ. شۇڭا، ۋاڭ مېڭنىڭ «مەن شىنجاڭغا رەھمەت ئېيتىمەن، شىنجاڭنى مەڭگۈ سېغىنىمەن، چۈنكى ئەڭ قىيىنچىلىقتا قالغان ۋاقىتلىرىمدا شىنجاڭ ماڭا خۇشاللىق ھەم تەسەللى بەخش ئەتتى، ئەڭ نامرات ۋاقىتلىرىمدا مېنى مول روھىي ئوزۇق بىلەن تەمىنلىدى .... گاڭگىرىغىنىمدا مەڭگۈلۈك ئۈمىد ۋە كۈچ بېغىشلىدى» دېگىنى بىكار ئەمەس.

بۇ كىتابقا «ئەدەبىي تەرجىمىلەر» ژۇرنىلىدىن بىر قىسىم يازغۇچىلارنىڭ ھېكايىلىرىمۇ تاللاپ كىرگۈزۈلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

مەڭگۈلۈك ئەسلىمە ......................... ۋاڭ شياۋبو (1)
كونا مىلتىق ......................... دۇڭ لىبو (71)
قەلبىنۇر ......................... ۋاڭ مېڭ (106)
ئىللىق قىرغاق ......................... گو شۆبو (133)
ئېگىزلىك شامىلى ......................... ۋاڭ مېڭ (163)
ناخشا پەرى ......................... ۋاڭ مېڭ (205)
مى شياڭ ......................... دۇڭ لىبو (240)
ئەليۇلئەلالىق چۈشى ......................... يۇ لىجى (273)
خەير ـ خوش ، بېيجىڭ ! ......................... لى جۈن (297)
مۇبادا شەھەر باشلىقى بولۇپ قالسام ......... چىن دېلۇڭ (309)
پىكاپ ئالماشتۇرۇش ......................... شۈي شاڭمىڭ (314)

# مەڭگۈلۈك ئەسلىمە

ۋاڭ شياۋبو

مەن ئون يەتتە ياش چېغىمدا يۈننەنگە بارغان. ئۇ جايدا قاتمۇقات تاغلار كىچىككىنە تۈزلەڭلىك، ياپيېشىل بامبۇكزارلىق ۋە سۈپسۈزۈك ئېقىنلارنى ئوراپ تۇراتتى. قۇرغاقچىلىق پەسلىدە كۆپكۆك ئاسمان بەكمۇ گۈزەللىشىپ كېتەتتى. مەن ئۆڭۈپ كەتكەن ھەربىيچە كىيىم كىيگەن بىڭتۇەن جەڭچىسى ئىدىم. ئۆزۈمنى روھلۇق سېزەتتىم. مەيدە يانچۇقۇمغا قىزىل گۆھەر كىتاب سېلىقلىق تۇراتتى، ئېتىزدا دەم ئالغان چاغلاردا يۇرتداشلارغا گېزىت ئوقۇپمۇ بېرەتتىم. ئىنقىلابىي ئىرادەمدىن تەۋرىنىپ قالماسلىق ئۈچۈن قىز ساۋاقداشلىرىم بىلەن زادىلا گەپلەشمەيتتىم. يۇقىرىدا ئېيتقانلىرىمدىن تاشقىرى، ئاشۇ يىللاردا نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىم خۇددى ئەلگەكتە سۇ توختىمىغاندەك ئېسىمدە زادىلا قالمىدى. شۇغىنىسى، كېيىنچە يۈز بەرگەن بەزى ئىشلارنى ئۆمۈر بويى ئۇنتۇيالمىدىم. بۇ ئىشلار ئېسىمدە شۇنچىلىك ئېنىق قالغان بولۇپ، ماڭا گويا تۈنۈگۈن بولۇپ ئۆتكەن ئىشلاردەكلا تۇيۇلىدۇ.

بۇ ئىشلار شۇ يىلى باھاردا بولۇپ ئۆتكەنىدى. ئەترەتتە مۇنداق بىر قائىدە بار ئىدى. دېھقانچىلىق ئالدىراش مەزگىللەردە، كالىلارغا كۈنىگە بىر قېتىم قارا شېكەردە شىفەن ئېتىپ بېرىلەتتى، ئۇنداق قىلمىغاندا كالىلار ھېرىپ ھالىدىن كېتەتتى. شۇ كۈنى سىياسىي يېتەكچى يېڭى ئىشتابىدىن كېلىۋېتىپ، ئاغىنەم داشۈينىڭ چېلەكتە كالىلارغا شىفەن ئەكېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، كۆزلىرىنى ئالايتقىنىچە: «كالىلارغا شىفەن

ئىچكۈزۈش قايسى بەگزادىنىڭ ئىشى!» دەپ ۋارقىراپتۇ.

ئۇ داشۇينىڭ يۈگۈرۈپ كېلىپ ناماقۇل بولۇشىنى كۈتۈپ جايىدا تۇرۇپتۇ. داشۇي ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماپتۇ. ۋارقىرىغىنىغا ھېچكىمنىڭ پەرۋا قىلمىغانلىقىنى كۆرگەن سىياسىي يېتەكچى بوينىنى سوزۇپ يەنە ھۆركىرەپتۇ: «بۇنى كىم قىلغان؟»

— شىفەننى مەن ئەكەلدىم، — دەپتۇ داشۇي ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، — يەر ھەيدەيدىغان كالىلارغا شىفەن بېرىش كېرەك. بولمىسا كالىلار كاردىن چىقىدۇ.

سىياسىي يېتەكچى بېشىنى قىڭغايتىپ ئۇنىڭغا بىر پەس سەپسالغاندىن كېيىن يەنە ۋارقىراپتۇ: «كالىلار شىفەن ئىچسە، ئادەملەر نېمە ئىچىدۇ؟ شىفەننى نەدىن ئەكەلگەن بولساڭ، شۇ يەرگە ئاپىرىپ قوي!

داشۇي ئۇنىڭ شالىنى چېچىپ چالۋاقاشلىرىغا ئىختىيارسىز غەزەپلىنىپتۇ. «نەدىن ئەكېلەتتىم؟ — دەپتۇ ئۆزىنى تۇتالماي، — ئاۋۇ يەردىكى داشقازاندا قايناتقان، بىر كالىغا بىر چېلەكتىن بېرىمەن.»

— پوق يەپسەن! — غەزەپلىنىپتۇ سىياسىي يېتەكچى، — كالىلارنى ئاشلىق بىلەن بېقىشنى ئۆزگەرتمەي بولمايدۇ. شىفەننى ئاشخانىغا ئاپار، ئادەملەرگە بېرىمىز.

— ئۇنى ئادەملەر ئىچسە بولمايدۇ، سىياسىي يېتەكچى، — دەپتۇ داشۇي سوغۇق كۈلۈپ، — چېلەككە سىيىپ قويدۇم.»

داشۇي يالغان ئېيتمىغانىدى. كالىلار ئادەم سۈيدۈكىنى ئىچىشكە ئامراق ئىكەن. مەن ئۇنى تۇز ماددىسىنى تولۇقلاش ئۈچۈن شۇنداق قىلامدىكىن دەپ پەرەز قىلاتتىم. كالا ئورگانىزمى ئورپىيانى سۈمۈرەلەيدۇ دەپمۇ ئاڭلىغانىدىم. شۇڭا، بىز ئارىلاپ ئادەم كۆرمىگەن چاغلاردا كالىلارغا سۈيدۈكىمىزنى ئىچۈرەتتۇق، بەزى چاغلاردا كالىلارنىڭ يېمىگە سىيىپمۇ قوياتتۇق.

داشۇي مېنى مەسخىرە قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلىغان سىياسىي يېتەكچى ئۇنى ياقىسىدىن ئېلىپ، سۆرەپ ماڭماقچى بوپتۇ. داشۇي

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تىركىشىپتۇ، ئىككىسى بوغۇشۇپ كېتىپتۇ. «مۇتتەھەم ! لۈكچەك !» دەپ تىللاپتۇ سىياسىي يېتەكچى. «سەن نېمىنى بىلىسەن، پوقنى بىلەمسەن !» گەپ ياندۇرۇپتۇ داشۆي.

بىر ئازدىن كېيىن كىشىلەر ئۇلارنى ئاجرىتىپ قويۇپتۇ. غەزىپى بېسىقمىغان سىياسىي يېتەكچى داشۆينى تەنقىد قىلىدىغان يىغىن ئاچىمىز دەپ تۇرۇۋاپتۇ. ئەترەت باشلىقى شۇنچە چۈشەندۈرسىمۇ ئاڭلىماپتۇ. ئاخىر ئەترەت باشلىقى: «يولداش سىياسىي يېتەكچى ! بۇنداق قىلسىڭىز بىز قانداق خىزمەت ئىشلىيەلەيمىز! مەن بۇنى تۈەن پارتكومىغا دوكلات قىلىمەن» دەپ ۋارقىراپتۇ. سىياسىي يېتەكچى شۇنىڭدىلا پەسكارىغا چۈشۈپتۇ. لېكىن، ئۇ كەچكى يوقلىما ۋاقتىدا يەنە بىرمۇنچە سۆزلەپتۇ: «سىلەرنىڭ ئەترەت كالىلارنى گۈرۈچتە بېقىۋاتىدۇ! مەن تەنقىد قىلسام، تېخى بەزىلەر مەن بىلەن تاكاللاشتى، ياخشىغۇ! كارامىتىڭلار بار ئىكەن - ھە! بۇ نېمە بىلەمسىلەر؟ مانا بۇ ھۆكۈمەتسىزلىك!»

پېشقەدەم ئىشچى - خىزمەتچىلەر پەستە تۇرۇپ ئۇنى زاڭلىق قىپتۇ: «نېمە قىلىۋاتىدۇ بۇ، كالىلار يەيدىغان ئاشلىقنى يۇقىرىدىن تارقىتىدۇغۇ!»، «كالىلىرىمىز ئورۇقلاپ قاقشال ئۇستىخان بولۇپ قالدى، يەنە يەر ھەيدەمدىكەن، يەر ھەيدىمەيدىغان تەييارتاپلار جېنىدا قىرىق ئىككى جىڭ گۈرۈچ يەيدىغان تۇرسا.»

شۇ ۋەقەدىن كېيىن، سىياسىي يېتەكچى داشۆينى كۆرسە ئالىيىپ ئۆتۈپ كېتىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ داشۆينىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ ياخشى ئەمەس ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، شۇڭا ئۇنى كەينىدىن ئىتتىنىڭ بالىسى دەپ تىللايتتى. كېيىنچە، داشۆيدىن قۇسۇر تېپىش ئۈچۈن بىزنىڭ ئەترەتكە پات - پاتلا سوكۇلدايدىغان بولۇۋالدى. مەن ئۇنىڭ ياخشى نىيەتتە كەلمەيۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ئاستىرتىن داشۆينى «سىياسىي يېتەكچى ئەدىپىڭنى بەرمەكچى بولۇۋاتىدۇ» دەپ ئاگاھلاندۇرۇپ تۇراتتىم. داشۆي قورقۇپ قالمايتتى. «مەن ئىشىمنى

قىلىۋېرىمەن، قېنى، ئۇ مېنى نېمە قىلالايدىكىن؟» دەيتتى ئۇ.

ناھايەت، سىياسىي يېتەكچى قوسۇر تېپىشقا مۇۋەپپەق بولدى. شۇ يىلى كۈزلۈك يىغىم مەزگىلىدە داشۇيىنىڭ پۇتى كۆتىچەك كىرىپ يارىلاندى. يامغۇردىن كېيىن ئېتىز نەمخۇش تۇس ئالغانىدى. ئەترەت داشۇيگە ئېتىبار بېرىپ ئۇنى خامانىدا ئىشلەشكە ئورۇنلاشتۇردى. نەچچە مىڭ جىڭ كېلىدىغان شال خامانغا كەلتۈرۈلدى. ئۇنى يېيىتىپ ئاپتاپقا سېلىش ئۈچۈن ئادەم بولمىسا بولمايتتى. شۇنداق قىلىپ، مەن ۋە قىز ساۋاقدىشىم شىڭ خۇڭمۇ خامانغا ئەۋەتىلدۇق.

ئەتىگەندە تۇمان تارقالغاندىن كېيىن، بىز مىشكاپلارنىڭ ئاغزىنى ئاچتۇق ۋە نەملىشىپ قالغان شالنى خامانغا تۆكۈپ يېيىتىشقا باشلىدۇق. بۇ ئىشنى چۈشكىچە ئاران تۈگەتتۇق. چۈشتىن كېيىن داشۇي ئىككىمىز خامانغا كەلگەندە، شىڭ خۇڭ ئاللىقاچان كېلىپ بولغانىكەن. قىز بېشىنى يۆگان بولۇپ، چاچلىرى مۇرىسىگە يېيىلىپ چۈشكەنىدى. شۇ تاپتا ئۇ دەرەخنىڭ سايىسىدا باداشقانىنى قۇرۇپ ئولتۇراتتى، تۇرقىدىن قۇشلارغا بەكمۇ قىزىقىۋاتقاندەك تەبەسسۇم بىلەن قارايتتى. مەن تىرىنىنى ئالدىم ـ دە، شالنى ئاغدۇرۇپ قويماقچى بولدۇم. لېكىن ئۇ:

ــ ئاغدۇرما، بەش مىنۇت ئىلگىرى مەن بىر قېتىم ئاغدۇردۇم، ــ دېدى.

شۇنىڭ بىلەن، داشۇي ئىككىمىزمۇ بېرىپ دەرەخنىڭ سايىسىدا ئولتۇردۇق.

ــ سىياسىي يېتەكچىنى تېپىپ پاراڭلىشىپ باقساڭ بولاتتى، ــ دېدىم داشۇيگە، ــ ئۇ سېنى خاتا چۈشىنىپ قالغان بولسا كېرەك، پاراڭلاشساڭ ئىشلار ئايدىڭلىشىپ كېتەتتى.

ــ پاراڭلاشمايمەن! ــ كەسكىن جاۋاب بەردى ئۇ.

ــ يەنىلا پاراڭلىشىپ باققىنىڭ ياخشى، ــ دېدىم مەن يەنە، ــ بولمىسا، مەن بېرىپ گەپلىشىپ باقاي.

دەل شۇ چاغدا بىرىنىڭ خىڭىلدىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەسلىدە شىلىڭ خوڭ نارازى بولغاندەك بۇرنىنى خىڭىلدىتىۋاتقانىكەن.

— بولمايدۇ، نېمىشقا داشۇي ناماقۇل بولىدىكەن؟ — دېدى ئۇ.

مەن گەپكە قوشۇق سالدى، دەپ ئۇنىڭغا ئالىيىپ قويدۇم. ئۇ سېزىپ كۈلۈپ قويدى ـ دە ، نېرى كېتىپ قالدى.

داشۇي بېشىنى ساڭگىلىتىپ خېلىغىچە ئۇنچىقماي ئولتۇردى. ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ بىردىنلا ۋارقىراپ كەتتى:

— چاتاق بولدى! يامغۇر ياغىدىغان بولدى!

قارىسام دېگەندەكلا، قارا بۇلۇت ئاسماننى قاپلاپ كېلىۋاتاتتى. بىز دەرھال شالنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىدۇق. شىلىڭ خوڭ كۆرۈنمەيتتى. مەن:

— شىلىڭ خوڭ! شىلىڭ خوڭ! يامغۇر ياغىدىغان بولدى! — دەپ ۋارقىرىدىم.

— ئۇقتۇم، كالىنى ئەكېلىۋاتىمەن، — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى يىراقتىن.

شىلىڭ خوڭ ئۆستەڭ بويىدىن كالىنى يېتىلەپ كەلدى. بىز تارتقۇنى كالىغا سۆرىتىپ شالنى دۆۋىلىگەنىدۇق، سۈرئەت راستلا تېز بولدى. بىردەمدىلا شالنىڭ تەڭدىن تولىسىنى دۆۋىلەپ بولدۇق.

شامال چىقىشقا باشلىدى، يامغۇر يېغىشقا ئازلا قالغانىدى. دەل شۇ چاغدا كالا قۇيرۇقىنى كۆتۈرۈۋالدى. شىلىڭ خوڭ دەرھال كالىنىڭ قۇيرۇقىنى بېسىۋېلىپ: «ھۇ، ئۆلگۈر!» دەپ كۈلۈۋەتتى. ئاندىن كالىنىڭ تېزەكلىۋېلىشى ئۈچۈن ئۇنى بىر چەتكە ھەيدەپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى ئىشنىڭ بېلىگە تەپتى. بىز شالنى دۆۋىلەپ بولغىنىمىزدا يامغۇر تامچىلىرى تاراسلاپ چۈشۈشكە باشلىدى. شۇ ئەسنادا شالنىڭ ئۈستىگە ياپىدىغان بىر بورا توغرا كەلمەي قالدى. ئۇ ئەسلىدىمۇ خېلى يېرى چىرىپ تۆگىگەن بورا

ئىدى. داشۇي ئۇنىڭ بىر پارچىسىنى ئورغاق بىلەن كېسىپ ئېلىۋەتتى. ئاندىن ئۈستىگە بىرھېزىنت يېپىپ قويدى. بۇ ئىشلار ئەمدىلا تۈگىشىگە يامغۇر شارقىراپ يېغىپ كەتتى.

بىز يۈگۈرگىنىمىزچە لاپاسىنىڭ تېگىگە كىرىۋېلىپ يامغۇردىن دالدىلاندۇق. داشۇي تېخىچىلا ھېلىقى بورا پارچىسىنى تۇتۇۋالغانىدى.

— تاشلىۋەت، — دېدىم ئۇنىڭغا.

— ئېلىپ قويساق سېۋەتلەرنى يامغىلى بولىدۇ، — دېدى ئۇ.

بىردىنلا، شىڭ خۇڭ ئېگىلىپ بورا پارچىسىغا قارىدى، ئاندىن قەددىنى رۇسلاپ داشۇينىڭ مۇرىسىگە بىرنى ئۇردى:

— قارىغىنا!

قارىساق، بورىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا ئادەم رەسىمى چاپلانغانىكەن. چاتاق بولدى. ئۇ چاغلاردا، باشقا ھېچكىمنىڭ رەسىمىنى ئۇچراتقىلى بولمايتتى. قورقىنىدىن داشۇينىڭ قوللىرى تىترەپ كەتتى. ئۇ رەسىم پارچىسىنى بورىدىن ئاۋايلاپ سويۇۋالدى ـ دە، ئالىقىنىغا قويۇپ قارىغىنىچە تۇرۇپ قالدى.

بۇ بورىنىڭ كەپىلەرنى بۆلۈشكە ئىشلىتىلگەنلىكى كۆرۈنۈپلا تۇراتتى. مەن:

— قانداق قىلىمىز؟ رەسىمنىڭ يەنە بىر پارچىسى شال دۆۋىسىدە. ھاۋا ئېچىلغاندىن كېيىن باشقىلار ئۇنى كۆرۈپ قالىدۇ. داشۇي، سەن تېزرەك بېرىپ دوكلات قىلغىن، — دېدىم.

— دوكلات قىلغاندا كىمنى مۇشۇنداق قىپتۇ دەيمىز؟ — سورىدى شىڭ خۇڭ.

مەن ئۈنچىقمىدىم.

— ئەلۋەتتە ئۆزۈمنى ـ دە، — دېدى داشۇي.

— يوق گەپنى قىلما، سەن ئەمەس، سىياسىي يېتەكچى سېنى قەستلەپ يۈرىدۇ، مېنى دېسەڭلا بولىدى، — دېدى شىڭ خۇڭ.

داشۇي ئۇنداق قىلمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ سەممىي ئادەم ئىدى. مەن بىردىنلا ئەپچىل بىر پىلاننى ئويلاپ تاپتىم:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— مۇبادا بىرەرى كۆرۈپ قېلىپ، كىم قىلدى دەپ سوراپ قالسا، بۇنداق ئىش ئېسىمىزدە يوق، كىم قىلغانلىقىنىمۇ بىلمەيمىز دەيلى، شۇنداق قىلساق ھېچكىم بالاغا قالمايدۇ.

بۇ پىكىرگە ھەممەيلەن قوشۇلدى، لېكىن خاماندا شال يېيىشتىن قاتالار كەچ كىرىپ ئىشتىن چۈشىدىغان چاغدا ھىلىقى بورىنى كۆرۈپ قالدى. سىياسىي يېتەكچى بۇ ئىشتىن شۇ زامان خەۋەر تاپتى. ئۇ چاقماق تېزلىكىدە يېتىپ كەلدى ـ دە، بىزدىن بۇ ئىشنى كىمنىڭ قىلغانلىقىنى كوچىلاپ سورىدى. بىز ئېسىمىزدە يوق دەپ جاۋاب بەردۇق. لېكىن، ئۇ بۇ گەپ بىلەن بولدى قىلسۇنمۇ! ئۇ بىزنى بىر ـ بىرلەپ قىستاپ سورىدى، بىزگە شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىنكى ئەھۋاللاردىن يىپىدىن ـ يىڭنىسىغىچە سۆزلەتتى، بولۇپمۇ شالغا بورا يېپىش جەريانىنى بىر ھەرىكەت، بىر ھەرىكەتتىن ئېيتقۇزۇپ ئاڭلىدى. ئاۋۇ ئىككىيلەننىڭ قانداق تۈيغۇدا بولغانلىقى ماڭا نامەلۇم، لېكىن سىياسىي يېتەكچى مېنى سوراققا تارتقاندا ئالىقانلىرىمدىن سوغۇق تەر چىقىپ كەتتى، تىلىم كالۋالىشىپ دۇدۇقلاپ قالدىم. گېپىم تۈگىگەندىن كېيىن ئۇ ماڭا بىگىز دەك تىكىلىپ سورىدى:

— ماۋ جۇشىنى قىزغىن سۆيەمسەن؟

— قىزغىن سۆيىمەن، — دېدىم.

— ياخشى، ئەمىسە يەنە بىر قېتىم ئېيت، بورىنىڭ بۇرجىكىنى كىم كەستى؟

— ئېسىمدە يوق، راستلا ئېسىمدە يوق، بەلكىم ئۇ بورىنىڭ بىر بۇرجىكى ئەسلىدىلا يوقتۇ.

— راستمۇ؟ — سورىدى ئۇ ماڭا يەنە مىختەك تىكىلىپ، — بەزىلەرنىڭ ئېنىكاس قىلىشىچە، بورىنىڭ بۇرجىكى كەم ئەمەس ئىكەن، بىر بۇرجىكىمۇ كەم ئەمەس ئىكەن. سەن يەنە ئويلاپ باق.

سوغۇق تەر بەدىنىمنى بويلاپ ئېقىشقا باشلىدى.

— كىمنىڭ پىچاق تۇتقانلىقى ئېسىمدە يوق، — دېدىم مەن، — بورا سۇنۇپ كەتكەندىن كېيىن يىرتىپ

ئېلىۋېتىلدىمىكىن؟
ئۇنىڭ كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى:
— توغرا، توغرا، كىم يىرتىۋەتتى؟
— كىمىكىنتاڭ، مەن كۆرمىدىم.
ئۇ سوغۇق ھەجىيىپ ماڭا قارىدى.
ئۇ چىقىپ كەتتى. ئۆيدە يالغۇز قالدىم. بىردىنلا يۈرىكىم دۇپۇلدەپ سوقۇشقا باشلىدى. بەلكىم بۇ راستىلا جىنايى ھەرىكەتتۇ؟ مېنىڭ بۇ ئىش - ھەرىكىتىم ئىنقىلابىيمۇ، ئەمەسمۇ؟ ماۋجۇشىغا يۈز كېلەلەيمەنمۇ، يوقمۇ؟ شۇلارنى ئويلىغىنىمدا يۈرىكىم مۇزلاپ كەتكەندەك سېزىلدى.
دەل شۇ چاغدا يەنە سىياسىي يېتەكچىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، ئەمدى ئۇ ياندىكى ئۆيدە ھۆركىرىمەكتە ئىدى:
— بۇ ئىشنى سەن قىلغان! ھۇ ئىتنىڭ بالىسى! سېنىڭ قىلغانلىقىڭنى ئاللىقاچان بىلىپ بولغان! ئىقرار قىل، ئىقرار قىلساڭ كەڭچىلىك قىلىنىدۇ، بولمىسا جازاغا تارتىلىسەن!
ئاپلا، ئۇ دا شۈينى سوراق قىلىۋېتىپتۇ - دە.
سىياسىي يېتەكچى بىر ھازاغىچە ھۆركىرىدى، دا شۈي ئۈنىڭغا پىسەنت قىلىپمۇ قويمىدى. ئاخىر ئۇ دا شۈينى چىقىرىۋېتىپ، شىڭ خۇڭنى ئەكىرىپ كەتتى، ئۇنىڭغىمۇ ماڭا قىلغان تەلەپپۇزدا گەپ قىلدى.
— بورىنى كىمنىڭ يىرتقانلىقى ئېسىمدە يوق، مەن يىرتقاندەكلا تۇرىمەن، — دېدى شىڭ خۇڭ چورتلا كېسىپ.
— يەنە ئەسلەپ باق، — دېدى سىياسىي يېتەكچى.
— زادىلا ئەسلىيەلمىدىم، — دېدى شىڭ خۇڭ، — چوقۇم مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدىغان ئادەمنى تېپىش كېرەك بولسا، مېنى يىرتىپتۇ دېسىڭىزلا بولىدىغۇ.
سىياسىي يېتەكچى ئۇنى قورقۇتۇشقا باشلىدى:
— بۇ سىياسىي ۋەقە، گۇۋھەر رەسىمنى يىرتىش ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەت!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— بىز قەستەن قىلمىدۇق.

— قەستەن ياكى ئەمەسلىكىنى كىم بىلىدۇ. بۇ جىنايەتنى قانداق بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟

— بىلمەيمەن.

سىياسىي يېتەكچى تېرىكىپ چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى:

— سېنىڭ پوزىتسىيەڭ ... ھىم، پىرىنسىپقا كۆتۈرمىسىمۇ پىرىنسىپنىڭ ئۈستىدە ئىكەن! قايتىپ بېرىپ ئويلىنىشىپ باق!

ئەتىسى سىياسىي يېتەكچى ئۈچىمىزنىڭ ئىشتىن توختاپ ئۆيدە تەكشۈرۈشنامە يازىدىغانلىقىمىزنى جاكارلىدى. مەن ياتاقتا يازىدىغان بولدۇم، داشۇي ئىشخانىدا، شىڭ خۇڭ بوغالتىر ئىشخانىسىدا يازىدىغان بولدى. ھېلىمۇ ياخشى، بىزنى نازارەت قىلىدىغانغا ئادەم ئاجرىتىلمىدى.

مەن ياتاقتا ئولتۇردۇم. كۆڭلۈم بەكلا غەش ئىدى. راستىنى ئېيتسام، ئىشتىن توختىتىپ تەكشۈرۈشنامە يېزىش مېنى بەكلا قورقۇتۇۋەتكەنىدى. مەن ئەمگەكنى قىزغىن سۆيگەن تۈرۈقلۇق مۇشۇ كۈنگە قالغانىدىم، بۇ ماڭا بەكلا ھار كەلگەنىدى. مۇبادا سىياسىي يېتەكچى مېنى ئادەم يوق يەردە لوكچەك، بۇزۇق ئۇنسۇر دەپ تىللىغان بولسا، مەن كۆپ بولغاندا بىر مەزگىل قورقۇپ يۈرگەن بولاتتىم. لېكىن، بۇ قېتىم مېنى ئېتىزغا بارغۇزماي ئاممىدىن ئايرىۋەتكەنىدى. مەن ئادەتتىكى كىشىلەرگە ئوخشاش تاماق يېسەم، ئۇخلىسام ۋە ئەمگەك قىلسام، ئاندىن كۆڭلۈم جايىغا چۈشەتتى. مەن، بۇ قېتىمقى ئايرىۋېتىش بىلەن زادى قانداق ئادەم بولۇپ قالدىم؟ مەن نېمە ئۈچۈن ئايرىۋەتمىسە بولمايدىغان ئادەمگە ئايلىنىپ قالدىم؟ كاللامنى خىيال چۇلغىۋالغانىدى، مەن ئۆزۈمنى يارامسىز ھېسابلاپ يىغلىۋەتتىم. خاپىلىقنىڭ كۈچى بىلەن تەكشۈرۈشنامىنى يېزىشقا باشلىدىم. ھۇي، ئاشۇ تەكشۈرۈشنامىنىڭ گېپى چىقسا، مەن بىر ئۆمۈر نومۇستا ئۆلىمەن. مەن «قەدىردان سىياسىي يېتەكچى» دەپ يازدىم، ئائىلە كېلىپ چىقىشىمنىڭ ياخشىلىقى، ماۋجۇشىغا

سادىق ئىكەنلىكىم، رەھبەرلىكنى قىزغىن سۆيىدىغانلىقىمنىمۇ تىركەپ قويىدۇم. ئاندىن خىزمەتنى ئىزچىل ياخشى ئىشلەپ كېلىۋاتقانلىقىم، رەھبەرلىكنىڭ تەقدىرلىگەنلىكى دېگەندەك بىر تاغار قۇيرۇق شىپاڭشىتىدىغان گەپلەرنى يازدىم. ئاخىردا گۆھەر رەسىم مەسىلىسىدە بىپەرۋالىق قىلغانلىقىم، بىخەستەلىكىم تۈپەيلى كىمنىڭ يىرتقانلىقىنى ئېنىق كۆرمىگەنلىكىم، شۇ سەۋەبتىن «يۈرىكىم پىچاقتا تىلغاندەك ئازابلىنىپ، كۆز ياشلىرىم بۇلاقتەك قايناپ چىقىۋاتقانلىقى» ئۈستىدە توختالدىم. ئەڭ ئاخىرىغا بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت داۋامىدا تۆھپە يارىتىپ سەۋەنلىكىمنى تۈزىتىمەن دېگەندەك گەپلەرنىمۇ قوشۇپ قويىدۇم. مەن ھەر ھالدا داشۇيگە ساتقىنلىق قىلمىغانىدىم. شۇغىنىسى، بۇ چاپىقنى ئالىمەن دەپ، كۆزىنى قارىغۇ قىلغاندەك ئىش بولدى. مېنىڭ «گۆھەر رەسىمنى كىم يىرتقانلىقىنى ئېنىق كۆرمىدىم» دېگىنىمدىن مەن يىرتمىدىم دېگەن مەنە چىقاتتى. ھەيرانمەن، شۇ چاغدا نېمىشقا شۇنداق دەپ يازغاندىمەن ـ ھە؟

تەكشۈرۈشنامىنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن دېرىزە تۈۋىدە بىر ھازاغىچە تۇردۇم. بىردىنلا پېشانەمنىڭ ئالدىدا بىرىنىڭ سۆزلىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ھەي، يېزىپ بولدۇڭمۇ؟ ئەكېلە، مەن كۆرۈپ باقاي.

قارىسام شىڭ خوڭ دېرىزە سىرتىدا ماڭا قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپتۇ.

— نېمە بولدۇڭ؟ يىغلاپسەنغۇ! — دېدى ئۇ.

مەن ئىزا تارتىپ ھۇپپىدە قىزىرىپ، باشقا ياققا قارىۋالدىم. توساتتىن سىرتقا چىقىشقا رۇخسەت قىلىنمايدىغانلىقى، مەن بىلەن پاراڭلىشىشقا تېخىمۇ بولمايدىغانلىقى ئېسىمگە چۈشتى.

— سەن قانداق چىقتىڭ؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرۇپ.

— چىقسام نېمىشقا بولمايدىكەن؟ — دېدى ئۇ دېرىزە ئالدىدىن نېرىراق تۇرۇپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ئاپلا، بىزنى ھەربىر ئۆزۈكلارنىڭ ئۆزۈگلارنىڭ ئورنىدا جىم ئولتۇرۇپ تەكشۈرۈشنامە يېزىشلار دېگەنتىغۇ؟

ئۇ كالپۇكلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ بۇرنىنى خىڭىلدىتىپ قويدى:

— ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئولتۇراتتىمۇ، بىرى قاراپ تۇرمىغاندىكىن، چىقىپ ئايلىنىپ كىرسەم نېمە بولىدىكەن؟

— ھەي، بولمايدۇ، سىياسىي يېتەكچى بىلىپ قالىدىغان بولسا، چاتاقنىڭ چوڭى چىقىدۇ. تېز كىرىپ كەتكىن!

— نېمە بولىدۇ؟ — ھەيرانلىق بىلەن قاشلىرىنى كۆتۈردى ئۇ، — سىياسىي يېتەكچى قانچىلىك نېمىتى، بىزنى بىرنېمە قىلىۋېتىدىغان ئۇ قانچىلىك نېمىكەن. ئەلۋەتتە ئۇنىڭ بىلەن يامانلىشىپ قالغىلى بولمايدۇ، بۇ تەكشۈرۈشنامىنى يازمايمۇ بولمايدۇ. بىراق، مەن بۇ بىرنېمىنى راستلا يازالمايۋاتىمەن. سېنىڭ يازغىنىڭدىن پايدىلىنىپ باقسام قانداق؟

مەن يازغانلىرىمنى ئۇنىڭغا بەرگۈم كەلمىدى. لېكىن، ئۇ راستلا چىرايلىق ئىدى ... نىھايەت، ئۇنىڭغا بېرىشكە مەجبۇر بولدۇم. ئۇ قولىنى ئۇزىتىپ تەكشۈرۈشنامىنى ئالدى.

— ئەكېتىپ قالما، — دېدىم ئۇنىڭغا.

ئۇ «ھىم» دېدى ـ دە، دېرىزە تەكچىسىدە ئولتۇرۇپ ئوقۇشقا باشلىدى.

— چۈشۈپ كەت، — دېدىم يەنە، — بىرى كۆرۈپ قالسا چاتاق بولىدۇ.

ئۇ دېرىزە تەكچىسىدىن چۈشۈپ كارىۋاتقا كېلىپ ئولتۇردى. تەكشۈرۈشنامەم بەش ۋاراق قەغەزگە يېزىلغان بولۇپ، خېلىلا ئۇزۇن ئىدى. ئوقۇغانسېرى ئۇنىڭ چىرايىنى كۈلكە قاپلاشقا باشلىدى.

— كارامەت! — دېدى ئۇ، — شىياۋ ۋاڭ، سەن «يۇرىكىم پىچاقتا تىلغاندەك ئازابلىنىپ، كۆز ياشلىرىم بۇلاقتەك قايناپ چىقىۋاتىدۇ» دېگەن بۇ گەپلەرنى قالتىس يېزىۋېتىپسەن جۇمۇ! ھا، ھا، يالغان يىغلاشنى قاملاشتۇرىدىكەنسەن.

ئۇ مېنىڭ قايغۇ ـ ھەسرەت بىلەن يازغان ئىبارىلىرىمنى مەسخىرە دەپ چۈشەنگەنىدى، مېنىڭ پەرىشان ھالىتىمنىمۇ ھېس قىلالمايتتى، ئەلۋەتتە. ئۇ تەكشۈرۈشنامىنى ئوقۇپ بولۇپ ماڭا قايتۇرۇپ بەردى ـ دە، ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى.

— تەكشۈرۈشنامەڭ كەچۈرۈم سوراشقا ئوخشاپ قاپتۇ، — دېدى ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، — ھېچقىسى يوق، كەچۈرۈم سورىساڭ سوراۋەر. لېكىن، گۇھەر رەسمىنى كىم يىرتقانلىقىنى ئېنىق كۆرمىدىم دەپ يېزىپسەنغۇ؟ مۇشۇ يېرىنى ئۆزگەرت، بولمىسا سىياسىي يېتەكچى داشۇي يىرتىپتۇ دەپ تېخىمۇ ئېسىلىۋالىدۇ.

يۈزۈم ھۆپپىدە قىزاردى. مەن دەرھال قەلەمنى ئالدىم ـ دە، «ئېنىق كۆرمىدىم» دېگەننى «ئېسىمدە قالمىدى» دەپ ئۆزگەرتىۋەتتىم.

— ئەمدى بولدى، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، — قارىغاندا سېنىڭ تەكشۈرۈشنامەڭدىن پايدىلانسام بولمايدىغان ئوخشايدۇ، ساپلا ئۆزۈڭنىڭ گېپىنى يېزىپسەن، داشۇي قانداق يازدىكىن، قاراپ باقاي.

ئۇ دېرىزىدىن تالاغا سەكرەپ چۈشتى، ئاندىن ماڭا قاراپ بۇرۇلدى:

— ھەي ! چۈشتىن كېيىن دەرياغا بېرىپ چۆمۈلىمىز جۇمۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ بېشىم قاتتى. چۆمۈلەرمىش تېخى ! خاتالىق ئۆتكۈزگەنلەر مۇشۇنداق تۇۋا قىلامدىكەن؟ ئەگەر مەن بارمىسام، ئۇ داشۇي بىلەن كېتىدۇ. ئۆيدە يالغۇز قالسام، تېخىمۇ ھېلىقىدەك بولۇپ كېتىمەن، گەرچە داشۇي ئاغىنەم بولسىمۇ. ئەگەر بارسامچۇ، چۈشتىن كېيىن ئۆچىلىمىز بولمىساق، ئالىمادىس سىياسىي يېتەكچى بىلىپ قالسىچۇ؟ يەنە كېلىپ مەن قىزلار بىلەن بىللە چۆمۈلۈشتىن قاتتىق قورقىمەن، لېكىن بەكلا بارغۇم كېلىۋاتىدۇ. مەن ئاخىر:

— بارمىساق بولارمىكىن، بىرەرى كۆرۈپ قالسا؟ — دېدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— قورقما! — دېدى شىڭ خۇك، — چۈشتە ھاۋا تازا ئىسسىپ كەتكەندە بارىمىز. ئۇ چاغدا كىم تالاغا چىقىدۇ دەيسەن؟ قايتقاندا كۆكتاتلىقنىڭ يېنىدىكى ئورمانلىقتىن چىقىمىز. شۇنداق قىلساق چاتاق چىقمايدۇ. خاتىرجەم بول! ئەترەتتىكىلەرنىڭ ھەممىسى تاغ باغرىغا ئۈستەڭ قازغىلى كەتتى، چوشقا باقىدىغان، تاماق ئېتىدىغان بىرنەچچە مومايلا قالدى. ئۇلارنىڭ سەن بىلەن نېمە كارى.

— سىياسىي يېتەكچى توساتتىن كېلىپ قالسىچۇ؟

— ئۇمۇ، — دەپ كۈلدى شىڭ خۇك، — چۈشتە چوقۇم كەلمەيدۇ، كۈننىڭ قىزىقىدىن ئۇنىڭ بۇرنىنىڭ بىر قات تېرىسى چۈشۈپ كەتتى. ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، مەن كېلىپ سېنى چاقىرىمەن. خەير - خوش!

چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن كارىۋاتتا خىيالغا چۆمۈپ ياتتىم. شۇ ئەسنادا دېرىزە سىرتىدىن بىرىنىڭ چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— شياۋ ۋاڭ، تېز چىق.

قارىسام شىڭ خۇك ئىكەن. دېرىزىدىن ئۆمىلەپلا تالاغا چىقتىم. ئىككىيلەن بېرىپ داشۇينى چاقىردۇق. شىڭ خۇك بىزنى باشلاپ كۆكتاتلىقنىڭ كەينىدىكى ئورمان ئىچىدىن دەريا بويىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

— نېمىشقا چوڭ يول بىلەن ماڭمايمىز؟ — سورىدىم ئۇنىڭدىن.

— دەريا بويىدا بىرى كىر يۇيىۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ، — يامانلىقنى قارا، ئىسسىقتىن زادىلا قورقمايدىكەن.

بىز ئورماندىن چىقتۇق. دېگەندەكلا، دەريا بويىدا بىرەيلەن كىر يۇيۇۋاتاتتى، ئۇ كىچىك كۆۋرۈكنى توسۇۋالغانىدى. بىز دەريا قولتۇقىدىن ئايلاندۇق - دە، يۇرتداشلار ياساپ قويغان توسمىنىڭ ئۈستىدىن مېڭىپ دەريادىن ئۆتتۇق. ئاندىن يول بويىدىكى سايلىقتا خېلى ئۇزاق مېڭىپ، دەريا بويىغا يېتىپ كەلدۇق.

ئاپتاپنىڭ تەپتىدىن بېشىمىز قىيىپمۇ كەتتى.

دەريا سۈيى قۇرغاقچىلىق پەسلىدە بەكمۇ سۈزۈك بولاتتى، بىراق بەكلا تېيىز بولغاچقا، ئەڭ چوڭقۇر يېرى ئادەمنىڭ مەيدىسىدىن ئاشمايتتى، بەكمۇ تېز ئاقاتتى. شىڭ خۇڭ يېشىل سۇ ئۈزۈش كىيىمى كىيىۋالغانىدى. ئۇ سۇدا پىلتىڭلاپ، قىيغىتىپ ئوينايتتى، سۇ تېگىدىكى قۇمنىمۇ چاچرىتىپ چىقىراتتى. داشۈيمۇ سۇغا چۈشتى. ئۇنىڭ كەيپىياتى تولىمۇ تۆۋەن ئىدى. ئۇ شار ـ شار قىلىپ سۇ كەچكەن پېتى قارشى قىرغاقتا ئۆتۈپ ئولتۇرۇۋالدى. مەن سۇنىڭ ئەڭ چوڭقۇر، ئەڭ تېز ئاقىدىغان يېرىدە تۇرۇۋالدىم، سۇ مەيدەمگە شىددەت بىلەن ئۇرۇلدى، كۆڭلۈم سەل يەڭگىللەپ قالغاندەك بولدى، شىڭ خۇڭنىڭ تېيىز يەرلەردىكى شوخلۇقلىرىغا قاراپ، بىرئاز خۇش بولۇپمۇ قالدىم. ئۇنىڭ يېنىغا بارغۇم كەلدى، لېكىن بېرىشقا خىجىل بولدۇم. ئۇ: «داشۈي، شياۋ ۋاڭ، بۇ يەرگە كېلىڭلار!»دەپ توۋلىغاندىن كېيىنلا، سۇنى كېچىپ ئۇنىڭ قېشىغا باردۇق. ئۇ سۈپسۈزۈك سۇدا نۇر چېچىپ تۇرغان ئۇششاق ياپراقچىلارنى كۆرسىتىپ: «بۇ نېمە؟» دەپ سورىدى. دەريا سۈيىدە جۇلالىنىپ تۇرغان ئۇششاق ياپراقچىلار ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ ياپراقچىلار سۇنىڭ ئېقىنتىشى بىلەن پىرقىرايتتى، كۈن نۇرىدا ئالتۇندەك تاۋلىناتتى. شىڭ خۇڭ قۇملۇق ساھىلدا زوڭزىيىپ ئولتۇردى ـ دە، ئالىقانلىرىنى جۈپلەپ بىر ئوچۇم سۇ ئالدى. سۇنى كۆزلىرىنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ قارىدى. ئۇششاق ياپراقچىلار سۇنىڭ تېگىگە چۆكۈۋالغانىدى. مەن شىڭ خۇڭغا ئۇلارنىڭ چىرىمتال ئىكەنلىكىنى ئېيتتىم. ئۇ ئۈمىدسىزلىنىپ سۇنى تۆكۈۋەتتى ـ دە:

ـــ مەن تېخى ئالتۇنمىكىن دەپتىمەن، ـــ دېدى.

بۇ قېتىم داشۈي كۈلۈپ قويدى. شىڭ خۇڭ بىزنى قېشىدا ئولتۇرغۇزۇۋالدى. بۇ بەكمۇ پىنھان بىر جاي ئىدى. دەريا چوڭ ئەگمە ھاسىل قىلىپ ئاقاتتى، دەريا ياقىسىدا قومۇش ئۆسكەنىكە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تەۋە ئۆسۈملۈكلەر ئېگىز ئۆسكەچكە، ھېچقايسى تەرەپنى كۆرگىلى بولمايتتى.

— مېنىڭ بىر قىزىل سۇ ئۈزۈش كىيىمىم بار، لېكىن مەن يېشىل سۇ ئۈزۈش كىيىمىمنى ئەكەلدىم. قانداق، توغرا قىپتىمەنمۇ؟ — دېدى شىڭ خۇڭ.

— قانداق دەيسەن؟ — دېدىم.

— ھەي! قىزىل رەڭ نىشاننى ئاشكارىلاپ قويىدۇ - دە!

بىز يەنە ئىختىيارسىز كۈلۈشتۇق.

— بىزنىڭ يوقلۇقىمىز بىلىنىپ قالسا، ئاچ رەڭ كىيىم كىيگىنىڭ بىلەنمۇ بىكار، — دېدىم، — ئۇنىڭدىن كۆرە بالدۇرراق قايتقىنىمىز ياخشىمىكىن.

داشۈي ئۈنچىقماي بېشىنى لىڭشىتتى.

— نېمىگە ئالدىرايسىلەر؟ ئاۋۋال ئۇدۇلدىكى دەرەخ سايىسىدا بىردەم ئولتۇرايلى، — دېدى شىڭ خۇڭ.

ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن، شىڭ خۇڭ تولا يۇيۇلۇپ ئۆڭۈپ كەتكەن بىر ھەربىيچە چاپاننى يېپىنىۋالدى، ئاندىن يانچۇقىدىن ئىككى ۋاراق قەغەزنى چىقىرىپ:

— مانا مېنىڭ تەكشۈرۈشنامەم، كۆرۈپ بېقىڭلار، — دېدى.

ھەزىلكەشلىكتىن قىلچە خەۋىرى يوق، ئەڭ توڭ قاپاق ئادەممۇ ئۇنىڭ تەكشۈرۈشنامىسىنى ئوقۇسا كۈلمەي قالمايتتى. «قەدىردان سىياسىي يېتەكچى، — دەپ يېزىلغانىدى تەكشۈرۈشنامىنىڭ بېشىغا، — ۋەتەن قوينى قىزىل تۇغنى ئوينىتىپ جەۋلان بىلەن، تولدى جۇڭگو ئالتە يى ياۋ، شۇن كەبى پالۋان بىلەن. بىز ئىنقىلابىي ناخشا سادالىرى ئىچىدە 70 - يىللارنىڭ تۇنجى باھارىنى كۈتۈۋالماقتىمىز! — تەكشۈرۈشنامىنىڭ ئاخىرى، — سەۋىيەم تۆۋەن، ماۋجۇشى ئەسەرلىرىنى جانلىق ئۆگىنىپ، جانلىق ئىشلىتىشىم ياخشى ئەمەس، تەكشۈرۈشنامەمدە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيەسىگە مۇناسىپ كەلمىگەن جايلار بولسا، سىياسىي يېتەكچىنىڭ كۆرسىتىپ

بېرىشنى ئۈمىد قىلىمەن» دېگەن گەپلەر بىلەن تاماملىنىپتۇ. ئوتتۇرىسى بولسا، گۆھەر رەسىم خەلقئارادىكى جاھانگىرلار، شىۋجېڭجۇيىچىلار ۋە ئەكسىيەتچىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىقى تۈپەيلى نابۇت قىلىنغان دېگەندەك، يوقىلاڭ گەپلەر بىلەن تولۇپتۇ. ۋەقەنىڭ جەريانى «ئۇنى زادى ئۈچىمىزنىڭ ئىچىدىكى بىرىمىز نابۇت قىلغان، خۇسۇسىيلىقا قارشى تۇرۇپ، شىۋجېڭجۇيىنى تەنقىد قىلغان ھالدا ئېيتسام، ئۇ مەن بولۇشۇم مۇمكىن»دېگەن بىر قۇر گەپكىلا يىغىنچاقلىنىپتۇ. قىسقىسى، تەكشۈرۈشنامىسىگە قاراپ ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى.

— بوغالتىر ئىشخانىسىدىكى گېزىتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاختۇرۇپ چىقتىم، — دېدى شىڭ خۇڭ.

ئۇ داشۇينىڭ يازغانلىرىنىمۇ كۆرۈپ باقماقچى بولغانىكەن، داشۈي ئۇنىڭغا بەرمەپتۇ. ئەسلىدە ئۇ چۈشتىن ئاۋۋال داشۈينى ئىزدەپ بارغاندا، ئۇ تېخى يازمىغانىكەن.

— يازغان بولساڭ ئۇنىڭغا بېرىپ تۇر، قورقما، مەنمۇ ئۇنىڭغا يازغانلىرىمنى كۆرسەتتىم. ماڭىمۇ ئىشەنمەمسەن؟ — دېدىم داشۈيگە.

نېمىشقا ئىشەنمەي؟ — دېدى داشۈي بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە، — سىلەر ماڭا شۇنچە ياخشى مۇئامىلە قىلىۋاتىسىلەر، مانا، كۆرسەڭلار كۆرىۋېرىڭلار.

ئۇ تەكشۈرۈشنامىسىنى يانچۇقىدىن چىقىرىپ شىڭ خۇڭغا سۇندى. قەغەزگە ياڭاقنىڭ چوڭلۇقىدەك قىلىپ «گۆھەر رەسىمنى كېسىۋەتكەن مەن، شالغا بورا يايقاندا پىچاق بىلەن كېسىۋېتىپ قالدىم. قەستەن قىلمىدىم، رەھبەرلىكنىڭ تەنقىدىي تەربىيە بېرىشىنى سورايمەن. تەكشۈرگۈچى: شۈي دېمىڭ» دەپ ئۈچ قۇرلا خەت يېزىلغانىدى.

شىڭ خۇڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ كۈلۈمسىرىگىنىچە:

— مۇشۇنداق دەپ يازىدىغانلىقىڭنى بۇرۇنلا بىلگەنىدىم! —

دېدى ۋە قەغەزنى جارتلا قىلىپ يىرتىپ دەرياغا تاشلىۋەتتى، — نېمىشقا بۇنداق دەپ يازسەن؟ — ئۇ سوغۇق كۇلۇپ گېپىنى داۋام قىلدى، — مۇشۇنداق يازسام بىزنى چېتىلىپ قالمايدۇ، دەپ ئويلىدىڭمۇ؟ كالۋا! بىز ئېسىمىزدە يوق دەۋاتساق، سەن چاندۇرماقچى بولدۇڭمۇ ياكى بىزنى كېيىنچە ئېيتىپ قويدۇ، دەپ قورقۇۋاتامسەن؟ گېپىمنى ئاڭلا، مەن كېيىنچە ئۇچىمىزدىن باشقا بىرەر ئادەمنى كۆرسىتىدىغان بولسام، ئىسمىمنى يۆتكىۋېتىمەن، جومۇ!

داشۇي ئىككىمىز كۇلۇۋەتتۇق. كىچىككىنە بىر قىزنىڭ رەسمىي يوسۇندا قەسەم قىلىشلىرى بىزگە قىزىق تۇيۇلغانىدى.

— مەنمۇ، — دېدىم ئارقىدىنلا، — ھەرگىز باشقىلارنى كۆرسەتمەيمەن.

داشۇي قوشۇمىسىنى تۈردى:

— لېكىن مەن راستىلا گۆھەر رەسىمنى يىرتقان تۇرسام، ئېيتمىسام قانداق بولار؟

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدىم. قانداقلا بولسۇن، بىز زور بىر مەسىلىنى تەشكىلدىن يوشۇرغانىدۇق، بۇنى كەچۈرگىلى بولمايتتى.

— سەن نېمانداق ھاماقەت! — دېدى شىڭ خۇڭ، — سىياسىي يېتەكچى سېنى بابلىماقچى بولىۋاتسا، ئۆزۈڭ تۇزاققا چۈشەي دەۋاتامسەن؟

داشۇي شىڭ خۇڭنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بېشىنى ساڭگىلاتتى.

— سىلەرنىڭ مېنى قانات ئاستىغا ئالغىنىڭلار توغرىمۇ؟ — دېدى ئۇ بېشىنى شارتلا كۆتۈرۈپ.

شىڭ خۇڭ بىردىنلا بىلەكلىرىنى سوزۇۋىدى، چاپىنى يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ ئورنىدىن دەس تۇردى. كۈن نۇرىدا ئۇنىڭ زىلۋا قامىتىنىڭ سايىسى يەرگە چۈشۈپ تۇراتتى. قىز قوللىرىنى كۆكرىكىنىڭ ئالدىدا گىرەلەشتۇرۇۋالدى، ئاندىن مۇرىسىگە چۈشۈپ تۇرغان چاچلىرىنى كەينىگە سىلكىپ تاشلىدى.

— بىزنىڭ قىلغىنىمىز ئەلۋەتتە توغرا، — دېدى ئۇ كۆزلىرىنى قىسقىنىچە، — قانداقلا بولسۇن، مەن ئۆزۈمنىڭ ياخشى ئادەم ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن. سەنمۇ ياخشى ئادەم، شياۋ ۋاڭمۇ شۇنداق. باشقىلار نېمە بولسا بولىۋەرسۇن، تەنقىد ـ كۆرەش قىلىدىغان بولسا قىلسۇن. ئۇ قانچىلىك ئىش ئىدى، — ئۇ شارتىلا قىلىپ كەينىگە بۇرۇلدى، — يانچۇقۇمدا بىر پارچە تەكشۈرۈشنامە بار، مەن ئۇنى سەن ئۈچۈن يېزىپ قويغان، سومكامدا قەغەز ـ قەلەممۇ تورۇپتۇ. ئالغىن ـ دە، بىر نۇسخا كۆچۈرۈۋال. بۇنچىلا يۇرەكزادە بولۇپ كەتمە، قورقىدىغان ھېچقانداق يېرى يوق. ئەمىسە مەن سۇغا چۆشكىلى كەتتىم. شياۋ ۋاڭ سەنمۇ بارامسەن؟

مەن بېشىمنى لىڭشىتتىم، ئىككىمىز سۇغا چۈشكىلى كەتتۇق. داشۆي قىرغاقتا بىر پەس تۇردى، ئاندىن يۇركىنى توختاتقان ھالدا تەكشۈرۈشنامە كۆچۈرۈشكە كىرىشتى. شىڭ خۇڭ ئىككىمىز سۇنىڭ تېيىز يېرىدىن يۇگۇرۇپ چوڭقۇر يېرىگە باردۇق. يۇرتداشلار بېلىق تۇتۇش ئۈچۈن قويغان تەتۈر سېۋەتلەرنى ئاختۇرۇپ، نەچچە تال بېلىق چۈشكەنلىكىنى كۆرۈپ باقتۇق، لېكىن بېلىقلارغا تەگمىدۇق. شىڭ خۇڭنىڭ تېتىك ۋە چاققانلىقى دىققىتىمنى تارتىشقا باشلىغانىدى. ئۇ تېتىك ۋە چاققان بولۇپ تولىمۇ گۈزەل ئىدى. مەندە ئۇنىڭغا قارىتا بۆلەكچىلا بىر خىل ھېسسىيات پەيدا بولىۋاتاتتى. بىر پەستىن كېيىن بىز قىرغاققا چىقتۇق. داشۆي ئۇنىڭ تەكشۈرۈشنامىسىنى كۆچۈرۈپ بولغانىدى. بىز غىپلا قىلىپ قايتىپ كېلىۋالدۇق، بىزنى ھېچكىممۇ كۆرمىدى. ئۆستەڭ چېپىشقا كەتكەنلەر قايتىپ كەلگۈچە، قوللىرىم بىلەن ئېڭىكىمنى تىرەپ چوڭقۇر خىياللارغا غەرق بولدۇم. مېنىڭ كاللامغا شىڭ خۇڭ داشۆيگە شۇنچە ياردەم قىلغىنىغا قارىغاندا، ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغاندىمۇ، دېگەن خىياللار كىرىۋالغانىدى. شۇ ئەسنادا، سىياسىي يېتەكچى كېلىپ تەكشۈرۈشنامىنى سورىدى، مەن ئۇنىڭغا بەردىم.

سىياسىي يېتەكچى بىزنىڭ تەكشۈرۈشنامىمىزنى كۆرۈپ قاتتىق غەزەپلەندى. ئۇ دەرھال بىزنى تەنقىد قىلىش يىغىنى ئېچىشنى قارار قىلدى. كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئۇ بىر مۇنچە ئادەمنى يىغىپ تەييارلىق يىغىنى ئاچتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر نەچچىسى جانلىق ئۆگىنىپ، جانلىق ئىشلىتىش ئاكتىپلىرى ئىدى. يىغىندىن كېيىن، ئۇ كىشىلەر قاپاقلىرىنى سوزۇپ بىزگە قارىمايلا قويدى، باشقا ساۋاقداشلىرى بىلەن قىلغان پاراڭلىرىغىمۇ بىزنى ئارىلاشتۇرمىدى. بەزىلەر: «سىلەرنى تەنقىد قىلىدىغان بولدى» دەپ بىزگە پىچىرلاپ قويدى. يۈرىكىم قارتىلا قىلىپ قالدى، كېيىنچە «نېمە قورقۇش، ئىش بۇ يەرگە يەتكەندىن كېيىن نېمە بولسا بولار، كۆپ بولسا ‹ئورنۇڭدىن تۇر›، ‹ئالدىغا چىقىپ تۇر› دەپ تەنقىد قىلار» دەپ ئويلىدىم.

كىم بىلسۇن، كەچقۇرۇن سىياسىي يېتەكچى كەينىمگە ئىككى ئادەمنى سېلىپ قويدى، ئۇلار ھاجەتخانىغا بارساممۇ، كەينىمدىن سوڭدىشىپ باراتتى. ئادەتتە مەن ئۇلار بىلەن بىر ياتاقتا تۇراتتىم، بۇ نۆۋەت ئۇلار قاپاقلىرىنى ساڭگىلىتىپ ماڭا گەپ قىلماي قويغانىدى. كۆڭلۈم بىر شۇملۇقنى سەزگەندەك بولۇۋاتاتتى، ئارقا مېڭەم مۇزلاشقا باشلىدى. كەچ كىردى، بىرەيلەن پۇشتەك چېلىپ كۆپچىلىكنى يىغىنغا چاقىردى. مەن داشۇيىنىڭ كەينىدىمۇ بەستىلىك ئىككى ئادەمنىڭ بارلىقىنى بايقىدىم. ئوھو، يىغىن مەيدانىغا تۆت دانە گاز لامپىسى يېقىلغانىدى، بۇلار بىنزىننى ئايىماپتۇ ـ دە. سىياسىي يېتەكچى ئۇستەلنىڭ ئالدىغا كېلىپ گەپ باشلىدى:

ــ بۈگۈنكى يىغىن گۈھەر رەسىمگە بۇزغۇنچىلىق قىلغان شۇي دېمىڭ، ۋاڭ شياۋلى ۋە شىڭ خۇڭنى تەنقىد قىلىش چوڭ يىغىنى. شۇي دېمىڭ بىلەن ۋاڭ شياۋلى سەھنىگە ئېلىپ چىقىلسۇن، شىڭ خۇڭ پەستە تۇرۇپ تەنقىدنى قوبۇل قىلسۇن.

كەينىمدىكى ئىككىيلەن مېنى ئىتتەردى. ئورنۇمدىن تۇردۇم ـ دە، مېڭىپ ئالدىغا چىقتىم. شۇغىنىسى، پۇتۇمدا جان

قالمىغانىدى. داشۇيمۇ ئالدىغا چىقتى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ شىڭ خۇڭمۇ چىقىپ كەلدى.
— سېنى كىم چىقسۇن دېدى؟ — دەپ كۆزىنى ئالايتتى ئۇنىڭغا سىياسىي يېتەكچى.
— ئۇچىمىزنى تەنقىد قىلىسىلەرغۇ، شۇڭا ئەلۋەتتە چىقىمەن، — دېدى شىڭ خۇڭ.
— ياخشىغۇ! — دەپ سوغۇق كۈلدى سىياسىي يېتەكچى، ئارقىدىنلا كۈچەپ ۋارقىرىدى، — ئامىمىغا يۈزلىنىش، باشلىرىڭنى ئېگىش!
ئامىمىغا يۈزلىنىشقۇ تەس ئىش ئەمەس، لېكىن باشنى ئېگىش ئوڭاي ئەمەس ئىكەن. شۇ ئارىدا سىياسىي يېتەكچى:
— شۇي دېمىڭ بىلەن ۋاڭ شياۋلىنى باغلاڭلار! — دەپ جېنىنىڭ بارىچە ھۆركىرىدى.
كەينىمدىن چىققان ئىككىيلەن شۇ ھامان قوللىرىمنى قايرىدى، مەن كۈچۈمنىڭ بارىچە تىركەشتىم. ئۇ ئىككىسىنى مۇشت بىلەن سالغۇم كېلىپ كەتتى. ئۇلار تېخى مېنىڭ ساۋاقداشلىرىم ئىدى. ئۇلارنى ئۇرۇشقا پېتىنالمىدىم. كەينىمگە قايرىغۇزماسلىق ئۈچۈن ئىككى قولۇمنى بىرلەشتۈرۈپ تۇتۇۋالدىم. شۇ ئەسنادا داشۇينىڭ «ئا... !» دەپ جان ئاچچىقىدا توۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. پەستە پېشقەدەم ئىشچى - خىزمەتچىلەر پاتىپاراق بولۇپ كەتتى. كىمدۇر بىرى: «ئۇلار كىچىك بالىلار تۇرسا، باغلىسا قانداق بولىدۇ؟» دەپ توۋلىدى. سىياسىي يېتەكچى يۈگۈرۈپ بېرىپ داشۇينى باغلاشقا ياردەملەشتى. ئاخىر ئۇلار داشۇينى باغلىۋالدى. مەن تېخى باغلانمىغانىدىم. نەدىن كەلگەن غەيرىي كۈچكىنتاڭ، ئىككى قولۇمنى بىرلەشتۈرۈپ تۇتۇۋالسام ئۈچ - تۆت ئادەممۇ ئاجرىتالمىدى. سىياسىي يېتەكچى بىر پەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن «بولدىلا» دەپ يىغىننى ئاچماقچى بولدى. لېكىن، شىڭ خۇڭ:

www.uyghurkitap.com

— مېنىمۇ باغلاڭ. قېنى باغلىمامسىز! — دەپ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىۋالدى.

بىزنىڭ ئۇ يەرلەردىكى تەنقىد يىغىنلىرىدا ئادەملەر باغلىناتتى، لېكىن ئاياللار باغلىنىپ باقمىغانىدى، سىياسىي يېتەكچى شىلىڭ خوتۇنغا قول تەگكۈزۈشكە پېتىنالماي، ئىككى نەپەر زىيالىي ياش قىزنى ئۇنى «يالاپ» تۇرۇشقا چاقىردى. شۇ زامان ئىككى ئاكتىپ چىقىپ شىلىڭ خوتۇنىنىڭ قوللىرىنى قايرىدى. سىياسىي يېتەكچى بۇرۇلۇپ ماڭا قارىدى. مەن ئۇنىڭغا گۆلىيىپ قاراپ تۇردۇم. ئۇ باشقىلارنى مېنى باغلاشقا بۇيرۇدى، بۇ نۆۋەت ئۇلار مېنى باغلىۋالدى. قولنىڭ بېغىشى تارىشىدەك قاتتىق بامبۇك پوستى بىلەن باغلانسا، جاننى ئالغۇدەك ئاغرىيدىكەن، بويۇنغا ئارغامچا سېلىپ تارتقاندا، ئادەم نەپەس ئالالمايدىكەن، شۇ تاپتا يىغىنغا كەلگەن ئادەمنىڭ يېرىمى تارقاپ بولغانىدى. ئەترەت باشلىقىمىزمۇ كۆرۈنمەي قالدى. كەينى - كەينىدىن سۆزگە چىقىۋاتقانلار بىزنى «زىيالىي ياشلارنىڭ ئاسىيلىرى» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن سۈپەتلەيتتى. تەنقىد تازا داۋاملىشىۋاتقاندا، ئەترەت باشلىقى يۈگۈرگەن پېتى يېتىپ كەلدى.

— تۇەنبۇنىڭ يوليورۇقى، — دېدى ئۇ، — بۇ يىغىننى ئېچىشقا بولمايدۇ، ئادەم باغلاشقىمۇ بولمايدۇ. تۇتۇلغانلار قويۇۋېتىلىدۇ.

سىياسىي يېتەكچى كۆزلىرىنى ئالايتاي دېيىشىگە، ئەترەت باشلىقى:

— سىياسىي كومىسسار بۇ ئىشقا سىزنى مەسئۇل بولىدۇ، دەيدۇ، — دېدى.

سىياسىي يېتەكچى شۇ زامان بوشاپلا كېتىپ، يىغىننى ئاياغلاشتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.

تۇەننىڭ پىكرىگە ئاساسەن، گۆھەر رەسمىنى نابۇت قىلىش ۋەقەسى قەستەن قىلىنمىغان، سۈرۈشتۈرۈلمەيدۇ، دەپ بېكىتىلدى. زىيالىي ياشلارنى باغلاپ ئۇرۇشتا سىياسىي يېتەكچى

ئەپۇ سورايدىغان، زىيانلانغۇچىلار ئەرز ـ شىكايەت قىلمايدىغان بولدى. ئىشلار ئەنە شۇنداق تۈگىتىلدى.

داشۋي ئىككىمىز شۇ كۈنى كېچىچە كارىۋاتلىرىمىزدا ئولتۇرۇپ چىقتۇق. زادىلا ئۇيقۇمىز كەلمىدى، تېرىككىنىمىزدىن مېڭىمىز چىڭقىلاتتى. ئۇيلاپ باقساق، بىزنى كۈرەش قىلغانمۇ، باغلىغانمۇ ئۆزىمىزنىڭ ساۋاقداشلىرى ئىكەن. ئۇلار زادى نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلدى؟ سىياسىي يېتەكچىدە ياخشى تەسىر قالدۇرۇش، كېيىنچە يىغىنلاردا ئۆزلىرىنىڭ قانداق قىلىپ مەيدانى مۇستەھكەم بولغانلىقىنى سۆزلەش، ئاندىن تۆۋەندە كاتىپ، ئىش بېجىرگۈچى دېگەندەك خىزمەتلەرگە ئورۇنلىشىپ بىر تىيىنگە ئەرزىمەيدىغان دوكلاتلارنى يېزىش ئۈچۈنلىغۇ. شۇ ئىشنى دەپ بىزگە ئاسىيلىق قىلسا ئەرزىمدۇ؟

چىراغ ئۆچۈرۈلگەندە، بىز بىلەن بىر ياتاقتا ياتىدىغان ھېلىقى ئىككى سولتەك قايتىپ كەلدى. ئۇلار ھېيىققان ھالدا پۇتلىرىنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ كىرىپ كېلىشتى. ئاندىن تىنۇش چىقارماستىن كارىۋاتلىرىغا بېرىپ ئولتۇرۇشتى. مەن بىردىنلا ئورنۇمدىن ئىرغىپ تۇرۇپ غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدىم:

— ئىككىڭ كۆچۈپ چىقىپ كېتىش، ئەكسىلئىنقىلابچى بىلەن بىر ياتاقتا يېتىشما!

— ۋاڭ ئاكا، — دېدى بىرى پەس ئاۋاز بىلەن، — بىزدىن كۆرمە، بىزگىمۇ ئامال يوق.

مەن قاتتىق ئەسەبىيلىشىپ:

— يوقىلىش ! يوقىلىش ! — دەپ ۋارقىرىدىم. ئارقىدىنلا ئۇلارنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى تالاغا ئاتتىم. ئۇلار غىڭ قىلالمىدى. دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، نەرسە ـ كېرەكلىرىنى تەرگەن پېتى كېتىپ قېلىشتى.

شىڭ خۇڭمۇ ياتىقىدىكى قىز بىلەن گەپلەشمەس بوپتۇ، تېخى ئۇنىڭ بىلەن تاكاللىشىپمۇ قاپتۇ. داشۋي ئىككىمىز بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپتۇق. ئەتىسى ئىشقا كېتىۋېتىپ ھېلىقى قىزنى راسا

تىللىدۇق. بىز ئەقلىمىزدىن ئازغاندەكلا ھالغا كەلگەنىدۇق. بېلىمىزنى كىرەدىگىنىمىزچە ئۇنى «غالچا»، «خۇشامەتچى»، «ئىپلاس» دەپ شۇنداق تىللىدۇقكى، ئۇ يۈزىنى ئېتىۋېلىپ بىر كۈن يىغلىدى. ئەسلىدە بىز ئۇنى ئۇنچىلا تىللاپمۇ كەتمەيتتۇق، لېكىن ھېلىقى كۈنى كەچتە يىغىن مەيدانىدا ئۇنىڭ شىڭ خۇڭنىڭ قولىنى قايرىپ، چېچىنى تارتقانلىقىنى ئويلىساقلا قاتتىق غەزەپلىنەتتۇق. مۇبادا ئۇ ئوغۇل بولغان بولسا، چوقۇم مەندىن تاياق يەيتتى. داشۇي باشقىلار ئۇنى ئۇرسا قول ياندۇراتتى، لېكىن ئۆزى ئادەم ئۇرالمايتتى. مەن بولسام شۇ كۈنلەردە خۇددى ياۋايى ئادەمگە ئوخشاپ قالغانىدىم. شىڭ خۇڭ ماڭا ئېتىزدا ئىشلەۋېتىپ ئادەمگە كۆزۈڭنىڭ قۇيرۇقىدا قاراشلىرىڭدىنمۇ بىر خىل دەھشەت يېغىپ تۇرىدىكەن دېگەنىدى.

بۇ ئىش ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، بەزىلەر كەينىمىزدىن خىلمۇخىل ئۆسەك گەپلەرنى تاپقىلى تۇردى. شىڭ خۇڭ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بەكمۇ ئازابلاندى، لېكىن ئۇ ئاڭلىغانلىرىنى بىزگە زادىلا ئېيتمىدى. ئۇنىڭ بىلەن بۇ گەپلەر توغرىسىدا پاراڭلىشىش بىزگىمۇ ئەپسىز تۇيۇلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ بىز تېخىمۇ ئايرىلماس دوستلارغا ئايلاندۇق. شىڭ خۇڭ، ھەتتا تامىقىنىمۇ بىزنىڭ ياتاققا ئەكىرىپ يەيدىغان بولدى. ئېتىزدا ئىشلەۋېتىپ دەم ئالغان چاغلاردىمۇ، دەم ئېلىش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن ياكى قىسقا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ بىزنىڭ قېشىمىزغا كېلىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ بىز بىلەن بىللە بولغان چاغلىرى ئادەمنى تېخىمۇ مەھلىيا قىلاتتى. ئۇ ھەر ئىككىمىز بىلەنمۇ يېقىن ئۆتەتتى. ئۇنىڭ ساندۇقىدا كىتاب نۇرغۇن ئىدى، كەچقۇرۇنلىرى بىز ھېچنەرگە بارماي كىتاب ئوقۇيتتۇق. لېيەندە تەنقىد يىغىنى ئېچىلسىمۇ ئاڭلىمىغان بولۇۋېلىپ بارمايتتۇق. كېيىنچە شىڭ خۇڭ يۈز يۇيىدىغان داس، ئېغىز چايقايدىغان كۇرۇشكىسىنىمۇ بىزنىڭ ياتاققا ئەكىرىپ قويۇپ، بىزنى سەھەرنىڭ شېرىن ئۇيقۇسىدىن مەھرۇم قىلدى. چۈنكى، ئۇ تاڭ

يورۇشى بىلەنلا ئىشىكىمىزنى قېقىپ: «تورۇقلار! مەن كىرىمەن» دەيتتى. چۈشلۈك ئۇيقۇ ۋاقتىدا ئۇ بىزنىڭ ياتاقتا بېشىنى يۆياتتى، ئاندىن جىمجىت ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇيتتى. كەچتە ئۇخلايدىغان چاغدىلا ياتىقىغا چىقىپ كېتەتتى.

شىڭ خۇڭنى ھەر ئىككىمىز ياخشى كۆرەتتۇق، لېكىن ئۇنى باشقىلارغا بولغان بىر ئۇلۇش مۇھەببىتىدىن مەھرۇم قىلغۇمىز كەلمەيتتى. چۈنكى، ئۇمۇ ھەر ئىككىمىزنى ياخشى كۆرگەندەك قىلاتتى.

ئۈچىمىز بىللە ئۆتكۈزگەن كۆڭۈللۈك چاغلار ھېلىمۇ ئېسىمدە. بىزنىڭ ئۇ تەرەپلەردىكى قورغاقچىلىق پەسىللىرىدە كۈن ئۇزۇن بولىدۇ. دېھقانچىلىق ئالدىراش بولمىغاچقا، ئىشتىن بالدۇر چۈشىمىز. ياتاققا قايتىپ كەلگىنىمىزدە كۈن تېخى يورۇق بولىدۇ. داشۈي قۇدۇقتىن سۇ تارتىدۇ، مەن ئىككىمىزنىڭ يۈز يۇيىدىغان داسلىرىمىز ۋە لۆڭگىلىرىمىزنى كارىدورغا ئاچىقىمەن. داشۈي سۇ ئەكەلگەندىن كېيىن بىز ئىشىكنىڭ ئالدىدا يالىڭاچ بولۇۋېلىپ بەدىنىمىزدىكى لاي، توپا ـ چاڭلارنى يۇيىمىز. بۇ چاغدا ياتاقنىڭ ئىچىدىن سۇنىڭ شالاپشىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. يۇيۇنۇپ بولۇپ، ئىشىك ئالدىدىكى كىچىك بەندىڭدا ئولتۇرىمىز. بۇ چاغدا شىڭ خۇڭ ياتاقتا تۇرۇپ: «داشۈي، شياۋ ۋاڭ، يۇيۇنۇپ بولدۇڭلارمۇ؟» دەپ سورايدۇ. «ھەئە» دەيمىز. ئۇ: «كىرمەي تۇرۇڭلار، تېخى يۇيۇنۇپ بولمىدىم» دەيدۇ. ئۇ زادىلا ئىشىكنى ئىلىپ قويمايدۇ. ئۇ: «يۇيۇنۇپ بولدۇم» دېگەندىن كېيىن بىز كىرىمىز. ئۇ چاچ قىسقۇچنى چىشلىگىنىچە دېرىزە تۈۋىدىكى كارىۋاتتا ئولتۇرىدۇ. بىز: «نېمە ئىش قىلىمىز؟» دەپ سورايمىز.

ـــ كىتاب ساندۇقۇمنى ئېچىڭلار، كىتاب ئوقۇيلى.

ئۇنىڭ كىتابلىرى جىق. ئۇ بەزىلىرىنى ئەكەلگەن، بەزىلىرىنى ئارىيەت ئالغان، بەزىلىرىنى باشقىلار ئۇنىڭغا سوۋغا قىلغان. ئۇ مېنىڭ كەشمىنى كېيىپ بېرىپ ئىشىكنى ئاچىدۇ، ئۆي ئىچىنى گۇگۇمدىكى شەپەق نۇرى يورۇتىدۇ. ئۇ كارىۋاتتا يېتىپ كىتاب

ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدۇ. چاچلىرىنىڭ ياستۇقنى ھۆل قىلىۋەتمەسلىكى ئۈچۈن ياستۇققا بىر پارچە سولياۋ رەختنى يېيىپ سالىدۇ. ئۇنىڭ نورغۇن بالىلارچە قىلىقلىرى بار، پۇتىنىڭ بارمىقى بىلەن كارىۋاتنى تاقىلدىتىدۇ. تاماقتا داڭ چېلىنغاندا، ئارىلاپ ئېرىنچەكلىكى تۇتۇپ قالىدۇ. بىز قاچا ـ قۇچىلىرىمىزنى ئېلىپ، «شياۋخۇڭ، تۇر، تاماقتا بارايلى» دېگەندە، ئۇ كۆلۈمسىرەپ قويۇپ: «تورغۇم كەلمەيۋاتىدۇ، سىلەر ماڭا ئالغاچ كېلىڭلار» دەيدۇ. بىز: «بەكمۇ ھورۇن ئىكەنسەن، بۈگۈن سېنىڭ ھالىڭدىن خەۋەر ئالغۇمىز يوق» دەيمىز. «پايپىقىڭلارنى ياماپ بەردىمغۇ، كىرىڭلارنى يۇيۇپ بەردىمغۇ» دەيدۇ ئۇ. بىز: «ئۇنداق قىلساڭ، ئۆزۈڭگە ياخشى، ھورۇنلۇق قىلساڭ، ئاغرىقچان بولۇپ كېتىسەن» دەيمىز. ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاندىن يەنە يېتىۋالىدۇ. «ئۇنداق بولمايدۇ، ــ دەيدۇ ئۇ، ــ بىر قېتىم تاماق ئەكەلمىگەنگە ئاغرىقچان بولۇپ كەتمەيمەن. يەنە كېلىپ مەن سىلەردىن كىچىك، مېنىڭ رايىمغا باقساڭلار بولىدۇ.» شۇنداق قىلىپ، بىز ئۇنىڭ رايىغا باقىمىز.

تاماقتىن كېيىن قاش قارىيىدۇ. ئۇ تېخىچىلا كارىۋاتتا يېتىۋېلىپ كىتاب ئوقۇيدۇ. بىر پەستىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ: «داشوي، قايسى كىتابنى ئوقۇۋاتىسەن؟» دەپ سورايدۇ. داشوي ئېيتىپ بېرىدۇ. ئۇ «ھىم» دېگەندىن كېيىن يېتىۋالىدۇ. بىردەمدىن كېيىن مەندىن سورايدۇ، مەنمۇ ئېيتىپ بېرىمەن. ئۇ خۇش بولغاندەك يەنە سورايدۇ: «ھەي، شولوخوۋ دېگىن. سەن ئۇنى ياخشى كۆرەمسەن؟». «بەكمۇ ئىنچىكە تەسۋىرلەپتۇ، ــ دەيمەن ئۇنىڭغا، ــ لېكىن يەنىلا ياخشى كۆرمەيمەن». «ۋاھ، مەن ئۇنى بەك ياخشى كۆرىمەن، بۇ قېرى بەك ياخشى يازىدۇ، ــ دەيدۇ ئۇ، ئاندىن تەئەججۇپلەنگەندەك، ــ ھەي، ھەي، ھەي! ئوقۇماي تۇرۇڭلار، سىلەردىن سوراپ باقاي، جېك لوندوننى ياخشى كۆرەمسىلەر؟» بىزدەك سويما يىگىتلەر يامان كۆرىمىز دېيەلەيمىزمۇ؟ «ئۇ بەك ۋەھشىي، ــ دەيدۇ ئۇ، ــ ئادەم ياخشى

كۆرۈشنى بىلىشى كېرەك، خۇددى ئادەمدەك، توغرا! ئۇ ماڭالمايدۇ.» مەن كالپۇكۇمنى پۇرۇشتۇرۇپ ئۇنىڭ چىشىغا تېگىمەن: «سەن دېگەن بىر قىزچاق، سارالىق قىلما جۇمۇ.» ئۇ خۇشال بولۇپ: «توغرا، مەن قىزچاق» دەيدۇ. ئاندىن جىمىپ قالىدۇ.

قاراڭغۇ چۈشۈپ، ئۆي ئىچى كىتاب ئوقۇغىلى بولمايدىغان ھالغا كەلگەندە تالادا ئولتۇرىمىز. بەزىدە زۇۋانىمىز سۇرمەستىن، ئۇيۇقنىڭ بارا ـ بارا قاراڭغۇلىشىپ كېتىۋاتقانلىقى، ئۇدۇلىمىزغا جايلاشقان دەيزۇ يېزىسىدىكى بامبۇك شاخلىرىنىڭ كەينى تەرىپىدىكى ئاداققى شەپەق نۇرلىرىدىن كۆزىمىزنى ئۈزمەيمىز. ئارىلاپ شىڭ خۇڭ بىزگە بالىلىق چاغلىرىدىكى بەزى ئىشلار توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرىدۇ. ئۇ بەكمۇ قىزىقارلىق سۆزلەيدۇ. ئۇ بىزگە ئۇجمە ئۈزۈش ئۈچۈن ئاكىسى بىلەن بىللە ئۆگزىگە چىققانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ ئۆگزىسى چېدىرچە قىلىپ قاڭالتىر بىلەن يېپىلغان غەربچە ئۆي ئىكەن. ئاكىسى ئۇنى ئۆگزىدە قالدۇرۇپ ئۆزى دەرەخكە چىقىپ كېتىپتۇ. شىڭ خۇڭ ئاكىسىنى كۈتۈپ ئۆگزىدە ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ پەسكە قارىغانىكەن، بەكمۇ ئېگىز كۆرۈنۈپتۇ. ئۆي ئەسلىدە ئىككى قەۋەت ئىكەن، لېكىن شىڭ خۇڭ تۆت ـ بەش ياشلارغا كىرگەن بولغاچقا، يەتتە قەۋەتلىك ئۆيدەك كۆرۈنۈپ كېتىپتۇ. ئۇ قورقۇپ دۈم بولۇۋاپتۇ ـ دە، يۇقىرىغا قاراپ ئۆمىلەپتۇ، ئۆمىلىگەنسېرى پەسكە سىيرىلىپتۇ. سىيرىلىۋېرىپ ئۆگزىنىڭ گىرۋىكىگە يېقىنلا كېلىپ قاپتۇ، قورقۇپ جىممىدە تۇرۇۋېلىپ ۋارقىراپ يىغلاشقا باشلاپتۇ. كەچتە ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە، كېيىمىدىكى ئىلىنىپ يىرتىلغان جايلارنى ئاپىسى كۆرۈپ قاپتۇ. ئاپىسى ھەرقانچە كوچىلاپ سورىسىمۇ، ئۇ ئاكىسىنى زادىلا پاش قىلماپتۇ. شىڭ خۇڭ شۇ كۈندىن ئېتىبارەن چوڭلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىسىمۇ بولىدىغانلىقى، ھەققانىي بولۇش، باشقىلارغا ساتقۇنلۇق قىلماسلىقنىڭ گەپ ئاڭلىغاندىنمۇ مۇھىم

ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. بىز ئۇنىڭ بەزى ئۇششاق - چۈششەك تەپسىلاتلار ھەققىدىكى پاراڭلىرىنىمۇ قىزىقىپ ئاڭلايتتۇق. شىڭ خۇڭ قىيىنچىلىق مەزگىللەردىكى بىر ۋەقەنىمۇ ئېيتىپ بەردى: ئۇنىڭ بىلەن بىر پارتىدا ئولتۇرىدىغان ئوغۇل ساۋاقدىشىنىڭ ئائىلىسىدە بالا كۆپ ئىكەن، شۇ تۈپەيلى ئۇلار ھەممىشەم يېرىم ئاچ، يېرىم توق يۈرىدىكەن. شىڭ خۇڭ ھەر كۈنى ئۇنىڭغا بىر تال قوناق جىڭمومىسى ئالغاچ بارىدىكەن. شۇغىنىسى، ئۇلار ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندىن كېيىن ھېلىقى ساۋاقدىشى ئۇنى ئۇنتۇپتۇ - دە، كۆرسىمۇ قارىماي ئۆتۈپ كېتىدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلغانلىقى بىزگە ئايان ئىدى. چۈنكى بىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندىن كېيىن دۇرۇس ئادەم بولۇش مەقسىتىدە قىز ساۋاقداشلىرىمىز بىلەن بېرىش - كېلىش قىلمايدىغان بولۇۋالغانىدۇق. قىسقىسى، بىز بارا - بارا شىڭ خۇڭنىڭ ناھايىتىمۇ ياخشى بىر قىز ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتۇق. ئۇ ھېچنېمىدىن قورقمايتتى، ھەرقانداق ساختىپەزلىكتىن نەپرەتلىنەتتى، ھەققانىيەتكە مەدھىيە ئوقۇيتتى. بىز قايمۇقۇپ قالغان چاغلاردا، ئۇ نېمىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئاسانلا كۆرسىتىپ بېرەتتى. ماڭا ئۇ داشۆي ئىككىمىزدىنمۇ ئەقىللىك سېزىلەتتى.

ئۈچىمىز ھەممىشەم بىللە يۈرگەچكە، كۆپچىلىك بىزگە غەلىتىرەك نەزەردە قارىشاتتى. ئۇلار بىزنىڭ بىللە كېلىۋاتقىنىمىزنى كۆرسە، خەيرخاھلىق بىلەن كۈلۈمسىرەيتتى. ئۇلار يەنىلا بىزگە ئامراق ئىدى. بىر قېتىم مەن يىراقتىن بىرنەچچە پېشقەدەم ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ «بۇ ئۈچ بالا بەكمۇ ياخشى، ئۇلارغا سىياسىي يېتەكچى زىيانكەشلىك قىلغان» دېگىنىنى ئاڭلاپ قالغانىدىم. ئەسلىدە ئۇلار بىزنى بىر خىل نېرۋا كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان دەپ قارايدىكەن. بۇ گەپنى داشۆي بىلەن شىڭ خۇڭغا ئېيتىپ بەرسەم، ئۇلارغا بەكمۇ قىزىق

تۆيۈلدى. نېمىلا بولسۇن، بىز بىللە يۈرۈشنى خالايتتۇق. مەيلى ئۇلار ئاغزىغا كەلگىنىنى دەۋەرسۇن.

كېيىنچە، ئەترەت باشلىقى ئىشنىمۇ ئۈچىمىزگە ئايرىم تەقسىم قىلىدىغان بولدى، ئادەتتىمۇ ئۈچىمىز ئايرىم ئىشلەيتتۇق. بىز ئىش تاللىماسلىقتا ئۆز ئىچىمىزدە ۋەدىلەشكەنىدۇق. دەسلەپتە ئۈچىمىز ئېتىزدىن شال پاخلىلى ئەكەلدۇق. ئۈچىمىز ئۈچ كالا هارۋىسىنى هەيدەيتتۇق. ئادەتتە ئايالالار كالا هارۋىسى هەيدەشكە يارىمايتتى. چۈنكى كالىلار بەزىدە شاشلىق قىلىپ قوياتتى. لېكىن، شىڭ خۇڭ هارۋىنى ناهايىتى ياخشى هەيدەيتتى. بىز هارۋىلارنى هەيدەپ ئېتىزغا باراتتۇق. قۇرغاق پەسىل ئاسمىنى ئاقۇچ هاۋا رەڭ كۆرۈنەتتى، يىراقتا پايانسىز ئۇپۇق سىزىقى سوزۇلۇپ ياتاتتى، دالالار تاپتاقىر تۇس ئالغانىدى. قۇياش قاتتىق قىزدۇراتتى، ئاسماندا بىر پارچە بۇلۇتمۇ كۆرۈنمەيتتى. شال پاخلىلى قۇرۇپ بەئەينى تۇخۇم شاكىلىدەك چۈرۈكلىشىپ كەتكەنىدى. بىز هارۋىغا پاخال سۇنۇپ بېرەتتۇق، شىڭ خۇڭ تۆپىدە تۇرۇپ پاخالنى هارۋىغا باساتتى. ئۇ بىزنىڭ يىرتىق كىيىملىرىمىزنى كىيىۋالغانىدى، كىيىملەر ئۇنىڭ ئۈچىسىدا كالاپلاپ قالغاچقا، بەكمۇ قىزىق كۆرۈنەتتى. بىز شال پاخلىنىڭ باغلاملىرىنى هارۋىغا جان ـ جەهلىمىز بىلەن ئىرغىتاتتۇق. ئۇ رەنجىپ: «ئاستىراق !» دېگەندىلا بولدى قىلاتتۇق. بىز توختىغان چېغىمىزدا ئۇ پاخالنىڭ ئۈستىگە يېتىۋېلىپ: «سىلەر بەكلا بۈيۈك ئادەملەر، شۇغىنىسى، ئاستىراق ئىرغىتىڭلار» دەپ كۈلەتتى. ئەگەر بىز يەنە تېز ئىرغىتساق، قىمىرلىماي جىملا يېتىۋالاتتى. بىز ئىرغىتقان پاخاللار ئۇنى كۆمۈۋەتكەندىلا، ئۇ پاخالنىڭ تېگىدىن ئۆمىلەپ چىقاتتى. هەش ـ پەش دېگۈچە، پاخاللارنى رەتلەپ قويغاندىن كېيىن: «كېلىڭلار، قورقمايمەن، مەن سىلەردىن چاققان !» دەپ خۇشال توۋلايتتى. ئاندىن بىز ئۈچ پاخال دۆۋىسىنى سۆرەپ قايتاتتۇق. بىز توشۇغان پاخال ئالتە هارۋىدىنمۇ كۆپ چىقاتتى.

پاخال توشۇلۇپ بولدى. ئەترەت باشلىقى تولىمۇ رازى بولدى.

— زىيالىي ياشلارنىڭ ھەممىسى سىلەردەك بولسا، يەنە مىڭ مو شالنى ئارتۇق تېرىساقمۇ بولىدۇ، — دېدى ئۇ.

شۇغىنىسى، ئۇ بىزنى كالا قوتىنىنى تازىلاشقا ئەۋەتتى.

— ئاستىراق ئىشلەڭلار، — دېدى ئۇ، — شىڭ خۇڭ قوتاننىڭ سىرتىدا پارچە ـ پۇرات ئىشلارنى قىلسۇن. قوتان ياتقىڭلارنىڭ يېنىدىلا، ۋاقتىنى ئۆزۈڭلار ئورۇنلاشتۇرۇڭلار، قايسى ۋاقتىدا ئىشلىسەڭلار مەيلى.

ئەترىتىمىزنىڭ قوتىنى نەچچە يىللاردىن بېرى تازىلانمىغانىدى. قوتان يوغان بىر كەپە بولۇپ، ۋاسكېتبول مەيدانىچىلىك كېلەتتى. قىغ زادىلا تازىلانمىغان، چۆپمۇ يېيىتىلمىغانلىقتىن قوتان بەئەينى گەندە كۆلچىكىگىلا ئوخشاپ قالغانىدى. سۇيۇق گەندە كالىلارنىڭ قورسىقىغا چىقاتتى، موزايلار چۆكۈپلا كېتەتتى. بىز بېرىپ قوتاننى كۆرۈپ باقتۇق. مەن:

— شىڭ خۇڭ چۈشمىسۇن، سىرتتا تۇرۇپ تۇرسۇن، — دېدىم.

— ياق، سىلەر بىلەن بىللە بولىمەن، — دېدى ئۇ.

قوتانغا كىرىپ قىغنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى ئۆلچەپ باقتىم. كالا قىغى يوتامغىچە كەلدى. بىز يوغان سۇ كالىسىدىن بىرنى ئەكەلدۇق، ئۇنىڭغا تارتقۇنى قاتتۇق. شىڭ خۇڭ ئالدىدا كالىنى يېتىلىدى. بىز كەينىدىن تارتقۇنى بېسىپ، قىغنى قوتاندىن چىقىرىپ ئاپتاپقا سالدۇق. پاھ، قىغ ئادەم قورققۇدەكلا توپلانغانىكەن، دەپ بەرسەم سىزمۇ ئىشەنمەيسىز. ھېلىقى ئۆلگۈر كالا قۇيرۇقىنى جىنىنىڭ بارىچە پۇلاڭلىتىپ، قىغنى يۈزىمىزگە چاچرىتاتتى. ھەر قېتىم بىر دۆۋە قىغنى سۆرەپ چىقارغاندىن كېيىن كۆلچەككە بېرىپ يۈزىمىزنى يۇمىساق بولمايتتى. شىڭ خۇڭنىڭ چاچلىرىغىمۇ قىغ چاچرىدى. بۇ يەر بەكمۇ مەينەت ئىدى، بىزنىڭ گەپ قىلىشقىمۇ ماجالىمىز قالمىغانىدى. ھېلىقى

ئۆلگۈر كالا ھەر قېتىم قوتان سىرتىغا چىققاندىن كېيىن قايتا كىرمەي تۇرۇۋالاتتى. ئۇنى نۇرغۇن ھەشەم بىلەن ئاران كىرگۈزەتتۇق. بىز چۈشلۈك تاماقنىمۇ يېمىدۇق. چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچلەردە ھېلىقى كالا بىردىنلا يېتىۋېلىپ تۇرماي قويدى.

— ئەجەب تارتتىم بۇ جاپانى ! — دەپ تووۋلىدى شىڭ خۇڭ. ئاندىن كالىنىڭ ئۈستىگە مىنىۋالدى، — يۈر، كالا، دەرياغا بېرىپ چۆمۈلەيلى.

كالا ئىرغىپلا ئورنىدىن تۇرۇپ دەريا بويىغا قاراپ ئۇچقاندەك چاپتى. شۇنچىلىك تېز يۈگۈردىكى، داشۋي ئىككىمىز جېنىمىزنىڭ بارىچە قوغلاپمۇ يېتىشەلمىدۇق. مەن قوغلاپ كېتىۋېتىپ:

— شياۋخۇڭ، چۇلۇۋۇرنى چىڭراق تارت، يىقىلىپ چۈشمە ! — دەپ تووۋلىدىم.

— قورقما، يىقىلمايمەن ! — دەپ تووۋلىدى ئۇ كالىنىڭ تۆپىسىدە كېتىۋېتىپ.

ئۇ قاقاھلاپ جېنىنىڭ بارىچە كۈلۈشكە باشلىدى. سۇ كالىسىنىڭ دۈمبىسى ھەم كەڭ، ھەم سىلىق بولغاچقا، ئۇنىڭغا مىنىش ئات مىنگەندىنمۇ تەس ئىدى. بۇ كالا ئاتتىنمۇ تېز چاپماقتا ئىدى. لېكىن، شىڭ خۇڭ زادىلا يىقىلمىدى. كالا دەريا بويىغا باردى ـ دە، سۇغا بۆسۈپ كىرىپلا كەتتى. شىڭ خۇڭمۇ كالىنىڭ ئۈستىدىن سۇغا يىقىلىپ چۈشتى. لېكىن، ئۇ دەرياغا ئورنىدىن تۇرۇپ، بەلگىچە كېلىدىغان سۇدا ئېقىننىڭ يۇقىرىسىغا قاراپ يۈگۈرۈپ كەتتى، ئاخىردا بېلىنى ئېگىپ سۇغا شۇڭغۇدى. بىز سۇغا سەكرىگەن ۋاقتىمىزدا ئۇ ئېقىننىڭ يۇقىرى تەرىپىدە تۇرۇپ:

— مەن يۇيۇنۇپ بولدۇم، سىلەر تېزرەك يۇيۇنۇڭلار، — دەپ ۋارقىرىدى.

بىر پەستىن كېيىن بىز قوملۇقتا ئولتۇردۇق. شىڭ خۇڭ

چىلىق ـ چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەندى، كىيىملىرى بەدىنىگە چاپلىشىپ قالغان، چاچلىرى مۇرىسىگە يېيىلىپ چۈشكەندى.

ــ ۋاھ، نېمىدېگەن ياخشى، قالتىس پەيزى قىلدىم، ــ دېدى ئۇ قاقاھلاپ كۈلۈپ.

شۇ جايدا دەريا ئىككىگە بۆلۈنۈپ كىچىككىنە بىر ئارالنى ھاسىل قىلغانىدى. كالا ئارالغا چىقىپ ئوتلاشقا باشلىدى. شىڭ خۇڭنىڭ كەيپى بەكمۇ چاغ ئىدى. ئۇ بىر پەس ئارام ئېلىۋالغاندىن كېيىن يەنە سۇغا چۈشۈپ، بىر بىلەن سوقۇش ئوينىدى، ئاندىن قۇملۇق ساھىلدا ئولتۇرۇپ، ئاپتاپتا كىيىملىرىنى قۇرۇتۇشقا باشلىدى. بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن قۇملۇقتا ئوڭدىسىغا ياتقىنىچە كۆزلىرىنى ئاسمانغا تىكتى.

ــ ئاسمان نېمىدېگەن كۆك، ــ دېدى ئۇ، ــ بەزىدە بۇنىڭغا ھەيران قالىمەن. مەن ئۇزۇننى شۇ يەردىن كەلگەندەك، كەلگۈسىدە يەنە شۇ يەرگە كېتىدىغاندەك سېزىمەن.

ئۇنىڭ كۆڭلى بۇزۇلغاندەك قىلاتتى، بىزنىڭمۇ كۆڭلىمىز بۇزۇلدى. ھامان بىر كۈنى تەبىئەتنىڭ قوينىدا يوقىلىدىغانلىقىمىز، شۇ چاغدا شىڭ خۇڭدىن ئايرىلىپ قالىدىغانلىقىمىز كۆڭلىمىزدىن كەچتى. بىر تۇرۇپ، مۇشۇ يەردە مەڭگۈ ياشاپ قېلىشىمۇ پېشانىمىزگە پۈتۈلگەندەك قىلاتتى. ھەي، دۇنيادا بىز بىلمەيدىغان ئىشلار بەكمۇ كۆپ ئىكەن. شۇ ئەسنادا ئۇ ئاستاغىنا ئولتۇرۇۋالدى.

ــ نەگە بارسامۇ ياخشى ئادەم بولسام دەپ ئويلايمەن، ــ دېدى ئۇ، ــ ياخشى ئىشلارنى قىلالىسام، باشقىلارنى سۆيەلىسەم، باشقىلارنىڭ سۆيۈشىگىمۇ ئېرىشەلىسەملا مەن رازى. داشۇي، شياۋ ۋاڭ، سىلەر مېنى ياخشى كۆرەمسىلەر؟

ــ ياخشى كۆرىمىز، ــ دېدۇق بىز.

بىز ئۇنىڭغا تىكىلىپلا قالغاندۇق. يانتۇ چۈشۈۋاتقان كەچكى شەپەق نۇرى ئۇنىڭ يەلپۈنۈپ تۇرغان چاچلىرى، يۈزى، قاشلىرى، جەلپكار كۆكسى ۋە زىلۋا قامىتىگە ئالتۇندىن ھەل بەرگەندەك

تۇس كىرگۈزگەنىدى. ئۇ كۈلۈمسىرىدى، ئۇنىڭ تەبەسسۇمى تولىمۇ گۈزەل ئىدى.
— مەن سىلەرنى ياخشى كۆرىمەن، سىلەرنى سۆيىمەن، — دېدى ئۇ.
بىز سۈكۈتكە چۆمدۇق. بىردىنلا ئۇ خۇشال كۈلۈمسىرىدى:
— بولدىلا، مەن سىلەرگە بىر ناخشا ئۆگىتىپ قوياي، ياخشى بىر ناخشا، قەدىمىي شوتلاندىيە ناخشىسى.
ئۇ بىزگە «دوستلۇق مەڭگۈ ئۆلمەس» دېگەن ناخشىنى ئۆگىتىپ قويدى. كېيىنچە بىز بۇ ناخشىنى ھەمىشەم بىللە ئېيتىدىغان بولدۇق. كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ بىزگە يەنە نۇرغۇن ناخشىلارنى ئۆگەتتى، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ناخشىغا يەتمەيتتى. داشۇي بىلەن ئىككىمىز مۇزىكا جەھەتتە ساۋاتسىز ئىدۇق، شىڭ خۇڭ ئۆگەتكەن ناخشىلاردىن باشقا ھېچقانداق ناخشىنى ئەپلەشتۈرۈپ ئېيتالمايتتۇق.
قورساقنىڭ ئاچقانلىقى بىلىنىشكە باشلىدى. بىز كالىنى تېپىپ كەلدۇق ۋە ئۇنى ھەيدەپ مەھەللىگە قايتتۇق.
ئەتىسى بىز يەنە قوتان تازىلاشقا باردۇق. بۈگۈن قىغ خېلىلا ئازىيىپ قالغانىدى. ئۈچىمىز ئۈچ تارتقۇنى ئىشقا سېلىپ قىغنى سىرتقا ئىتتىرىپ چىقاردۇق. كالىلار ھېلىمۇ قۇيرۇقلىرىنى پۇلاڭلىتىپ ئۆپچۆرىگە قىغ چاچرىتاتتى. ئۈچ كالىنىڭ قۇيرۇقىدىن ئادەم ئۆزىنى ھېچنەرگە ئەپقاچالمايتتى. كېيىنچە شىڭ خۇڭ كالىسىنىڭ قۇيرۇقىنى ئارقان بىلەن باغلاپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ كالا قۇيرۇقىنى مىدىرلىتالماس بولدى. شۇغىنىسى، بۇ كالا قۇيرۇقى باغلانغانلىقتىن قولايسىزلىق ھېس قىلىپ كەينى پۇتلىرىنى كېرىپ غەلىتىلا ماڭىدىغان بولۇپ قالدى. باغلاپ قويۇلغان قۇيرۇق خۇددى مىخلاپ قويۇلغان يىلاندەك جان - جەھلى بىلەن تولغىناتتى. بۇنى كۆرۈپ ئۈچىيىمىز ئۇزۇلگۇدەك كۈلدۇق ۋە ئۆز كالىلىرىمىزنىڭ قۇيرۇقلىرىنىمۇ ئاشۇنداق باغلىۋالدۇق. شۇنداق قىلىپ، ئۈچ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كالا قالايمىقان قەدەملىرى بىلەن ئۇيان ـ بۇيان مېڭىشقا باشلىدى، بۇ بىزگە بەكمۇ قىزىقارلىق تۇيۇلدى. شىڭ خۇڭ تېخى ئۇلارغا كۆيۈنگەن ھالدا:

— كالىلار، بىزنى ئەپۇ قىلىڭلار جۇمۇ، سەل تۇرۇپ سىلەرنى يۇيۇنغىلى ئاپىرىمىز، — دەپ قوياتتى.

چۈشتىن كېيىن ئۈچىمىز كالىلارنى مىنىپ دەريا بويىغا ئويىنىغىلى باردۇق. شىڭ خۇڭ گۇرۇچ ۋە قازان ئېلىۋالغانىكەن. بىز دەريا بويىدا تاماق ئېتىپ يېدۇق. تاماقتىن كېيىن ئولتۇرۇپ گۆگۈمدىكى بۇلۇتلارنى تاماشا قىلدۇق. كالىلارنى ياخشىراق ئوتلىتىپ، قاراڭغۇ چۈشكەندىلا مەھەللىگە قايتىپ كەلدۇق. لېكىن بىز ئەتىسى كالىلارنى ئېلىپ كەلگىلى بارساق، بۇ ئۈچ كالا ئۈركۈپ يېنىمىزغا يېقىن يولىمىدى. شىڭ خۇڭ بەكمۇ ئازابلاندى. شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇ كالىسىنىڭ قۇيرۇقىنى باغلىمىدى، بىزمۇ باغلىمىدۇق. كېيىنچە كالا ئۇنىڭ بىلەن ئەپلىشىپ قالدى. كالا ئاستاغىنا ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى. شىڭ خۇڭ كالىنىڭ بۇرنىنى بوشقىنا سىلاپ قويدى. ئۇ بىزگە ئۆزىنىڭ كالىغا بەكمۇ ئامراق ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ ئەگرى مۈڭگۈزلىرى، يوغان كۆزلىرى، مۇزدەك بۇرنىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، كالىنىڭ گالۋاڭ تۇرقى بەكمۇ ئوماق كۆرۈنىدىكەن. لېكىن ماڭا ئۇنداق كۆرۈنمىدى.

ئېغىلنى تازىلاپ بولدۇق. بۇ قېتىم ئەترەت باشلىقى بىزنى بازاردىن گۇرۇچ توشۇشقا ئورۇنلاشتۇردى. ئاندىن ئۈچىمىزنى كالا بېقىشقا بۇيرۇدى. قىز بالىنىڭ كالا بېقىشى زادىلا كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر ئىش ئىدى، لېكىن شىڭ خۇڭ بىز بىلەن بىللە بولىدىغانلىقى ئۈچۈن قىلچە ئىككىلەنمەي ماقۇل بولدى.

بىز بىللە كالا باقتۇق. سەھەردىكى تۇمان تارقىلىشى بىلەنلا كالىلارنى ھەيدەپ تاغقا قاراپ ماڭدۇق، چىغ قالپاق، پالما دەرىخىنىڭ تالالىرىدىن توقۇلغان يامغۇرلۇق، گۇرۇچ ۋە كۆكتات ئېلىۋالدۇق. داشۋي ئىككىمىز كالىلارنى ھەيدەپ ماڭدۇق، شىڭ

خۇڭ ئەڭ كەينىدىكى كالىغا مىنىۋالدى. ئۇچىمىز كالىلارنى نەگە ئاپىرىپ بېقىش ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتۇق. شىڭ خۇڭ بىردىنلا خۇشال بولۇپ قەددىنى رۇسلىدى ۋە كالىنى دۈمبىسىگە شاپىلاقلىغىنىچە:

— تاغ ئىچىدە دەرەخلىك بار، شۇ يەر بەك ياخشى، — دېدى.

كالا چىچاڭشىپ ئۇنى تاشلىۋەتتى. بىز دەرھال ئۇنى يۆلىۋالدۇق، ئۇ بىزگە قوشۇلۇپ كۈلدى.

— دەرەخلىككە بارايلى، دەرەخلىككە بارايلى! — دېدى ئۇ، — ئۇ يەردە سۈيى تولىمۇ سۈزۈك كۆلچەكلەر بار. مەن ئۇ يەرنى بەكمۇ ياخشى كۆرىمەن. ئۇ يەرنىڭ ئوت - چۆپىمۇ ياخشى، بارامدۇق؟

ئۇ ياخشى دېگەن جايغا بىز بارمايلى دېيەلەيتتۇقمۇ. تاغ ئېتىكىگە يەتكەندىن كېيىن، كالىلار خۇددى بەس - بەس بىلەن بەيگىگە چۈشكەندەك، قىيپاش كەتكەن يانباغىرىغا چىقىشقا باشلىدى. بىز دەسلەپ چىققان يانباغىردا قاتار تۇرۇپ پەسكە نەزەر سالدۇق، پۈتكۈل جىلغىنى سۇس ئاقۇچ تۇمان قاپلىغانىدى، ئەتراپتا ھوسۇلدىن كېيىنكى ئالتۇن رەڭ دالا سوزۇلۇپ ياتاتتى، يېزىدا ئۆسكەن دەرەخلەر، بامبۇكلار يېشىل قەلئەلەردەك كۆرۈنەتتى. ئېگىز - پەس تۆپىلىكلەر يىراقتا يانباغىرغا تۇتاشقانىدى، ئۈستىدە ئۆسكەن دەرەخلەر سىرلىق ھالدا قارىيىپ كۆرۈنەتتى. جىمجىت جىلغىدا زىچ ئۆسكەن بىر پارچە دەرەخلىك بار ئىدى، شىڭ خۇڭ ئەنە شۇ يەرگە بارماقچى بولۇۋاتاتتى. بۇ يەرنىڭ ئاسمىنى شۇنچىلىك كۆك ئىدىكى، خۇددى شىمالنىڭ دەسلەپكى كۈز ئاسمىنىغا ئوخشايتتى. شىڭ خۇڭ بىزگە قاراپ كۈلۈپ قويدى - دە:

— ئەمىسە كەتتۇق ! — دېدى.

كالىلار ئاللىقاچان جىلغىغا كىرىپ بولغانىدى. بىز ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىدۇق. بىزنىڭ تارقىلىشىمىزغا توغرا كەلدى. مەن ئوڭ تەرەپتىكى تاغ ئۈستىگە چىقتىم، داشۇي سول

تەرەپتىكى تاغ ئۈستىدىن ئۇرۇن ئالدى. شىڭ خۇڭ كاللارنىڭ چىچىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن كەينىمىزدە قالدى. ئەسلىدە كاللار بۇياقتىكى تاغدا ئادەملەرنىڭ قارىسى كۆرۈنسىلا بۇ تەرەپكە كەلمەيدىكەن. شىڭ خۇڭنىڭ ئارقىمىزدا قالغانلىقىمۇ ئارتۇقچە ئىش بوپتۇ. چۈنكى، بىر تۇياق كالىمۇ توپتىن ئايرىلىپ كەينىدە قالمايدىكەن. كاللار يېيىلىپ ئوتلىغاچ، ئاستا - ئاستا يۇقىرىلاپ ماڭغىلى تۇردى. مەن بىر يالغۇز دەرەخنىڭ تېگىگە كېلىپ ئولتۇردۇم، ئۆزۈممۇ شۇ دەرەخكە ئوخشاش تەنھا ئىدىم. داشۇيمۇ، شىڭ خۇڭمۇ ناھايىتى يىراقتا ئىدى، ئۇلار قارىماقتا كىچىككىنە پۇرچاقچىلىك كۆرۈنەتتى. مەن يامغۇرلۇقۇمنى تېگىمگە سېلىپ، دەرەخكە يۆلىنىپ ئولتۇردۇم، ئالدىمدىكى كۆپكۆك ئاسماندا ئاپپاق يىپقا ئوخشاش بۇلۇتلار ئۈزۈپ يۈرەتتى، ياپيېشىل تاغ چوققىلىرى، ئوتلاق ۋە كاللار، قىسقىسى، جاھان شۇنچىلىك كەڭرى كۆرۈنەتتى.

مەن يانپاشلاپ ياتىپ نىمىلەرنىدۇر ئويلىغاندەك قىلاتتىم، تۇرۇپلا خىيالىمغا ھېچنېمە كەلمىگەندەكمۇ قىلاتتىم. بىردىنلا قانداقتۇر بىر توسۇق ئېلىنىۋېتىلىپ، ھاۋارەڭ ئاسمان، ئۈزۈپ يۈرگەن ئاپئاق بۇلۇتلار قەلبىمگە ئاخىرى ئۈزۈلمەي ئېقىپ كىرىۋاتقاندەك تۇيغۇغا چۆمدۈم ... «پايانسىز جاھاننى سۆيىمەن، نۇرغا ئوخشاش غۇبارسىز شىڭ خۇڭنى سۆيىمەن، ئىنسانىيەتنىڭ گۈزەل تۇيغۇلىرىنى سۆيىمەن، ئۈچىمىزنىڭ دوستلۇقىنى سۆيىمەن، مەن ياشايمەن، كەلگۈسىدە ھاياتىمىز توغرۇلۇق باشقىلارغا ئېيتىپ بېرىمەن» دەپ ئۆز - ئۆزۈمگە خىتاب قىلدىم. بۈگۈنكى كۈننى ياخشى كۆرىمەن، بۈگۈنكى كۈننىڭ ئۆتۈپ كەتمەسلىكىنى تىلەيمەن دېگەن گەپلەر قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئۇرغۇپ چىقتى.

شۇ ئەسنادا شىڭ خۇڭنىڭ چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم. ئۇ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتاتتى، چۇۋۇق چاچلىرى شامالدا يەلپۈنەتتى. ئۇ بىزنىڭ كونا كىيىملىرىمىزنى كىيىۋالغان بولسىمۇ، شۇنچىلىك

ئوماق كۆرۈنەتتى، بەئەينى بۆكەندەك چاققان ۋە چەبدەس ئىدى. ئۇ بىر ئىرغىپلا يېنىمغا ئۆزىنى تاشلىدى، ئاندىن رۇسلىنىپ ئولتۇرۇۋالدى ـ دە:
— ۋايجان، ئەجەبمۇ ھېرىپ كەتتىم. تاغ ئۈستىگە قاراپ يۈگۈرۈش ئەجەبمۇ تەس ئىكەن، — دېدى ھاسىراپ تۇرۇپ. مەن كۈلگىنىمچە:
— شىلڭ خۇلڭ، نېمە ئىش بولدى؟ — دەپ سورىدىم.
— ھېچ ئىش يوق، سېنى كۆرگىلى كەلدىم، — دېدى ئۇ ئاندىن باشقا ياققا قارىۋېلىپ ئاستاغىنا سۆزلىدى، — سەن ھېچكىمنىڭ يوقلىشىغا موھتاج ئەمەسمۇ؟
ئۇ پۇتلىرىنى يىغىپ ئولتۇرۇۋالدى:
— يالغۇز ئولتۇرسام مېنىڭ ئىچىم سىقىلىپ كېتىدىكەن، سېنىڭ ئىچىڭ سىقىلمامدۇ؟
— سىقىلمايدۇ، — دېدىم، — مەن مۇشۇنداق ئولتۇرغاننى بەكمۇ ياخشى كۆرىمەن. قارا، ئاسمان ۋە زېمىن نەقەدەر سۆيۈملۈك ـ ھە، — مەن ئۇنىڭغا قاراپ بۇرۇلدۇم. ئۇ كۈلگىنىچە ماڭا قاراپ تۇراتتى.
— سەن بارغانسېرى ئوماقلىشىپ كېتىۋاتىسەن، — دېدى ئۇ.
مەن خىجىل بولۇپراق بېشىمنى تۆۋەن سالدىم. لېكىن، ئۇ قېتىغمۇ ئېلىپ قويماستىن قانداقتۇر بىر ناخشىنى غىڭشىپ ئېيتقىنىچە يېنىمغا كېلىپ يېتىۋالدى.
مەن جىددىيلىشىپ ئالدى تەرەپكە قارىۋالدىم. بىر پەستىن كېيىن ئۇ مېنى چاقىردى. بۇرۇلۇپ قارىسام، ئۇ چۆپلۈكتە ياتاتتى، چاچلىرى چۆپلۈكتە يېيىلىپ تۇراتتى. ئۇ تولىمۇ خۇشال كۆرۈنەتتى، كۆزلىرىدە يىراقتىكى كۆپكۆك ئاسمان ئەكس ئېتەتتى.
— داشۇي ئىككىڭلار نېمە بولدۇڭلار؟ — دەپ سورىدى ئۇ.
— بىز نېمە بوپتۇق؟
ئۇ كۈلدى. ئۇنىڭ چۆپلۈكتە يېتىپ كۈلۈشى بەكمۇ چىرايلىق

ئىدى.

— ئىككىمىزلار بىر - بىرىمىزلارنى نازارەت قىلىۋاتقاندەكلا كۆرۈنىسىلەر، — دېدى ئۇ، — كىم مېنىڭ يېنىمغا كەلسە، كەينىگە قاراپ يەنە بىرەيلەننىڭ بار - يوقلۇقىغا قاراپ باقىدۇ، مېنىڭ كىم بىلەندۇر يېقىنلىشىپ، كىم بىلەندۇر يىراقلىشىپ كېتىشىمدىن قورقۇۋاتامسىلەر قانداق؟

مەن بوي بەرمەستىن «ياقەي» دېدىم. ئەسلىدە راستلا شۇنداق ئىش بار ئىدى.

— سىلەر بۇنداق قىلماڭلار، — دېدى ئۇ جىددىي رەۋىشتە، — مەن بىرىڭلارنى ياخشى كۆرۈپ، بىرىڭلارنى ئۇنتۇپ قالمايمەن. ھەر ئىككىڭلارنى ياخشى كۆرىمەن. مېنىمۇ ھەر ئىككىڭلار ياخشى كۆرۈڭلار، مەن كىشىلەرنىڭ سۆيۈشىگە موھتاج.

مېنىڭ ئىچ - ئىچىمدىن خۇشاللىق ئۇرغۇماقتا ئىدى.

— كەلگۈسىدە ھېچقايسىمىز توي قىلمايلى، مەڭگۈ بىللە ياشايلى، — دېدى ئۇ يەنە.

مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى شاتۇتىدەك تەكرارلىدىم:

— توي قىلمايمىز، مەڭگۈ بىللە ياشايمىز.

ئۇ رۇسلىنىپ ئولتۇردى. ئاندىن قوللىرى بىلەن تىزىنى قۇچاقلىغىنىچە: «كىشىلەر بىلەن بىللە بولۇش نېمىدېگەن ياخشى - ھە» دەپ قويدى ۋە بىردىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ يۈگۈرۈپ كەتتى. دەرەخ سايىسى كەينىدە قالدى. ئۇنىڭ چاچلىرى كۈن نۇرىدا تاۋلىناتتى. مەن:

— نەگە بارىسەن؟ — دەپ توۋلىدىم.

ئۇ خۇشلۇق بىلەن جاۋاب بەردى:

— داشۇينى كۆرۈپ كېلەي.

ئۇ كاللىلارنىڭ ئارىسىدىن خۇددى ئاھۇدەك ئۆتۈپ ئۇدۇلدىكى تاغ باغرىغا قەدەر يۈگۈرۈپ باردى. چاچلىرى شامالدا يەلپۈنەتتى. ئۇ بەكمۇ ئوماق ئىدى. مەن ئۇنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسى ئەمەلگە ئاشىدۇ، دەپ ئويلىدىم.

چۈشتە كالىلارنىڭ قورسىقى تويدى. ئۇلار قۇيرۇقلىرىنى پۇلاڭلاتقىنىچە ئالدى تەرەپكە قاراپ مېڭىشاتتى، مېڭىشى بارغانسېرى تېزلىشىپ بارا - بارا بىر يەرگە توپلاندى. ئۈچىمىز يەنە بىر يەرگە جەم بولدۇق. بىز كالىلارنى ھەيدەپ ماڭدۇق. شىڭ خۇڭ كالىلارنى تېز ماڭمايۋاتىدۇ دەپ، ئۇلارغا چالمىمۇ ئاتتى. بىز ناخشا ئېيتقىنىمىزچە دەرەخلىككە كەلدۇق. كالىلار ئالدى تەرەپكە قاراپ جىنىنىڭ بارىچە چېپىشقا باشلىدى، ئۇلار سۇنىڭ پۇرىقىنى سېزىپ قالغاندەك قىلاتتى. بىز كالىلار يىراققا قېچىپ كەتمىسۇن دەپ، داشۈي سول تەرەپتىن، مەن ئوڭ تەرەپتىن يۈگۈرۈپ پادىنىڭ ئالدىغا ئۆتتۇق. شىڭ خۇڭ چۈشتىن ئاۋۋال يېرىم كۈن يۈگۈرۈپ يۈرگەچكە زادىلا يۈگۈرەلمىدى.

— شياۋ ۋاڭ، داشۈي، — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ كەينى تەرەپتىن، — بېرىپ ياخشىراق جاينى ئىگىلەڭلار، ماۋۇ ئۆلگۈرلەر كۆلچەكنىڭ ھەممە يېرىگە كىرىۋالمىسۇن.

مەن ئۇچقاندەك بېرىپ دەرەخلىككە كىردىم - دە، سۈيى چوڭقۇر ۋە سۈزۈك كۆلچەكتىن بىرنى تاپتىم. ئۇنىڭغا كالىلارنى يېقىن كەلتۈرمىدىم. ھەممە كالىنى كىچىك كۆلچەكلەرگە، پاتقاق ئازگاللىرىغا ھەيدىۋەتتىم. بىر پەستىن كېيىن شىڭ خۇڭ بىلەن داشۈي كەلدى.

— بۇ ئۆلگۈرلەرنىڭ ھەممىسى كۆلچەككە چۈشۈپ بوپتۇ، — دەپ كۈلدى شىڭ خۇڭ، — بىزگە قىلىدىغان ئىش قالماپتۇ، ھۇررا ! ئەمدى تاماق ئېتىمىز!

كەلگەن يېرىمىز ناھايىتىمۇ گۈزەل ئىدى. ئوتلاقنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىدە دەرەخلەر ئۆسۈپ تۇراتتى. تاغ ئۈستىدىن ئېقىپ چۈشكەن ئۇششاق ئېقىنلار دەرەخلىكتە بىرمۇنچە كۆلچەكلەرنى ھاسىل قىلغانىدى. تاللىۋالغان كۆلچىكىمىزنى كىچىكرەك كۆل دېسىمۇ بولاتتى. بىز دەرەخلەرنىڭ سايىسىدىكى چۆپ ئۈنمىگەن كىچىككىنە سايلىققا قازاننى ئاستۇق، يامغۇرلۇقلىرىمىزنى بىر چەتكە سالدۇق. شىڭ خۇڭ سومكىسىدىن بىر پارچە سۈر گۆشنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئالدى ۋە بىزگە قاراپ كۈلگىنىچە:
— ئۆتكەندە بازارغا بارغاندا ئالغانىدىم. بۈگۈن بۇنى يەۋېتەيلى، — دېدى.

ئۇچىمىزنىڭ مائاشىنى شىڭ خۇڭ باشقۇراتتى، داشۇي ئىككىمىز تەييارغا ھەييار ئىدۇق. پۇلىمىزنى شىڭ خۇڭغا بەرسەكلا بىزدە زادى پۇل ئۆكسۈمەيتتى، مائاشىمىزنى يەتكۈزەلمەي قېلىشتىن زادىلا غەم قىلمايتتۇق. بۇ راستلا قىزىق بىر ئىش ئىدى. تاماقتىن كېيىن داشۇي ئىككىمىز كۆلچەككە چۈشۈپ سۇ ئۈزدۇق، شىڭ خۇڭ كىيىم يۆتكەش ئۈچۈن دەرەخلىككە كىرىپ كەتتى.

— ھەي، سۇ ياخشىمىكەن، سۇ ئىچى قانداق ئىكەن؟ — دەپ توۋلىدى ئۇ دەرەخلىكتە تۇرۇپ.

سۇ ئورماندىن ئېقىپ چىققاچقا، بەكمۇ سوغۇق ئىدى. بىز:
— ياخشى، بەك ياخشى! تېز كەلگىن! — دەپ توۋلىدۇق.

بىر پەستىن كېيىن شىڭ خۇڭ قىيغاتقىنىچە چىقىپ كەلدى. ئۇ ئۇچىسىغا قىزىل سۇ ئۈزۈش كىيىمى كىيىۋالغانىدى.

— مەن كەلدىم! مەن كەلدىم! — ئۇ توۋلىغان پېتى سۇغا سەكرىدىيۇ، شۇ زامان سۇدىن بېشىنى چىقاردى، — پاھ، جېنىمنى ئالايلا دېدى، سۇ ئەجەبمۇ سوغۇق ئىكەن.

ئۇ قىن - قىنىغا پاتماي، ئوڭدىسىغا يېتىۋېلىپ سۇ ئۈزۈشكە باشلىدى. سۇنىڭ ئوتتۇرىسى سۈزۈكلۈكتىن قارىيىپ كۆرۈنەتتى. ئۇ ئۈزۈپ كۆلچەكنىڭ ئوتتۇرىسىغا باردى. بىز ئۇنىڭ ئاپپاق تاپانلىرىنىڭ ھەرىكەتلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇردۇق.

— مەندەك تېز ئۈزەلمەيسىلەر! — دەپ توۋلىدى ئۇ، — ئىشەنمىسەڭلار مېنى قوغلاڭلار، بەسلىشىپ باقايلى.

بىز ئۈزۈپ ھەش - پەش دېگۈچە ئۇنىڭغا يېقىنلاشتۇق. ئۇ بىردىنلا سۇنىڭ تېگىگە شۇڭغۇدى، مەنمۇ شۇڭغۇدۇم. پاھۇي، كۆلچەكنىڭ تېگىدە بولاقنىڭ كۆزى بولسا كېرەك، سۇنىڭ سوغۇقى سۆڭەكتىن ئۆتكۈدەك ئىدى. مەن چىدىيالمايلا قالدىم،

سۇنىڭ تېگىدە كۆزۈمنى ئاچسام، ئۇ مېنىڭ ئاستىمدا ئۈزۈپ يۈرگەنىكەن. مەن ئۇنى تۇتالماي سۇنىڭ يۈزىگە قايتىپ چىقتىم. داشۋي ئىككىمىز تىت - تىت بولۇپ سۇنىڭ تېگىگە تىكىلدۇق. بىردەمدىن كېيىن ئادەم كۆلەڭگىسى شارتىلا قىلىپ سۇ يۈزىگە لەيلەپ چىقىشقا باشلىدى. بىز شۇ تەرەپكە قاراپ ئۈزدۇق. ئۇ سۇ ئۈستىگە چىققان ھامان ئۇنى كاپلا قىلىپ تۇتۇۋالدۇق. ئۇنىڭ بەدىنى خۇددى بېلىقنىڭ بەدىنىدەك سوغۇق ئىدى. ئۇ ھەدەپ ھاسىرايتتى.

— پاھ، سۇ ئاستى بەكمۇ سوغۇق ئىكەن، — دېدى ئۇ سۇنىڭ ئىچىدە بىرنەچچىنى قىيغىتىۋەتكەندىن كېيىن، — بەدىنىمدىن توخۇ ئەت ئۆرلەپ چىقتى. سىلەرگە كۆلچەكنىڭ تېگىدىكى سۇدىن ئاچىقىۋاتاتتىم، مېنى تۇتقىنىڭلاردا ھەممىسى تۆكۈلۈپ كەتتى. نېمىشقا سۇنىڭ تېگىگە شۇڭغۇپ ئوينىمايسىلەر؟

— سۇ مۇزدەك سوغۇق ئىكەن، سەنمۇ چۈشمە، پېيىڭ تارتىشىپ قالىدۇ، — دېدىم ئۇنىڭغا.

— مېنى يەنە قورقۇتۇۋاتامسەن، پېيىم تارتىشىپ قالسىمۇ چۆكۈپ ئۆلمەيمەن، — دېدى ئۇ كالپۇكلىرىنى دومسايتىپ.

ئۇ يەنە سۇغا شۇڭغۇدى. سۇدىن چىققاندا بىزگە سىرلىق قىلىپ ئېيتتى:

— ھەي، سۇنىڭ تېگىدە يوغان بېلىقلار بار ئىكەن! تۇتماق تەس، بەكمۇ سىلىق ئىكەن. قاراپ تۇرۇڭلار، مەن بىر بېلىق تۇتاي، كەچتە يەيمىز.

— بولدى قىلغىنا! — دېدىم ئۇنىڭغا، — سۇدىكى بېلىقنى قول بىلەن تۇتقىلى بولمايدۇ، بەكمۇ سىلىق.

ئۇ بېشىنى قىيسايتىپ كۈلدى:

— راستمۇ؟ قېنى مەن تۇتۇپ باقايچۇ.

شىڭ خۇڭ چىپپىدە كەلگەن سۇ ئۈزۈش كىيىمى بىلەن خۇددى سۇ پەرىسىگىلا ئوخشايتتى. داشۋي ئىككىمىز ئۈزۈپ قارشى قىرغاققا ئۆتتۇق - دە، ئاپتاپقا قاقلىنىپ ئولتۇردۇق. شىڭ خۇڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تېخىچىلا سۇغا شۇڭغۇيتتى، شوخلۇق قىلىپ قانمايتتى. بەزىدە: «تۇتايلا دەپ قالغاندىم!» دەيتتى. تۇرۇپلا: «بۇ قېتىم تاپالمىدىم!» دەپ قوياتتى. داشۇي ئىككىمىز ئۇنىڭ قىلىقلىرىغا قاراپ كۈلەتتۇق. چۈنكى، ئۇ بەكمۇ خۇش بولۇپ كەتكەنىدى. ئاخىردا ئۇ سۇغا شۇڭغۇپ ناھايىتى ئۇزاقتا چىقتى. بىز ئۇ سۇنىڭ تېگىدىكى چېغىدىلا سۇ يۈزىگە ناھايىتى ئاستا چىقىۋاتقانلىقىنى، ھەرىكىتىنىڭ نورمالسىزلىقىنى بايقىدۇق. مەن داشۇيغا قارىدىم، ئۇنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى. بىز دەرھال سۇغا چۈشتۇق ـ دە، ئۇنىڭ ئالدىغا قاراپ ئۈزۈپ كەتتۇق. دەرۋەقە، ئۇ سۇ يۈزىگە چىقىپلا قوللىرىنى پالاقلىتىپ:

— پېيىم تارتىشىپ قالدى! تېز كېلىپ قۇتقۇزۇڭلار! — دېدى.

قورققىنىمىزدىن كۆزلىرىمىز چەكچىيىپ كەتكەنىدى. بىز ئۆلەر ـ تىرىلىشىمىزگە باقماي ئۇنىڭغا قاراپ ئۈزۈشكە باشلىدۇق. لېكىن، ئۇ يەنىلا كۈلۈۋاتاتتى:

— قورقۇپ ئۈزۈڭلارغا ئوخشىمايلا قاپسىلەرغۇ! قورقماڭلار، مەن بىردەمدىلا چۆكۈپ كەتمەيمەن.

جىددىيلەشكىنىمىزدىن يۈرىكىمىز قېپىدىن چىقايلا دەپ قالغانىدى. بىز يېقىن بارغىنىمىزدا ئۇ سۇ يۈزىگە ئىرغىپ چىقتى ـ دە، ئىككىمىزنىڭ بويىنىغا گىرە سېلىۋالدى. ئۇ يەنىلا ئاغزىنى يوغان ئېچىپ كۈلەتتى. بىردەم «مېنى قىرغاقتا ئاچىقىڭلار» دېسە، بىردەم «پۇتۇم بەك ئاغرىپ كەتتى» دەيتتى. بىزنىڭ كۆڭلىمىزگە چاقچاق تېتىمايتتى. بىز كەينىمىزگە بۇرۇلۇپ قىرغاققا قاراپ ئۈزۈپ كەتتۇق. ئۇ بويىنىمىزغا ئېسىلىۋالغانىدى، كۆتۈرۈلۈپ قالغان كۆكسىنى قىلچە تارتىنماستىن مۈرىمىزگە ياقاتتى، توختىماي چاقچاق قىلاتتى:

— ۋاي، لافونتائىننىڭ[①] مەسەلىگە ئوخشاش ئىش بولدى.

① لافونتائىن (1621 ـ 1695) — فىرانسىيەلىك مەسەلچى شائىر (تەرجىماندىن)

ئىككى ئۆردەك بىر تال چىۋىق بىلەن پاقىنى ئاسمانغا ئاچىققاندەك ... توغرا ئەمەس، سىلەر پاقىچىلاپ ئۈزۈۋاتىسىلەر، پاقا دېگەن ئۈزۈشلار!

چاقچاق قىلىشقا زادىلا رەۋىتىمىز يوق ئىدى. شىڭ خۇڭنى سۆرەپ ناھايىتىمۇ ئاستا ئۈزمەكتە ئىدۇق. ئۇنىڭ سۇ ئۈستىدىكى گەۋدىسىنىڭ ئېغىرلىقىنى يوقىتىش ئۈچۈن سۇ دەسسەۋاتقان تۇرساق، قانداق قىلىپ تېز ئۈزەلەيمىز؟ ئۇ خۇشاللىقىدىن تېخىچە سۆزلەپ تىنمايتتى. مەن تىت - تىتچىلىقىمدا بىرنەچچە يۇتۇم سۇمۇ ئىچىۋالدىم. شۇ ئەسنادا پۇتۇم يەرگە تەگدى.

— ۋاي ئەسكى! ۋاي ئەسكى! — دېدىم ئۇنىڭ دۇمبىسىگە شاپىلاقلاپ تۇرۇپ.

داشۇي ئۇنىڭ چاچلىرىنى ئوڭشاپ تۇرۇپ:

— بىزنى قورقۇتۇپ ئۆلتۈرەي دېدىڭ! — دەپ قويدى.

شىڭ خۇڭ كالپۇكلىرىنى دومسايتىپ تۇرۇپ قالدى. بىز ئۇنى كۆتۈرۈپ ئاچىقىپ يامغۇرلۇققا ئولتۇرغۇزدۇق. بۇ چاغدا پۇتىمىزدا جان قالمىغان، ھېرىشتىن كۆرە قورقۇشتىن شۇنداق بولغانىدى. شىڭ خۇڭ: «پېيىم تارتىشىپ قالدى!» دەپ توۋلىغاندا، مەن ئۇنىڭدىن يەتمىش - سەكسەن مېتىرچە يىراقتا بولۇپ، ئۇنىڭ قېشىغا قانداق قىلىپ ئۈزۈپ بېرىشنى بىلمەي قالغانىدىم. ئۇنى سۇدىن ئاچىققۇچە، قورقىنىمدىن ئالاقزەدە بولۇپ كەتكەنىدىم. يەنە مۇشۇنداق قىلماسلىقى ئۈچۈن ئۇنى راسا ئۇرغۇم كېلىۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭ پۇتلىرىنى ئۇۋۇلىدىم.

— سىلەر ماڭا بەكلا قوپاللىق قىلىپ كەتتىڭلار! — دېدى ئۇ رەنجىگەن ھالدا!

مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قارىدىم. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ياش لىغىلدايتتى.

— سەن مېنى ئەسكى دەپ تىللىغاندا، جان - جەھلىم بىلەن ۋارقىرىغۇم كېلىپ كەتتى. مەن نېمە قىپتىمەن؟ — دېدى ئۇ يەنە ۋە ئارانلا ئاڭلىغۇدەك قىلىپ ئېسەدەپ يىغلاشقا باشلىدى.

ھەممىمىزنىڭ باشلىرىمىز ساڭگىلىدى. بىر پەستىن كېيىن مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ پەس ئاۋازدا ئېيتتىم:

— بىلەمسەن؟ سېنى سۇغا چۆكۈپ ئۆلۈپ قالامدىكىن دەپ تولىمۇ قورقتۇق. سېنىڭ خەتەرگە يولۇققىنىڭنى كۆرۈپ قورقۇپ قوللىرىم تىترەپ كەتتى دېگىنە.

ئۇ دومسايغىنىچە بىزگە قارىدى. كۆزلىرىدىن خېلىلا رەنجىگەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ گاھ ماڭا، گاھ داشۆيگە قارايتتى. بىر دەمدىن كېيىن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى رەنجىش ئالامەتلىرى ئاستا ـ ئاستا يوقىلىشقا باشلىدى. يەنە بىر دەمدىن كېيىن ئۇنىڭ تۇرۇلگەن چىرايى ۋاللىدە ئېچىلىپ كەتتى. ئۇ كۈلدى، قولىنى سوزۇپ كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى، كۆزلىرىدىن كۆڭۈلچەكلىك چىقىپ تۇراتتى:

— سىلەر، سىلەر مېنى بەكمۇ ياخشى كۆرىسىلەر ـ ھە؟

بىز بېشىمىزنى لىڭشىتتۇق. ئۇ شوخلۇق بىلەن كۈلدى:

— يېنىمغا كېلىڭلار.

بىز ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ زوڭزايدۇق. ئۇ شارتلا قىلىپ ئولتۇرۇۋېلىپ ئىككىمىزنىڭ بويىنىغا گىرە سېلىۋالدى، ئۇنىڭ پېشانىسى ئىككىمىزنىڭ پېشانىسىگە تەگدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چاقنايتتى.

— مەنمۇ سىلەرنى ياخشى كۆرىمەن، — دېدى ئۇ، — سىلەر ماڭا بەكمۇ ياخشى مۇئامىلە قىلىۋاتىسىلەر، — ئۇ قوللىرىنى بىزنىڭ بويىنىمىزدىن ئالدى، — بۈگۈندىن كېيىن سىلەرنىڭ گېپىڭلارنى ئاڭلايمەن، بولامدۇ؟ ئەمدى بېرىپ كاللارغا قارايلى.

بىز ھاپىلا ـ شاپىلا كەشلىرىمىزنى كىيىپ كاللارنى ئىزدەپ ماڭدۇق. كاللار ئاللىقاچان تارقاپ كەتكەنىكەن، ئۇلارنى ئاران دېگەندە ھەيدەپ ئەكەلدۇق. كاللارنى ھەيدەپ كېلىۋاتقىنىمىزدا شىڭ خۇڭ ئورنىدىن تۇرۇپ ئاقساقلىغىنىچە بىزگە ياردەملەشمەكچى بولدى. مەن ئۇنىڭغا قاراپ:

— سەن كەلمە، ئۆزىمىز ھەيدەپ كېلەلەيمىز، — دەپ

ۋارقىرىدىم.

ئۇ كىيىملىرىنى ئالدى، كىيىم يەڭگۈشلىۋېلىش ئۈچۈن ئاقساقلىغان پېتى دەرەخلىككە كىرىپ كېتىپ بىر پەستىن كېيىن چىقتى. بىز كالىدىن بىرنى يېتىلەپ كېلىپ ئۇنى مىندۇردۇق. داشۋي نەرسە ـ كېرەكلەرنى يىغىشتۇردى. مەن كالىلارنى ھەيدەپ، بىر دەسسەپ ئىككى دەسسەپ كەلگەن يولىمىزغا قاراپ ماڭدىم. قورساقلىرى تويۇپ باداڭدەك كۆپۈپ كەتكەن كالىلار دەرەخلىكتىن چىقىپلا يۇگۇرگىنىچە تاغدىن چۈشۈشكە باشلىدى. ئۇدۇل بىزنىڭ ئەترەتكە قاراپ كەتتى، ئۇلارنى ھەيدەشمۇ كەتمىدى. شۇ تەرزدە ئۆيگە قايتىپ كەلدۇق. قاراڭغۇ چۈشەي دەپ قالغانىدى. ئەترەت باشلىقى بىزنى يولنىڭ ئېغىزىدا كۈتۈۋالدى.

—— جاپا تارتتىڭلار! —— دېدى ئۇ كەيپى چاغ ھالدا، —— كالىلارنىڭ قورساقلىرى تويۇپ راسا يوغىناپتۇ، سىلەر كالىلارنى قۇرۇتۇش مەيدانىغا ئاپىرىپ سولاپ قويۇڭلار، قوتاننى يېڭىبۇنىڭ كالىلىرى ئىگىلىۋالدى.

بىز كالىلارنى قۇرۇتۇش مەيدانىغا ھەيدەپ ماڭدۇق. قۇرۇتۇش مەيدانى تاملار بىلەن قورشالغانىدى. كالىلارنىڭ شالنى يەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن كىرىش ئېغىزىغا قاشا ئورنىتىلغانىدى. قۇرۇتۇش مەيدانىنىڭ شىمال تەرىپىدە لاپاس بار ئىدى. لاپاسنىڭ تۆرىدىكى بىر ئېغىز ئۆي ئىلگىرى ئىسكىلاتچىنىڭ ئۆيى ئىدى. كېيىنچە بۇ ئۆي رېمونت قىلىنىپ، سىياسىي يېتەكچى ئەترەتكە كەلگەن چاغلاردا تۇرىدىغان ئۆي قىلىنغانىدى. بىز كالىلارنى قۇرۇتۇش مەيدانىغا ھەيدەپ كىرگۈزدۇق. شۇ ئارىدا شىمال تەرەپتىكى بوش مەيداندا گاز چىرىغىنىڭ يېنىپ تۇرغىنىنى بايقاپ قالدۇق. ئۇ يەردە كىمدۇر بىرى ئۆردەككە ئوخشاش غاقىلداپ سۆزلەۋاتاتتى. سىياسىي يېتەكچى كەپتۇ ـ دە. بىز بوش لاپاستا تۇراتتۇق، ئىختىيارسىز ھالدا كونا ئاداۋەت ئېسىمىزگە كەلدى. مانا بۇ بىز دەسلەپ كۈرەش قىلىنغان جاي! داشۋي ئىككىمىز

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سىياسىي يېتەكچى تۇرىدىغان ئۆينىڭ ئالدىغا بېرىپ ئىشىكنى ئىتتەرگەنىدۇق، ئىشىك «غىچ» قىلىپ ئېچىلىپ كەتتى. سەرەڭگە چېقىپ قارىدۇق، پاھ، ئۇنىڭ كارىۋىتى ناھايىتىمۇ پاكىز ئىدى. مەن بىرنەچچە قىزنىڭ مەخسۇس ئۇنىڭ تۇرار جايىغا بېرىپ ياخشى ئىش قىلىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. ھەر كۈنى ئۇ قايتىپ كەلگەندە، ئۆي ئىچى پاكىز يىغىشتۇرۇلغان بولاتتى. مانا ھازىر مۇشۇنداق تۇرۇپتۇ. ئورۇن - كۆرپە رەتلىك يىغىلغان، يۇز يۇيىدىغان سۇ ئەكىرىلگەن، لۆڭگە سۇغا چىلانغان، چىش پاستىسى چوتكىنىڭ ئۇستىگە چىقىرىپ قويۇلغان. داشۇي ئىككىمىز كۈلگەن پېتى ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقتۇق. شىڭ خۇڭ كېلىپ: «نېمە بولدى؟» دەپ سورىدى. ئېيتىپ بەردۇق. ئۇمۇ كۈلۈپ كەتتى. توساتتىن ئۇنىڭ كۆڭلىگە بىر ئەقىل كەچتى.

— سىياسىي يېتەكچىگە بىزمۇ ئېھتىرام بىلدۇرۇپ قويايلى، — دېدى ئۇ، — ھە راست! ئۇنىڭ ياتىقىغا تولا يەپ قورسىقى تازىمۇ يوغىناپ كەتكەن كالىدىن ئىككىنى سولاپ قويايلى.

داشۇي ئىككىمىز بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۆزىمىزنى باسالماي كۈلۈپ كەتتۇق. بۇ ياخشى مەسلىھەت ئىدى. سىياسىي يېتەكچى ياتىقىنىڭ ئىشىكىنى ئەتمىگەن بولغاچقا، كالىلارنى ئۆزلىرى كىرىپ قاپتۇ، دەپ ئويلاپ قالاتتى. بىز تولا يەپ قورسىقى باداڭدەك كۆپۈپ كەتكەن كالىدىن ئىككىنى تاپتۇق. پاھ، بۇ ئىككى كالىنىڭ قورساقلىرى يېرىلىپ كېتەيلا دەپ قالغانىدى، ئىچىگە خېلىلا كۆپ دەسمايە قاچىلانغاندەك قىلاتتى. كالىلار ئىككى سائەت ئىچىدە قورسىقىدىكى ھەممە نەرسىنى تاشقىرىغا چىقىرىدۇ، دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولاتتى. مەن ئۇلارنى ئىككى چوڭ چېلەك، يەنى يۇز جىڭدىن ئارتۇق تېزەكلەيدۇ، دەپ پەرەز قىلدىم. بىز كالىلارنى ھەيدەپ كېلىپ ياتاقنىڭ ئىشىكىدىن كىرگۈزۈۋەتتۇق. ئۇزاق ئۆتمەي ئۆي ئىچىدىن خۇددى ئۆي ئۆرۈلگەندەك گۇلدۇر - تاراق ئاۋاز ئاڭلاندى ۋە بىردەمدىن كېيىن

جىمـىپ قالدى. مـەن كالـىلارنـى كاتەكـتـەك تار ئۆيـدە كـەينـگـە بۇرۇلالمايدۇ، ئۆزلىرىمۇ چىقالمايدۇ، دەپ پەرەز قىلدىم. بىز تاماق ئىچىپ يېيىش ئۈچۈن قايتىپ كەتتۇق. تاماقتىن كېيىن چاينى دەملەپ قويۇپ، چاقىرىشنى كۈتۈپ پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇق. لېكىن، سىياسىي يېتەكچىنىڭ گېپى توگمەيتتى. بىز دېرىزىگە قىستىلىشىپ ئۇنىڭغا قاراپ تۇردۇق. ياتىقىمىزنىڭ ئالدى يىغىن مەيدانى ئىدى. بىز ئادەملەرنى ساناپ ئولتۇردۇق. مانا بىرى غىپپىدە چىقىپ كەتتى، بىردەمدىن كېيىن يەنە بىرى تىكىۋەتتى. ئەنە شۇ تەرزدە يېرىمى دېگۈدەك كېتىپ بولدى. سىياسىي يېتەكچى يىغىننىڭ ئاياغلاشقانلىقىنى جاكارلىدى، چۈنكى ئۇمۇ ئەسنەشكە باشلىغانىدى. بىز ئۇنىڭ بۆلۈك تەرەپكە بۇرۇلۇپ قايتىپ كەتكەنلىكىنى كۆردۇق. داشۈي:

— ھەببەللى، بۇ چاغقىچە كالىلارمۇ تېزەكلەپ بولدى، — دېدى.

بىز ئولتۇرۇپ كۈتۈشكە باشلىدۇق. ئۇزاق ئۆتمەي يىراقتىن سىياسىي يېتەكچىنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ بەك قاتتىق ۋارقىرىغاچقا، شۇنچە يىراقتىنمۇ ئاڭلىغىلى بولاتتى. ئۈچىمىز ئورنىمىزدىن تۇرۇپ قولاق سېلىشقا باشلىدۇق، كۈلكىدىن ئۆزىمىزنى توختىتىۋالالمايتتۇق. ئارقىدىنلا ئۇنىڭ تىللىغان پېتى بۇياققا يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقىنى ئاڭلاندى.

— كالىلارنى كىم باققان؟ كىم باققان دەيمەن؟ — دەيتتى ئۇ، — كالىلارنى نېمىشقا قورۇتۇش مەيدانىغا سولاپ قويىدۇڭلار؟

ئۈچىمىز ئىشىكنى ئېچىپ، يۈگۈرگەن پېتى كارىدورغا چىقتۇق.

— بىز باققان كالىلار نېمە بوپتۇ، سىياسىي يېتەكچى؟ — دېدى شىڭ خۇڭ.

ئۇ چىچاڭشىپ، چالۋاقاپ كەتتى:

— كالىلار مېنىڭ ياتىقىمغا كىرىۋاپتۇ! كىم سىلەرنى كالىلارنى قورۇتۇش مەيدانىغا سولىسۇن دېگەن؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىز تۇشمۇ تۇشتىن چۇرقىرىشىپ كەتتۇق:
— كالىلار ئۆيگە كىرىۋاپتۇمۇ؟ قىزىق ئىش بوپتۇ - دە!
— سىز نېمىشقا ئىشىكىڭىزنى قۇلۇپلا قويمىغان؟
— فېڭ ئەترەت باشلىقى كالىلارنى قورۇتۇش مەيدانىغا سولاڭلار دېگەن. قوتاننى يىغىۋېتىشنىڭ كالىلىرى ئىگىلىۋاپتۇ!
سىنچىلاپ قارىساق، سىياسىي يېتەكچىنىڭ پېشانىسىغىمۇ كالا تېپىشكى تېگىپ قاپتۇ، بىز قاقاھلاپ كۈلۈشۈپ كەتتۇق. سىياسىي يېتەكچى تىللىغان پېتى ئەترەت باشلىقىنى ئىزدەپ كەتتى. شىڭ خوڭ: «يۈرۈڭلار، كۆرۈپ باقايلى!» دەپ توۋلىدى - دە، قىيغاتقان پېتى يۈگۈرۈپ كەتتى. داشۈي ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى. مەنمۇ پەنەرنى ئېلىپ ئۇلارنىڭ كەينىدىن ماڭدىم.
پاھۇي، سىياسىي يېتەكچىنىڭ ياتىقى نېمىدېگەن چىرايلىق - ھە! بۇ يەر بەجايىكى كالا تېزىكى دۇنياسىغا ئايلانغانىدى! ھېلىقى ئىككى كالا ياتاقتا لىپمۇ لىق تېزەكلىگەن بولۇپ، پۇت قويغۇدەكمۇ جاي تېپىلمايتتى. كالىلار قۇيرۇقلىرى بىلەن تاملارغىمۇ تېزەك چاچرىتىپتۇ! ئۈستەلنى ئۆرۈۋېتىپتۇ. لامپا كۇكۇم - تالقان بولۇپ سۇيۇق گەندىگە پېتىپ قاپتۇ. داستىكى سۇ كالا تېزىكى بىلەن ئارىلىشىپ كېتىپتۇ، لۆڭگىسىنىڭ ئۇنىڭغا چىلىنىپ تۇرۇشى نېمىدېگەن كۈلكىلىك - ھە! سىياسىي يېتەكچى تامغا ئېسىپ قويغان كىيىم، يامغۇرلۇق، چىغ قالپاق دېگەندەك نەرسىلەر يەرگە چۈشۈپ دەسسىلىپ رەسۋا بوپتۇ. چىغ قالپاق ماكچىيىپ كېتىپتۇ. تولا كۈلۈپ قورسىقىمىز ئاغرىپ كەتتى. شىڭ خوڭ سەكرەپ چاۋاك چېلىپمۇ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن سىياسىي يېتەكچى ئەترەت باشلىقىنى باشلاپ كەلدى.
— مانا كۆرۈپ بېقىڭ! كۆرۈپ بېقىڭ! — دەيتتى ئۇ كېلىۋېتىپ، — ياتاقتا كىرسەم قاپقاراڭغۇ ئىكەن، يۈزۈم بىردىنلا يۇڭلۇق بىر نەرسىگە تەگدى. ئاناڭنى، ئۇ كالىنىڭ قۇيرۇقى ئىكەن ئەمەسمۇ! مەن تېخى نېمىكىن دەپتىمەن، قورقۇپ

ئۆزۈمنى ئەپقاچسام، پۈتۈم ئىسسىق بىر نەرسىگە مىچچىدە كىرىپ كەتتى، قورقۇپ جېنىم چىقاي دېدى! قارىسام ئىككى نەرسە پۈش ـ پۈش قىلىپ ھاسىراپ تۇرۇپتۇ! قورقۇپ «كىم» دەپ ۋارقىرىسام، ھېلىقى ئىككىسى بىر ئۇسمەسمۇ! ھېلىمۇ چاقىقانىكەنمەن، شارتلا قىلىپ ئۆزۈمنى چەتكە ئالدىم، ئۇلار ئۇسسۇيەلمىدى. ئەترەت باشلىقى بولارنىڭ ھەممىسىگە سىز ئەيىبلىك، بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟

ئەترەت باشلىقى ئۆزرىخاھلىق قويۇپ كېلىۋاتاتتى. ياتاققا كىرىپ كۆرگەندىن كېيىن، ئۇمۇ ئۆزىنى باسالماي كۈلۈۋەتتى.

— شياۋۋاڭ، شياۋشۈي، شياۋشىڭ سىياسىي يېتەكچىگە ياردەملىشىپ ياتىقىنى يىغىشتۇرۇپ بېرىڭلار! — دېدى ئۇ.

— ئەترەت باشلىقى، بىزنى يەنە قوتان تازىلىتاي دەمسىز، بىز بۇ ئىشنى قىلىپ تويغان! — دېدى شىڭ خۇڭ.

بىز كۈلۈشكەن پېتى يۈگۈرۈپ كېتىپ قالدۇق.

بۇ كۆپ يىللار بۇرۇنقى بەڭباشلىقلار بولسىمۇ، يادىمدا شۇنچىلىك ئېنىق تۇرۇپتۇ. مەن بۇلارنى ھەممىشەم بىرمۇ بىر ئەسلەپ چىقىمەن، لېكىن ھەممىسىلا خاتىرەمدە شۇ پېتى ساقلانغان بولىدۇ. مەن شۇ چاغدا يىگىرمە بىر ياشقا كىرگەنىدىم. داشۈي مەن بىلەن دېمەتلىك ئىدى. شىڭ خۇڭ ئەمدىلا يىگىرمە ياشقا كىرگەنىدى. ئىنسان شۇ ياشتىكى چاغلىرىدا بەكمۇ گۈزەل، بەكمۇ تولغان، بەكمۇ ئوماق بولىدىكەن. شىڭ خۇڭ ھەر دائىم بارلىق ياخشى ئادەملەرنى ياخشى كۆرىمەن، دەيتتى. ئۇ يەنە دوستلۇق بىلەن مۇھەببەتنىڭ چېگراسىنى زادىلا ئاجرىتالمايدىغانلىقىنىمۇ ئېيتاتتى. ئۇ بىزنى دوستلۇق ۋە مېھرىبانلىقتىن، شۇنچىلىك غۇبارسىز، شۇنچىلىك قىزغىن دوستلۇق ۋە مېھرىبانلىقتىن بەھرىمەن قىلاتتى. ئۇ بىز بىلەن شۇنچىلىك يېقىن ئۆتەتتى، ئۇ قىز، بىز ئوغۇل دەيدىغان ھېيىقىش خىيالىمىزغا كىرىپمۇ چىقمايتتى. بىزمۇ ئۇنىڭغا

نىسبەتەن ھېچقانداق نىيەتتە بولمايتتۇق. ئۇنىڭ بىزنى بەھرىمەن قىلغانلىرى بۇنىڭ بىلەنلا چەكلەنمەيتتى. ئېسىمدە قېلىشىچە، ئۇ تولىمۇ دىلكەش، تولىمۇ سۆيۈملۈك ئىدى، ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇراتتى، ئۆزىگە ئىشىنەتتى، ھېچنېمىدىن قورقمايتتى. مەن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئاددىي تۇرمۇشتىكى بارچە نەرسىدىن ھالقىپ كېتىدىغان بىر خىل مەڭگۈلۈك روھنى سېزەتتىم.

ئۇنىڭ سۆز ئادەتلىرى بىزگىمۇ سىڭگەنىدى. كاللارنى ئۆلگۈرلەر دەيتتۇق، چۆمۈلگىلى بارىمىز دېگەننى ئوينىغىلى بارىمىز دەيتتۇق. ئۇ يەنە جېنىم چىققىلى ئازلا قالدىم، دەيتتى ياكى ئاددىيلا قىلىپ جان چىققىلى دەپمۇ قوياتتى. ئۇنىڭ خاتىرىسى ئىنتايىن ياخشى ئىدى، كىتابنىمۇ تېز ئوقۇيتتى. بەزىدە ئۇ بىز بىلەن سەنئەت پەلسەپىسى ھەققىدىكى مەسىلىلەر ئۈستىدىمۇ پاراڭلىشاتتى. مەن ئۇنىڭ مەسىلىلەرنى ئىنتايىن چوڭقۇر ئويلايدىغانلىقىنى سېزەتتىم. ئۇنىڭ كۆزقاراشلىرىمۇ ناھايىتى چىڭ پۇت دەسسەپ تۇراتتى. ئۇ سەنئەتنى سۆيەتتى، «كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆز كۆزقاراشلىرىمنى رەتلەپ چىقىمەن» دەيتتى. ئەپسۇسكى، ئۇ بۇ ئىشلارنى قىلىشقا ئۈلگۈرەلمىدى. ئۇ ئاغرىپ قالدى.

بىر كۈنى چۈشتە ياتاقتا كىتاب ئوقۇپ ئولتۇردۇق، ئۇ كىتاب ئوقۇپ يېتىپ، بىردىنلا يۈزىنى كىتاب بىلەن يېپىۋالدى. بىز ئۇنى ئۇخلاپ قالدى دەپ ئويلاپ، پۈتىمىزنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ ياتاقتىن چىقىپ كەتتۇق. يېرىم سائەتتىن كېيىن ئىشقا چىقىش پۇشتىكى چېلىندى. بىز ياتاققا قايتىپ كىردۇق. شىڭ خۇڭ يۈزىدىن كىتابنى ئېلىۋەتتى، مەن ئۇنىڭ چىرايىنىڭ ئوساللىشىپ كەتكىنىنى بايقىدىم. يەنە كېلىپ ئۇ ئازراقمۇ ئۇخلىغاندەك كۆرۈنمەيتتى. مەن ئۇنىڭدىن:

— شياۋخۇڭ، نېمە بولدۇڭ؟ چىرايىڭ باشقىچىلىغۇ، — دەپ سورىدىم.

— كىتاب ئوقۇۋېتىپ بىردىنلا كۆزلىرىم تورلىشىپ كەتتى،



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئارقا مېڭەم مۇزلىغاندەك سېزىلدى، بەلكىم مۇشۇ كۈنلەردە ياخشى ئۇخلىيالمىغان ئوخشايمەن، — دېدى ئۇ.

— ئۇنداق بولسا چۈشتىن كېيىن ئىشقا بارماي دەم ئالغىن، — دېدىم.

ئۇ «ماقۇل» دېدى ۋە ماڭا ئەترەت باشلىقىغا ئېيتىپ قويۇشۇمنى تاپىلىدى. كەچقۇرۇن قايتىپ كەلگىنىمىزدە ئۇ كەيپى چاغ ھالدا كارىدوردا ئولتۇرۇۋېلىپ، بىزنىڭ كىرلىرىمىزنى يۇيۇۋاتقانىكەن.

— ياتاقتا كىرىپ كۆرۈپ بېقىڭلارچۇ، — دېدى ئۇ بىزگە.

بىز كىرىپ قارىساق، ئۇ ياتاقتىكى نەرسىلەرنى قايتىدىن جايلاشتۇرۇپتۇ. تېخى بىزنىڭ ئەسكى - تۈسكى پايپاقلىرىمىزنى تېپىپ ئاچىقىپ، كىيگۈدەكلىرىنى يۇيۇپ ياماپ قويۇپتۇ. ياتاق ئىچىنى ئەينەكتەك تازىلاپتۇ. ئۇ غىپپىدە قىلىپ بىزنىڭ كەينىمىزدىن كىردى - دە، خۇشال ھالدا:

— قاملاشتۇرۇپتىمەنمۇ؟ — دېدى.

— كارامەت! — دېدىم، — ئۇخلىدىڭمۇ؟

ئۇ كۈلدى:

— ئازراق ئۇخلىدىم. ئاندىن تۇرۇپ ئىش قىلدىم.

— كۆپرەك ئۇخلىساڭ بولاتتى، — دېدى داشۈي، — بىز قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىشلارنى بىللە قىلساق چاپسانراق تۈگەيتتى ئەمەسمۇ! سەن ئوڭلىنىپ قالدىڭمۇ؟

— سەللىمازا ساقايدىم، ئەمدى ئەمگەك قىلىمەن. مەن ئەمگەكچى ئايال - دە، — دېدى شىڭ خۇڭ.

«ئەمگەكچى ئايال» دېگەن سۆز قىزىق تۇيۇلۇپ، بىرھازاغىچە كۈلۈشتۇق. شۇنىڭدىن كېيىن بىز ئۇنى ئاتىلاپ ئەمگەكچى ئايال دەپ ئاتايدىغان بولدۇق. لېكىن، ئۇ شۇ كۈنى كەچتە يەنە ئۆزگىرىپ: «كۆزلىرىم تورلىشىۋاتىدۇ، بېشىم ئاغرىۋاتىدۇ» دېگىلى تۇردى. ئۇنىڭدىن سورىسام، بۇ كېسەل بۇرۇندىن بار ئىدى، شۇغىنىسى، ناھايىتى ئاز قوزغىلىدىغان، دېدى. بىز ئۇنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دوختۇرغا بارغىن دېدۇق. يەكشەنبە كۈنى ئۇنى دوختۇرغا ئاپاردۇق. دوختۇر بىر ھازاغىچە تەكشۈرۈپمۇ بىرنېمە تاپالماي بىر قۇتا ئورېزانول بەردى ــ دە: «بۇ دورا بەكمۇ ياخشى، مېڭىنى ساغلام قىلىدۇ، ھەرقانداق كېسەلگە پايدا قىلىدۇ» دېدى. بىز ئاز ــ تولا نەرسە ــ كېرەك سېتىۋېلىپ قايتتۇق، دەريا بويىغا كەلگىنىمىزدە، شىڭ خۇڭ سۇنى كۆرۈپ خۇش بولۇپ كەتتى.

— سۇنى كېچىپ ئۆتەيلى، — دېدى ئۇ.

— بولدى قىل، ئاۋۋال كېسىلىڭ ساقايسۇن! — دېدىم.

ئۇ كۈلدى. بىز كۆۋرۈكتىن ئۆتۈشكە باشلىدۇق. كۆۋرۈك بامبۇك تاختىلارنى ياغاچ تۈۋرۈككە بېكىتىپ ياسالغانىدى. ئادەم ماڭسا غىچىرلاپ ئاۋاز چىقىراتتى. كۆۋرۈك ئاستىدىكى دەريا سۈيى ياغاچ تۈۋرۈكلەرگە زەرب بىلەن ئۇرۇلاتتى. چاچرىغان سۇ تامچىلىرى بەزىدە كۆۋرۈككىمۇ يېتەتتى. مەن ئالدىدا، شىڭ خۇڭ ئوتتۇرىدا ماڭدۇق، ئۇ كېتىۋېتىپ خۇشال سۆزلىگىلى تۇردى:

— كېسىلىم ساقىيىدىغان بولدى، ھەممىسى مېنى ساقايسۇن دەيدۇ، بۇ سۇ نېمىدېگەن ... — ئۇ بىردىنلا توختاپ قالدى، — شياۋۋاڭ، ئاستىراق ماڭ!

مەن تۇرۇپلا قالدىم، ئۇ تەڭپۇڭلۇقىنى ئاران ساقلاپ بىرنەچچە قەدەم ماڭدى ــ دە، كاپلا قىلىپ مۈرەمدىن تۇتۇۋالدى. ئۇ ناھايىتىمۇ چىڭ تۇتقانىدى. مەن ئۇنىڭ قوللىرىنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى سەزدىم. مەن چاتاق بولغانلىقىنى بىلدىم ۋە دەرھال بۇرۇلۇپ ئۇنى يۆلىۋالدىم. ئۇ كۆزلىرىنى يۇمۇۋالغانىدى، چىرايىدىن ئازابلىنىۋاتقانلىقى، ئالاقزەدە بولۇۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. مەن قورقۇپ كەتتىم ــ دە:

— نېمە بولدۇڭ، بېشىڭ قېيىپ كەتتىمۇ؟ كۆزلىرىڭنى ئېچىپ يىراققا قارىۋال! — دېدىم.

ئەگەر سىز تېز ئېقىۋاتقان سۇنىڭ ئۈستىدىكى كۆۋرۈكتە ياكى تېز ئېقىۋاتقان سۇنى كېچىپ كېتىۋېتىپ، ئاستى تەرەپتە بۇژغۇن چاچرىتىپ ئېقىۋاتقان سۇدىن كۆزىڭىزنى ئۈزمىسىڭىز،

ئۆزىڭىزنىڭ ئاستىلا سوغا يىقىلغانلىقىڭىزنى سېزىسىز. بۇ كۆۋرۈك بەكمۇ تار بولۇپ، سالاسۇنىمۇ يوق ئىدى. بەزىدە كۆۋرۈكتە كېتىۋېتىپ بېشى قېيىپ كەتكەنلەرنىڭ ئۆملەپ ئۆتۈۋاتقانلىقىنىمۇ ئۇچراتقىلى بولاتتى. يېڭىدىن كەلگەن چېغىمدا بىر قېتىم مېنىڭمۇ بېشىم قايغانىدى.

دەل شۇ چاغدا ئارقا تەرەپتىن داشۇيمۇ يېتىپ كەلدى. ئىككىمىز شىڭ خۇڭنى يۆلىۋالدۇق. ئۇ خۇددى ياپراقتەك تىترەيتتى.

— بېشىم ئاغرىۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ، — ھېچ نەرسىنى كۆرمەيۋاتىمەن ··· مېنى بۇ كۆۋرۈكتىن تېزرەك ئۆتكۈزۈپ قويۇڭلار، مەن قورقۇۋاتىمەن ! مەن قورقۇۋاتىمەن···

ئۇ يىغلىۋەتتى، بىز دەرھال ئۇنى كۆتۈرۈۋالدۇق. ئۇ قوللىرى بىلەن بېشىنى قاماللاپ يىغلايتتى. كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ ئۇنى يەرگە قويدۇق. ئۇ چۆپلۈكتە يېتىپ بېشىنى قاماللىغىنىچە ئېسەدەپ يىغلاشقا باشلىدى:

— بېشىم بەكمۇ ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ. ھېلىراق دەريادىن ئۆتۈۋېتىپ بىردىنلا كۆزلىرىم تورلاشتى، كۆز ئالدىمدا ئاپپاق تۇمان پەيدا بولدى، ئارقىدىنلا بېشىم ··· مېنى تېزرەك ئۆيگە ئەكېتىڭلار، بۇ يەردە قورقۇۋاتىمەن، يۈرىكىم ئېغىپ كېتىۋاتىدۇ.

مەن دەرھال ئۇنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە قاراپ چاپتىم. ئۇ يول بويى بېشىنى قامالالاپ كەلدى. بەزىدە مېنى قۇچاقلاپ بېشىنى مەيدەمگە قويۇۋالاتتى، ئۇ ئازابلىنىۋاتاتتى، قورقۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئازابلىنىش ۋە قورقۇش بىلەن ئېلىشىۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بىز بەكمۇ قورقۇپ كەتتۇق. يېرىم يولدا داشۇي مەن بىلەن ئالماشتى. شىڭ خۇڭ ئۆزىنى باشقا ئادەمنىڭ كۆتۈرگەنلىكىنى سېزىپ، ئالاقزەدە بولۇپ ۋارقىراپ كەتتى:

— سەن كىم؟ گەپ قىلىپ باقە.

داشۇي:

— بۇ مەن، شياۋخۇڭ، مەن، — دېگەندىن كېيىنلا ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خاتىرجەم بولۇپ، بېشىنى داشۋىنىڭ مەيدىسىگە قويدى.

بىز ئۆيگە شامالدەك تېز يېتىپ كېلىپ، ئۇنى كارىۋاتقا ياتقۇزدۇق. مەن يۈگۈرگەن پېتى سانىتارنى چاقىرىپ كەلمەكچى بولدۇم. ئىشىكنى ئېچىشىمغا ئۇ ئالاقزەدىلىك بىلەن:

— سىلەر كەتمەڭلار! — دەپ توۋلاپ كەتتى. داشۋي:

— مەن بار، شياۋخۇڭ، مەن بار، — دېگەندىلا، ئۇ داشۋىنىڭ قولىنى تۇتۇپ تىنچلىنىپ قالدى.

مەن سانىتارنى چاقىرىپ كەلدىم. ئۇ شىڭ خۇڭنىڭ قانداق كېسەل ئىكەنلىكىنى سوراپمۇ قويمايلا ئۇنىڭغا ئاغرىق توختىتىش ئوكۇلىدىن بىرنى ئۇردى. بىر پەستىن كېيىن شىڭ خۇڭ تىنچلانغاندەك بولدى، ئۇزاق ئۆتمەي ئۇخلاپ كەتتى. بىز ئۇنىڭ تامىقىنى ئەكېلىپ بەردۇق، لېكىن ئۆزىمىز ھېچنېمە يېمىدۇق. قاراڭغۇ چۈشۈشكە ئاز قالدى. بىز ئۇنىڭ پاشىلىقىنى چۈشۈرۈپ، دېرىزە تەكچىسىدىكى لامپىنى يېقىپ قويدۇق. ھاۋانىڭ ناچارلىقىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئالدى ۋە ئارقا تەرەپتىكى دېرىزىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېچىۋەتتۇق. داشۋي ئىككىمىز كارىۋاتتا تۈگۈلۈپ ياتتۇق، لېكىن ئىككىلىمىزنىڭ ئۇيقۇسى كەلمىدى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ بىر قاباھەتلىك كېچە ئىدى! ھېچقايسىمىز زۇۋان سۈرمەيتتۇق. دېرىزە ئالدىدا قارا سايىلەر ئەلەڭلەيتتى. مەن ئۇنىڭغا ئېرەنمۇ قىلمىدىم. كېيىن بىلدىمكى، شىڭ خۇڭ بىلەن ياتاقداش قىزلار ئۇنىڭ ياتاققا قايتمىغىنىنى كۆرۈپ، ئاستاغىنا بىرنەچچەيلەننى چاقىرىپ كېلىپ بىزنى تۇتماقچى، چىراغ ئۆچۈشىگىلا باستۇرۇپ كىرمەكچى بوپتۇ. لېكىن، چىراغ يېنىقلىق تۇرىۋەردى. ئۇلارمۇ كىرىشكە پېتىنالمىدى. خۇداغا شۈكۈر، ئۇلار كىرمىدى. مۇبادا ئۇلار كىرگەن بولسا داشۋي ئىككىمىزنىڭ قانداق قىلىدىغانلىقىمىزنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئىدى. ئادەتتە دېرىزە تەكچىمىزدە توخۇ سۈيۈش، كۆكتات توغراشقا ئىشلىتىلىدىغان يوغان پىچاق تۇراتتى، شۇ چاغدا بىز چوقۇم ئاشۇ پىچاقنى ئىشلىتىشنى

ئويلاشقان بولاتتۇق. شۇنداق ئەھۋال سادىر بولغان تەقدىردە، كۆپچىلىكنىڭ قانداق ئاقىۋەتكە قالىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى.

تاڭ ئاتاي دېگەندە شىڭ خۇڭ ئويغاندى.

— شياۋۋاڭ، داشۇي، — دېدى ئۇ پاشىلىقنىڭ ئىچىدە يېتىپ، — سىلەر ئۇخلىماپسىلەرغۇ؟

— ئۆزۈڭ ئوڭشالغاندەك تۇرامسەن؟ — دېدۇق ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ.

— ئوڭشالغاندەك؟ — دەپ كۈلدى ئۇ، — مەن سەللىمازا ساقايدىم، ئەمدى ياتاققا چىقىپ ئۇخلايمەن.

— بولدى چىقما، — دېدۇق بىز، — مۇشۇ يەردىلا قىنىپ ئۇخلىۋالغىن، تاڭ يورۇشقا ئاز قالدى. سەن زادى نېمە بولغانسەن؟

— ھىم، دەريادىن ئۈتۈۋاتقاندا بېشىم قاتتىق ئاغرىپ كەتتى. مېنىڭچە، بۇ بىر نېرۋا خاراكتېرلىك كېسەل، چوڭ ئىش يوق، سىلەر قورقماڭلار.

— سەن دېگەندەك ئۇنچىلا يەڭگىل ئەمەستۇ، — دېدىم ئىشەنمەي، — قورقۇۋاتىمەن دەپ كەتتىڭ، شۇ چاغدا قانداق بولغانتىڭ؟

ئۇ خېلىغىچە زۇۋان سۈرمىدى.

— بېشىم ئاغرىغاندا يۈرىكىم بەكمۇ ئېغىپ كەتتى. نېمىشقا شۇنداق بولغىنىنى بىلمىدىم، — دېدى ئۇ بىرئازدىن كېيىن ۋە خىجالەت بولغاندەك قوشۇپ قويدى، — مەندە بىر خىل ناچار سېزىم بار ... ئېيتمايمەن، ئېيتمايمەن!

— نېمىشقا ئېيتمايسەن؟ — دېدىم مەن، — كېسىلىڭ ئېغىر بولۇشى مۇمكىن. بىزگە ئېيت، بۇ زادى قانداق ئىش؟

شىڭ خۇڭ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، ئۇنىڭ ئاۋازىدا مەيۈسلۈك بار ئىدى:

— مېنىڭچە، بېشىمنىڭ ئاغرىشى تاشقى سەۋەبتىن ئەمەس،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىچكى سەۋەبتىن بولغان ئىرسىيەتتىنغۇ دەيمەن؟ مېنى قورقۇتما جۇمۇ، ئۆزۈممۇ يەتكۇدەك قورقۇۋاتىمەن!

بىز جىمىپ قالدۇق.

— دوختۇرغا كۆرۈنمىسەڭ بولمايدۇ، — دېدى داشۇي، — بىر ئامال قىلىپ باشقا جايلارغا بېرىپ تەكشۈرتكىن، چوقۇم كېسەللىكىنىڭ يىلتىزىنى ئېنىقلاش كېرەك، چوقۇم.

— ئانچە ئېغىر ئەمەس، ئۇششاق كېسەللىك بولۇشى مۇمكىن. نېمانچە ھەشەم قىلىپ كەتكۈلۈك؟ مەن دوختۇرغا بارسام سىلەرنىڭمۇ بىللە بېرىشىڭلارغا توغرا كېلىدۇ. بولدىلا، بارمايمەن.

بىز دوختۇرغا چوقۇم بېرىش كېرەكلىكىنى، بولمىسا خاتىرجەم بولالمايدىغانلىقىمىزنى ئېيتتۇق. ئاخىر ئۇ ماقۇل بولدى، لېكىن بىزنىڭ بىللە بېرىشىمىزغا ئۇنىمىدى. ئەتىسى بىز ئىشقا كەتتۇق. چۈشتە قايتىپ كەلسەك، ئۇ تېخىچە دوختۇرغا بارماپتۇ. تېخى بىزگە ئوخشىتىپ بىر ۋاخ تاماق ئېتىپ قويۇپتۇ. ئۇ چاۋاك چالغىنىچە بىزنى تاماققا تەكلىپ قىلدى. لېكىن، بىز ئۇنىڭغا گەپمۇ قىلماي قاپاقلىرىمىزنى تۈرگىنىمىزچە ئاشخانىدىن تاماق ئەكەلدۇق ۋە بېشىمىزنى تۆۋەن سېلىپ يېيىشكە باشلىدۇق.

— مېنىڭ ئەتكەن تامىقىمنى يېمەمسىلەر؟ — دېدى ئۇ رەنجىگەن ھالدا.

مەن ئۇنىڭغا ئالىيىپ قارىدىم:

— كىم سېنى تاماق ئەت دېدى؟ دوختۇرغا بار دېسەك بارماپسەن، دېگەن ئىشنى قىلماپسەن.

ئۇ تۇرۇپلا قالدى ۋە يىغلىۋەتتى:

— سىلەر نېمە بولدۇڭلار؟ ماڭا نېمىشقا قاتتىق تېگىسىلەر؟ چۈشتىن كېيىن بارسام بولمىدىمۇ؟ مەن سىلەردىن كىچىك، مەن قىز بالا، ماڭا شۇنچە قاتتىق تېگىۋاتىسىلەرغۇ···

بىز دەرھال قاچىلىرىمىزنى قويدۇق ـ دە، ئۇنىڭ قېشىغا

بېرىپ بەزلەشكە باشلىدۇق. بىردەمدىن كېيىن ئۇنىڭ يىغىسى توختىدى، سەل تۇرۇپ ئۇ كۈلدى.

— دوختۇرغا چوقۇم كۆرۈنىمەن، — دېدى ئۇ كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ، — لېكىن چوقۇم مەن ئەتكەن تاماقنى يەيسىلەر، مەن بەكمۇ ئوخشىتىپ ئەتتىم! ئەگەر يېمىسەڭلار، دوختۇرغا بارمايمەن، بارمايمەن!

ئەنە شۇ تەرزدە ھەممىمىز بىللە ئولتۇرۇپ ئۇ ئەتكەن تاماقنى يېدۇق.

— بۇنىڭدىن كېيىن ئىككىڭلار بىر بولۇپ يالغۇز ماڭا ھەيۋە كۆرسىتىدىغان ئىشنى قىلماڭلار، — دېدى ئۇ.

— ساڭا ياخشى بولسۇن دەپ شۇنداق قىلساقمۇ بولمامدۇ؟ — دېدىم.

— بولمايدۇ دېدىم بولمايدۇ، — دېدى ئۇ، — بىلمەمسەن؟ سەن باشقىلارغا قانداق ئىشنى قىلدۇرۇشتىن قەتئىينەزەر، بۇ ئىش شۇ كىشىگە پايدىلىق بولۇپلا قالماي، يەنە شۇ كىشىنىڭ خاھىشى بويىچە بولۇشى كېرەك. بۇ مۇھەببەت سەنئىتى. كىشىگە بىرەر ئىشنى قىلدۇرغاندا، شۇ كىشىنىڭ كۆڭۈل ئازادىلىكى بولۇشى كېرەك. بىر كىشىنى خۇش قىلىشلا شۇ كىشىنى سۆيگەنلىك بولىدۇ، بىلەمسەن؟

بىز بېشىمىزنى ئىرغىتتۇق. ئارقىدىنلا ئۇنىڭ ئەتكەن تامىقىنى قاتتىق ماختىدۇق، بۇ سەمىمىي ماختاش ئىدى. شىڭ خۇڭ خۇش بولۇپ كەتتى. چۈشتىن كېيىن ئىشقا ماڭغان چېغىمىزدا ئۇنى ئاپىرىپ كۆۋرۈكتىن ئۆتكۈزۈپ قويدۇق. ئىشتىن چۈشۈپ كەلسەك، ئۇ ئالىقاچان قايتىپ كەپتۇ. ئۇ كارىدوردا ئولتۇراتتى، چاچلىرىنى يۇيۇۋالغانىدى، تولىمۇ خۇشال كۆرۈنەتتى. بىز ئۇنىڭدىن:

— كېسىلىڭنى تاپالىدىمۇ؟ — دەپ سورىدۇق.

— تاپتى دېسەممۇ بولىدۇ، — دېدى ئۇ، — مېنى يۇي دوختۇر كۆردى. ئۇ بۇنى گلاۋكوما بولۇشى مۇمكىن دەپ، مېنى كۆز

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۆلۈمىگە كۆرۈنۈشكە بۇيرۇدى. كۆز بۆلۈمىدىكى جاڭ دوختۇر كاماندىروپكىغا كېتىپتۇ. بۆلۈمدە ھەربىيدىن كەسىپ ئالماشقان دوختۇرلار بار ئىكەن. مەن ئۇنى قىسىمدا مال دوختۇرى بولغان دەپ ئاڭلىغان. ئۇ مېنى بىر ھازا تەكشۈرۈپ ھېچقانداق كېسەل تاپالمىدى، گلاۋكومانى داۋالايدىغان بىر قۇچاق دورا بەردى. ھازىرچە شۇنى ئىشلىتىپ تۇرساممۇ بولار.

بىز بۇنى توغرا دىياگنوز دەپ قاراپ خاتىرجەم بولدۇق.

دوختۇر شىلڭ خۇڭغا ئىسپىراپكا يېزىپ بېرىپتۇ. ئۇ ياتاقتا دەم ئالىدىغان بولدى. بىز ئىشقا بېرىپ يۈردۇق. ئۇ ياتاقتا قېلىپ بىزنىڭ ئىش ـ كۈشلىرىمىزنى قىلاتتى. گلاۋكومانىڭ دورىسىنى ئىچكەندىن كېيىن ئۇنىڭ باش ئاغرىقى زادىلا ياخشىلانمىدى، ئەكسىچە پات ـ پاتلا قوزغىلىدىغان بولۇپ كەتتى. بارا ـ بارا ئۇ ئانچە قورقمايدىغان بولۇپمۇ قالدى. جاڭ دوختۇر كاماندىروپكىدىن كەلگەندە بىز ئۇنى يەنە دوختۇرغا ئاپاردۇق. جاڭ دوختۇر ئۇنىڭ گلاۋكوما ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىپ، ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىگە يۆتكىدى. ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمى كېسەلنى تاپالماي، ئۇنى بالنىستتا ياتقۇزۇپ كۆزەتمەكچى بولدى. شىلڭ خۇڭ بالنىستتا يېتىشقا زادىلا ئۇنىمىدى. تولا سۆزلەپ ئاغزىمىزنىڭ بىر قات تېرىسى سويۇلۇپ كەتكىلى تاسلا قالدى. نۇرغۇن ئاساسلارنى كۆرسىتىپمۇ ئۇنى قايىل قىلالمىدۇق. نىھايەت، بىز ئۇنىڭغا پوپوزا قىلدۇق: ئەگەر ئۇ بالنىستتا ياتمىسا، بىز ئۇنىڭ دىدارىغا قارىمايمىز؛ مۇبادا ئۇ بالنىستتا يېتىشقا رازى بولسا، بىز ھەر كۈنى كېلىپ ئۇنى يوقلايمىز. پوپوزا قىلىش، قىزىقتۇرۇش نەتىجىسىدە ئۇ بەرداشلىق بېرەلمەي بالنىستتا يېتىشقا ماقۇل بولدى. لېكىن، بىزنىڭ «پات ـ پات كېلىپ تۇرۇشىمىز، ھەر كۈنى كەلمەسلىكىمىز»نى ئۆتۈندى. بىز ئۇنى دوختۇرخانىدا قالدۇرۇپ قايتىپ كەتتۇق.

بىز ھەر كۈنى ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن يۈيۈنۈپ ـ تارىنىپ ئۇنى كۆرگىلى دوختۇرخانىغا كېلىمىز. بىز تۇرغان جاي

بىلەن دوختۇرخانىنىڭ ئارىلىقى سەككىز چاقىرىم كېلىدۇ. قىرىق مىنۇت ماڭساق يېتىپ بارىمىز. ئۇ بىزنى كۆرۈپ تولىمۇ خۇش بولىدۇ، بەزىدە بىزنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن يولغا چىقىپمۇ تۇرىدۇ، ئارىلاپ چۈشتىن كېيىنكى چاغلاردا غەپپىدە قىلىپ ياتاققا كېلىۋېلىپ يولىمىزغا قاراپ ئولتۇرىدۇ، تاماق ئېتىدۇ، ئاندىن كارىۋاتتا يېتىپ كىتاب ئوقۇيدۇ. ئۇ بالىنىستىتا ياتقۇم كەلمەيدۇ، دەپلا تۇرىدۇ، كېلىۋالسا كەتكۇسى كەلمەيدۇ، لېكىن بىز شۇ ئاخشىملا ئۇنى يالاپ دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ قويىمىز. يەكشەنبە كۈنلىرى ئۇ كەلمەي قالمايدۇ. شۇغىنىسى، ئۇنىڭ كېسىلى بارغانسېرى ناچارلىشىشقا باشلىدى، باش ئاغرىقى پات - پاتلا قوزغىلىدىغان بولدى. ئۆزى جۇدەپ چىرايى بارغانسېرى تاتىرىپ كەتتى. ئۇ ھېلىمۇ سەكرەپ، قىيغىتىپ يۈرەتتى، لېكىن جىسمانىي قۇۋۋىتى بەكلا ئاجىزلاپ كەتكەنىدى. داشۋي ئىككىمىز تىت - تىت بولۇپ ئەقلىمىزدىن ئېزىپ قالايلا دېدۇق، ئاخشاملىرى نەچچە سائەتمۇ ئۇخلىيالمايتتۇق. بىز ھېچقانداق كىتاب ئوقۇماي دوختۇرلۇققا ئائىت كىتابلارنىلا ئوقۇيدىغان بولۇۋالدۇق. دوختۇرخانىدىكى دوختۇرلار شىڭ خۇڭنىڭ قانداق كېسەللىككە گىرىپتار بولغانلىقىنى زادىلا ئېيتىپ بېرەلمەيۋاتاتتى.

بىر كۈنى شىڭ خۇڭ قۇستى. مەن دەرھال ئۇنىڭ مېڭىسىدە ئۆسمە بار ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدىم. ئۇنىڭدىن قۇسقىلى قانچە ئۇزۇن بولغانلىقىنى سورىغانىدىم، ئۇ ئىككى - ئۈچ قېتىم قۇسقانلىقىنى ئېيتتى. مەن دەرھال ئۇنى يۈي دوختۇرنىڭ قېشىغا ئېلىپ باردىم - دە:

— ئۇ يېقىندىن بۇيان قۇسىدىغان بولۇپ قالدى، مېڭىسىدە ئۆسمە بارمۇ، قانداق؟ — دەپ سورىدىم.

— ئۇنداق ئەمەستۇ، — دېدى يۈي دوختۇر، — بۇ قىز تېخى ياش تۇرسا.

— دوختۇر، — دېدىم، — ئۇ زادىلا ياخشى بولۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كېتەلمەيۋاتىدۇ، كېسەلنى بۇ يەردە ئېنىقلىغىلىمۇ بولمىدى. كۈنمىڭغا يۆتكەپ تەكشۈرتكىلى بولارمۇ؟

— مەنمۇ شۇنداق ئويلاۋاتىمەن، — دېدى يۇي دوختۇر ئۆزىنى ئەستايىدىل كۆرسىتىپ.

شىڭ خۇڭ بۇ قېتىم ئەقىل بىلەن ئىش قىلدى، غەلۋە قىلمىدى. بەلكىم ئۇ كېسەلنىڭ يەڭگىل ئەمەسلىكىنى بىلگەندۇ. داشۇي ئىككىمىز ئۇنىڭ يۆتكىلىپ داۋالىنىش رەسمىيەتنى ھەل قىلىش ئۈچۈن تۇشمۇ تۇشقا قاترىدۇق. رەسمىيەت تېزلا پۈتتى. داشۇي شىڭ خۇڭغا ماشىنا بېلەتنى ئەكېلىش ئۈچۈن ناھىيەگە كەتتى. مەن نەرسە - كېرەكلەرنى يىغىشتۇرۇش ئۈچۈن شىڭ خۇڭ بىلەن بىللە ئەترەتكە قايتتىم. ئۇ ساندۇقنى ئاچتى ۋە يۇيۇلغان كىيىملەرنى ئېلىپ سومكىسىغا سالدى.

— بۇ قېتىم ئۇزاقتا قايتىپ كېلەرمەنمۇ؟ — دېدى ئۇ مەيۇس ھالدا.

— ئۇزاقتا قايتىپ كېلىشىڭمۇ ئېھتىمال، — دېدىم، — شياۋخۇڭ، سەن كېسەلىڭ ساقايغاندىن كېيىن بېيجىڭغا يۆتكىلىپ كېتىشنىڭ ئامالىنى قىل! ئەمدى سالامەتلىكىڭ بۇرۇنقىدەك ياخشى بولماسلىقى مۇمكىن. سەن ئۆيگە كەتمىسەڭ بولمايدۇ.

ئۇ كاپپىدە قولۇمنى تۇتۇۋېلىپ كۆزلىرىمگە ئەنسىزلىك بىلەن تىكىلدى:

— سىلەر مېنى ياخشى كۆرمەيدىغان بولۇپ قالدىڭلارمۇ؟ نېمىشقا بۇنداق دەيسەن؟ مەن نېمىشقا كېتىدىكەنمەن؟

شۇ زامان ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ياش لىغىلدىدى. مەن ئۇنىڭ مۈرىسىگە ئاستاغىنا پەپىلىدىم:

— جىددىيلەشمە، باشقىچە ئويلاپ قالما. بىزمۇ قايتىپ كېتىمىز، سېنى ئىزدەپ تاپىمىز، ئۈچىمىز مەڭگۇ بىللە ياشايمىز.

ئۇ ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى.

— راست، مەن ئاغرىپ قالدىم، — دېدى ئۇ ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك قىلىپ، — ئۆيۈمنى سېغىندىم. ئۆيۈمدە دادام، ئاپام، ئاكام بار. ئۇلار كېسەل بولغىنىمدىن خەۋەر تاپسا، مېنى كۆرگۈسى كېلىدۇ. بۇ يەردە سىلەر بولغاچقا، مەن ئۆيۈمدىن ئايرىلالايمەن، لېكىن سىلەردىن ئايرىلالمايمەن. سىلەر بىزنىڭ ئۆيگە مەن بىلەن بىللە بېرىڭلار، سىلەر بولمىساڭلار، مەن بارمايمەن، — ئۇ بىردىنلا مۈرەمگە بېشىنى قويۇپ ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى، — كېسىلىمنىڭ ئېغىرلىقىنى سېزىۋاتىمەن، ساقىيالمايمەنغۇ دەيمەن، دېۋەڭ بولۇپ قالارمەنمۇ.

كۆڭلۈم بەكلا بۇزۇلدى، شۇنداقتىمۇ ئۆزۈمنى زورىغا بېسىپ ئۈن قاتتىم:

— ياقەي، ئۇنداق ئەمەس، نېمىلەرنى دەپ يۈرىدىغانسەن، يىغلىما، يوقىلاڭ خىياللارنى قىلما!

لېكىن، ئۇ مۈرەمگە بېشىنى قويۇۋېلىپ نۇرغۇن قورقۇنچلۇق گەپلەرنى دېدى:

— مېڭەمدە ئۆسمە پەيدا بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ، ئۇلار مېنى ئوپېراتسىيە قىلىدۇ، بېشىمنىڭ ئۈستىخىنىنى ئاچىدۇ، مەن قورقىمەن! — ئۇ مېنىڭ باغرىمدا تۈگۈلۈۋېلىپ پىچىرلىدى، — ئۇلار مېنىڭ مېڭەمنى ئاللىنېمىلەرنى قىلىدۇ، مەن بولسام شۇ يېرىمدە تەپەككۇر قىلىمەن ئەمەسمۇ، ئۇلار مېنىڭ مېڭەمنى تۇتىدۇ، سىلاپ باقىدۇ، ئىش ئەپلەشمىگەن تەقدىردە مەن ئېلىشىپ قالىمەن، مۇھەببەتتىنمۇ مەھرۇم بولىمەن، گەپنىمۇ قىلالمايدىغان بولىمەن، بەلكىم سىلەرنىمۇ تونۇيالماي قالارمەن. مەن بەكمۇ قورقۇۋاتىمەن...

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بەدىنىم تارتىشىپ، يۈرىكىم مۇزلاپ كەتكەندەك بولدى، گوياكى شۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرگەندەك ھېسسىياتقا چۆمدۇم. ئۇنىڭغا گەپ قىلماسلىقنى ئېيتتىم، بۇنداق ئىشلارنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس دېدىم. شۇغىنىسى، كۆز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ياشلىرىم مونچاقتەك دومىلاپ ئۇنىڭ قولىقىغا تامچىلىدى. ئۇ بۇنى سىرىپ، ئۆزىنى ئوڭشاپ ماڭا قارىدى. يانچۇقىدىن قول ياغلىقىنى ئېلىپ كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى، مېنىڭمۇ كۆز ياشلىرىمنى سۈرتۈپ قويدى. ئۇنىڭ چىرايىغا ئاستا - ئاستا كۈلكە يۈگۈردى، دەسلەپ زورۇقۇپ، كېيىن چىن كۆڭلىدىن كۈلدى.

— مەن خۇشال بولۇۋاتىمەن! — دېدى ئۇ، — سەنمۇ خۇشال بولغىن، ھېچقانداق چاتاق چىقمايدۇ. كۆڭلۈم تۇيۇۋاتىدۇ، ھېچ ئىش بولمايدۇ. خۇشال بولغىن! مەن ئوڭشىلىپ كېتىمەن.

ئۇ تېتىكلەشتى، چاققان ھەرىكەتلەر بىلەن نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇردى.

— ھېلىراق تەنتەكلىك قىلىپ قويدۇم، — دېدى ئۇ بىر پەستىن كېيىن خۇشخۇيلۇق بىلەن، — مەن بىر تەنتەك، بولارنى داشۇيگە ئېيتىپ يۈرمە جۇمۇ.

ئۇزاق ئۆتمەي داشۇيمۇ قايتىپ كەلدى. شىڭ خۇڭ تولىمۇ خۇشال ئىدى. ئەتىسى بىز ئۇنى چوڭ يولغا ئۇزىتىپ چىقتۇق. ئۇ خۇشال ھالدا ماشىنىغا سەكرەپ چىقىپ، بىزگە قاراپ تەبەسسۇم بىلەن قول پۇلاڭلاتتى.

— چوڭ ئاكا، كىچىك ئاكا، مەن تېزلا قايتىپ كېلىمەن! — دېدى ئۇ مېڭىش ئالدىدا كۆڭلىمىزنى ياساپ. مەن:

— ساقىيىپ كەلگىن، — دېدىم.

— ئەلۋەتتە، ئەلۋەتتە، ساقىيىپ كېلىمەن، — دېدى ئۇ ۋە دېرىزىدىن بېشىنى چىقىرىپ توۋلىدى، — مەن ساقايغاندا ئوينىغىلى بارىمىز، جۇمۇ!

بىز قوللىرىمىزنى پۇلاڭلاتقان پېتى ماشىنىنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ توۋلىدۇق:

— خەير - خوش، شياۋخۇڭ!

شياۋخۇڭمۇ توۋلىدى:

— خەير - خوش! خەير - خوش!

بىز ئۆيدە قېلىپ ئۇنىڭ خېتىنى كۈتۈشكە باشلىدۇق. ئۇنىڭ خېتىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتەتتۇق. داشۆي ئىككىمىز جىمىغۇرلىشىپ قالدۇق. ھەر كۈنى ئىشقا چىققىنىمىزدا ئۆزىمىزنى غەلىتىلا سېزەتتۇق. خۇددى بىر قولىمىز كەمدەك ياكى مېڭىمىزنىڭ يېرىمى يوقتەكلا سېزىلەتتى. ھەر قېتىم ياتاققا قايتىپ كەلگىنىمدە، مەندە بىر ئادەت پەيدا بولۇپ قالغانىدى. شىڭ خۇڭنى يوقلاش ئۈچۈن بالنىستقا بارماقچى بولاتتىم ياكى ئۇنى كۆرۈپ كېلىش ئۈچۈن ئۆزۈمچىلا بىر نەرسىلەرنى يىغىشتۇرۇشقا باشلايتتىم. ئاخشىمى ياتاقتا ئولتۇرساق كىتاب ئوقۇمايتتۇق، چىراغمۇ ياندۇرمايتتۇق. قاراڭغۇدا جىمجىت ئولتۇرۇپ شىڭ خۇڭنى ئويلايتتۇق. ناھايەت، ئۇنىڭدىن خەت كەلدى. ئۇ خەتنى كۇنمىڭغا بېرىپلا يېزىپتۇ. شۇغىنىسى، خەت بۇ يەرگە بەش كۈندە كەپتۇ. ئۇ كۇنمىڭغا بېرىپلا بالنىستقا ئورۇنلىشىپتۇ، دوختۇرخانىنىڭ شارائىتى ناھايىتى ياخشى ئىكەن. ئۇ دوختۇر ۋە سېستىرالارنى بىرمۇ بىر تەسۋىرلەپتۇ. ئاندىن پات ئارىدا قان تومۇرنى سايىلاندۇرۇپ تەكشۈرىدىغانلىقىنى يېزىپتۇ. مېڭىدە ئۆسمە بار - يوقلۇقى شۇنىڭدىن كېيىن مەلۇم بولىدىكەن. ئاخىردا ئۇ خەتنى سۇۋاشتۇرۇپ يېزىۋېتىپتۇ. «يالغۇز بەكمۇ زېرىكىۋاتىمەن، — دەپ يېزىپتۇ ئۇ، — سىلەرنى بەكمۇ سېغىندىم، بەكمۇ، بەكمۇ. بەزىدە كېسىلىمنىمۇ داۋالاتماي غىپپلا قىلىپ قېچىپ كېتەي دەيمەن، لېكىن سىلەرنى تىللاپ كېتەرمىكىن دەپ قورقىمەن. ئىمكانىيەت بولسا كېلىپ مېنى يوقلاڭلار! ئاكىلار، كېلىڭلار!» ئۇ يىغلىغانىدى. قەغەزدە ياش تامچىلىغان ئىزلار بار ئىدى. خەتنىڭ ئاخىرىدىن خۇشاللىق ئۇرغۇپ تۇراتتى، لېكىن ئۇنىڭ يالغاندىن شۇنداق قىلىۋاتقانلىقىنى بايقىغىلى بولاتتى. ئۇ كۇنمىڭ ناھايىتى ياخشى ئىكەن، دوختۇرخانىمۇ كۆڭۈللۈك ئىكەن دەپتۇ. بىزنىڭ ئۇنىڭدىن ئەنسىرىمەسلىكىمىزنى، ئۆزىنىڭ ناھايىتىمۇ خۇشال ئىكەنلىكىنى، ساقايغان ھامان قايتىدىغانلىقىنى يېزىپتۇ.

خەتنىڭ ئاخىرىغا ئۇ بەكمۇ خۇشاللىق بىلەن «خەير ـ خوش» دەپ قويۇپتۇ.
خەتنى قايتا ـ قايتىلاپ ئوقۇدۇق. بىردىنلا تۇغقان يوقلىمىغانلىقىمىزغا ئىككى يىل بولغانلىقى ئېسىمىزگە كەلدى. بىزنىڭ تۇغقان يوقلىشىمىزغا رۇخسەت قىلىناتتى. توغرا، بەكمۇ ياخشى بولدى! بۇ قېتىم سىياسىي يېتەكچىمۇ چاتاق چىقىرالمايدۇ، تۇغقان يوقلاش پىرىنسىپتا بەلگىلەنگەن. بىز دەرھال ليەنبۇغا بېرىپ رۇخسەت سورىدۇق، ئەترەت باشلىقى ئىلتىماسىمىزنى شۇ هامان تەستىقلىدى. ئارقىدىن رەسمىيەت ئۆتەش ئۈچۈن يىڭبۇغا بېرىپ سىياسىي يېتەكچىگە دوقۇرۇپ قالدۇق. ئۇ ئەترەت باشلىقى تەستىقلىغان قەغەزنى ئالدى ـ دە:
ـــ سىلەر ليەندىكى قاۋۇل ئەمگەك كۈچلىرى، ئىككىڭلار بىراقلا كەتسەڭلار بولماس، بىر ـ بىردىن بېرىڭلار! بىرىڭلار كەلگەندىن كېيىن يەنە بىرىڭلار بېرىڭلار، ـــ دېدى غەلىتىلا قىلىپ.
ماۋۇ ئىچى قۇتۇرنىڭ ئىپلاسلىقىنى قارىمامدىغان ! خەپ، سىياسىي يېتەكچى ! خەير، بىر ـ بىردىن بارساقمۇ مەيلى. مۇھىمى، بىرەيلەن بىزنىڭ شىڭ خۇڭغا ھەمراھ بولسىلا بولغىنى. ئاۋۋال مەن بېرىپ، بىر ئايدا يېنىپ كېلىدىغان بولدۇم. ئاندىن داشۇي بارىدىغان بولدى. ھەر ئىككىمىز ئۆيگە قايتىشنى ئەمەس، بەلكى كۈنمىڭغا بېرىپ شىڭ خۇڭغا ھەمراھ بولۇشنىلا ئويلىدۇق. مەن يولغا چىقىشقا تەييارلاندىم. شۇ ئارىدا شىڭ خۇڭدىن يەنە خەت كەلدى. ئۇ خېتىدە قان تومۇرنى سايىلانىدۇرۇپ تەكشۈرۈشنىڭ بەكلا ئازابلىق ئىكەنلىكى، ئاخىر مېڭە ئۆسمىسى دەپ دىياگنوز قويۇلغانلىقى، ئۆسمە ئۆسكەن جاينىڭ قولايلىق ئەمەس ئىكەنلىكىنى يېزىپتۇ. كۈنمىڭ دوختۇرخانىسى ئۇنى بىر تەرەپ قىلالماي، بېيجىڭ دوختۇرخانىسىغا يۆتكەپ بېرىپتۇ. شىڭ خۇڭ پويىز بېلىتىنىمۇ ئېلىپ بوپتۇ، ئەمدى يولغا چىقىدىكەن. ئۇ بىزنى بىر ئامال قىلىپ بېيجىڭغا كېلىڭلار دەپتۇ. بىزنىڭ

رۇخسەت سورىساق بولىدىغانلىقىنى ئۇمۇ بىلىدىكەن. «ئەمدى ئېسىمگە كەلدى، — دەپتۇ ئۇ، — سىلەر رۇخسەت سورىساڭلار بولىدۇ ئەمەسمۇ! بۇ ئىش ئېسىمگە كېلىش بىلەنلا خاتىرجەم بولۇپ قالدىم. بىز بىللە قايتىپ كېتىمىز.»
مەن دەرھال يولغا چىقماقچى بولدۇم. داشۇي خەت يېزىپ ماڭا بەردى. مەن ماشىنىغا چىقىپ يۈرۈپ كەتتىم. خوشلاشقان چاغدا داشۇيگە پات - پات خەت يېزىپ تۇرۇشنى تاپىلىدىم.
يولدا بىرمۇنچە پىشكەللىككە دۇچ كەلدىم. باۋشەندە ماشىنا كۆتۈپ ئىككى كۈن تۇرۇپ قالدىم، كۈنمىڭدا بېيجىڭغا بىۋاسىتە قاتنايدىغان پويىز بېلىتى ئالالمىدىم. شۇنداق قىلىپ، بېيجىڭغا يېرىم ئايدا ئاران يېتىپ باردىم. بېيجىڭدا ئىزغىرىن شامال سوڭەكتىن ئۆتەتتى. پويىزدىن چۈشۈپلا شىڭ خۇڭلارنىڭ ئۆيىگە باردىم. ئۇلارنىڭ ئۆيىدە شىڭ خۇڭنىڭ دادىسى، ئانىسى، ئاكىسى ھەممەيلەن بار ئىكەن. بۇ ئائىلە يۇقىرى دەرىجىلىك زىيالىينىڭ ئائىلىسىدەك كۆرۈنەتتى، ئۆيدە كىتاب كۆپ ئىكەن. شىڭ خۇڭنىڭ دادىسى ئوتتۇرا ياشتىن ھالقىغان، ئاپپاق باش، بەكمۇ ئوچۇق - يورۇق كىشى ئىكەن، ئانىسىمۇ بەك ياخشى ئايال ئىكەن. ئاكىسى شىڭ خۇڭغا بەكمۇ ئوخشايدىكەن، مەن ئۇنى كۆرۈپلا ياقتۇرۇپ قالدىم. مەن ئۆيگە كىرسەم، ئۇلار ھەيران بولۇپ:
— سىز كىم؟ كىمنى ئىزدەيسىز؟ — دەپ سورىدى.
— مەن شىڭ خۇڭنىڭ ساۋاقدىشى، فامىلەم ۋاڭ، يۈننەندىن كەلدىم ...شىڭ خۇڭ ھازىر قەيەردە؟
— ھە! شياۋۋاڭمۇ سىز، — دېيىشتى ئۇلار دەرھال ئاڭقىرىپ، — شياۋخۇڭ ھەمىشەم گېپىڭىزنى قىلىدۇ، ئۇ ھازىر دوختۇرخانىدا يېڭىلا ئوپېراتسىيە قىلىندى، ئوپېراتسىيە بەكمۇ ئوڭۇشلۇق بولدى، ئۆسمىدىن ئەۋرىشكە ئېلىپ تەكشۈرۈۋاتىدۇ. ئولتۇرۇڭ، بىز ئۇنىڭ قېشىغا بارماقچى بولۇۋاتاتتۇق.
مەن ئولتۇرمىدىم. شۇ ھامان شىڭ خۇڭنى كۆرۈش ئۈچۈن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇلار بىلەن بىللە دوختۇرخانىغا كەلدىم. ئۇ جۇدىگەن، چىرايى تاتارغانىدى، لېكىن مېنى كۆرۈش بىلەن ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ خۇشال تووۋلىۋەتتى:

— شياۋۋاڭ، كەپسەنغۇ! يولۇڭغا قاراپ ئۆلەيلا دېدىم. داشۇينىڭ خېتىنى ئېلىپلا يولۇڭغا قارىدىم. مېنى ئوپېراتسىيە قىلدى، ساقىيىپمۇ قالدىم!

مەن ئۇنىڭغا كۈندە ھەمراھ بولدۇم. ئۇ چاغلاردا دوختۇرخانىلار قالايمىقان ئىدى، كىرگەن - چىققانلار بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمايتتى. مەن ھەر كۈنى ناھايىتى ئەتىگەن كېلىپ، كەچ قايتاتتىم. ئۇ ئاستا - ئاستا ئوڭشىلىپ قېلىۋاتاتتى. پات - پاتلا مەن بىلەن بىللە دوختۇرخانا ھويلىسىنى ئايلىناتتى. يېڭى كەلگەن چاغلىرىمدا بەكمۇ تارتىنچاق ئىدىم، ھەتتا ئۇنىڭ پۇتىنىڭ تىرنىقىنى ئېلىپ قويۇشتىنمۇ خىجىل بولاتتىم. كېيىنچە ھېچكىمگە ئېرەن قىلمايدىغان بولدۇم. مەن ئارىلاپ ئۇنىڭغا پەلتوسىنى كىيگۈزەتتىم، ئاندىن ئۇنى يۆلەپ دوختۇرخانا ھويلىسىغا ئاچىقاتتىم. سېسترالار بۇ ئىككىسى بەكمۇ ياراشقان ئەر - خوتۇنلار ئىكەن دەپ، يوقىلاڭ گەپلەرنى قىلىشاتتى. بىزنىڭ ئۇلار بىلەن كارىمىزمۇ بولمايتتى.

قايتىدىغان ۋاقتىمدا ھاۋا ئىللىشقا باشلىدى. شىڭ خۇڭ خېلىلا ئوڭلىنىپ قالدى. لېكىن، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى مۇڭلىنىپلا يۈرەتتى. مەن ئۇلارغا ئېرەنمۇ قىلماپتىمەن، نۇرغۇن ئىشلارنىڭ تېگىگە يېتەلمەيدىكەنمەن، شىڭ خۇڭنىڭ ئوڭشىلىپ قالغانلىقىنىلا كۆرۈپ، ئۆسمىدىن ئەۋرىشكە ئېلىپ تەكشۈرۈشنىڭ قانچىلىك مۇھىملىقىنى ئازراقمۇ چۈشەنمەپتىمەن. داشۇي خەت ئەۋەتىپ مېنىڭ قايتىشىمنى سۈيلەشكە باشلىدى، ئۇ كەلمەكچى بولۇۋاتاتتى. شۇنداق قىلىپ، مەن قايتىدىغان بولدۇم. شىڭ خۇڭنىڭ ئاكىسى مېنى ۋوگزالغا ئۇزىتىپ چىقتى. ئۇنىڭ كەيپى تۆۋەن ئىدى. سەۋەبىنى سورىسام، خۇسۇسىي ئىش توغرۇلۇق شۇنداق بولۇۋاتقىنىنى ئېيتتى.

دەسلەپتە زادىلا گۇمانلانمىدىم. لېكىن، پويىز ماڭغاندا ئۇ بىردىنلا توۋرۇككە يۆلىنىپ ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى. مەندە ئىختىيارسىز گۇمان تۇغۇلدى.

دەرۋەقە، مەن يۇننەنگە بارغاندا داشۇي يولغا چىقماقچى بولۇۋاتقانىكەن. توساتتىن بىز شىڭ خۇڭنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇپ ئالدۇق. ئۇ خېتىدە كېسىلىنىڭ ئېغىرلىشىپ كەتكەنلىكىنى، ئېھتىمال ساقايمايدىغانلىقىنى يېزىپتۇ. ئۆزىنىڭ چوڭ بالا - قازانى سېزىۋاتقانلىقى، ئۆسمىنىڭ يامان سۈپەتلىك بولۇش ئېھتىمالىنىڭ چوڭلۇقى، ئۇنىڭ تېخىچىلا مېڭىدە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. بۇ بېشىمىزغا بىر چېلەك مۇزدەك سۇ قۇيغاندەك تەسىر قىلدى. ھەر ئىككىمىز داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدۇق. شىڭ خۇڭ داشۇينى تېزرەك كەلسۇن دەپتۇ. بىز توپلىغان بارلىق پۇللىرىمىزنى چىقاردۇق، ئاز - تولا ئۆتنىمۇ ئالدۇق. داشۇي شىڭ خۇڭنىڭ قېشىغا ئايروپىلاندا بارىدىغان بولدى. بىز تۇەنگە يېلىنىپ يۈرۈپ ئايروپىلان بېلىتى ئېلىش ئۈچۈن ئىسپات ھەل قىلدۇق. داشۇيگە بېيجىڭغا بېرىپلا تېلېگرامما سېلىۋېتىشنى تاپىلىدىم. ئۇ ئالدىراپ - تېنەپ يۈرۈپ كەتتى.

داشۇي كېتىپ يەتتە - سەككىز كۈنگىچە ئىز - دېرەكسىز يوقالدى. تىت - تىت بولۇپ نېمە قىلارىمنى بىلمەي قالدىم. ئاخشىمى ئۇيقۇم كەلمەيتتى، قولۇم بىلەن تامنى كولاۋېرىپ يوغانلا تۆشۈك تەشتىم. سەككىزىنچى كۈنى داشۇيدىن تېلېگرامما كەلدى. ئۇنىڭدا «بېيجىڭغا كەلدىم، شىياۋخۇڭ ھازىرچە ياخشى، خەت سېلىۋەتتىم» دېيىلىپتۇ. كۆڭلۈم خېلى جايىغا چۈشتى.

ئۇزاق ئۆتمەي داشۇينىڭ خېتىمۇ كەلدى. ئۇ خېتىدە شىڭ خۇڭنىڭ بېشى ئاغرىشقا باشلىغانلىقىنى، ئادەم قورقۇدەك ئاغرىيدىغانلىقىنى يېزىپتۇ. ئۇنىڭ گېلىدىن تاماق ئۆتمەيدىكەن، پۈتۈنلەي ئاسما ئوكۇلغا تايىنىپ ياشايدىكەن. بەزىدە كۆزىمۇ كۆرمەي قالىدىكەن. داشۇي شىڭ خۇڭنىڭ ئۇنى ئادەتتىكى كۈلكىسى بىلەن قارشى ئالغانلىقىنى، خۇشال بولۇپ ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بويىنىدىن قۇچاقلىغانلىقىنى ئېچىنارلىق ھالدا تەسۋىرلەپ يازغانىدى. ئۇ داشۇيگە مېنى ئۆلگۈدەك سېغىنغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئۇ ئۇيقۇدىكى چاغلىرىدا مېنىڭ ئاۋازىمنى ئاڭلايدىكەن، ئۇچىمىزنىڭ جەم بولۇشىمىزنى تولىمۇ خالايدىكەن، ئۇچىمىز بىللە بولساق ئۆلۈمدىنمۇ قورقمايدىكەن. ئۇ گەرچە كۈلسىمۇ، سۆزلىيەلىسىمۇ، سېزىمىنىڭ چوڭقۇر بىر يەرلىرىنىڭ بىر قىسمىلا بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئۇ ئادەمنى ئىچىدىن تۈگەشتۈرۈۋېتىدىغان بۇنداق ئۆلۈمدىن قورقىدىكەن. مەن خەتنى ئوقۇپ ئېلىشىپ قالغىلى تاسلا قالدىم. مەن ئۇنىڭغا قەيسەر بولۇش، ھەرگىز بەل قويۇۋەتمەسلىك ھەققىدە خەت يازدىم، ئۇنىڭدىن قەيسەر بولۇش، ھەرگىز بەل قويۇۋەتمەسلىكنى ئۆتۈندۈم، ئۇنىڭغا قەيسەر بولۇش، ھەرگىز بەل قويۇۋەتمەسلىك ھەققىدە بۇيرۇق قىلدىم. ئۇنىڭدىن كېسەللىك بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىش، ئۇچىمىزنى دەپ بولسىمۇ ئېلىشىش، چوقۇم ھاياتنى ساقلاشنى تەلەپ قىلدىم. «ھەرگىز، ھەرگىز ئۈمىدسىزلەنمە، — دېدىم خېتىمدە، — ئۈمىد يەنە بار، سەن تېخى ياش، سېنىڭ ھاياتىي كۈچۈڭ ئۇن ئادەمنىڭكىدىنمۇ ئارتۇق. سەن غەلىبە قىلالايسەن. مەن سېنىڭ غەلىبە قىلالايدىغانلىقىڭغا ئىشىنىمەن. شۇنى ئويلىغىنكى، بىز يەنىلا مەڭگۈ بىللە ياشايمىز!»

شۇ كۈنلەرنىڭ قانداق ئۆتكەنلىكىنى ئەسلىيەلمەيمەن. كېيىنچە داشۇيدىن يەنە بىر پارچە خەت كەلدى. ئۇ خېتىدە دوختۇرلارنىڭ بىر خىل يېڭى دورىنى ئىشلەتكەنلىكى، شىڭ خۇڭنىڭ خېلىلا ياخشى بولۇپ قالغانلىقىنى، كۆزىنىڭمۇ كۆرۈۋاتقانلىقىنى يېزىپتۇ. ئۇ مېنىڭ خېتىمنى ئوقۇپ تولىمۇ خۇشال بوپتۇ. ئۇ داشۇي بىلەن كۈن بويى پاراڭلىشىدىكەن، باش ئاغرىقىنىڭ بۇرۇنقىدىن ياخشى بولۇپ قالغانلىقىنى، مېڭىسىنىڭمۇ سەگەكلىشىپ قالغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىدىكەن. ئىككىيلەن ھەدېسىلا مېنىڭ گېپىمنى قىلىدىكەن. شىڭ خۇڭ مېنى ئەڭ ياخشى ئادەم دەپتۇ. ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا مېنىڭ

ئۇششاق ـ چۇششەك ھەممە ئەھۋاللىرىمنى سۆزلەپ كېتىدىكەن. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، مېنىڭ ئاۋۋال رەنجىپ كالپۇكۇمنىڭ بۇرجىكى ساڭگىلايدىغان، ئاندىن ئاستا ـ ئاستا كۈلىدىغان بىر خىل كۈلكەم بەكمۇ قىزىقارلىق ئىكەن. ئۇ يەنە مېنىڭ كىشىلەر سېزىۋالالمايدىغان بىر خىل مىجەزگە ئىگە ئىكەنلىكىمنى ئېيتىپتۇ. يەنە بىر خىل رومانتىك مىجەزىممۇ بارمىش. بۇ ئىككىسى قوشۇلسا، ناھايىتى ياخشى بولىدىكەن. ئۇ بۇ مىجەزلىرىمنى بەك ياخشى كۆرىدىكەن. شىڭ خۇڭ مېنى سەنئەتكار بولالايدۇ دەپتۇ.

خەتنىڭ ئاخىرىغا شىڭ خۇڭ «شياۋ ۋاڭ، مەن سېنى سۆيىمەن. سېنىڭ خېتىڭنى بەكمۇ ياخشى كۆرىمەن. مەن ئۇچىمىز ئۇچۇن ئېلىشىمەن. سەن ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىتلاردىن كېيىنمۇ مېنى قىزچاق دەپ چاقىرىسەن» دەپ، بىرنەچچە قۇر خەت يېزىپ قويۇپتۇ. ئۇ خەت يازالايدىغان بوپتۇ! گەرچە قىڭغىر، قىيسىق بولسىمۇ ناھايىتى ئېنىق يېزىپتۇ.

مەن خەتنى ئوقۇپ تولىمۇ خۇش بولدۇم.

كېيىن داشۇيدىن يەنە بىر پارچە خەت كەلدى. ئۇ خېتىدە شىڭ خۇڭنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى بىردىنلا ئۆزگىرىپ قالغانلىقىنى، ئۇ بىھوش بولۇشقا باشلىغانلىقىنى، كىسلارود سۇمۇرمىسە بولمايدىغانلىقىنى يازغانىدى. ئۇ شىڭ خۇڭغا كېچە ـ كۇندۇز ھەمراھ بولۇۋېتىپتۇ. داشۇي شىڭ خۇڭنى ئېلىشىپ قالايلا دېدى دەپتۇ. داشۇينىڭ خەتلىرى خەتكىمۇ ئوخشىمايتتى، نەچچە يېرىنى ئوقۇپمۇ چۇشىنەلمىدىم. «ئۇمىد يەنە بار، — دەپتۇ ئۇخېتىنىڭ ئاخىرىدا، — ئۇ ھايات بولسىلا ئۇمىد بولىدۇ. شۇغىنىسى، ئۇمىد ناھايىتى ئاز، لېكىن ئۇ بەرداشلىق بېرەلەيدۇ. دوختۇرلار ئۇمىد يوق دەيدۇ، لېكىن ئۇلار بىكار ئېيتىدۇ.»

ئارىدىن بىر كۇن ئۆتۇپ داشۇيدىن يەنە خەت كەلدى. «تۇنۇگۇن ئۇ بىر پەس ھوشىغا كەلدى، — دەپ يازغانىدى ئۇ، — لېكىن ئۇنىڭ كۆز ئالدى قاپقاراڭغۇ بولغاچقا، ھېچنېمىنى كۆرمىدى.

ئۇنىڭغا سىنىڭ خېتىڭنى ئوقۇپ بەردىم. ئۇ، خەتنى ئىلمۇھلىپ مەيدىسىگە باستى. ئۇ: «مەن كېتىدىغان بولدۇم، بىراق سىلەردىنلا ئەنسىرەيمەن»، دېدى. كېتىۋاتقان ئادەم قالغانلاردىنلا ئەنسىرەيدىكەن، باشقا ھېچنېمىدىن قورقمايدىكەن. مەن ئۇنىڭغا: «بولدى گەپ قىلما»، دېدىم. ئۇنىڭ ئاۋازى پەسلەپ كەتتى. تۇنۇگۈن كېچىسى ئۇ بەكلا ئازابلاندى، ھېلىمۇ چىداپ بەرداشلىق بەردى. شياۋۋاڭ، يەنە ئۈمىد بارمۇ؟ يەنە ئۈمىد بارمۇ؟»

مەن ئىلىشىپ قالايلا دېدىم. ئۇزاق ئۆتمەي يەنە بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدىم. كونۋېرتتىن بىر پارچە تېلېگرامما قەغىزى چىقتى. داشۇي ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ يېزىپتۇ: «شياۋخۇڭ ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ ئاخىردا سىلەر قايغۇرۇپ كەتمەڭلار، دەپ بىر ئېغىز گەپ قىلدى. مەن دەرھال قايتىپ سەن بىلەن بىللە بولىمەن. شۇي.»

مەن بۇ خەتنى ئوقۇپ ئۇزاقتىن - ئۇزاق ئاھ ئۇردۇم. قوللىرىم بىلەن نېمىلەرنىدۇر تۇتتۇم. ئارقا مېڭەم مۇزلاپ كەتكەندەك سېزىلدى. ئۇزاقىچە ئولتۇردۇم. قاراڭغۇ چۈشتى، يەنە تاڭ ئاتتى. مەن ماشىنا ئادەمدەك بېرىپ تاماق يېدىم، ماشىنا ئادەمدەك بېرىپ ئەمگەك قىلدىم، ماشىنا ئادەمدەك قايتىپ كەلدىم. مېنى بەكمۇ غېرىبلىق باستى. ئېغىر مۇسىبەت قايغۇسىنى كۆڭلۈمدىن نېرى قىلالمىدىم. بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن ئىشىكنى ئىتتىرىپ داشۇي كىرىپ كەلدى، كەچكى شەپەق نۇرى ئۇنىڭ ئۇزۇن كۆلەڭگىسىنىمۇ بىللە ئېلىپ كىردى.

مەن ئورنۇمدىن تۇردۇم. داشۇينىڭ چاچلىرى خېلىلا ئاقارغانىدى، قاپقارا چاچلىرىغا بىر قەۋەت قىروۋ قونغاندەك كۆرۈنەتتى. مەن ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنى قۇچاقلىدىم. گوياكى دەريادىن يار ئېلىپ كەتكەندەك بولدى، دەرد - ئەلەم، قايغۇ - ھەسرەت ئىچ - ئىچىمىزدىن ئۇرغۇپ چىقتى. بىز ھۆركىرەپ يىغلىدۇق. ئاندىن قاتار ئولتۇرغىنىمىزچە ئۆكسۈپ يىغلىدۇق، ئىچ - ئىچىمىزدىن بۇقۇلداپ يىغلىدۇق. داشۇي جۇدىگەن،

بىلىكىگە قارا يەڭ بەلگىسى تاقىۋالغانىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇردى - دە، سومكىسىدىن قاپقارا سىرلانغان كىچىككىنە قۇتىنى ئېلىپ كارىۋاتقا قويدى. مەن ئۇنىڭغا سوئال نەزىرى بىلەن قارىدىم.
— شياۋخۇڭنىڭ تەۋەررۇكى، — دېدى ئۇ ئازابلانغان ھالدا، — ئۇ جەسەت كۈلىنى بۆلۈپ ئائىلىسىدىكىلەرگە ۋە بىزگە قالدۇردى. مانا بۇ — شياۋخۇڭ.
ماڭا بىرى گەجگەمگە زەرب بىلەن ئۇرغاندەك سېزىلدى. مەن يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، تىترىگەن قوللىرىم بىلەن قۇتىنى تۇتۇپ سىلاپ - سىيپىدىم، يىغلاۋاتىمەنغۇ؟ مېنىڭ ئاۋازىممۇ چىقمايتتى، كۆزۈمدىكى ياشمۇ قۇرۇغانىدى. ئىچىمدىن ئايغى ئۆزۈلمەي ئېغىر ۋە ھەسرەتلىك ئاھ چىقاتتى، زادى توختىمايتتى.
داشۇي ئىككىمىز ئىككى يىل بىللە ياشىغاندىن كېيىن ئايرىلدۇق. شىڭ خۇڭنىڭ ئاخىرقى بىرنەچچە پارچە خېتىنى بۆلۈشۇۋالدۇق. ئۇ شىڭ خۇڭنىڭ جەسەت كۈلىنى ئالدى، ماڭا ئۇنىڭ ساندۇقى ۋە كىيىملىرىنى قالدۇردى. شىڭ خۇڭدىن قالغان كىتابلارنىمۇ ئوتتۇرىدىن تەڭ بۆلۈشتۇق. ئاخىردا يۈك - تاقىمىزنى تېڭىپ ئىشىكنى قۇلۇپلىدۇق - دە، بۇ يەردىن ئايرىلىپ يېڭى ھاياتقا قەدەم تاشلىدۇق.

مەسئۇت خالىت تەرجىمىسى



# كونا مىلتىق

## دۇك لىبو

ۋاڭ شىنىڭ بىر كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالدى. يەنئەننى قوغداش ئۇرۇشىدا خۇزۇڭنەن بىلەن جەڭ قىلغاندا، توپ ئوقى جەڭ مەيدانىغا چۈشۈپ، پارتلاشتا بىراقلا ئون نەچچە ئادەم ئۆلۈپ كەتتى. ۋاڭ شى ئۆلمەي ئامان قالغان بىلەن، ئەمما سول كۆزىدىن ئايرىلدى. ئىلگىرى ئىككى كۆزى ساق چاغدا، مىلتىق ئاتقاندا، ئاۋۋال سول كۆزىنى قىسىپ ئاندىن قارىغا ئالاتتى. سول كۆزى كېرەكتىن چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭ مىلتىق ئېتىشىمۇ ئاسانلىشىپ كەتتى. قولىغا مىلتىقنى ئېلىپ، كۆزىنى قىسىپمۇ ئاۋارە بولماي، نىشانغا قارىتىپلا ئاتاتتى. شۇنداق، ۋاڭ شى بىر كۆزىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن راستلا ئۆزگىرىپ كەتتى.

جەڭ قىلغاندا، ۋاڭ شى مىلتىقنى دەرھال بەتلەپ تەييار بولاتتى، بەلكى نىشانغا تەگكۈزۈش ئىقتىدارىمۇ بۆلەكچىلا ياخشى ئىدى. مۇھىم نىشانلارنى ئىلغا قىلىپ، بىر پاي ئوق بىلەنلا ئۆلارنىڭ ئەدىپىنى بەرمەك بولغاندا، باشقىلار ئۆزىنى توغرىلاپ بولغۇچە، ۋاڭ شى مەقسىتىگە يېتىپ بولاتتى. بۇنداق بولۇشى ۋاڭ شى قولىغا مىلتىقنى ئېلىپلا دېگەن يېرىگە تەگكۈزەلەيتتى. ئەزەلدىن ئوقنى زايە قىلمايتتى. ئۇ مۇشۇ ماھارىتىگە تايىنىپ، ھەر قېتىمقى جەڭدە دۈشمەننى باشقىلارغا قارىغاندا كۆپرەك جەھەننەمگە يوللايتتى. خۇلاسە يىغىندا كادىرلار ئۇنى ماختايتتى. 1949 ـ يىلى پۈتۈن مەملىكەت ئازاد بولغاندا، ۋاڭ شىنىڭ ئېرىشكەن مېداللىرى باشقىلارنىڭكىدىن كۆپ بولدى. ئۇنىڭ بۇنداق كۆپ مېدالغا ئېرىشكىنىگە باشقىلارمۇ كۆز قىزارتمىدى،

ھەممەيلەن ۋاڭ شېنىڭ ئېلىشى ھەقلىق دېدى. ئۇنىڭ قانچىلىك دۈشمەننى يەر چىشلەتكىنىنى دېمەي، ئاشۇ بىر كۆزى بىلەن كۆرسەتكەن نەتىجىسىگە نىسبەتەن ئۇنىڭ ئالغان مېدالىنى كۆپ دېيىشكە بولمايتتى.

ۋاڭ شې بىر كۆزى بىلەن مىلتىق ئېتىشتا مەرگەن، ياخشى ئەسكەر ئىدى. قائىدە بويىچە، ياخشى ئەسكەر دېگەن بىر مەزگىلدىن كېيىن ئۆستۈرۈلۈشى كېرەك. نۇرغۇن گېنېراللارمۇ دەسلەپتە ئاددىي ئەسكەر ئىدى. ئۇلار ئەسكەرلىكتە چېنىقىپ، نۇرغۇن خىزمەت كۆرسىتىپ ئۆسكەن. بىراق، ۋاڭ شې ئۆسەلمىدى. ئۇرۇش توگىگەندە بىر بەننىڭ باشلىقىمۇ بولالمىدى. بۇنى ۋاڭ شېدىن كۆرۈشكە بولمايدۇ. ئۇنى ئۆستۈرمىدى دەپ كادىرلاردىن كۆرۈشكىمۇ بولمايدۇ. ئۇرۇش بەك تېز ئاخىرلىشىپ كەتتى. ياپونلار شۇنچە ياۋۇزلۇق قىلغان بولسىمۇ، بىراق ئۇرۇش سەككىز يىلدىلا ئاخىرلاشتى. ۋاڭ شې تۇرغان قىسىم ئەڭ ئاخىرقى بىر مەيدان جەڭنى باندىتلار بىلەن توگەتتى. بۇ جەڭ ئاخىرلىشىپ ئۇرۇشىدىغان باندىتلارمۇ قالمىدى. ئۇرۇش بولمىسا، مەرگەنلىكمۇ ئەسقاتمايدۇ ـ دە! كادىرلارنى قايتا ئۆستۈرگەندە، بۇ ئارتۇقچىلىقمۇ شەرت ھېسابلانمىدى.

بىراق، كادىر بولۇشنى ۋاڭ شې ئەزەلدىن ئويلاپ باقمىدى. باشقىلار ۋاڭ شې بىر كۆزىدىن ئايرىلدى، شۇنچە كۆپ مېداللارنى ئالدى، كادىر بولۇشقا ھەقلىق، دەپ قارايتتى.

ياپونلارنى مەغلۇپ قىلىپ، جاڭ جيېشىنى قوغلاپ، كومپارتىيە غوجا بولدى. ئەسكەرلەر يەنىلا مەۋجۇت بولسىمۇ، ئەمما ئىلگىرىكىدەك ئۇنچە كۆپ ئەمەس ئىدى. بىر قىسمى ئائىلىسىگە قايتىپ تېرىقچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى، يەنە بىر قىسمىمۇ تېرىقچىلىق قىلدى. بىراق، ھېچكىمنى يۇرتىغا قايتىپ تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا يول قويمىدى. نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇلار يەنىلا ئەسكەر، ئۇلارغا بەرگەن

يېڭى ۋەزىپە تېرىقچىلىق قىلىش، شىنجاڭغا، قاقاس چۆللۈككە بېرىپ تېرىقچىلىق قىلىش ئىدى، بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇش يېڭى ھاكىمىيەتنىڭ ئىجادىيىتى ئەمەس، بەلكى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلاپ يولغا قويۇلغان.

ھەربىر ئادەمگە بىردىن كەتمەن تارقىتىپ بېرىلدى، كۆپچىلىكنىڭ قولىدىكى قوراللار يىغىۋېلىندى. تېرىقچىلىق قىلىشتا قورال ئىشلەنمەيدۇ ـ دە، شۇنىڭ بىلەن قوراللارنى ئىسكىلاتقا تىقىۋېتىپ، كېرەك قىلغاندا قايتا ئاچىقماقچى بولۇشتى. بۇ ئورۇنلاشتۇرۇشتىن كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى خۇش بولۇشتى. راست گەپنى ئېيتقاندا، كۆپچىلىكنىڭ مىلتىقنى تولا كۆتۈرۈپ مۈرىسى تالدى. مىلتىق كۆتۈرگەن تۇنجى كۈندىن باشلاپ ئۇلار مىلتىق ئىشلەتمەيدىغان كۈنلەرمۇ كېلەر ـ ھە، دېيىشكەنىدى. باشقىلار قولىغا كەتمەننى ئېلىپ مىلتىقنى تاپشۇرغان بولسا، ۋاڭ شي قولىغا كەتمەننى ئېلىپ مىلتىقنى تاپشۇرغۇسى كەلمىدى. ئەترەت باشلىقى:

— قانداق گەپ بۇ، يا مىلتىقنى ئىشلەتكىلى بولمىسا، نېمىشقا تاپشۇرمايسەن؟ — دەپ سورىدى.

— باشقىلار ئىشلەتمىسە، مەن ئىشلىتىمەن.

— نېمىگە ئىشلىتىسەن؟

— ياتقاندا ئۇنى يېنىمغا قويۇپ ياتمىسام، ئۇيقۇم كەلمەيدۇ.

— سېنىڭ راستلا مۇشۇنداق قىلىقىڭ بارمۇ؟

— راست شۇنداق، مەن سىناپ باققان.

— مىلتىقنى تاپشۇرۇۋەت، بۇ يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى، ئۇنداق قىلمىساڭ، بۇنىڭغا جاۋاب بەرمەك تەس.

— بولمىسا مەن مەيدانغا بېرىپ باشلىققا دەي.

مەيدان باشلىقى ئەسلىي بىر يىگىتنىڭ باشلىقى بولۇپ، ۋاڭ شىنى تونۇيتتى، ئەترەت باشلىقى ۋاڭ شىنىڭ مەيدان باشلىقىنى ئىزدىمەكچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ:

— بوپتۇ، بۇ ئۇنچىلىك چوڭ ئىشمۇ ئەمەس، مەيدان

باشلىقنى ئىزدىگۈدەك، ساڭا ئالاھىدە قارايلى، مىلتىق سەندە قالسۇن، ئەمما ياخشى ساقلىغىن، يىتتۈرۈپ قويساڭ بولمايدۇ.

— ئۆزۈمنى يىتتۈرۈۋەتسەم يىتتۈرۈۋېتىمەنكى، مىلتىقنى يىتتۈرۈۋەتمەيمەن.

ھەممە ئادەمنىڭ قولىدىكى مىلتىقنى يىغىۋالدى، پەقەت ۋاڭ شېنىڭلا قولىدا مىلتىق قالدى. بۇ ئالاھىدە ئەھۋالغا ھېچكىمنىڭ پىكرى چىقمىدى، ھېچكىمنىڭمۇ كۆزى قىزارمىدى. كىشىلەر بىر يەرگە يىغىلىپ بۇ ئىشنى تىلغا ئالغاندا ھەممەيلەن دېگۈدەك ۋاڭ شېنى سەل غەلىتە مىجەزى بار دېيىشتى. چۈنكى، ئۇنىڭ يېنىدا مىلتىقى بولمىسا، ئۇيقۇسى كەلمەيتتى. بۇ كېسەللىك بولماي نېمە؟ مىلتىق دېگەن يا خوتۇن بولمىسا قۇچاقلاپ ياتىدىغان !

ئاياللارغا كەلسەك بۇ ئىش چوڭ ئىش. كەچكىچە تېرىقچىلىق قىلغان بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ. تېرىقچىلىق قىلغان يەردىن پەقەت ئاشلىقلا چىقىدۇ. ئاشلىق قورساق مەسىلىسىنى ھەل قىلغان بىلەن باشقا مەسىلىلەرنى ھەل قىلالمايدۇ. ئەرلەر تېرىقچىلىق قىلغاندا ئاياللارنى يادىغا ئالىدۇ، ئاياللارنى خۇددى بىر پارچە يەرگە ئوخشىتىدۇ. ئەۋلادلارنى ئۆزۈپ قويماي ياشاش ئۈچۈن ئاياللاردىن ئىبارەت بۇ يەرگە تېرىقچىلىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ ـ دە.

بۇ بەك قىيىنمۇ ئەمەس. شۇنداق چوڭ ئۇرۇشلارنىڭ ئالدىدا بۇ قانچىلىك ئىش ھېسابلىناتتى. بىرلا بۇيرۇق بىلەن قىزلارنىڭ ھەممىسى يېتىپ كېلىشتى. بۇ قىزلار بىر ـ بىرىدىن چىرايلىق، خۇددى خۇش پۇراق گۈلگىلا ئوخشايتتى. بىراق، كەلگەن بۇ قىزلارنى بىر ـ بىرىدىن پەرقلەندۈرگىلى بولمايتتى. بىر قانچە يىل ئۆتۈپ كەتتى، يەنە بىرنەچچە ئەر كىشى بويتاق ياشاۋاتاتتى. ۋاڭ شېمۇ بويتاق ئىدى. بىر كۆزى كۆرمىگەن بىلەن چىراي شەكلى يامان ئەمەس ئىدى. نېمىلا ئىش قىلسۇن، كۆزى تاقاشمايتتى. لايىق تېپىشتا بۇ ھېچنېمىگە پۈتلاشمايتتى.

ئەلۋەتتە، بۇ سەۋەب بولالمايتتى. يەنە بىرەيلەن تـوكـۇر ئىدى. ئـۇ گـۇرسـۇلدەپ ماڭالمىغان بىلـەن قېرى بىـر قىز بىلـەن ئوبدانـلا چىقىشىپ قالدى. قېلىنلىق يېرىم دۆلەت دېگەن مۇشۇدە ! ئەمما، ۋاڭ شي قىـزلارنى كۆرسە، نېمە دېيـشىنـى بىلمـەي تەمتىـرەپ قالاتتى، قىزلار يېقىنلاشسا، ئۇلارنى بىر قۇچاقلاپ قويۇشتىنمۇ ئـەيمىنـەتتى. نېـمىلا دېگـەنبىلـەن بويتاقچىلىـقنىڭمۇ ئۆزىـگە تـۇشـلۇق ئەۋزەل تەرەپلىرى بار ئىـدى. خوتـۇن ئـېلىـپ ئـۆي - ئوچاقلىق بولسا، موردىن ئىس چىقىرىپ تىرىكچىلىك قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئەتـرەت ئېتىـزدىن يىغىـۋېلىـنغان نەرسـىلەرنى ئـەكېلىـپ خامانغا دۆۋىلىۋەتتى. ئىلگىرى قانچىلىك نەرسىلەرنى ئـەكېلىـپ خامانغا يېيىۋەتسىمۇ يىتمەيتتى. بىراق، يېقىنقى مەزگىللەردىـن بېرى خامانغا يايغان نەرسـىلەر ئازلاپ كـېتىـپ باراتتى. ئەتـرەت باشلىقى بۇ ئەھۋالنى بىلىپ بۇنداق كـېتىۋەرسـە بولمايـدۇ دەپ، خامانغا قارايدىغانغا كۆزەتچى قـويماقچـى بولدى. كىمنى قويۇش كېـرەك؟ كادىرلار يىغىن ئاچقاندا، بـۇ مـەسىلـىنى مۇزاكىـرە قىلىشىپ، ھەممەيلەن ۋاڭ شىنى كۆرسىتىشتى.

ۋاڭ شي تـىلغا ئـېلىنـسا، كىشـىلەر ئـۇنىڭ مىلـتىقى بـار دېمەستىن، بەلكى ئۇنى مەرگەن دېيىشەتتى. بۇمۇ ئـۆز نۆۋىتـىدە بىر ئالاھىدىلىك ھېسابلىنىدۇ، بىراق بۇ ئاساسي شەرت ئەمـەس ئىدى. ئـۇنى دەپ، بۇنـى دەپ كـۆپچىلـىك ئۇنـى بـاب كېلـىدۇ دېيىشتى. چۇنكى ئۇ بويتاق ئىدى. ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولغىلى بـولاتتى، ئـۇ نەرسە - كېرەكلەرنى تـوشۇيالـمايتتى. بۇ ئۇنىـڭ ئـاڭ - سەۋىيـەسىنىـڭ يۇقىرىـلىقىـدىـن ئەمـەس، نـەرسـە - كېرەكلەرنى ئېلىپ ماڭىسىمۇ قويىدىغان يېرى يوق ئىدى، ئېلىپ كەتسىمۇ بەربىر ئىشلىتەلمەيتتى. بويتاق بولغاندىكىن، قـازان قـايناتمـايدۇ، ليەنـدۇينىـڭ ئـاشخانـىسىدا تـامـاق يەيدۇ، بىـراق بويتاقـتىن يـالـغۇز ۋاڭ شىـلا ئـەمەس، كۆزەتچـىلىـككە باشـقا بويتاقـلارنى قويمـاي، ئالاھىدە قـاراپ ۋاڭ شىنى قـويدى. مەيلى

نېمىلا دېمەيلى، ۋاڭ شېنىڭ بىر كۆزى كېرەكتىن چىقتى، بۇ مېيىپ ھېسابلىنىدۇ، ئالاھىدە ئېتىبار بېرىپ قويۇشقىمۇ تېگىشلىك.

شۇنىڭ بىلەن ۋاڭ شې خامانىنىڭ كۆزەتچىسى بولۇپ قالدى.

ۋاڭ شېنىڭ مىلتىقى بولغان بىلەن، ئەمما ھېچكىم ھەۋەس قىلمايتتى، ۋاڭ شې خامانغا كۆزەتچىلىككە بېرىش بىلەن نۇرغۇن ئادەمنىڭ كۆزى قىزاردى. بىرىنچىدىن، خاماندا ھەممە نېمە تېپىلاتتى. ئۇنىڭدىن - بۇنىڭدىن ئاز - تولا ئېلىپ ئىشلىتىۋالسا، ئۇنى - بۇنى ئوغرىلىۋالسا، ھېچكىم بىلمەيتتى. ئىككىنچىدىن، خامانىنىڭ كۆزەتچىسى بولغان ئادەم باشقا ئىش قىلمىسىمۇ بولاتتى. بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشتا تىراكتور يوق، ھەممىدە ئىككى بىلەكنىڭ كۈچىگە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. بىر كۈننى كەچ قىلغۇچە، ھېرىپ ئادەمنىڭ پۇت - قولىدا جان قالمايتتى، بەزىلەر بۇ جاپاغا چىدىماي، باشقا جايغا غىپپىدە تىكىۋېتىشتى.

كۆزەتچىلىكنى ھەممە ئادەم تالىشاتتى. بىراق، ئۆي - ئوچاقلىق ئادەملەر تالاشسىمۇ بەرمەيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ۋاڭ شېنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ بىر كۆزىنىڭ ناكار ئىكەنلىكىنى بىلىشسىمۇ، ئىلگىرىكىدەك ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىشتا يوق، بەلكى قورسىقىدا غۇم ساقلاپ، ئۇنىڭ يەنە بىر كۆزىمۇ قارىغۇ بولۇپ قالسىكەن، دەپ ئويلايتتى.

ئۇلارنىڭ قورسىقىدا غۇم بولغاچقا، ۋاڭ شېغا تازا ياخشى كۆز بىلەن قارىمايتتى. مەيدانغا ئەمگەككە چىققاندا، ۋاڭ شېنىڭ خاماندىكى مەنگەندە ئۇنىڭدىسىغا ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئىچى ئۆرتىلىپ كېتەتتى. ۋاڭ شې كېچىچە ئۇخلىماي خامان باقاتتى. پەقەت كۈندۈزىلا بەخىرامان ئۇخلىۋالاتتى. ماچىڭ ئىسىملىك بىرى پۇرچاق ئوغرىسى ئىدى. ۋاڭ شې بولغاچقا، ئۇ خاماندىن پۇرچاق ئوغرىيالماي ئىچىدە غەزەپلىنىپ يۈرەتتى. ئۇ ۋاڭ شېنىڭ خاماندا ياتقىنىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ قېشىغا باردى، ۋاڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

شېنىڭ پۇتىغا بىرنى تېپىپ، ئۇنى ئويغاتتى، ۋالڭ شې ئورنىدىن قوپۇپ ما چىڭغا سەپسالدى. ئەمما، ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى چۈشەنمىدى. ماچىڭ:

— ھەي، ھورۇن ئېيىق، قوپە ئورنۇڭدىن، ماڭا چاي قايىنتىپ بەر، — دېدى. چاي قايىنتىش ئاشپەزنىڭ ئىشى ئىدى. ۋالڭ شې ئەلۋەتتە ئۇنىمايدۇ - دە، ئۇ ماچىڭغا بىر ئالىيىپ قويۇپ، يەنە ياتتى. مىلتىقى قويىنىدا ئىدى. ماچىڭنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كېلىپ يەنە بىرنى تېپىۋىدى، پۇتى ۋالڭ شېنىڭ پۇتىغا تەگمەي، مىلتىققا تەگدى، ئۇ يەنە ۋالڭ شېنى تېپىپ:

— ھەي، سەنمۇ ئەر بولامسەن، ئوغۇل بالا بولساڭ، قوينۇڭغا قارا كۆسەي مىلتىقنى تىقىپ ياتقۇچە، قىز بالىدىن بىرنى ئەكىرىپ ياتمامسەن، — دېدى.

ماچىڭنىڭ گېپىدىن ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى. ماچىڭ ئۆزىمۇ كۈلۈۋەتتى. ئۇ ئىچىنى بوشىتىۋالغاندەك بولدى، كەينىگە ئۆرۈلۈپ، ئۆزىنىڭ ئىشىنى قىلماقچى بولدى. ئەتراپتىكىلەرمۇ بۇ ئىش شۇ يەردە قالدى، دەپ ئويلىغانىدى. بىراق، ئويلىمىغان يەردىن ۋالڭ شې ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ كەتتى. بىر تېپىك يېگەن مىلتىقمۇ شۇ ھامان ۋالڭ شېنىڭ قولىغا چىقتى. شاراق - شۇرۇق قىلىپ مىلتىق بەتلەندى. ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئىلگىرى ئەسكەر بولغان بولغاچقا، بۇ ھەرىكەتنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى، شۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىك ھاڭ - تاڭ بولۇپ قېلىشتى. سەزگۈررەك كىشىلەر يۈگۈرۈپ كېلىپ ۋالڭ شېنى توستى. ئۇلار ئۇنىڭ قولىدىكى مىلتىققا ئېسىلىش بىلەن مىلتىقتىن پاڭ قىلىپ ئوق چىقىپ كەتتى. كېتىپ بارغان ماچىڭ ئورنىدا جىممىدە تۇرۇپ قالدى. قارا ئىس چىقىۋاتقان مىلتىقنىڭ ئىستوۋۇلىغا قاراپ ئۇنىڭ شۇ ھامان چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتتى. ئوق ئۇنىڭ ئىشتىنىنىڭ ئېغىدىن بۆسۈپ چىقىپ كەتكەنىدى. ئەگەر باشقىلار ئۇنىڭ بىلىكىگە

ئېسىلىۋالمىغان بولسا، كۆرەڭلەپ كەتكەن ماچىك جېنىدىن جۇدا بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭ ھېلىقى بىرنېمىسىمۇ غايىب بولغان بولاتتى. ئىشنىڭ تېگىگە يەتكەن، ماچىك لاسسىدە بوشاپ، يەرگە موككىدە ئولتۇرۇپ قالدى.

ئادەمگە قورال تەڭلەپ ئوق چىقىرىش ھەرگىز كىچىك ئىش ئەمەس. ئەترەت باشلىقىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ ۋاڭ شېنى يالغۇز بىر ئۆيگە سولاپ، مىلتىقنى تارتىۋالدى. ئۈچ كۈندىن كېيىن، ئەترەت باشلىقى كېلىپ ۋاڭ شېدىن خاتالىقىنى تونۇغان - تونۇمىغانلىقىنى سورىدى. ۋاڭ شې خاتالىقىنى بوينىغا ئېلىپ: «ئەسلي ئۆزىمىزنىڭ ئادەملىرىگە قورال تەڭلىمەسلىكىمىز كېرەك ئىدى» دېدى. ئەترەت باشلىقى ۋاڭ شېنىڭ ئىنقىلاب ئۈچۈن جېنىنى تىكىپ كۈرەش قىلغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنىڭ جىنايى ئىشلار جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرمەيدىغانلىقىنى، چىقىپ كەتسە بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ۋاڭ شې ئىشىكنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئەترەت باشلىقىغا قولىنى سۇندى. ئەترەت باشلىقى:

— ھە، نېمە دېمەكچى؟ — دەپ سورىشىغا، ۋاڭ شې:

— ئەترەت باشلىقى، سىز تېخى مېنىڭ مىلتىقىمنى قايتۇرۇپ بەرمىدىڭىز، — دېدى.

ئەترەت باشلىقى ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى - دە:

— سەن راستلا بەك غەلىتە جۇمۇ، شۇنچىۋالا چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزۈپ تۇرۇپ يەنە مىلتىقنى سوراۋاتقانلىقىڭنى قارا، — دېدى.

— ئەمدى چاتاق تېرىمايمەن، — دېدى ۋاڭ شې.

— ئۇنىڭغىمۇ بولمايدۇ، مەن بۇنداق پىرىنسىپسىزلىق قىلسام بولمايدۇ. مىلتىقنى بېرىپ قويۇپ، راستلا بىرەر ئىش چىقىپ قالسا، مەن بۇ مەسئۇلىيەتنى ئۈستۈمگە ئالالمايمەن.

— مىلتىقنى راستلا بەرمەمسىز؟

— ئەلۋەتتە، بىرىشكە بولمايدۇ، بۇنى پارتىيە ياچېيكىسى يىغىن ئېچىپ قارار قىلدى.

ئەترەت باشلىقى بەرمەيمەن دېسە ۋاڭ شېنىڭمۇ ئامالى يوق، ئۇ لام - جىم دېمەي كەينىگە يېنىپلا نەزەربەندخانىغا كىرىپ كەتتى. ئەترەت باشلىقى:

— بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ — دېدى.

— مىلتىقنى بەرمىسىڭىز، مەن بۇ يەردىن چىقمايمەن.

— مەن هازىرغا قەدەر ساڭا ئوخشاش قارا ئۆڭكۆرنى خالاپ يېتىۋالىدىغان ئادەمنى كۆرۈپ باقماپتىمەن.

ئەترەت باشلىقى ۋاڭ شېغا پەرۋا قىلماي ئۆز ئىشىغا ماڭدى. نەزەربەندخانىنىڭ ئىشىكى ئوچۇق قالدى. ئەترەت باشلىقى قۇلۇپمۇ سالمىدى.

ئەترەت باشلىقى ئىشنى تۈگىتىپ چۈشتىن كېيىن قايتىپ كەلدى. ئۇ نەزەربەندخانىنىڭ ئىشىكى ئوچۇق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ «ۋاڭ شېنى كەتكەن بولۇشى مۇمكىن» دەپ ئويلىدى. ئىشىكتىن بېشىنى تىقىپ، ۋاڭ شېنىڭ ئورۇندۇقتا ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ۋاڭ شې ئورۇندۇقتا خۇددى قاتۇرۇپ قويغاندەك ئولتۇراتتى. ئەترەت باشلىقى ئۇنىڭغا:

— سېنى چىقىرىۋەتسەم، كەتمەمسەنغۇ؟ ئەمدى بۇنى مېنىڭدىن كۆرمە، — دېدى.

ئەترەت باشلىقىمۇ ناهايىتى جاهىل، ئۇ ۋاڭ شېنىڭ بۇخىل هالىتىنى كۆرۈشنى خالىمايتتى. ۋاڭ شېنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان بولسا، مىلتىقنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بەرگەن بولاتتى. كۆڭلىدە «قېنى، ۋاڭ شې، سېنىڭ سەۋرىڭ قانچىلىككىن، مىلتىقىڭنى قايتۇرۇپ بەرمەيمەن، قېنى نەزەربەندخانىدا قانچە ئۇزاق ياتىسەنكىن، مەن سېنىڭ بۇ يەردە مەڭگۈ ياتىدىغانلىقىڭغا ئىشەنمەيمەن» دەپ ئويلىدى.

ئەترەت باشلىقىنىڭ ئويى ئازراقمۇ خاتا ئەمەس ئىدى. ۋاڭ شېنىڭ ئەتىدىن - كەچكىچە نەزەربەندخانىدا تۇرىۋېرىشى مۇمكىن

ئەمەس ئىدى. ئەترەت باشلىقى ئاشپەزدىن ۋاڭ شېغا تاماق كىرگۈزۈپ تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما ۋاڭ شې بىر كاپامۇ يېمىدى. بىرىنچى كۈنىمۇ تاماق يېمىدى، ئىككىنچى كۈنىمۇ يېمىدى، ئۈچىنچى كۈنى ئەترەت باشلىقى ئاچچىقىدا ئۇلتۇرالماي قالدى. ئۇ كۈنى دەل دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ باشلىقى كەلگەنىدى، ئەترەت باشلىقى بۇ ئىشنى مەيدان باشلىقىغا سۆزلەپ بەردى.

مەيدان باشلىقىنىڭ فامىلىسى يۈي بولۇپ، ئۇرۇش ۋاقتىدا ھەممە ئادەم ئۇنى تۇەنجاڭ دەپ ئاتايتتى. بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلغاندىن كېيىن، كىشىلەر ئۇنى مەيدان باشلىقى دەپ چاقىرىدىغان بولدى. مەيدان باشلىقى بۇ ئىشنى ئاڭلاپ، شىرەگە پاققىدە ئۇرۇپ:

— بۇ قانداق گەپ، ئادەمگە قورال تەڭلەپ ئوق چىقارغان ئادەمنى جازالاپ، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورنىغا ئاپىرىۋېتىش كېرەك، — دېدى. ئەترەت باشلىقى:

— بۇ ئىشنى باشقىلار قىلمىدى، — دېدى.

— ئەمىسە كىم قىلدى، — دېدى مەيدان باشلىقى.

— ۋاڭ شې قىلدى.

ۋاڭ شېنىڭ گېپى چىقىشى بىلەن مەيدان باشلىقى كۈلۈپ قويدى ـ دە، مۇنداق دېدى:

— بۇ كاساپەتنىڭ مىجەزى ئۇسال، مېنىڭچە بولدى قىلايلى، مىلتىقنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بېرىڭ، بۇنىڭدىن كېيىن دىققەت قىلسۇن.

ئەترەت باشلىقى مىلتىقنى ۋاڭ شېغا قايتۇرۇپ بېرىۋېتىپ: بۇ ئىشقا مەيدان باشلىقى ئارىلىشىپ قالدى، — دېدى. ۋاڭ شې قولىغا مىلتىقنى ئېلىپلا ئاختاملىققا چىقتى ـ دە، كالىدىن بىرنى ئېتىپ، مەيدان باشلىقىنىڭ ئالدىغا كۆتۈرۈپ كېلىپ، ئۇنىڭغا ھەربىيچە چاس بەردى. مەيدان باشلىقى ماڭىدىغان چاغدا ئۇنىڭغا كالىنىڭ گۆشىنى كۆتۈرتۈپ قويدى. مەيدان باشلىقى ۋاڭ

شىنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ:

— ھازىر دەۋر ئۇخشىمايدۇ، كەچكىچە مىلتىققىلا ئېسىلىپ يۈرسەڭ بولمايدۇ، — دېدى.

«ما چىڭ تاسلا قالدى ھېلىقى بىرنېمىسىدىن ئايرىلىپ قالغىلى، — دەپ ئويلايتتى كىشىلەر، — ھەممەيلەن ۋاڭ شى ئەمدى تۈگەشتى دەپ ئويلىغانىدى. بىراق، ۋاڭ شى ھېچقانداق جازاغا ئۇچرىمىدى. قارىغاندا، ۋاڭ شىغا چېقىلغىلى بولمايدىغان ئوخشايدۇ.» كىشىلەر بۇ نۇقتىنى چۈشەنگەندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن ئەيمىنىدىغان، ئۇنىڭغا قالايمىقان چاقچاق قىلمايدىغان بولۇشتى. بىراق، ئۇلار كۆڭلىدە ۋاڭ شىغا تازا ياخشى قاراشتا ئەمەس ئىدى. ئۇنى سەل ياۋايى، ئەتىدىن - كەچكىچە ئىش قىلماي، مىلتىقىنى ئېسىپ قاتراپ يۈرگىنى يۈرگەن، خۇددى يۈگەنسىز باندىت، قاراقچىغا ئوخشايدۇ، دەيتتى.

بۇ پەقەت ئۇلارنىڭ ئويى، ئوي دېگەن تازا ئىشەنچلىك ئەمەس، ئۇ ئادەمگە ئۇزاق ھەمراھ بولالمايدۇ. ئادەم بىرەر ئىشقا يولۇققان ھامان، ئۇ دەرھال ئۆزگىرىدۇ. ۋاڭ شىنى ئىچ - ئىچىدىن ئۆچ كۆرىدىغان ماچىڭ مانا ئەمدى ئۇنىڭ ياخشى گېپىنى قىلىدىغان بولدى. ئۇ: «ئەگەر ۋاڭ شى بولمىغان بولسا، بۇ كۈنلەرنى قانداق ئۆتكۈزەتتۇقكىن» دەيتتى.

ئوي - خىيال دېگەن بەك تېز ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. نۇرغۇن ئادەمنىڭ ئوي - خىيالىنى بىر يەرگە ئەكەلمەك ئۇنداق ئاسان ئەمەس. ئاشۇ كۈنلەردە، بۇ جايدا ناھايىتى چوڭ بىر ئىش يۈز بەردى. شۇنداق، زور بىر ئىش يۈز بەردى. بۇ بىر جاينىڭ ئىشى ئەمەس، پۈتكۈل دۆلەتنىڭ ئىشى ئىدى. ئاچارچىلىق يۈز بېرىپ، بەزى ئادەملەر ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىپ باراتتى. بۇ خەۋەر چېگرا رايونىغا يېتىپ كەلگەندە، بىز باشتا ئىشەنمىدۇق، ئاچارچىلىقتىن ئۆلۈپ كېتىدىغان ئىشلار پەقەت كونا جەمئىيەتتىلا يۈز بېرەتتى. ھازىر دېگەن يېڭى جەمئىيەت تۇرسا، يېقىندا كوممۇنىزمغا يېتىمىز دەۋەتساق، قانداقسىگە ئاچلىقتىن

ئادەم ئۆلىدۇ. چوقۇم دۈشمەنلەر ئىغۋا تارقاتقان گەپ. بىراق، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئىشەنمەيمۇ تۇرالمىدۇق. ئاۋۋال خاماندىكى ئاشلىقلارنى تاغارلارغا قاچىلاپ ئېلىپ مېڭىشتى، بۇنداق بولۇشى ئىچكى ئۆلكىلەردىكى سىنىپىي قېرىنداشلارغا جىددىي ئېھتىياجلىق ئىكەن. خاماندىكى ئاشلىق تۈگىگەندىن كېيىن ئاشخانىدىكى مومىنىڭ ئورنىغا قوناق مومىسى پەيدا بولدى. بۇنى ئۇن بىلەن ئەمەس، كىراخمال بىلەن ئېتەتتى، يەنى بېدىنى قۇرۇتۇپ تالقانلاپ ئېتەتتى. بۇنى چوشقىمۇ يېمەيتتى. مانا مۇشۇنىمۇ قورسىقىمىز تويغۇدەك يېيەلمەيتتۇق. شۇنىڭ بىلەن بەدەنلىرىمىز ئىششىپ، سوغۇق تەرلەيدىغان بولۇپ قالدۇق. نەپسىمىز قىسىلىپ، بارغانسېرى يېنىكلەپ، خۇددى كەچ كۈزنىڭ سارغايغان ياپرىقىدەك، ئازراقلا شامال چىقسا، بىزنى ئۇچۇرتۇپ ئۇينايدىغان بولۇپ قالدى.

ئەمگەك قىلىشقا چامىمىز يەتمىدى. ھەممىمىزنىڭ قولىدا تاماق قاچىسى، دەرەخ قوۋزاقلىرى بىلەن ياۋا كۆكتات سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئاشخانىنىڭ ئالدىدا ئۇزاق ئۆچىرەت تۇراتتۇق. مۇشۇنداق كېتىۋەرسەك، ئۇزۇن ياشىيالمايدىغانلىقىمىز ھەممىمىزگە ئايان ئىدى. كۆزلىرىمىز چەكچىيىپلا قالدى. ئەزرائىل ئەتراپىمىزدا خۇددى سايىدەك ئەلەڭگۈيتتى.

شۇ كۈنى، بىزنىڭ ئوي - خىيالىمىز ئۆزگەردى. باشقا نەرسە ئەمەس، ۋاڭ شېغا بولغان ئوي - خىيالىمىز ئۆزگەرگەنىدى. بىز يەردە ئولتۇرۇپ، ئاشخانىنىڭ تامىقىغا ئۆچىرەت تۇرغاندا، ۋاڭ شېنى ئويلىماپتۇق. ئۇنى ئەمەس، قورساقنىڭ غېمىدە، ھەتتا خوتۇن، بالا - چاقىلارنىمۇ ئۇنتۇپ قالغانىدۇق. بىر چاغدا، ۋاڭ شېغا كۆزىمىز چۈشۈپ قالدى. ئۇ ئالدىمىزدا پەيدا بولۇپ قالغانىدى. ئۇ دولىسىغا مىلتىقنى ئېسىپ، ئاتتىن بىرنى يېتىلەپ، توپىلىق يول بىلەن يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئىككى مەڭزى قىپقىزىل ئىدى. بىر قاراپلا ئۇنىڭ بىزگە ئوخشاش ئاشلىق ئازابىنى تارتمىغانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. ئەتراپ

جىمجىت، پەقەت ئۇنىڭ قەدەم ئېلىشلىرىغا ئاتنىڭ تۇيىقىدىن چىققان ئاۋازلار قوشۇلۇپ، ئاپتاپتا قۇرۇپ ــ قاغجىراپ چاك ــ چاك يېرىلغان يەرلەردىن يېتىپ كېلەتتى. بۇ ئاۋاز سۇس ناغرا ئاۋازىغىمۇ ئوخشاپ قالاتتى.

بىز ئۆرۈلۈپلا ۋاڭ شېنى كۆردۇق. كۆزلىرىمىز خۇددى چىراغدەك چاقناپ كەتتى. بۇلۇتلۇق ئاسماننىڭ چېھرى پاللىدە يورۇپ كەتكەندەك، خۇددى قەھرىتاندا قالغان ئادەم تۇيۇقسىز قۇياشنى كۆرگەندەك پۈتۈن بەدىنىمىزگە بىر ئىللىق سېزىم تارىدى.

ۋاڭ شېنى بىراقلا قۇياشتەك كۆرسىتىشۋەتكەن نەرسە، ئۇنىڭ دولىسىدىكى مىلتىق ئەمەس ياكى ئۇ يېتىلىۋالغان ئاتمۇ ئەمەس، بەلكى سېمىز ئىككى بۇغا ئىدى، بۇ ئىككى بۇغا ئۇنىڭ مىلتىقىنىڭ ئوقىدا جېنىدىن جۇدا بولۇپ، ئاتنىڭ ئېگىرىدە سۇنايلىنىپ تۇراتتى. ۋاڭ شې ئېتىنى يېتىلەپ بىزگە بارغانسېرى يېقىنلاپ كەلدى. بىز قان تېمىپ تۇرغان بۇغىنىڭ تېنىدىن گۆشنىڭ پۇرىقىنى سەزدۇق.

ئاھ، خۇدا، بىزنىڭ گۆش دېگەننى كۆرمىگىنىمىزگە نەچچە ئايلار بولۇپ كەتتىغۇ! بىز شۇنىڭدىن كېيىن، نەچچە كۈندە بىر دۈملەپ پىشۇرۇلغان ئوۋ گۆشىگە ئېغىز تېگىدىغان بولدۇق. ئەترەت باشلىقى ئۇنىڭغا باشقا ھېچقانداق ئىش قىلماسلىقنى، ئاشۇ بىرلا ئىشنى قىلىشنى ئېيتتى. ئاشۇ كۈنلەردە، ۋاڭ شې بىزنىڭ ئۈمىد چىرىغىمىزغا ئايلاندى. ئۇ مىلتىقنى دولىسىغا ئېسىپ، ئېتىنى مىنىپ ئوۋغا ماڭسا، ھەممىمىز ئۇنىڭ كەينىدىن ئىشىك ئالدىغىچە ئۇنى ئۇزىتىپ چىقاتتۇق، ئۇنىڭ بالدۇرراق ئامان ــ ئېسەن قايتىپ كېلىشىنى تىلەيتتۇق.

بىراق، ۋاڭ شې بارا ــ بارا كەچ كېلىدىغان بولدى. كېيىنچە، بىر چىقىپ كەتكەنچە بىر قانچە كۈندە ئاران بىر قېتىم كېلىدىغان بولدى. بۇنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولمايتتى. يېقىن ئەتراپتىكى ئۇچار قانات ۋە ھايۋانلار ئۇنىڭ

ئوقىدا بارغانسېرى ئازلاپ كېتىپ باراتتى، ئۇ يىراقىراق يەرگە بېرىپ ئوۋ ئوۋلاشقا توغرا كەلدى. شۇڭا، يولغا نۇرغۇن ۋاقىت كېتەتتى. مەيلى نېمىلا بولسۇن، ۋاڭ شي بىزنىڭ ئالدىمىزدا پەيدا بولسىلا، بىزگە خۇشاللىق ئېلىپ كېلەتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئېتىنىڭ ئېگىرىدە بىز خىيال قىلغان نۇرغۇن نەرسىلەر هازىر بولغان بولاتتى.

شۇ يىللىرى، ئېيتىشلارغا قارىغاندا مەملىكەت بويىچە ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتكەنلەر بەكلا كۆپ ئىكەن. بىراق، بۇ قاقاس چۆللۈكتە، بىزنىڭ ئارىمىزدىن ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىدىغانلاردىن تېخى بىرەرىمۇ چىقمىدى. بىز ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتمىدۇق، ئەمما ئۇچار قانات ۋە هايۋانلاردىن نۇرغۇنى ئۆلۈپ كەتتى. نېمە ئامال بولسۇن، نۇرغۇن ئىشلار مۇشۇنداق بولىدۇ، ئۇلارنى ئېتىپ يېمىسەك، بىز هايات قالالمايمىز - دە. ۋاڭ شېنىڭ مىلتىقى بىزنى ئاچ قويمىدى، بىزنىڭ هاياتىمىزنى قوغداپ قالدى. بىز ئۇنىڭ قىلغان ياخشىلىقىنى هەرگىز ئۇنتۇپ كېتەلمەيمىز. ئۇنتۇپ قالماسلىق بىلەنلا ئىش پۈتمەيدۇ، ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. قانداق جاۋاب قايتۇرۇش كېرەك. بىز بىرلىكتە مەسلىھەتلەشتۇق، كۆپچىلىك تولا باش قاتۇرۇپ: «ۋاڭ شي يەنىلا بويتاق ئۆتۈۋاتىدۇ» دېيىشتى. ئۇنىڭغا پەقەت خوتۇنلا كەمچىل ئىدى. ۋاڭ شېنىڭ قىلغان ياخشىلىقىغا جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن، باشقا ئىشلارنى ئويلاشماي، خوتۇن تېپىپ بەرسەك بولاتتى. بۇ هەم بىزنىڭ بۇرچىمىز ئىدى.

ئۇياق - بۇياققا قولاق قېقىپ، خېلى يولىنى قىلغان بولساقمۇ، ئۇنىڭغا تۈزۈك لايىق چىقمىدى. باشقا سەۋەبتىن ئەمەس، قىزلار يوق ئىدى. قىزلار بىزنىڭ بۇ يەردىكى يىگىتلەردىن ئاشمىدى. ئەگەر بالدۇرراق بىلگەن بولساق، بىر - ئىككى قىزنى ئېلىپ قالغانمۇ بولاتتۇق. بەزىلەر سەل جىددىيلىشىپ قالدى، ئۇلار ئەگەر ۋاڭ شي يامان ئالمىسا، توغرا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كۆرسە، ئۆيگە بېرىپ خوتۇنى بىلەن ئاجرىشىپ، ئۇنى ۋاڭ شېغا ئېلىپ بەرمەكچىمۇ بولۇشتى. بۇ گەپلەرنى ئېغىزدا دېگەن بىلەن، ئەمما ئەمەلىيەتتە كۆرسەتمەك ئۇنداق ئاسان ئەمەس ئىدى. بىزنىڭ بۇ يەردىكى ئاياللار بىر يەرگە كەلسە، بۇنداق مىش - مىش گەپلەر غولداپ كېتەتتى. ۋاڭ شېنىڭ گېپى چىقسا، ئۆز ۋاقتىدا قىزلار ئۇنىڭ بىر كۆزى قارىغۇ ئىكەن دەپ تەگكىلى ئۇنىمىغان، دېيىشەتتى. ئەمدى قارايدىغان بولساق، قارىغۇ ۋاڭ شې ئەمەس، ئەسلى ئاشۇ قىزلار ئىكەن، ۋاڭ شېغا تەگكەن بولسا، نەقەدەر ياخشى بولغان بولاتتى - ھە ! ئەڭ بولمىدى دېگەندە، قورساقنىڭ غېمىدىن قۇتۇلغان، دائىم ئوۋ ھايۋانلىرىنىڭ گۆشىنى يەپ تۇراتتى ئەمەسمۇ. ئۇ قىزلار ئەمدى لايىق تاللىغان بولسا، ئەڭ ئاۋۋال چوقۇم ۋاڭ شېنى تاللىغان، ئاندىن بىزنى ئويلاشقان بولاتتى، مانا ئەمدى قىزلارغا بۇ پۇرسەتمۇ يوق. شۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىكنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئۇلارنى يۇرتىغا خەت يازدۇرۇپ، شۇ يەردىكى قىزلاردىن ئەكەلدۈرۈشنى ئويلاشتۇق. ئۇ يەردىن قىزلار بۇ يەرگە كەلسە، ئاچلىقتىن قىينالمايدۇ، گۆشمۇ يېيەلەيدۇ، بۇ تەرىپىنى ئويلىسا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ يەرگە جان دەپ كېلىشى تۇرغان گەپ. ماچىڭ ھاماچىسىنىڭ بىر قىزى بارلىقىنى، تېخى ياتلىق بولمىغانلىقىنى، خەت يېزىپ ئۇنى ئەكەلدۈرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن ماچىڭغا دەرھال بىر پارچە خەت يازدۇرماقچى بولدۇق، ئۇ: «مەن خەت يېزىشنى بىلمەيمەن» دېدى. ليەندۇينىڭ كاتىپىنى چاقىرتىپ كېلىپ يازدۇردۇق. خەت يېزىلىپ بولغاندىن كېيىن، مەيداننىڭ پوچتىخانىسىغا ئاپىرىپ سېلىۋەتتۇق. مۇشۇنداق خەتتىن بىرلا ۋاقىتتا ئون نەچچە پارچىنى سېلىۋەتتۇق. بولسا قىزلاردىن كۆپرەك ئەكېلىپ، ۋاڭ شېنى شۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرنى تاللىسۇن دېدۇق. بۇ بىزنىڭ ۋاڭ شېغا بىلدۈرۈۋاتقان سەمىمىي كۆڭلىمىز ئىدى.

ئۇ ۋاقىتلاردا قاتناش ناھايىتى قالاق بولغاچقا، بىر پارچە خەت

بىر ئايدا ئاران دېگەندە شىنجاڭ چېگراسىدىن چىقىپ بولاتتى. ئۇزۇن مۇساپىلىك تاغ ـ داۋانلىق يوللار ئىشلارغا نۇرغۇن قولايسىزلىقلارنى ئېلىپ كەلگەندى. باشقا ئىشلارنى ئاسقاتقان بولسىمۇ كارى چاغلىق ئىدى، بىراق بىزنىڭ ۋاڭ شېغا بولغان ياخشى كۆڭلىمىزگە دەخلى قىلسا، ھەقىقەتەن غەزىپىمىزنى قوزغايتتى. كۆنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇن نەچچە قىزنى ۋاڭ شېنىڭ ئالدىغا قاتار تۇرغۇزۇپ قويۇپ، ۋاڭ شېنى بىر خۇش قىلمۇەتسەك دەپ ئويلايتتۇق. بىز كۈتكەن ئاشۇ كۈن تېخى يېتىپ كەلمەيلا ۋاڭ شې بىزنى ھەيران قالدۇردى. ئۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن قۇياش تاغ كەينىگە ئولتۇراي دېگەندە، ۋاڭ شې ئېتىنى يېتىلەپ، غەرب تەرەپتىن يېتىپ كەلدى. ئاتنىڭ ئۈستىگە بىر جەرەننى ئارتىۋالغانىدى، كەينىدە يەنە بىر قىزمۇ ئولتۇراتتى.

يىراقتىكى بىر توپىلىق دۆڭدە بىر قارا چېكىتنىڭ قىمىرلاۋاتقانلىقى كۆرۈندى. ۋاڭ شې ئۇنى چوقۇم كالا بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ، دەرھال قولىغا مىلتىقنى ئالدى. قارا چېكىت بارا ـ بارا روشەنلەشتى. ئۇ نەرسە تۆت پۇتلۇق ھايۋانغا سەل ئوخشىماي قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قولىدىكى مىلتىقنى چۈشۈرۈپ ئالدىغا قاراپ ماڭدى. ئالدىغا ئۆتۈپ شۇنداق قارىشىغا، قارا چېكىت ئادەم بولۇپ قالدى. ئۇ ئادەملا ئەمەس، بىر قىز ئىدى. يەنە كېلىپ ياش قىز ئىدى. بۇ قىز ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالايلا دېگەنىدى.

قىز پۇتۇنلەي ھالىدىن كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما تېخى ھايات ئىدى. ئۇ شۇنچە تىرەجەپ باققان بولسىمۇ ئورنىدىن تۇرالمىدى. قىز ۋاڭ شېنى كۆرۈپ قورقۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، خۇشال بولدى ۋە كۈلۈپ قويۇپ:

ـــ مەن بەك ئۇسساپ كەتتىم، ـــ دېدى. ۋاڭ شې سۇدانىنى ئېلىپ ئېچىشتى. سۇدانىنى قىزغا بەرمەي، سۇدانىدىكى سۇنى قىزنىڭ ئاغزىغا تېمىتتى. قىز سۇنى ئىچىپ:

— قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى، — دېدى. ۋاڭ شى ئېلىۋالغان موممىنى ئۇنىڭغا بەردى. قىز موممىدىن بىرنى يەۋېتىپ يەنە يەيمەن دېدى. ۋاڭ شىنىڭ يېنىدا پەقەت يەنە بىر تاللا موما قالغانىدى. ۋاڭ شى:

— كىچىككىنە چىداڭ، بولامدۇ، — دېدى.

— بولىدۇ، — دېدى قىز.

— ۋاڭ شى قىرغاۋۇلدىن بىرنى ئېتىپ، شاخ ـ شۇمبىلارنى تېرىپ ئوت يېقىپ ئۇنى پىشۇردى. قىرغاۋۇلنىڭ گۆشىنى يەپ، قىزنىڭ پۇت ـ قولىغا جان كىرىپ ئولتۇرغۇدەك بولدى. قىز:

— ئىسمىم يۈ خۇا، — دېدى.

ۋاڭ شى ئېتىنى يېتىلەپ، ئاشخانىنىڭ ئالدىغا كەلدى، جەرەننى ئاشپەزگە تاپشۇرۇپ بېرىپ، قىسمىغا قايتتى. يۈ خۇانى ئاتتىن چۈشۈرۈپ قىسىم جايلاشقان ھويلىنىڭ ئىشىكىنى كۆرسىتىپ:

— كىرىڭ، — دېدى.

— بۇ سىزنىڭ ئۆيىڭىزمۇ؟

— بۇ قىسىم جايلاشقان ئورۇن، — ۋاڭ شى شۇ گەپنى دەپ تۇرۇشىغا ئەترەت باشلىقى چىقىپ قالدى، — ئەترەت باشلىقى، بۇ قىزنى ئاۋۇ چۆللۈكتىن تېپىۋالدىم، سىزگە تاپشۇرۇپ بېرەي.

بۇنىڭ زادى نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئەترەت باشلىقى ئاڭقىرىپ بولغۇچە، ۋاڭ شى كەينىگە ئۆرۈلۈپلا ئۆزىنىڭ قاراڭغۇ كۆلبىسىگە قاراپ يول ئالدى. ئۇ ئەمدى ئىشىكنىڭ ئالدىغا بېرىشىغا، كەينىدىن كەلگەن شەپىنى ئاڭلاپ قالدى ـ دە كەينىگە ئۆرۈلۈپ يۈ خۇانىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى ۋە:

— مېنىڭ كەينىمدىن نېمىگە ئەگىشىپ كېلىسىز؟ — دېدى.

— سىز مېنى قۇتقۇزۇپ قالدىڭىز، ئەلۋەتتە، سىزنىڭ

كەينىڭىزدىن ئەگىشىپ ماڭىمەن ـ دە.
ۋاڭ شي ئۆيگە كىرىۋىدى، يۆ خۇامۇ ئۇنىڭ كەينىدىن كىردى. ئۆي كۆز بىلەن كۆرگۈسىز مەينەت، قالايمىقان ئىدى. ئەمما، يۆ خۇا ياقتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئەمدى ئۇسسۇزلۇقى قېنىپ، قورسىقىمۇ تويغانىدى. ئۇ ۋاڭ شىغا ئاز ـ تولا ياردەملىشىپ بېرەي دەپ ئويلىدى. ۋاڭ شىنىڭ بۇ ئۆيىنى كۆرۈپ، قىلىدىغان خېلى كۆپ ئىشىنىڭ بار ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇ ۋاڭ شىنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا، يەڭلىرىنى تۈرۈپ ئىشقا كىرىشتى.

ۋاڭ شي يۆ خۇا بىلەن توي قىلىدىغان بولدى. دەسلەپ يۆ خۇا:
— بىزتوي قىلىمىساقمۇ بولىدۇ، لېكىن قانداق ئىشنى قىلدۇرىمەن دېسىڭىز ھەممىنى قىلالايمەن، ھەتتا پۇتىڭىزنى يۇيۇش، ھالىڭىزدىن خەۋەر ئېلىش، سىزگە ھەمراھ بولۇپ ئۇخلاشقىچە بولغان ئىشلارمۇ قولۇمدىن كېلىدۇ، — دېدى. ۋاڭ شىنىڭ سەل ئاچچىقى كېلىپ:
— يا يىراقراق بىر يەرگە كېتىڭ، يا مەن بىلەن توي قىلىڭ، — دېدى.
— بولىدۇ، بولىدۇ، ئەمىسە توي قىلايلى، — دېدى يۆ خۇا.
ۋاڭ شىنىڭ توي قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ھەممە كىشى يېتىپ كەلدى. ئۇلار قۇرۇق قول كەلسە بولمايتتى. ئاز ـ تولا بىر نەرسە ئېلىپ كېلىشكە توغرا كېلەتتى. ئەكېلىدىغان نەرسە تاپالماي، رەسىم ئېلىپ كېلىشتى. مەيداندا بىر كىتابخانا بولۇپ، ئۇنىڭدا داھىيلارنىڭ رەسىمىدىن باشقا مەنزىرە رەسىملىرى سېتىلاتتى. رەسىملەرنىڭ ھەممىسى بىراقلا سېتىلىپ تۈگىدى. ۋاڭ شىنىڭ ئۆيىنىڭ تۆت تېمى پۈتۈنلەي مەنزىرە رەسىملىرى بىلەن تولدى، كىتابخانىدىن رەسىم سېتىۋېلىشقا ئۈلگۈرەلمىگەنلەر لۆڭگە ئوخشاش نەرسىلەرنى سېتىۋېلىپ ھەدىيە قىلىشتى. بۇ نەرسىلەرنىڭ نەرخى ئەرزان بولسىمۇ، ئەمما

ئۇلارنىڭ كۆڭلى ئىدى، ھەتتا ئەترەت باشلىقى توي قىلغاندىمۇ، بۇنچىۋالا كۆپ ئادەم كەلمىگەن، كىشىلەر بۇنچىۋالا كۆپ نەرسىلەرنى ئەكەلمىگەنىدى.

بۇنىڭدىن ئەجەبلىنىشكە بولمايدۇ. ۋاڭ شې كىم؟ ۋاڭ شې دېگەن مېھرى - شەپقەت يەتكۈزگۈچى - دە!

يۆ خۇا راستلا يېڭى ئېچىلغان گۈلگە ئوخشايتتى، قارىسا ئادەمنىڭ كۆزى قامىشاتتى، كۆڭلىنى ھاياجانغا سالاتتى. بىز ھەۋەس قىلىساقمۇ، ئەمما ھەسەت قىلمايتتۇق. بىز ۋاڭ شېنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ ئۇنى تەبرىكلەشتۇق، ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇش بولۇشتۇق. خوتۇنلىرىمىز يۆ خۇانى ئورىۋېلىپ ئۇنىڭ باش - ئايىغىغا قارايتتى، ئۇنى ماختايتتى، ئۇنى بىر دەستە گۈلگە ئوخشىتاتتى. يۆ خۇانى سىز نېمىدېگەن تەلەيلىك دەپ تەنتەنە قىلىشاتتى. بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرى ئاچچىق بولۇپ قالغانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى.

يۆ خۇانى ئېتىز ئىشلىرىغا سالمىدى، ئۇنى ۋاڭ شېنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالسۇن دەپ، ئۇنىڭ كەينىگە سېلىپ قويدى. ئۇلارغا ئاتتىن يەنە بىرنى بەردى. ۋاڭ شې ئوۋغا چىقسا، يۆ خۇامۇ بىرگە چىقاتتى. دالاغا چىقىپ ۋاڭ شې ئاۋۋال قىرغاۋۇل بىلەن ياۋا توشقان ئاتتى. ئىككىيلەن دالادا مەززە قىلىپ يېيىشتى. قورسىقىنى تويغۇزۇشۇپ، ئوۋ ئېتىشقىمۇ ئالدىراپ كەتمەي، توغراقنىڭ ئاستىغا بىر پارچە ئەدىيالنى سېلىپ، ئارام ئالماقچى بولۇشتى.

يۆ خۇا بولمىغان بولسا، ۋاڭ شې بىردەمدىلا ئۇيقۇغا كەتكەن بولاتتى، ئەمما ئۇ يۆ خۇاغا قاراپ زادى ئۇخلىيالمىدى. قورسىقى تويغان بىلەن، ئەمما كۆڭلى قانداقتۇر بىر نەرسىنى خالاپ تۇراتتى. ۋاڭ شېنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنگەن يۆخۇا ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ياتتى. ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىپ ئۇخلىسا تېخىمۇ قېنىپ ئۇخلىيالايدۇ - دە.

ئۆيگە كەلگەندە ۋاڭ شې ھېچ ئىش قىلمىدى، بىرەر ئىش

قىلاي دېسىمۇ، يۈ خۋا ئۇنى قىلدۇرمىدى. ئۇ سۇ ئېلىپ كېلىپ ۋاڭ شېنىڭ پۇتلىرىنى يۇدى، ئۇۋۇلاپ ئۇنى ئۇخلىتىپ قويدى.

بىزنىڭ بۇ يەردە ھازىر ۋاڭ شېدىنمۇ بەختلىكرەك بىرەرنى تاپقىلى بولمايتتى. ۋاڭ شې بۇنى چۈشەنگەن بولسا كېرەك، ئۇ ئىشلارنى تېخىمۇ كۈچەپ قىلىدىغان بولدى. ئىلگىرى تۆت - بەش كۈندە بىر ئۇۋ ئۇۋلاپ كېلىپ تۇرمۇشىمىزدىن خەۋەر ئالسا، ھازىر بىر كۈن تۇرۇپ بىر كۈن بىزگە دۈملەپ پىشۇرۇلغان ئۇۋ گۆشى يېگۈزىدىغان بولدى.

بىز ئەمدى ئىلگىرىكىگە ئوخشاش ۋاڭ شېنىڭ ئېتىنى يېتىلەپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بويۇنلىرىمىزنى سوزۇپ، ئاغزىمىزنى ئېچىپ، خۇددى قۇياشنى كۆرگەندەك تۇيغۇدا بولمايدىغان بولدۇق. ئاچارچىلىق يىللىرى ئۆتۈپ، دۆلەت ئەھۋالى بارغانسېرى ياخشىلىنىۋاتاتتى. ئەمدى ئىلگىرىكىدەك ياۋا كۆكتات ۋە ياۋا ئوت - چۆپلەرنى يېمەيدىغان بولدۇق، چۈنكى ھەممە يەردە سوتسىيالىزم ياخشى دېگەن جاراڭلىق ناخشىلار ياڭراشقا باشلىغانىدى، يەنى ۋاڭ شې ئۇۋ ئۇۋلاپ كەلمىسىمۇ، قورسىقىمىز ئاچ قالمايدىغان بولدى. ئەترەت باشلىقى:

— ۋاڭ شې، سەن ئەمدى ئۇۋغا چىقمىساڭمۇ، خامان بېقىشقا بارمىساڭمۇ بولىدۇ، خوتۇن ئېلىپ ئۆي - ئوچاقلىق بولدۇڭ، بەلگىلىمە بويىچە ئەمدى خامان بېقىشقا بارساڭ بولمايدۇ، — دېدى.

— خامان بېقىشقا بارمىسامىمۇ مەيلى، ئەمما مىلتىق مەن بىلەن تۇرسۇن.

— ئەمدى ئۆي - ئوچاقلىق بولدۇڭ، مىلتىقنى نېمە قىلىسەن؟

— خوتۇن دېگەن خوتۇن، مىلتىق دېگەن مىلتىق، ئوخشىمايدۇ.

شۇنداق، ئوخشىمايدۇ، ئادەتنى ئۆزگەرتمەك تەس. كەچ

كىرىشى بىلەن ئۇ يۈ خۇانى بىر هازا قۇچاقلاپ ياتتى. ئاندىن ياستۇقىنىڭ يېنىغا قويۇپ قويغان كونا مىلتىقنى سىلاپ قويدى. تۇتىۋېرىپ سىلىقلىشىپ كەتكەن مىلتىق پايىنىكى، مۇزدەك مىلتىق ئوقلۇقىنى، پۇختا مىلتىق ئىستوۋۇلىنى سىلىسا ئادەمگە ھەرخىل ھوزۇر بېرەتتى، بۇنى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايتتى. ئىشقىلىپ، ئۇنىڭ بىردىنلا كۆڭلى ئارامىغا چۈشۈپ تەمكىنلىشىپ قالاتتى.

يېرىم كېچە بولغاندا، كىچىك تەرىتى قىستاپ ياتقۇزمىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاي يورۇقىدا ئىشىككە چىقىپ كىردى. ئۆيگە كىرىپ يۈ خۇانىڭ تېخى ئۇخلىمىغانلىقىنى كۆردى.

— نېمىشقا تېخىچە ئۇخلىمىدىڭىز؟

— بىر ئىش كاللامغا كىرىۋېلىپ ئۇيقۇم كەلمىدى.

— قانچىلىك چوڭ ئىشتى ئۇ، سىزنىڭ ئۇيقۇڭىزنى قاچۇرغۇدەك؟

— يۇرتىمىزنىڭ تۇرمۇشى بەك جاپالىق، ئاكام بەك قىينىلىپ كېتىپ بېرىپتۇ. بىزنىڭ بۇ يەرگە ئەكېلىۋالسام دەيدۇ.

— كەلگۈسى بولسا كېلىۋەرمەمدۇ.

— ئاڭلىسام بۇ يەرگە نوپۇسنى ئورۇنلاشتۇرماق قىيىن ئوخشايدۇ.

— مەن بېرىپ ئەترەت باشلىقىغا دەي.

ۋاڭ شي بېرىپ ئەترەت باشلىقىغا دېۋىدى، ئەترەت باشلىقى:

— بەلگىلىمە بار، نوپۇسنى خالىغانچە ئورۇنلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ، — دېدى.

— راستلا ئورۇنلاشتۇرۇپ بەرمەمسىلەر، — سورىدى ۋاڭ شي. ئەترەت باشلىقى دەرھال جاۋاب بېرىپ:

— باشقىلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بولغان بولسا ئورۇنلاشتۇرمايتتۇق، سىنىڭكىگە ئۇنداق قىلساق بولماس، — دېدى.

بىر ئايغا قالماي، يۈ خۇانىڭ ئاكىسى يېتىپ كەلدى. ئەترەت

باشلىقى بىر قاراپلا ئۇنىڭ يارامىلىق بىر يىگىت ئىكەنلىكىنى بىلىپ:

— بەللى، ناھايىتى ياخشى بولدى، ئىشچانلىقى تۇرقىدىن چىقىپلا تۇرىدۇ، بوز يەر ئېچىشتا مۇشۇنداق قاۋۇل ئەمگەك كۈچلىرى كەمچىل ئىدى، — دېدى ئەترەت باشلىقى خۇش بولۇپ ۋە دەرھال ئۇنىڭ نوپۇسىنى ئورۇنلاشتۇردى. ئاكىسىنىڭ ئىسمى توغرىسىدا پاراڭ بولغاندا، ۋاڭ شې يۈ خۇادىن:

— ئاكىڭىز ئەجەب سىز بىلەن بىر فامىلە ئەمەسقۇ، — دەپ سورىدى.

— ئۆزۈمنىڭ ئاكىسى ئەمەس، نەۋرە ئاكام بولىدۇ، چوڭ ئاپامنىڭ ئوغلى، — دېدى يۈ خۇا.

نەۋرە ئاكىسى يېڭى كەلگەچكە، ئۇنىڭغا ھەر قايسى جەھەتتىن غەمخورلۇق قىلىشقا توغرا كەلدى. يۈ خۇا ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇق - تۇغقان بولغاچقا، شۇنداق قىلمايمۇ بولمايتتى. نەۋرە ئاكىسى يوتقان - كۆرپە، قاچا - قۇچا، ھېچنېمىنى ئەكەلمىگەنىدى. بۇلارنى يۈ خۇا ئورۇنلاشتۇرۇپ بەردى. يۈ خۇا شۇ ئالدىراشچىلىقتا ئۆزىنىڭ ئۆيىگە، ۋاڭ شېغا يېتىشەلمەي قالدى. كېچىسى ۋاڭ شې ئۇنى تۆشەككە چاقىرسا، يۈ خۇا بەك ھېرىپ كەتتىم، دەپ ئۇنىمىدى. ئۇ ئىلگىرى بۇنداق چارچاپ كەتتىم دېگەن گەپلەرنى قىلىپ باقمىغانىدى. قارىغاندا، يۈ خۇا راستىلا بەك چارچاپ كەتكەندەك قىلاتتى، ۋاڭ شې كۆڭلىدە: «بۇ ئالدىراشلىق مەزگىللەر ئۆتۈپ كەتسە، نەۋرە ئاكىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇۋالساق، ئۇنىڭ ھاردۇقلىرىمۇ چىقىپ قالار» دەپ ئويلىدى.

بىر مەزگىلدىن كېيىن، يۈ خۇا تېخىمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ۋاڭ شېغا تاماق ئېتىپ بېرىپ ئۆزى يېمەيتتى. بىرەر قاچا تاماق ئاشسا، نەۋرە ئاكام تاماق ئېتىشنى بىلمەيدۇ، ئۇنىڭغا ئاپىرىپ بېرەي، دەپ كۆتۈرۈپ ماڭاتتى. ۋاڭ شې بىر كۈنى:

— بۇ نېمە ئاۋارىچىلىك، ئۇنى چاقىرىپ كەلسەك، مۇشۇ

ئۆيدە يېسە بولمامدۇ، — دېدى.

— ئۇ نومۇسچان، خىجىل بولۇپ قالىدۇ، — دېدى يۆ خۋا.

ئۇ تاماقنى ئېلىپ خېلى بىر هازاغىچە قايتىپ كەلمىدى. ۋاڭ شې تامىقىنى يەپ بولدى. يەنە خېلى ۋاقىت ئۆتتى. يۆ خۋا تېخىچىلا قايتىپ كەلمىدى. ۋاڭ شې ئۇنىڭ كەينىدىن بېرىپ باقاي دەپ ئەمدى ئىشىكتىن چىقىشىغا، يۆ خۋانىڭ كىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

— بىر قاچا تاماق ئاپىرىپ بېرىش ئۈچۈن نېمانچە ۋاخ قالدىڭىز؟

— ئۇنىڭ كىرلىرى يىغىلىپ قاپتىكەن، يۇيۇپ بېرىپ كەلدىم.

يۆ خۋانىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ۋاڭ شې ئارتۇق بىر نېمە دېمىدى. ئورۇنغا كىرگەندە، يۆ خۋا تەشەببۇسكارلىق بىلەن كىيىم - كېچەكلىرىنى سېلىپ تەييار بولۇپ تۇردى.

— هېرىپ كەتكەن بولسىڭىز، بولدى، — دېدى ۋاڭ شې.

ياق، هاردۇقۇم چىقىپ قالدى، — دېدى يۆ خۋا.

يۆ خۋانىڭ ئىش بىلىدىغان قىز ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، ۋاڭ شې ناهايىتى خۇش بولدى. كۆڭلىدە «بۇنداق ياخشى ئايالنى هەرگىز قولدىن چىقىرىپ قويماي» دەپ ئويلىدى.

يەنە بىر كۈنى، ئىلگىرىكىگە ئوخشاش يۆ خۋا تاماقنى ئېتىپ بولۇپ، نەۋرە ئاكىسىغا بىر قاچا تاماقنى ئېلىپ ماڭدى. ۋاڭ شې تامىقىنى يەپ بولۇپ، تاماكا چېكىپ ئولتۇردى. ئىشىك ئېچىلىشىغا، ئۇ يۆ خۋا قايتىپ كەلگەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىغانىدى، بىراق ئىشىكتىن يۆ خۋا ئەمەس، ماچېڭ كىرىپ كەلدى. ماچېڭنى كۆرۈپ ۋاڭ شېنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ كەتتى. ماچېڭ ۋاڭ شېدىن ئىككى ياش كىچىك بولغاچقا، ئۇنى ئاكا دەپ سالاملاشتى. ۋاڭ شېمۇ ئوڭايسىزلىنىپ ئۇنىڭغا تاماكا تۇتتى، ماچېڭ تاماكا چەكمىدى. ئۇ:

— تاماكا چېكىشكە قانداق رايىڭىز بارىدۇ؟ — دېدى.

— نېمە؟
— سىز راستلا بىلمەمسىز؟
— نېمىنى؟
— ئەسلىي مەن يېنىڭىزغا كېلىپ، بۇ گەپلەرنى دېمەسلىكىم كېرەك ئىدى.
— ئۇنداق يېرى بولسا دېمەيلا قوي.
— بىراق سىز دېگەن راۋۇرۇس بىر ئەركەك، دېمىسەم سىزگە يۈز كېلەلمەيدىغاندەك قىلىمەن.
— ئۇنداق بولسا گەپنى تولا ئەگىتمەي دەۋەر.
ماچىك گېپىنى دېمەي:
— يۆ خۇا قېنى؟ — دەپ سورىدى.
— نەۋرە ئاكىسىغا تاماق ئېلىپ كەتتى، — دېدى.
— شۇ گەپكە راست ئىشەندىڭىزمۇ؟ نەۋرە ئاكىسىمىكەن؟
— نەۋرە ئاكىسى بولماي نېمە بولماقچى؟
— مەن دېسەممۇ بەرىبىر ئىشەنمەيسىز، ئۆز كۆزىڭىز بىلەن بېرىپ كۆرسىڭىز ئاندىن چۈشىنىسىز.
ۋاڭ شې بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، غاچچىدە ئورنىدىن تۇردى - دە، يۆ خۇانىڭ نەۋرە ئاكىسىنىڭ گەمىسىگە قاراپ ماڭدى.
گەمە ئۆينىڭ بىر دېرىزىسى بار ئىدى. ۋاڭ شې دېرىزىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قولىقىنى يېقىپ بىر هازا تۇردى. ئۇ گەمىگە كىرمەيلا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ئۆيىگە كېتىۋېتىپ ماچىك بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. ماچىك:
— نېمىشقا قايتىپ كەلدىڭىز؟ — دېدى. ۋاڭ شې ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كىردى. ئۇ كىردىيۇ، دەرهال قايتىپ چىقتى. ئۇنىڭ قولىدا هېلىقى كونا مىلتىق تۇراتتى.
ۋاڭ شېنىڭ قولىدىكى مىلتىقنى كۆرۈپ، ماچىك داڭ قېتىپ قالدى. ئارتۇق بىر نېمە دېمىدى. ئۇ يەردە نېمە بار، بۇنى پەقەت ماچىڭلا بىلىدۇ. ماچىك ئادەتتە تامىقىنى يەپ بولۇپ، مەيداننى ئايلىنىپ يۈرەتتى. بىر قېتىم ئۇ يۆ خۇانىڭ گەمىگە كىرىپ

www.uyghurkitap.com

كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ كەينىدىن ماراپ ماڭدى. كۆرمىسە بىلمەيدۇ. كۆرگەندىن كېيىن ھەممە ئىش ئاشكارا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ۋاڭ شېنىڭ يېنىغا بۇ ئىشلارنى دوكلات قىلغىلى بارغانىدى.

ئەسلىدە دېمەي ئۆتكۈزۈۋەتسىمۇ بولاتتى. بىراق، دەۋەتمىسە ئىچى سىقىلىپ كېتىدۇ ـ دە! ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ ئىش سەل كومېدىيەگە ئوخشاپ قالدى. كومېدىيەنى نېمىگە كۆرىدۇ، ئۇنىڭدىكى قىزىقچىلىقنى دەپ كۆرىدۇ. ئۇ بۇ گەپلەرنى ۋاڭ شېغا دېدى، تېخى ۋاڭ شېنىڭ كەينىدىن قىزىقچىلىق كۆرمەكچى بولۇپ كەلدى. ئەمما، ۋاڭ شېنىڭ قورال كۆتۈرۈپ قوپىدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرمىدى، مىلتىق دېگەن باشقا نەرسىگە ئوخشىمايدۇ. ماچىڭ سەل جىددىيلىشىپ قالدى. بىرەر ئىش يۈز بېرىپ قالسا، ئۆزىنىڭ بالاغا قېلىشىدىن قورقتى، شۇنىڭ بىلەن دەرھال:

— چاتاق بولدى، چاتاق بولدى. ئىش چىقىدىغان بولدى، — دەپ ۋارقىرىدى. بىر مۇنچە ئادەم ئۆيلىرىدىن يۈگۈرۈشۈپ چىقىپ، ماچىڭدىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى سوراشتى. ماچىڭ ۋاڭ شېنىڭ كەينىدىن ئىشارەت قىلىپ قويىدى. كىشىلەر ۋاڭ شېنىڭ مىلتىقىنى كۆتۈرگىنىچە گەمە ئۆيگە قاراپ ماڭغانلىقىنى كۆرۈپ، يەنىلا نېمە ئىش بولغانلىقىنى چۈشەنمىدى، ئۇلار ماچىڭدىن سوراشتى:

— نېمە ئىش بولدى؟

— ۋاڭ شېنىڭ يۈ خۇا دېگەن خوتۇنى ئاۋۇ يىگىت بىلەن ناشايان ئىش قىلىپ يۈرۈپتۇ.

كىشىلەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ جانلىنىپ «كۆرىدىغان بىر قىزىق ئويۇن بار ئىكەن ـ دە» دەپ ئويلىدى.

بۈگۈن كەچ، ئەتراپ سۈتتەك ئايدىڭ ئىدى، بۇ گەپ بىردەمدىلا ھەممە يەرگە پۇر كەتتى. ھەممە ئادەم خەۋەر تېپىپ يۈگۈرۈپ يېتىپ كېلىشتى. ئۇلار ئايدىڭدا خۇددى بىر جىددىي

يىغىنغا كەلگەندەك تۇرۇشاتتى. بىراق، بۇ ئىش يىغىن بىلەن زادى ئوخشىمايدۇ. يىغىننىڭ قىزىقى يوق، ھەممە ئادەم بالدۇرراق تارقىسىكەن دەپ ئويلايدۇ. ئەمما، ھازىر بۇ يەردە تۇرغانلار قىزىقچىلىق كۆرىمىز دەپ، قوغلىسىمۇ كەتمەيدۇ. ھەممە ئادەم كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ، قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ، گەمە ئۆينىڭ ئىشىكىگە تەلمۈرەتتى. گەمە تەرەپتىن چىققان شەپىگە زەن سېلىشاتتى. يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ۋەقەنى كۆڭلىدە تەسەۋۋۇر قىلىشاتتى.

ئىشلار ئۇلارنىڭ ئويلىغىنىدەك بولمىدى. گەمە تەرەپتىن ھېچقانداق بىرەر شەپە ئاڭلانمىدى. گەمىنىڭ ئىشىكى ئېچىلدى، ۋاڭ شى مىلتىقىنى كۆتۈرگەن ھالدا گەمىدىن چىقتى. ھەممىنىڭ دىققىتى مىلتىققا ئاغدۇرۇلدى. مىلتىق ئىستوۋۇلىدىن ئىس چىققاندەك قىلمىدى. مىلتىقنىڭ ئىشتىكىمۇ ئېچىلمىغانىدى. ئەمدى ئۇلار ۋاڭ شىنىڭ چىرايىغا سەپسېلىشتى. ئۇنىڭ چىرايى يەنىلا بۇرۇنقىدەك ئىدى. ھېچقانداق ئىپادە كۆرۈنمەيتتى. ۋاڭ شى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، بىر توپ كىشىلەر گەمىگە يۈگۈرۈشتى. ماچىڭ ئەڭ ئالدىدا ئېتىلىپ كىردى. ئۇ ئۆيگە كىرىپ، يۆ خۋا بىلەن نەۋرە ئاكىسىنىڭ تىزلىنىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. يۆ خۋانىڭ مەڭزىلىرى ياشتىن ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى. ئەترەت باشلىقىمۇ يېتىپ كەلدى. ئۇ يۆ خۋادىن سورىدى:

— نېمە ئىش بولدى؟

— بۇياق نەۋرە ئاكام ئەمەس، مېنىڭ يۈرگەن يىگىتىم، — دېدى يۆ خۋا، — ئاچارچىلىق مەزگىلىدە، جاننى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئىككىمىز ئايرىلىپ كەتكەن. كەنتتە نۇرغۇن يىگىتلەر ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتتى، مەن ئۇنىمۇ ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتتى دەپ ئويلىغان، بىراق ئويلىمىغان يەردىن ئۇ تېخى ھايات قاپتۇ. ئىككىيلەن بىر - بىرىمىزنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتۇق. ئۇ كېلىمەن دېۋىدى، مەنمۇ ماقۇل بولدۇم. كېلىشنىڭ ئالدىدا باشقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىشلارنى تىلغا ئالماي، يېقىن ئاكا ـ سىڭىللاردىن بولۇپ ئۆتمەكچى بولۇشتۇق. بىراق، يۈز كۆرۈشۈپ ھاياجاندىن ئۆزىمىزنى باسالماي قىلمايدىغان ئىشنى قىلىپ قويدۇق.

— پاھ، بۇلارنىڭ ھەددىدىن ئېشىپ كەتكىنىنى، — دېدى ئەترەت باشلىقى ئاچچىقلاپ، — بۇ كۈرسۈك ئىتلارنىڭ يۈرىكىنىڭ قاپتەك بولۇپ كەتكىنىنى قارىمامدىغان، بۇ ئىشنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلمىساق بولمايدۇ. بىراق، يۆ خۋا ۋاڭ شېنىڭ خوتۇنى. قانداق قىلىش كېرەك. يەنىلا ۋاڭ شېنىڭ پىكرىنى ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. ۋاڭ شېنى چاقىرىپ كېلىڭلار، ۋاڭ شې نېمە دەيدۇ. سوراپ باقايلى، ئۇ پوزىتسىيە بىلدۈرسە، دەرھال بىر تەرەپ قىلىمىز.

ۋاڭ شې يېتىپ كەلدى. ئۇ:

— بولدى، ئۇلار بىرگە ئۆتسۇن، — دېدى. ئەترەت باشلىقىنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كېلىپ ۋاڭ شېنى تىللاپ كەتتى:

— سەن ئەرمۇ ئەمەسمۇ؟

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، ۋاڭ شې يۆ خۋانى ئېلىپ مەيدانغا كەلدى ۋە نىكاھتىن ئاجرىشىش رەسمىيىتىنى ئۆتىدى. رەسمىيەتلەرنى ئۆتەپ بولۇپ، يۆ خۋا ۋاڭ شېنىڭ ئۆيىدىن كۆچۈپ چىقىپ، بىر نەۋرە ئاكىسىنىڭ گىمە ئۆيىگە كۆچۈپ باردى. ۋاڭ شې يەنە بويتاق بولۇپ قالدى. ۋاڭ شې ئەترەت باشلىقىنى تېپىپ:

— خوتۇن بىلەن ئاجرىشىپ كەتتىم، ئەمدى بېرىپ خامان باقايمۇ؟ — دېدى.

— بولىدۇ، باققىن، — دېدى ئەترەت باشلىقى.

— ۋاڭ شې ھېلىقى ئۆيدە تۇرمىدى. تامغا چاپلىغان رەسىملەرنىڭ ھەممىسىنى سويۇۋېلىپ كۆيدۈرۈۋەتتى، يوتقان ـ كۆرپىسىنى كۆتۈرۈپ خامانغا كەتتى. ئۇنىڭ توپىلىق يولدا كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ھەممەيلەن ئىچ ئاغرىتىشتى. بەزىلەر ئۇنىڭغا ئەگىشىپ خامانغا كەلدى ۋە:

— يەنە ئۆيلىنىشنى ئويلىشىۋاتامسىز، يۇرتتا قىزلار بار، ئازراق كىرا ھەققىنى بەرسىڭىز كېلىدۇ، — دېدى.

ۋاڭ شې مىلتىقنى قۇچاقلىغىنىچە بېشىنى چايقاپ قويدى. بۇ ھەقتە سۆزلەشنى خالىمايتتى. تۇرقىدىنمۇ بۇ ئىشنى تەگەشنى خالىمايدىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

ماچىڭ كەلدى. ئۇ ۋاڭ شېنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، بۇ ئىشقا ئۆزىنىڭ سەۋەبچى بولۇپ قالغانلىقىنى دېدى. ئۇ بۇ ئىشنى ۋاڭ شېغا دېمەسلىكى كېرەك ئىدى. بۇنداق بولۇشىنى بىلگەن بولسا، دېمىگەن بولاتتى، ۋاڭ شې:

— ياق، دېگىنىڭ توغرا بولدى، سەن خېلى ئادەمدەك ئىش قىلدىڭ جۇمۇ، — دېدى.

— مەيلى نېمىلا دېمەيلى، سىزنىڭ بۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىشىڭىزغا مەن سەۋەبكار، — دېدى ماچىڭ. ئۇ چوڭ ئاپىسىنىڭ بىر قىزى توغرۇلۇق ئەمدى گەپنىڭ ئۇچىنى چىقىرىۋىدى، ۋاڭ شې ئۇنىڭ گېپىنىڭ بېلىگە تەپتى:

— كەچتە كۆزەتچىلىك قىلىمەن، ئازراق ئۇخلىۋالاي، — ئۇ شۇنداق دېگىنىچە، مىلتىقنى باغرىغا بېسىپ ئۆزىنى مەنگەن دۆۋىسىگە ئاتتى. ما چىڭ ئەمدى گەپ قىلسا ئاقمايدىغانلىقىنى بىلىپ، بېشىنى چايقاپ قويدى - دە، لاسىدە بولۇپ كېتىپ قالدى.

بىر ئەر كىشى ياشاپ مۇشۇ ھالغا كېلىپ، يەنە ياشىسا ھېچقانچە ئەھمىيىتى قالمايدىغاندەك، ھاياتنىڭ ئەمدى قىزىقى بولمايدىغاندەك قىلاتتى. خامانىنىڭ ئەتراپىدا يوغان بىر تۈپ توغراق دەرىخى بار ئىدى. ئۇ مەزمۇت تۇرغاندەك قىلغان بىلەن ئاللىبۇرۇن قۇرۇپ كەتكەنىدى. قۇرۇپ كەتكىنىگە قانچىلىك ۋاقىت بولغانلىقىنىمۇ بىلگىلى بولمايتتى. قايسى پەسىلدە بولسۇن، شۇ پېتى تۇراتتى. يا كۆكەرمەيتتى، يا ياپراق چىقارمايتتى. ئۇنىڭغا قارىسىلا كىشىنىڭ يادىغا ۋاڭ شې كېچەتتى. ئەمما، ۋاڭ شې توغراق دەرىخىگە ئوخشىمايدۇ، ئۇ

تېخى قۇرۇپ كەتمىدى، ۋاڭ شېنىڭ ئۆزىگە خاس تۇتقان يولى بار، ئەمما بۇنى ھېچكىم چۈشەنمەيتتى.

ئاچارچىلىق يىللىرى ئۆتۈپ، ياخشى كۈنلەر ئۇزۇنغا بارمايلا، يەنە ئاپەت يېتىپ كەلدى. بۇ بالايىئاپەت يېتىپ كەلگەندە، ھېچكىم ئۇنىڭ ئاپەت ئىكەنلىكىنى سەزمىدى. ئەكسىچە، بىر يېڭى دەۋر يېتىپ كەلدى دەپ بىلدى. چۈنكى بۇ ئاپەتنىڭ ئىسمى ئىنقىلاب ئىدى. ئۇ ئىنقىلاب دەپ ئاتالماي، يەنە «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دەپ ئاتالدى. بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىدىغانلار مەدەنىيەت خادىملىرىغا كىرمەيدۇ. بۇ ئىنقىلابنىڭ ئۇلار بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق، دەسلەپ باشلانغاندىمۇ مۇشۇنداقراق بولدى. ئاۋۋال مەكتەپلەردىن ئوقۇغۇچىلار قوزغىلىپ ھەرىكەتلەندى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆزگىرىش بولۇپ، مەركەزدىكى چوڭ كادىرلار بىر - بىرى بىلەن ئۆزئارا كۈرەش قىلدى. ئۇلارغا ئەگىشىپ پۈتۈن مەملىكەتتىكىلەر قوزغىلىپ كەتتى. ئاۋۋال قەلەم بىلەن، يەنى چوڭ خەتلىك گېزىتلەرنى يېزىپ، تەشۋىقات ۋارىقى تارقىتىپ، شوئار توۋلاپ كۈرەش قىلدى. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلالمىدى دەپ، كېيىن ئەلەم كۈرىشى باشلاندى. قىلىچ، نەيزە، مىلتىقلار بىلەن كۈرەش قىلدى، بەزى جايلاردا، ھەتتا زەمبىرەك ۋە تانكىلارمۇ ئىشقا سېلىندى.

بۇ ئىنقىلابقا ۋاڭ شي پەقەت كۆڭۈل بۆلمىدى. كىشىلەر قوللىرىغا نەيزە، مىلتىق ئېلىشىپ كۈرەش قىلغاندىمۇ، ۋاڭ شي قاتناشمىدى. بەزىلەر كۆز ئالدىدا قان ئىچىگە يىقىلغاندىمۇ، ۋاڭ شي خاماندا يېتىپ ئۇيقۇسىنى ئۇخلاۋەردى، گەرچە يېنىدا مىلتىق بولسىمۇ، ئارىلىشاي دېمىدى. بىراق، ھەقىقىي چوڭ ئىنقىلاب بىراۋنى ھەرگىز مەڭگۈ بىر چەتتە تاماشىبىن بولۇپ تۇرۇشقا يول قويمايتتى. ئۇ كۈنى، چۈشتىن كېيىن بىر ئەر كىشى ۋاڭ شېنىڭ يېنىغا كېلىۋىدى، ئۇ نائىلاج ئورنىدىن تۇرۇپ، ۋاراڭ - چۇرۇڭ چىققان تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

بۇ ئەر كىشى ۋاڭ شىغا ناھايىتى تونۇش ئىدى. ئۇ ماچىڭ

ئىدى. ئۇ ماچىڭنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، كۆزىنى ئېچىپ ئۇنى تونۇيالمىغىلى تاسلا قالدى، ماچىڭ ئۇچىسىغا سېرىق ھەربىي فورما كىيىپ، بېلىگە ھەربىي تاسما باغلاپ، بىقىنىغا گىراناتتىن بىرنى قىستۇرۇۋالغانىدى. بىلىكىدە قىزىل يەڭ بەلگىسى بار ئىدى. ۋاڭ شې ئۇنىڭغا بىرلا قاراپ پىدائىيلار ئەترىتىنى يادىغا ئالدى. ئۇرۇش يىللىرىدا، پىدائىيلار ئەترىتى تەشكىللىنىپ تۇراتتى. ئۇمۇ بۇ تەشكىلاتقا قاتناشقانىدى، ھازىرقى ئىنقىلابقىمۇ سەل ئوخشاپ قالاتتى. ۋاڭ شې ئۇرۇش بولغان ئوخشايدۇ دەپ، لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، ماچىڭدىن:

— نېمە ئىش بولدى؟ — دەپ سورىدى.

— ئىنقىلاب، — دەپ جاۋاب بەردى ماچىڭ.

— نېمە ئىنقىلاب؟

— مەدەنىيەت ئىنقىلابى.

— مەن قاتناشمايمەن، — دېدى ۋاڭ شې.

— ئەمدى سىز قاتناشمىسىڭىز بولمايدۇ، — دېدى ماچىڭ.

— نېمە ئۇچۇن؟

— چاتاق چىقتى.

— نېمە چاتاق؟

— بىزنىڭ مەيدان باشلىقىمىزنى تۇتۇپ كەتتى.

— كىم تۇتۇپ كەتتى؟

— قىزىل قوغدىغۇچىلار.

— ئۇلار نېمە قىلىدىغانلار؟

— ئىسيانچى ئوقۇغۇچىلار.

— مەيدان باشلىقىمىزنى نېمىشقا تۇتۇپ كېتىدىكەن؟

— ئۇنى كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار دەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئىسيان كۆتۈرمەكچى.

— نېمە ئىسيان؟

— ئۇنىڭ جېنىنى ئېلىشى مۇمكىن.

— ئۇ دېگەن ياخشى كادىر، ئۆلۈپ كەتسە بولمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— شۇڭا، سىزنى ئىزدەپ كەلگەندىم.

ئەگەر باشقىلار بولغان بولسا، ۋاڭ شې پەرۋا قىلمىغان بولاتتى، مەيدان باشلىقى دېگەن ئۇنىڭ شەپقەتچىسى، نېمە بولۇشتىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭغا ياردەم قىلمىسا بولمايدۇ. ۋاڭ شې:

— مەن نېمە ئىش قىلىپ بېرىمەن؟ — دېدى.

— بىز بىللە ئۇنى قۇتۇلدۇرىمىز.

بۇ يەردە مەيدان باشلىقىنىڭ ھوقۇقى ھەممىدىن چوڭ. قىزىل قوغدىغۇچىلارنىڭ كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلار بىلەن كۈرەش قىلىمىز دېگىنى، مەيدان باشلىقى بىلەن كۈرەش قىلىمىز دېگىنى ئىدى. مەيدان باشلىقى پېشقەدەم ئىنقىلابچى بولۇش سۈپىتى بىلەن، بۇ ئىشلارغا قايىل بولمايتتى، قىزىل قوغدىغۇچىلارنى نەزىرىگە ئېلىپمۇ قويمايتتى. ئۇلارنى ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاپ، ھەممىڭ ئادەم قىلمايدىغان ئىشنى قىلىشىۋاتىسەن دەيتتى. مەيدان باشلىقى ئەل بولمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى يوقاتماقچى بولۇشتى. قىزىل قوغدىغۇچىلار يېرىم كېچىدە مەيدان باشلىقىنى چۆلگە سۆرەپ ئاپىرىپ ئۇنى تىرىك كۆمۈۋەتمەكچى بولۇشتى. بۇ خەۋەر كوچىغا تارقىلىپ كەتكەندىن كېيىن، پېشقەدەم جەڭچىلەرنىڭ ھەممىسى ئولتۇرالماي قالدى. ئۇلار قوللىرىغا كالتەك، توقماق ئېلىشىپ، ماچىڭنىڭ باشچىلىقىدا، مەيدان باشلىقىنى قۇتۇلدۇرۇۋالماقچى بولدى. بېيجىڭنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، پېشقەدەم جەڭچىلەر تەشكىللەندى. ماچىڭ بۇ تەشكىلاتنىڭ باشلىقى بولدى. قىزىل قوغدىغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئوقۇغۇچى بولۇپ، ئۇلار تېخى بالا ئىدى. شۇڭا، پېشقەدەم جەڭچىلەر ئۇلارنى نەزىرىگە ئىلماي، بىر چۆچۈتۈپ قويساقلا ئىشلارنى ئوڭشىغىلى بولىدۇ، دەپ ئويلاشتى. ئۇلار مەيدان باشلىقىنى قاماپ قويغان بىنانىڭ ئالدىغا كەلگەندىلا، ئىشلارنىڭ ئۇنداق ئاسان ئەمەسلىكىنى چۈشەندى. نۇرغۇن قان – تەر بەدىلىگە پۈتكەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ

ئوقۇتۇش بىناسى ئەمدى ئىستىھكامغا، دېرىزە - ئىشىكلەر قارىغا ئېلىش تاختىسىغا ئايلانغانىدى. چوڭ دەرۋازىنىڭ ئالدىغا قۇم خالتىلىرىنى تىكلەپ، ئۇنىڭ كەينىدە قىزىل قوغدىغۇچىلار قاراۋۇللۇق قىلاتتى، ئۇلار قوللىرىغا كالتەك - توقماق ئەمەس، پىلىموت ئېلىشقانىدى. پېشقەدەم جەڭچىلار پىلىموتنى كۆرۈپ يەنىلا پەرۋا قىلمىدى، كۆڭلىدە «پىلىموتنى تىكلەپ قويغان بىلەن ئوق چىقىرالمايدۇ» دەپ ئويلاشتى. بىر توپ ئادەم كالتەك - توقماق ئېلىپ ئالدىغا ئىلگىرىلىدى. ئويلىمىغان يەردىن دەرۋازىغا يەنە 200 مېتىر قالغاندا پىلىموت سايراپ كەتتى. بەختكە يارىشا، بۇلارنىڭ ھەممىسى كونا ئەسكەرلەردىن بولۇپ، تەجرىبىلىك بولغاچقا، پىلىموت ئېتىلىشى بىلەن ھەممىلەن يەرگە چاپلىشىپ يېتىۋالدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئۇچەيلەن يېنىك يارىلاندى. ئەمدى ئالغا ئىلگىرىلەشكە جۈرئەت قىلالماي، چېكىنىپ دەرەخنىڭ دالدىسىغا مۆكۈنۈپ، يېڭى ئۇسۇلنى ئويلاشتى.

كونا ئەسكەرلەر قوراللىرىنى يۇقىرىغا تاپشۇرۇۋەتكەچكە، قولىدا ھېچنېمە يوق ئىدى. پەقەت ماچىڭدا بىرلا تاپانچا بار ئىدى. بۇ تاپانچا كۆز - كۆز قىلىشتىن باشقا ھېچنېمىگە ئەسقاتمايتتى. مەيدان باشلىقىنى قۇتقۇزۇپ چىقىش ئۈچۈن بىناغا ئۇسۇپ كىرىش، بىناغا بۆسۈپ كىرىش ئۈچۈن پىلىموتچىنى يوقىتىش كېرەك ئىدى. بۇ چاغدا كۆپچىلىك ۋاڭ شېنى يادىغا ئېلىشتى. ئۇلار ۋاڭ شىدا مىلتىق بار، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ مەرگەن، ئۇ چوقۇم بۇ قېيىن مەسىلىنى ھەل قىلالايدۇ، دېيىشتى. بۇنى ياخشى چارە دەپ ئويلىغان ماچىڭ ۋاڭ شېنى ئىزدەپ كەلگەنىدى.

ۋاڭ شې كەلدى. ئۇ بىر ئورۇننى تېپىپ، مىلتىقنى قولىغا ئالدى. قارشى تەرەپنى كۆرۈپ، مىلتىقنى يەنە چۈشۈرۈۋەتتى. ئۇ:

— ئۇلارنىڭ ھەممىسى كىچىك باللارغۇ، — دېدى.

— ئۇلارنىڭ ھەممىسى كىچىك ئەكسىلئىنقىلابچىلار،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئېتىڭ، ھېچقىسى يوق، — دېدى ماچىڭ.

— راستلا ھېچقىسى يوقما؟

— نېمە بولاتتى، ھېلىقى ئۇرۇش يىللىرى تالاي ئادەمنى ئېتىۋەتتىڭىز، ھېچنېمە بولمىدىغۇ، ئىنقىلاب دېگەن مانا مۇشۇنداق ھايات ـ ماماتلىق بىر جەڭ، رەھىم قىلماڭ، بۇنى ماۋ جۇشى دېگەن.

— ئۇ چاغدا يۇرت ئالىمىز دەپ ئۇرۇشقان.

— بۇ يۇرتنى قوغداش ئۇرۇشى، ئوخشاش!

— ئەمىسە ئاتتىم ـ ھە؟

— ئېتىڭ!

ۋاڭ شېنىڭ قولىدىكى مىلتىقتا جان كىردى. ئۇچ پاي ئوق بىلەن پىلىموتنىڭ ئەتراپىدىكى ئۇچەيلەن قۇم خالتىغا قىڭغايدى. دەرەخلىك ئارىسىغا مۆكۈنۈپ تۇرغان پېشقەدەم جەڭچىلەر بىناغا ئېتىلدى. ئۇلار تەجرىبىلىك ئىدى، ئۇرۇش يىللىرىدىكى تەجرىبىلىرى ئەسقاتتى. قىزىل قوغدىغۇچىلار ھەمراھلىرىنىڭ جەسىتىگە قاراپ داڭ قېتىپ قالغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مەيدان باشلىقىنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقتى. ئۇنى دەرھال ئۇرۇمچىگە يولغا سالدى، ئۇ ئۇرۇمچىگە كېلىپ پويىزغا چىقىپ، ئىچكىرىدىكى يۇرتىغا كەتتى. ئايرىلىدىغان چاغدا مەيدان باشلىقى ۋاڭ شېنىڭ قولىنى تۇتۇپ رەھمەت ئېيتتى. ۋاڭ شېمۇ:

— ھېچقىسى يوق، بۇ مەن قىلىشقا تېگىشلىك ئىش، — دېدى.

پېشقەدەم جەڭچىلەر مۇۋەپپەقىيەت نەتىجىلىرىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا ۋاڭ شېغا ھاراق تۇتۇشتى. ۋاڭ شې يەنە قەھرىمانغا ئايلاندى. ئۇ ناھايىتى ھاياجانلىنىپ، خېلى جىق ھاراق ئىچتى، يەنە ئۆزىنى مەنگەنگە تاشلاپ، ئۇيقۇغا كەتتى. خېلى ئۇخلىغان بولسا كېرەك، بىر چاغدا بىر شەپىدىن ئويغىنىپ كەتتى. كۆزىنى ئېچىپ، كۈنىنىڭ تىكلەشكەنلىكىنى كۆردى، ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتۈپ پەقەت ماچىڭنىلا تونۇدى. قالغان ناتونۇش كىشىلەر

قوللىرىغا كالتەك ـ توقماق ئەمەس، مىلتىق ئېلىشقانىدى. ۋاڭ شى نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي ماچىڭغا تىكىلدى. ماچىڭ سەل ئوڭايسىزلاندى:

— ۋاڭ شى ئاكا، ماڭا ئامال يوق، ئۇلار قاتىلنى تاپسەن، بولمىسا پۈتۈن مەيداننى قانغا بويايمىز دەپ تۇرۇۋالدى. سىز بىلىسىز، مەيداندا قېرى ـ ياش، ئەر ـ ئايال بولۇپ، مىڭدىن ئارتۇق نوپۇس بار.

ماچىڭنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ۋاڭ شى ھەممىنى چۈشەندى. دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ:

— بولىدۇ، مەن ئۇلار بىلەن ماڭاي، — دېدى ۋە مەنگەن دۈۋسىگە كېلىپ، مىلتىقنى ماچىڭغا بەردى، — سەن ساقلاپ قوي، مەن قايتىپ كەلگەندە قايتۇرۇپ بەرگىن.

ئۈچ كۈندىن كېيىن، ۋاڭ شىنى ئېتىۋەتتى. قىزىل قوغدىغۇچىلار ھۆكۈم ئېلان قىلىش يىغىنى ئاچتى. يىغىن تۈگىگەندە، ۋاڭ شىنى بىر چۆللۈككە ئېلىپ بېرىپ، كۆزىنى قارا لاتا بىلەن تېڭىپ، تۆت ـ بەش تەرەپتىن ئۇنىڭغا ئوق چىقاردى. بۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە مەيداندا ۋاڭ شىنى پەقەت ئىككىلا ئادەم كۆردى. ئۇ يۈ خۋا بىلەن ئۇنىڭ ئېرى ئىدى. ئۇلار يېرىم كېچىدە ۋاڭ شى قامالغان ئۆينىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، گۇرجەك بىلەن كەينى تامدىن كامار ئېچىپ ۋاڭ شىغا:

— بۇ يەردىن تېز قېچىڭ، بولمىسا ھاياتىڭىزدىن ئايرىلىسىز، — دېدى.

— مەن قېچىپ كەتسەم، ئۇلار مەيداننى قانغا بويايدۇ، — دېدى ۋاڭ شى تامنىڭ كامىرىغا قاراپ قويۇپ.

ۋاڭ شىنىڭ ئېتىۋېتىلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان كىشىلەر ئۇنىڭ جەسىتىنى كۆتۈرۈپ ئەكېلىشتى. ۋاڭ شىنى مېيىت ساندۇقىغا سېلىشتى، ياغاچچى ئۇستام ئاغزىنى مىخلاي دېگەندە، ماچىڭنىڭ ئېسىدىن تۇيۇقسىز بىر نەرسە كەچكەندەك، ئۇستامغا توختا دەپ شەرەت قىلدى. ئۇ يۈگۈرۈپ چىقىپ كېتىپ بىردەمدە

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ مىلتىقىنى ئېلىپ كەلدى. بۇ كىشىلەرگە ناھايىتى تونۇش كونا مىلتىق ئىدى. ماچىڭ ئۇنىڭ مىلتىقىنى مېيىت ساندۇقىغا سېلىپ:

— ۋاڭ شې ئاكا، بۇ سىزنىڭ مىلتىقىڭىز، سىزگە تاپشۇردۇم، — دېدى - دە، ياغاچچى ئۇستامغا قولى بىلەن ئىشارە قىلدى، ئۇستام مېيىت ساندۇقىغا مىخ ئۇردى. ئەتراپتىكى كىشىلەر ئۈن - تىنسىز جىممىدە قول باغلاپ تۇرۇشاتتى، ئەتراپتا پەقەت بولقىنىڭلا ئاۋازى ئاڭلىناتتى.

2005 - يىلى 11 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، ئۈرۈمچى

شۆھرەت مۇھەممەدى تەرجىمىسى



# قەلبنۇر

## ۋاڭ مېڭ

بۇ گۈزەل ۋە تىپتىنچ بىر كىچىك شەھەر ئىدى. بۇ شەھەردە ئاددىيلا بىر ئايرودۇرۇم بولۇپ، ئۇنىڭ تاشيولسىمان ئۇچۇش يولىغا 40 ـ يىللىرى ئىشلەنگەن، ئىشلىتىش مۇددىتىدىن ئېشىپ كەتكەن بىر ياكى ئىككى موتورلۇق كىچىك تىپتىكى پاسسازىر ئايروپىلانلىرىلا چۈشەلەيتتى. كۈتۈش ئۆيىنىڭ ئالدىدا بىر بۇك ـ باراقسان ئالمىلىق باغ، قاتار ئۆسكەن كۆك تېرەكلەر، قويۇق سايە تاشلاپ تۇرغان كىچىك يول، بەرق ئۇرۇپ ياشناپ تۇرغان رەڭمۇرەڭ گۈل ـ چېچەك ۋە كۆكتاتلار، ياغاچ ئۆيلەر... بار ئىدى. سىز بۇلارنى كۆرگەندە، قانداقتۇر 80 ـ يىللارغا خاس ئايرودۇرۇم ئەمەس، بەلكى ئوتتۇرا ئەسىردىكى بىر ئۆتەڭنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرەتتىڭىز.

1978 ـ يىلى سېلىنغان پوچتا تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ بەش قەۋەتلىك بىناسى بۇ شەھەردىكى ئەڭ ئېگىز بىنا ئىدى، ئۇنىڭدىن بۇرۇن بولسا، بۇ يەردە ئۈچ قەۋەتتىن ئېگىز بىنا يوق ئىدى، شۇڭلاشقىمۇ يېزا ـ قىشلاقلاردىن شەھەرگە كىرگەن دېھقان ـ چارۋىچىلار پوچتا تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ بۇ ھەيۋەتلىك بىناسىغا قاراپ ھاڭ ـ تاڭ قېلىشاتتى. شەھەرنىڭ بارلىق كوچىلىرىغا ئاسفالت ياتقۇزۇلغان بولۇپ، بىر قانچە يەردىكى تۆت كوچا ئېغىزىغا بېيجىڭ ـ شاڭخەيلىكلەر كۆرسە مەھلىيا بولۇپ قالغۇدەك كەڭ ـ كۇشادە گۈللۈكلەر بەرپا قىلىنغانىدى. بۇ شەھەر چوڭ شەھەرلەرگە قارىغاندا كۆپ ئازادە ئىدى. تۇپتۇز كەتكەن كەڭ يوللارنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى بوي

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تالىشىپ ئېگىز ئۆسكەن ئاق تېرەكلەرنىڭ شىۋىرلاشلىرى، يول بويلىرىدىكى تانابتەك سوزۇلغان ئېرىقلاردا ئويناقلىشىپ ئېقىۋاتقان سۇلارنىڭ شىرىلداشلىرى بۇ كىچىككىنە شەھەرنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان ئۆزگەرمەس قۇدرىتىنى ۋە پەيدىنپەي بارلىققا كېلىۋاتقان يېڭى ئۆزگىرىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىۋاتقاندەك قىلاتتى، بەزىدە كوچىلاردىن «شاڭخەي» ماركىلىق ياكى «كېيۋ» ماركىلىق ۋە ياكى «تويوتا» ماركىلىق كىچىك ماشىنىلارمۇ ئۆتۈپ قالاتتى، بەزىدە ھەتتا ئاپتونوم رايوننىڭ مەركىزىدىن كەلگەن «قىزىل بايراق» ماركىلىق كىچىك ماشىنىمۇ كۆزگە چېلىقىپ قالاتتى، بۇ ئەھۋال كۆپ چاغلاردا كىشىلەرنىڭ «قايسى باشلىق كېلىپ قالغاندۇ؟» دېگەندەك قىياسلاردا بولۇشىغا سەۋەبچى بولاتتى. ئادەتتىكى چاغلاردا كوچىلاردا «بېيجىڭ» ماركىلىق جىپ، «گاز — 69»، يەل تاپان ئات ھارۋىلىرى، خادىك ھارۋىلار، كۆتەك ھارۋىلار، يەل تاپان ئېشەك ھارۋىلىرى ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. بەزىدە يەنە قىردىن كەلگەن قېلىن كىيىنىۋېلىشقان قازاقلارنىڭ ئاتلىرىغا مىنىۋالغان ھالدا، كوچىلاردا ئۇياق - بۇياققا مېڭىشىپ يۈرگەنلىكىمۇ كۆزگە چېلىقىپ قالاتتى. چىرايلىق كىيىنگەن ھەر مىللەت ياشلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ كوچىلاردا ناخشىلارنى ياڭرىتىپ، قولتۇقلىشىپ مېڭىشلىرىنى قاتناش قائىدىسى بىلەن قىلچە ئالاقىسىز ئىش دەپ بىلگىنىدەك، ئۇلارمۇ بۇ ئاسفالت يوللارنى مىنىۋالغان ئاتلىرىنىڭ تۆمۈر تاقىلىرىغا مەنسۇپ دەپ بىلىشەتتى. بۇ شەھەردە ماشىنا، ئادەملەر كۆپ بولمىغىنى ئۈچۈن، يولنىڭ موتورلۇق قاتناش، ھارۋا - ئۇلاغ قاتنىشى، ئادەم ماڭىدىغان يول، توغرا كېسىپ ئۆتۈش ئورنى دېگەن ئۇقۇملار بويىچە ئايرىلىشى كىشىلەرگە ھېچقانداق تەسىر بېرەلمەيتتى. گەرچە بىرقانچە جايدىكى ئاساسلىق تۆت كوچا ئېغىزلىرىغا چىراغ ئارقىلىق قاتناش باشقۇرۇش ئۈسكۈنىلىرى ئورنىتىلغان، قاتناش ساقچىلىرى تۇرىدىغان بوتكىلار ياسالغان بولسىمۇ،

لېكىن تولا چاغلاردا ئاق كىيىملىك قاتناش ساقچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ قوماندانلىقىغا موھتاج بولمىغان، ھەتتا پەرۋامۇ قىلىپ قويمايدىغان ئات - ئۇلاغ ۋە ئادەملەرنىڭ ئۇيان - بۇيان مېڭىپ يۈرۈشلىرىگە زېرىكىش بىلەن قاراپ تۇرۇشاتتى.

بۇ شەھەرنىڭ بىر چېتىدە — بەلكى بۇنى شەھەر ئەتراپى دېسەكمۇ بولار — پايانسىز بىر ئالمىلىق باغ بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ئالما، ئۆرۈك، شاپتۇللارنىڭ سورتلىرىمۇ خىلمۇخىل ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە باغ ئىچىدە ئوتتۇز مېتىرچە ئۇزۇنلۇقتا بىر ئۈزۈم بېدىشى بار ئىدى، يازكۈنلىرى ئۇ ناھايىتى ئوبدان بىر سايىۋەن بولۇپ بېرەتتى. بۇ يەردە ئانچە داڭلىق گۈللەر يوق ئىدى. باھار پەسلىدە ئاساسلىقى سېرىق سەبدە ۋە ئەتىرگۈللەر بولاتتى. يازلىقى مىزىگۈل، كۈزلىكى قىزىل گۈل ۋە تاجىگۈل بولاتتى. بۇ گۈللەر ئۈچ پەسىلنىڭ ھەممىسىدىلا بەرق ئۇرۇپ ياشناپ، ھۆپپىدە ئېچىلىپ تۇراتتى. گەرچە بۇ گۈللەر تېرىپ ئۆستۈرۈلگەن بولسىمۇ، ياۋا گۈللەردەك قەيسەر ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئىدى. كەلگەن كىچىك ماشىنىلار مەرۋايىتتەك يالتىراپ تۇرغان ئۈزۈملەر ساڭگىلاشقان تەك ئاستىدىن ئۆتۈپ، ئىككى تەرىپى رەڭگارەڭ گۈلچىمەنلەرگە تولغان چىغىر يول بىلەن بېرىپ، بۈككىدە دەرەخزارلىق ئىچىدىكى ئىككى قەۋەتلىك كىچىك بىنانىڭ ئالدىدا توختايتتى. ئۇنىڭغا پارقىرىتىپ سىرلانغان، پىرقىراتما ئەينەك ئىشىك ئورنىتىلغانىدى. ئىشىكنىڭ ئىككى تەرىپىدە غايەت زور ئىككى تۈپ دۈپدۈگىلەك سېدە بار ئىدى. بۇ، قارىياغاچقا سېدىنى ئۇلاش ئارقىلىق يېتىشتۈرۈلگەن دەرەخ ئىدى. ئۇنىڭ يوپۇرماقلىرىنىڭ ھەم يوغان، ھەم يۇمىلاقلىقى بەئەينى ئۈجمە يوپۇرمىقىغا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ غوللىرى ھەم تۈز، ھەم يوغان بولۇپ، ئۇ گوياكى گىگانت ئادەمدەك قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

مانا بۇ كىچىك شەھەردىكى ئەڭ ئالىي، ئەڭ سەلتەنەتلىك مېھمانساراي ئىدى، ئىلگىرى بۇ مېھمانسارايغا پەقەت بېيجىڭ ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزىدىن كەلگەن ئەڭ ئەزىز مېھمانلارلا چۈشەتتى. كېيىنچە چەت ئەللىك مېھمانلارمۇ چۈشىدىغان بولدى. ئىقتىسادىي ھېساباتنىڭ تەكىتلىنىشىگە ئەگىشىپ، بۇ مېھمانسارايىنىڭ ئىشىكىمۇ يېقىندىن بۇيان سەل ئوچۇق تۇرىدىغان بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن مېھمانسارايغا ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن كەلگەنلەر، بەزى ئابرۇيلۇق كىشىلەر، ناھىيەنىڭ شۇجىسى، ھاكىملىرى ۋە مۇشۇ كىچىككىنە شەھەرنىڭ مەنپەئەتى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئاز ساندىكى «ئەمەلىي ھوقۇقىقا ئىگە» كىشىلەر — ياغاچ ماتېرىياللىرىنى تەقسىم قىلغۇچى خادىملارمۇ ئانچە - مۇنچە چۈشەلەيدىغان بولدى.

بۇ كىچىك ۋە ئېسىل مېھمانسارايدا خۇددى مۇشۇ كىچىككىنە شەھەردەك گۈزەل ۋە مۇلايىم كەلگەن قەلبىنۇر ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر كۇتكۇچى قىز ئىشلەيتتى. ئۇنىڭ قويۇق قەلەم قاشلىرى ئاستىدا ھەم مۇلايىم، ھەم شوخلۇق چىقىپ تۇرىدىغان قوي كۆزلىرى چاقناپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قاشلىرى ئويناپ تۇرسىمۇ، لېكىن كۆزلىرىدىن بىر خىل مۇلايىملىق تۆكۈلۈپ تۇراتتى. سىز ئۇنىڭ ئېلىپتەك تۈز بۇرنى، نېپىز لەۋلىرى، چوڭقۇر زىناقلىرى، ئوماققىنا كەلگەن ئېڭىكىگە قاراپ، بۇ قىزنى چېگرا رايونغا جايلاشقان بۇ كىچىك شەھەردىكى سەبىي، پاك، ئاز - تولا دانالىقىمۇ بار، شۇنداقلا ئېڭى ئانچە تەرەققىيمۇ قىلمىغان، بۇلغىنىپمۇ كەتمىگەن بىر قىز ئىكەن دەپ ھېس قىلىسىز.

ئۇ بۇ جايدىكى ئۇيغۇر قىزلىرىغا ئوخشاشلا قۇلىقىغا ھالقا سېلىۋالغانىدى. بۇ ھالقا گەرچە جىڭ ئالتۇن ۋە جىڭ ياقۇتتىن ياسالمىغان بولسىمۇ، يەنىلا ھەقىقىي ئالتۇن ۋە ياقۇتتەك يالتىراپ جۇلالىنىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ كالۋۇتۇن بېسىلغان بىر ھېلىلە ياغلىقى بار ئىدى. لېكىن، ئۇ ياغلىقىنى بۇ يەردىكى باشقا ئاياللارغا ئوخشاش يىل بويى بېشىغا چىگىۋالمايتتى، ئۇنىڭ ياغلىقى كۆپىنچە چاغلاردا بويىنىغا ئارتىقلىق بولاتتى. ئۇ ياغلىقىنى بوران چىققان چاغلاردىلا بېشىغا ئارتىۋالىدىغان

بولسىمۇ، لېكىن ماڭلاي چېچىنى باشقا ئاياللاردىن كۆپرەك چىقىرىۋالاتتى. ئۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يۈزىگە بىلىنەر - بىلىنمەس يۈز مېيى سۈرتىدىغان ۋە ئۇپا - ئەڭلىك ئىشلىتىدىغان بولۇپ قالدى. ئەمما، بۇ ئۇپا - ئەڭلىك ئۇنىڭ ياشلىق ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ئەسلىي چېھرىگە قىلچە دەخلى - تەرۇز يەتكۈزەلمەيتتى. يېقىندىن بۇيان ئۇ ئۈچىسىغا دائىم دېگۈدەك قوڭۇر رەڭلىك نىلون چاپان كىيىپ يۈرەتتى. بەزىدە يوپكىمۇ كىيىۋالاتتى. لېكىن، كۆپىنچە چاغلاردا كۆك رەڭ شىم كىيىۋالاتتى، ئۇنىڭ بۇ يارىشىملىق كىيىملىرى زىلۋا بويىغا يەنە باشقىچە ھۆسن قوشۇپ تۇراتتى، تېخىمۇ قىزىقارلىق يېرى شۇكى، ئۇنىڭ كۆكسى بۇ يەردىكى ئاياللارنىڭكىدەك تۈپتۈزمۇ ئەمەس، ئاپتونوم رايوننىڭ مەركىزىدىكى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭكىدەك ئېگىزمۇ ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ سىياقى ئادەتتىكىدەك بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئانچە دىققىتىنى قوزغىيالمىسىمۇ، ئۆزىگە يارىشا ئىدى، ئۇنىڭ ئايىغىغا كەلسەك، ئۇ مۇشۇ جاينىڭ قەدىمىي ئەنئەنىسى بويىچە يىل بويى، يەنى چوڭ - كىچىك ھەر خىل سورۇنلاردا پۇتىغا ئۆتۈك كىيىۋالاتتى. لېكىن، ئۆيىگە قايتىپ كەلگەن ھامان، ئۆتۈكنى سېلىۋېتىپ گىلەم ئۈستىدە يالاڭ ئاياغ يۈرەتتى.

ئۇنىڭ ئوبدانلا بىر ئۆيى بار ئىدى. دادىسى تېۋىپ بولۇپ، تومۇر تۇتۇپ، دورا ياساش ئىشلىرىغا ماھىر ئىدى. ئۇ مۇشۇ شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، ھەر يىلى دېگۈدەك ئىككى - ئۈچ قېتىم مەجلىسكە قاتنىشىپ، يىغىن ئاخىرلاشقاندا ئوخشىتىپ ئېتىلگەن ئاشمانتىغا ئېغىز تېگىپ قايتاتتى. قەلبىنۇرنىڭ ئېسىدە قېلىشىچە، ئۇنىڭ ئاپىسى ياش ۋاقتىدا ناھايىتى كېلىشكەن، ناخشا ئېيتىشىمۇ، ئۇسسۇل ئويناشىمۇ قولىدىن كېلىدىغان، تولغان، ئاۋازى جاراڭلىق، قاش - كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدىغان بىر ئايال ئىكەن. شۇڭىمۇ قەلبىنۇر بۇ تۇرقىغا كىچىكىدىنلا ھەۋەس قىلىپ، «چوڭ بولغىنىمدا مەنمۇ

ئاپامدەك بولسام نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ــ ھە» دەپ ئويلايتتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئۇنىڭ ئاپىسى تۇساتتىن ساقسىز بولۇپ قېلىپ، قان بېسىمى، باش ئاغرىقىغا ئوخشاش كېسەللىكلەرگە مۇپتىلا بولۇپ، قىسقىغىنا بىر نەچچە يىل ئىچىدىلا ۋاقىتسىز قېرىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئايال ھەر كۈنى دېگۈدەك ئىنجىقلاپ ــ ئىڭراپ يۈرىدىغان بولۇپ قالدى، بۇ ھال قەلبىنۇرنى قانداقتۇر چۈشىنىكسىز بىر ساراسىمىگە سېلىپ قويدى، ئۇلارنىڭ پېشايۋانلىق، تۆت ئېغىزلىق كۆنگەي ئۆيى، يېرىم مو كەلگۈدەك بېغى، بىر موزايلىق سېغىن كالىسى، يەتتە مېكيان ۋە بىر خورىزى ھەمدە ئىككى قويى بار ئىدى. ئۇ ئۆيدە بولۇشقا تېگىشلىك نەرسىلەردىن يەنە نېمىلەرنىڭ كەملىكىنى بىلمەيتتى.

ئۇ كىچىك چېغىدا ناھايىتى ياخشى ئوقۇغان بولۇپ، بىر نەچچە يىل سىنىپ باشلىقىمۇ بولغانىدى، ئۇنىڭ مەكتەپ مۇدىرى ئاقساپ ماڭىدىغان كىتابپۇرۇش ئادەم بولۇپ، سەبىي قەلبىنۇرغا كيۇرى خانىمنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بېرىپ، ئۇنىڭمۇ چوڭ بولغاندا، ئۇيغۇر ئاياللىرى ئىچىدىن چىققان بىر ئالىم بولۇپ يېتىلىشىنى ئۈمىد قىلغانىدى. قەلبىنۇر ئون بەش يېشىدىلا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، قايتا تەربىيە ئالغىلى يېزىغا بېرىپ تۆت يىل كەتمەن چاپتى. 1977 ــ يىلى قانداقتۇر بىر بەخت قۇشى ئۇنىڭ بېشىغا قوندى ــ دە، ئۇ نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ھەۋىسىنى قوزغايدىغان ۋە ماختىنىشقا ئەگە بولغان بۇ مەشھۇر مېھمانسارايىنىڭ كۈتكۈچىلىكىگە قوبۇل قىلىندى.

1978 ــ يىلى ئۇ ئالىي مەكتەپلەرگە ئىمتىھان بەرمەكچى بولدى، ئۇنىڭ ئاساسىنىڭ ياخشىلىقى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئېتىبار بېرىلىدىغانلىقى تۈپەيلى، ئۇنىڭ ئالىي مەكتەپلەرگە كىرەلىشى تامامەن مۇمكىن ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ ئالىي مەكتەپكە كىرىش ئارزۇسى ئانىسىنىڭ، بولۇپمۇ ھەدىسىنىڭ

جان ـ جەھلى بىلەن قارشى تۇرۇشقا ئۆچرىدى. ئۇنىڭ ھەدىسى 50 ـ يىللاردا بېيجىڭغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن بولۇپ، شاڭخەي، خاڭجۇ، گۇاڭجۇ دېگەنگە ئوخشاش ئۇ پەقەت خەرىتىدىنلا ئىسمىنى ئاڭلاپ بىلگەن شەھەرلەرگىمۇ بېرىپ باققانىدى. 1958 ـ يىلى ئۇ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يوپۇرغا ناھىيەسىگە خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىدى، 61 ـ يىلى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ شارائىتىنى ياقتۇرمىغانلىقى، شۇنداقلا جەنۇبىي شىنجاڭلىق يىگىتلەرگە ياتلىق بولۇشنى خالىمىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە رەھبەرلىك بىلەن سەن ـ پەن دېيىشىپ قالغانلىقى تۈپەيلىدىن، شۇ ئاچچىقى بىلەن خىزمىتىنى تاشلاپ شەھەرگە قايتىپ كېلىشقا ئالغانىدى. ئۇ كەلگەندىن كېيىن تۇرلۇك ماللار ماگىزىنىدىكى بىر پىرىكازچىكقا ياتلىق بولۇپ، بۇ يەردىكى تۇمەنلىگەن ئائىلىلەرگە ئوخشاش قەدىر ئەھۋال تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلىدى، ئۇ بۇ تۇرمۇشتىن قانائەت ھاسىل قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئوقۇغان ئوقۇشنىڭ ۋە خىزمەت ئورنىنىڭ تاشلىنىپ قالغانلىقىدىن قىلچە ئەپسۇسلانمىدى. ئۇ تۆت پەرزەنت كۆردى، ئۇنىڭ ئۆي ـ جاي، باغۋاران ۋە مال ـ چارۋىلىرى چوڭ ئۆيدىكىدىنمۇ زىيادىرەك ئىدى. يەنە كېلىپ ئۇنىڭ ئېرى سودا ساھەسىدە ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئائىلىسى ئەڭ ياخشى ماددىي تەمىناتتىن بەھرىمەن بولاتتى. شۇڭا، ئۇ ئىش كۆرگەن كىشىلەرگە خاس تەلەپپۇز بىلەن قەلبىنۇرغا دېدى:

— بولدى قوي! ئالىي مەكتەپ دېگىنىڭنىمۇ كۆردۈم! ھەر كۈنى كىتاب كۆرگەن، دەرس تىڭشىغان، تاپشۇرۇق ئىشلىگەن... چارچاپ ھالىڭ قالمايدۇ! مەكتەپ دېگەندە ياكى ئەتكەنچاي ئىچەلمەيسەن، پولۇ ـ لەڭمەن يېيەلمەيسەن، سامسا ـ يۇتازا دېگەنلەرنىغۇ كۆرمەيسەن. ۋىيەي، ئالمىدە بىزنىڭ ئالمىزار بېغىمىزغا يېتىدىغان ئالىي مەكتەپ نەدە دەيسەن؟! بېيجىڭ، شاڭخەي دېگەنلىرىڭمۇ شۇنچىلىك بىر يەرلەر ئىكەن! ئۇ يەرنىڭ ھەسەللىرىنىڭمۇ رەڭگى سۆسۈن، ئۆزى سۇدەك سۇيۇق

كېلىدىكەن. بىزنىڭ بۇ يەردىكى ھەسەلچۇ؟ ئاپپاق، قويۇق، بەئەينى قۇيرۇق ماينىڭ ئۆزى. تېخى ئۇرۇمچى دېگىنىڭچۇ؟ ئۇ يەرنىڭ قۇشقاچلىرىمۇ كۆمۈر ئىسىدا ئىسلىنىشىپ، قارىداپ كېتىدىكەن. بىزنىڭ بۇ يەرنىڭ كۆمۈرلىرىچۇ؟ ئىسىمۇ يوق، بۇسىمۇ يوق... بىر تال سەرەڭگە بىلەنلا ئوت ئالىدۇ. كۆمۈپ قويساڭ، ئىككى كېچە - كۈندۈز ئۆچمەيدۇ... جەنۇبىي شىنجاڭنى دېمەمسەن تېخى، ئۇ يەردىكىلەر ئۆستەڭنىڭ لاي سۈيىنى ئىچىدۇ. ئادەملىرى مال - ۋارانلىرى بىلەن بىر ئۆيدىلا ياتىدۇ. جاھاننىڭ ھەممە يېرىنى ئاختۇرساڭمۇ بىزنىڭ بۇ يەرگە يېتىدىغان جاينى تاپالمايسەن! ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگىنىڭدىمۇ ھازىرقىدەك كۆڭۈللۈك خىزمەت تاپالىشىڭ ناتايىن. قارا، ھازىرقى خىزمىتىڭ شۇنچە پاكىز، شۇنچە يېنىك، شۇنچە ھۆرمىتى بار ئىش. چوڭ - چوڭ ئادەملەر بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرىسەن. پەقەت چوڭ ئەربابلارلا ئولتۇرالايدىغان پىكاپلاردا ئولتۇرىسەن. پەقەت باشلىقلارلا يېيەلەيدىغان ئاقسۇ گۈرۈچى ۋە ئالىي سورتلۇق ئاق ئۇن يېيەلەيسەن...

قەلبىنۇرنىڭ ئاپىسى بولسا يىغلاپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ كېسەلچان بولۇپ قالغانلىقى، ئۆيدە ئۆزىدىن خەۋەر ئالغۇدەك كىشىنىڭ يوقلۇقىدىن زارلاندى. ئۇنىڭ دادىسى باشتىن - ئاخىر ئىپادە بىلدۈرمىدى. ئۇنىڭ قىياپىتى جىددىي بولۇپ، ئۆزىنىڭ مۇشۇ ھەقتە توغرا بىر يەكۈن چىقارغۇدەك تولۇق ساۋات ۋە ئىقتىدارغا ئىگە ئەمەسلىكىدىن چوڭقۇر ئۆكۈنەتتى. قەلبىنۇر قولىقى يۇمشاق قىز بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئالىي مەكتەپكە كىرىش ئارزۇسى ۋاللىدە چاقنىغان ئۇچقۇندەك بىر چاقناپلا ئۆچۈپ كەتتى.

مېھمانسارايىنىڭ خىزمىتى ھەقىقەتەن كۆڭۈللۈك ئىدى، بولۇپمۇ 1978 - يىلى مېھمانسارايغا كىيىم يۇيۇش ۋە قۇرۇتۇش ماشىنىسى سېتىۋېلىنغاندىن كېيىن، ئەسلىدە بىردىنبىر ئېغىر ھېسابلانغان كىر يۇيۇش ئىشلىرىمۇ «ماشىنىلىشىپ» كەتتى. ئۇ

ئەمدى قوللىرىنى ماغزاپقا تىقىۋېرىپ يېرىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىمەيدىغان بولدى. ئۇنىڭ كۈندىلىك خىزمىتى بىر قېتىم تازىلىق قىلىپ قويۇش، ئىككى قېتىم قايناق سۇ ئەكىرىپ قويۇش، مېھمانلارغا بىرقانچە قېتىم ئىشىك ئېچىپ بېرىشتىنلا ئىبارەت ئىدى. ئۇنىڭ مۇئامىلىسى يېقىملىق، ئۆزى سەممىي ۋە ئەدەپلىك بولۇپ، كۆرگەنلا نەرسىگە سەپسېلىپ يۈرمەيتتى. ئۆزىگە ئالاقىسىز گەپ - سۆزلەرگىمۇ ئارىلاشمايتتى، مېھمانسارايغا قانداق كىشىلەرنىڭ كېلىپ كەتكەنلىكى، قايسى كىشىلەرنىڭ بۇ يەردىن نەچچە تۈنىڭ سىرىقماي ياكى قانچە كىلو يۇڭ يىپ ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىغا ئوخشاش ئىشلار توغرىسىدا سۆز - چۆچەك قىلىپمۇ يۈرمەيتتى ھەمدە باشلىقلارنىڭ شوپۇرلىرىنى ئۆزى بىلگىنىچە باشقۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئېسىل ماشىنىلىرىنى ئۆزىنىڭ شەخسىي ئىشلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىشنى خالىمايتتى. (باشلىقلارنىڭ تەكەببۇر شوپۇرلىرىنىڭ مېھمانسارايلاردىكى ئايال كۈتكۈچىلەرنىڭ قوماندانلىقىغا ئىتائەتمەنلىك بىلەن بويسۇنۇشىمۇ بىر قىزىق ئىش). شۇڭا، ئۇ مېھمانساراي پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ ئېتىبارىغا ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن ياچېيكىنىڭ تەشكىلىي ھەيئىتى ئۇنى چاقىرىپ بىر قېتىم سۆھبەتلەشتى. بۇنىڭدىكى مۇددىئا، ئۇنى پارتىيەگە كىرىشكە ئىلھاملاندۇرۇش ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ كاللىسىدا بۇنداق ئاڭ كەم بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئۆزىنى كوممۇنىست دېگەن يەر - جاھاننى زىلزىلىگە سالىدىغان نام بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قاراشقا ئۇرۇنۇپمۇ باقمىغانىدى. بۇ جەھەتتە ئۇنىڭدا ئاكتىپ ئىنكاسىنىڭ بولمىغانلىقى بىلەن تەشكىلىي ھەيئەت ئۈمىدسىزلىنىپ قالدى.

بەختلىك كۈنلەر گوياكى پايانسىز تۇزلەڭلىكتە كېتىپ بارغان ماشىنىغا ئوخشايدۇ. سەن بۇنى ھېس قىلالمىغىنىڭدا ئۆزۈڭنى بىر خىل جىمجىت، ئۆزگەرمەس، ئەزەلدىن مۇشۇنداق كېلىۋاتقان ھالەت بىلەن ئۆتۈۋاتىمەنغۇ، دەپ ئويلاپ قېلىشىڭ مۇمكىن.

ئەمەلىيەتتە سەن ئۇلتۇرۇۋاتقان «ۋاقىت»تىن ئىبارەت بۇ ماشىنا ئۇچقاندەك ئالغا كېتىۋېرىدۇ. قەلبىنۇر يىگىرمە بىر ياشقا كىرىپ قالدى، ئۇ تېخى يىگىرمە ياشقا كىرىپ قالغانلىقىنى ئۆزى ئېنىق چۈشەنمەي، يىگىرمىنچى يېشىنى تۈگەتمەي ۋە ئۇنىڭغا قانماي تۇرۇپلا كىشىلەر ئۇنى يىگىرمە بىر ياشقا كىرىپ قالدىڭ دېيىشتى، كېيىن تۇرۇپلا يىگىرمە ئىككى ياشقا، يەنە كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچىلا يىگىرمە ئۈچ ياشقا كىرىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى.

ئۇ بارغانسېرى چىرايلىقلىشىپ، پىشقان ئالمىدەك ۋايىغا يەتتى. ئۇنىڭدىن ياشلىق غۇرۇرى تۆكۈلۈپ تۇراتتى، ئۇنىڭ بەخت - تەلىيى ئوڭ كېلىپ، ئاياللار گۈزەللىكىگە ئاشكارا ئىنتىلەلەيدىغان، كىيىم - كېچەك ۋە ياسىنىپ يۇرۇش كۇندىن - كۇنگە يېڭىلىنىۋاتقان يىللاردا ياشاش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى. ئۇنىڭ كىيىنىشلىرى شۇنچە لايىقىدا ئىدىكى ھەم ئادەتتىكىچىمۇ ئەمەس، ھەم ئاجايىپ - غارايىپمۇ ئەمەس ئىدى. ئۇ ھېچقانچە كۈچ سەرپ قىلمايلا بۇرۇنقىغا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە يېڭىلىق يارىتىپ، مىللىي ئەنئەنە بىلەن چەتتىن كەلگەن شەكىللەرنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈۋالدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ گوياكى ئۆز ئورنىدا جىم تۇرغاندەك تەۋرىمەي كېتىپ بارغان «ماشىنا»غا ئولتۇرۇپ، بىر قىزغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەڭ مۇھىم بولغان بىر بېكەتكە يېتىپ كەلدى. ئۇ لايىق تۇتتى. ئۇنىڭ تاللىۋالغىنى مىللىيچە پاسوندا شەپكە تىكىدىغان بىر ماشىنىچى ئۇستام ئىدى. ئۇ قەلبىنۇرنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان ساۋاقدىشى بولۇپ، ئۇنىڭ بىر جۈپ يوغان كۆزلىرىدىن قايناق ھېسسىيات ۋە شوخلۇق چىقىپ تۇراتتى. ئەگەر سەن ئۇنى مېھمانسارايدىكى كۇتكۇچىلەر ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدىغان بەزى كىنو ئارتىسلىرى بىلەن سېلىشتۇرىدىغان بولساڭ (ئۇلارنىڭ قولىدا نۇرغۇنلىغان مەشھۇر كىنو ئارتىسلىرىنىڭ سۈرىتى بار ئىدى)، ئۇ ھەم داشىچاڭغا،

ھەم گاۋفېيغا ئوخشاپ كېتەتتى. لېكىن، ئۇنىڭ داشچاڭ بىلەن گاۋفېيلارغا قارىغاندا ئۇيغۇر ياشلىرىغا خاس شوخلۇقى ۋە جۇشقۇنلۇقى ئارتۇق ئىدى. گەرچە قەلبىنۇرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئۇ يىگىتنىڭ كەسپىنى قەلبىنۇرنىڭ كەسپىگە ماس كەلمەيدۇ، دەپ قارىغان بولسىمۇ، لېكىن قەلبىنۇر يەنىلا شۇ يىگىتنى خالايتتى. قەلبىنۇرنىڭ ئۇ يىگىتتىن باشقا ھېچكىمگىمۇ ياتلىق بولغۇسى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ يىگىت قەلبىنۇرغا شۇنچە تەشەببۇسكار ۋە قىزغىنلىق بىلەن ھېرىس بولغانىدى. ئۇنىڭ قەلبىنۇرغا يازغان مەكتۇپلىرى گەرچە ئىمىر - چىمىر يېزىقلار بىلەن يېزىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدا مۇشۇ رايوندا كەڭ تارقالغان ھەمدە بۇ جاينىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتى بولغان ھەسەلدىنمۇ شېرىن مۇھەببەت ناخشىلىرى نەقىل كەلتۈرۈلگەنىدى. قەلبىنۇر ئۇنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسىنىڭ تۆۋەن ئىكەنلىكىدىن خىجىل بولاتتى، ھەتتا كىشىلەرگە تۇيدۇرماي كۆز يېشى قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ يىگىتنىڭ قىزغىنلىقى، كېلىشكەن بەستى ۋە ئۇنىڭ تۈگىمەس مۇھەببەت ناخشىلىرىدىكى كىشىنى ئىللىتىپ، ئېرىتىۋېتىدىغان مىسرالىرىدىن ھاياجانلىناتتى. ئۇ تولىمۇ سېخىيلىق بىلەن قەلبىنۇرنىڭ ئاتا - ئانىسىغا، ھەدىسىگە ۋە كىچىك ئىنىسىغا ئاز بولمىغان سوۋغا - سالاملارنى تەقدىم قىلدى. بۇ خىل شەپكە تىكىش ھۈنىرى بىلەن شۇغۇللانغۇچى ماشىنىچىلار ئەسلىدىنمۇ پۇل تېپىشنىڭ يولىنى بىلەتتى. مۇھەببەت ناخشىلىرىغا سوۋغا - سالام قوشۇلۇش بىلەن ئۇلارنىڭ مۇھەببەت يولى تېخىمۇ راۋانلىشىپ كەتتى. ئىككى قۇدا مەسلىھەتلىشىپ، ئۇلارنىڭ توينى كۈزدە كېلىدىغان قۇربان ھېيتقا بېكىتتى.

قەلبىنۇر ئۆكتەبىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا كېلىدىغان ئاشۇ كۈننى، ئۆزگە تەئەللۇق بولغان پېشايۋانلىق ئۆي - جاي، ئالمىزارلىق، ئەتىرگۈللەر...نى كۈتۈشكە باشلىدى. ئۇ يىگىت

تەييار قىلغان ئۆيلەرنى كۆرۈپمۇ باقتى. ئۆيىنىڭ تاملىرى كالا تېزىكى ئارىلاشتۇرۇپ كاكىل قىلىنغان لاي بىلەن ئىنچىكە ۋە سىلىق سۇۋالغانىدى. ئۆي ئىچى بىر رۇس ئاقلامچى ئايالنىڭ تەكلىپ قىلىنىشى بىلەن سۇس هاۋارەڭ ئاقارتىلغانىدى. قىش كۈنلىرى ئىشلىتىشكە مەشمۇ تەييارلاپ قويۇلغان، كىشى ئۆز ئەكسىنى كۆرەلىگۈدەك دەرىجىدە پارقىراپ تۇراتتى. قەلبىنۇرغا نىسبەتەن لىملىرى، ۋاسىلىرى ۋە بورىلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان بۇ ئىككى ئېغىزلىق ئۆي ئاشۇ سەلتەنەتلىك مېھمانسارايدىنمۇ كۆركەم بولۇپ كۆرۈنەتتى. مېھمانسارايىنىڭ تاش تۈۋرۈكلىرى، ئەينەكلىك ئىشىكلىرى، نەقىشلىك دېرىزىلىرىمۇ قەلبىنۇرنىڭ هېچقانچە زوقىنى قوزغىيالمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ھەممە ئىشنىڭ كۆڭلىدىكىدەك بولۇۋاتقانلىقىنى ئويلىغىنىدا ئىچ ـ ئىچىدىن يايراپ كېتەتتى، بىراق بۇ ئىشلار تولىمۇ ئاسان، بەكمۇ ئوڭۇشلۇق بولدى. ئۇنىڭ قىزلىق دەۋرى ئۆزى سېزە ـ سەزمەيلا ئۆتۈپ كېتىپ قالدى، لېكىن ئۇ بۇنىڭغا قىلچە ئۆكۈنمەيتتى.

7 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى سەھەردە ئۇستىبېشىنى توپا ـ چاڭ باسقان بىر يولۇچى بۇ مېھمانسارايغا كىرىپ كەلدى. قارىماققا ئۇ ئوتتۇز نەچچە ياشلاردا بولۇپ، بۇ مېھمانسارايغا چۈشكەنلەر ئارىسىدا ئەڭ ياش دېگۈدەك ئىدى. ئۇ ئېگىز بوي، كەڭ يەلكىلىك، چېچىنى ئۇزۇن ئۆستۈرۈۋالغان، چىرايى قارامتۇل، كۆزلىرى نۇرلۇق بىر كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ بەكمۇ چارچاپ كەتكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ قىزىل رەڭلىك، تولۇم شەكىللىك چەت ئەل مېلى ئىكەنلىكى ئېنىق بىلىنىپ تۇرىدىغان سومكىسىدىن باشقا، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلغۇدەك هېچنېمىسى يوق ئىدى. ئۇ شۇنچىلىك ياش، چىرايى قارىداپ كەتكەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە پىيادە يول يۈرۈپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن (ئۇنى بىرەر ئېسىل پىكاپ ياكى هېچبولمىغاندا بىر ئادەتتىكى ماشىنىمۇ ئەكېلىپ قويمىغانىدى)، بىلەت ساتقۇچى تەرىپىدىن

مېھمانساراي بويىچە شارائىتى ئەڭ ناچار بولغان بىر ياتاققا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇلدى. ئۇ ياتاق بېلىتىنى قەلبىنۇرغا بېرىۋېتىپ، خۇددى بىر نەرسە تېپىۋالغان كىشىدەك قەلبىنۇرنىڭ باش - ئايىغىغا سەپسېلىشقا باشلىدى. بۇ خىل ئەدەپسىزلىككە ياتىدىغان نەزەر بىلەن قاراۋېرىش قەلبىنۇرغا ياقمىدى. شۇنىڭ بىلەن قەلبىنۇر ئىختىيارسىز ھالدا بۇ كىشىنى مەرتىۋىسى ۋە ئورنى تولىمۇ تۆۋەن بولغان بىر مېھمان بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ قالدى. ئۇ ھەم ئىتائەتمەن، ھەم ئۆزىنى بېسىۋالغان ھالدا ئاچقۇچنى ئېلىپ، بۇ مېھمانغا ياتاقنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بەردى. قەلبىنۇر بۇ مېھماننىڭ دىققەت - نەزىرىنىڭ باشتىن - ئاخىر ئۆزىدە بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئىشىك ئېچىپ بېرىلگەن بولسىمۇ، بۇ مېھمان ئۆينىڭ نەملىكى، كارىۋاتلارنىڭ قىڭغىر - سىڭغىرلىقى، كارىۋات يۈزىنىڭ ئوي - دوڭغۇللۇقىغا قىلچە دىققەت قىلماي، يەنىلا قەلبىنۇردىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى.

— سىز بۇ يەردە كۈتكۈچىلىك قىلامسىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ. قەلبىنۇر «نەدىكى گەپلەرنى قىلىدۇ بۇ كىشى» دەپ ئويلىدى ۋە بېشىنى ئانچىكىلا لىڭشىتىپ قويۇپ، جوزا ئۈستىدىكى چايداننى قولىغا ئالدى. چۈنكى، يېڭى ئېچىپ بېرىلگەن ياتاقلارغا قايناق سۇ ئەكېلىپ بېرىش ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتى ئىدى.

— بۇ يەر نېمىدېگەن تىنچ جاي - ھە! — دېدى ھېلىقى مېھمان. قانداقمۇ تىنچ بولسۇن؟ بۇ يەردە خورازلارنىڭ چىللىشى، ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى، دەرەخ يوپۇرماقلىرىنىڭ شالدىرلاشلىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. سۇ جۈمىكىنى ئاچسىمۇ شارقىراپ ئاۋاز چىقىرىدۇ. يەنە ماشىنا ئاۋازلىرى ۋە ئۇنىڭ سىگنال بېرىشلىرىمۇ ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. ھەر ھەپتىدە ئىككى قېتىم ئايروپىلاننىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازىنىمۇ ئاڭلىغىلى بولىدۇ. يەنە ئادەملەرنىڭ ھەر خىل ئاۋازلىرى، ھەرقايسى مىللەت تىلىدا بولۇۋاتقان گەپ - سۆزلەر، كۈلكە - چاقچاق ئاۋازلىرىمۇ

www.uyghurkitap.com

بار. باھار كۈنلىرىدە ھەر خىل قۇشلارنىڭ سايراشلىرىنىمۇ ئاڭلاش مۇمكىن. ياز كۈنلىرى بولسا چېكەتكىگە ئوخشاش نەرسىلەر چىرىلدىشىپ تۇرىدۇ. قىش كۈنلىرىنىڭ شىۋىرغانلىرى قار ئۇچقۇنلىرى بىلەن ئۇرۇپ تۇرىدۇ. بەزى چاغلاردا تېخى كۆيۈۋاتقان ئوتۇن ياكى كۆمۈرنىڭ چاراسلاشلىرىنىمۇ ئاڭلايسەن، مانا مۇشۇنداق مېھمانسارايلارنىڭ غودۇڭشىشلىرىمۇ بار. دېجورنى بولغان كېچىلەردە تېخىمۇ قىزىقارلىق ئىشلارغا يولۇقىسەنكى، بەزى مېھمانلارنىڭ گۈلدۈرمامىدەك خورەك تارتىشلىرىدىن بۇ كىچىككىنە مېھمانساراي گۆمۈرۈلۈپ چۈشەرمىكىن، دەپ ئەنسىرەيسەن.

قەلبىنۇر چايخانىدىن قايناق سۇ ئەكېلىۋاتقاچ يۇقىرىدىكىلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، بۇ مېھمان باشقا يېڭى كەلگەن مېھمانلارغا ئوخشاش، نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرمايتتى، بىرەر داس ئىسسىق سۇ ئېلىپ كېلىپ باش - كۆزىنىمۇ يۇمايتتى، كارىدورغا چىقىپ كىيىم - كېچەكلىرىنىمۇ چوتكىلاپ قويمايتتى. ئۇنىڭ قىزىل سومكىسى پولغا تاشلاپ قويۇلغان پېتى تۇراتتى. ئۇ شۇ تاپتا بىرەر مەشىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان كىشىدەك، كارىۋاتنىڭ لېۋىدە ئولتۇرۇپ، قوللىرىنى تىزلىرىغا تىرىگەن ھالدا، كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى:

— بۇ يەردە ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرىنىمۇ ئاڭلىغىلى بولىدىكەن - ھە؟ — بۇ سۆزنى ئۇنىڭ ئۆز - ئۆزىگە ئېيتىۋاتقانلىقىنى ياكى قەلبىنۇرغا ئېيتىۋاتقانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى.

ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرىدىن ئەجەبلىنىدىغان نەرى بولسۇن؟ قاۋىمىغان ئىت گاچا ھېسابلىنىدۇ - دە، ئەجەبلىنىشكە توغرا كەلسە، مۇشۇنىڭدىن ئەجەبلەنسە بولىدۇ. سېنىڭ سۆزلىرىڭچۇ؟ تېخى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەسمۇ؟

قەلبىنۇر بىلىنەر ـ بىلىنمەس كۆلۈمسىرەپ قويدى. بۇ كۆلۈمسىرەش بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىك ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ كەڭ قورساقلىقىنى، ھەتتا ئۇ كىشىگە بولغان بىر خىل ھېسداشلىقىنى ئىپادىلەيتتى. نېرۇسى جايىدا بولمىغان بۇ مېھمانغا يەنە نېمە ئامال بولسۇن؟ تۆت يىلدىن بېرى بۇ يەرگە قانداق مېھمانلار كېلىپ كەتمىدى؟ ئۇلارنىڭ نېمە ئىزناسى قالدى؟ ئەمدى يەنە قانداق مېھمان قەلبىنۇرنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى قوزغىيالايدۇ؟

لېكىن، بۇ مېھمان ھەقىقەتەنمۇ ئۆزگىچىلا بىر كىشى ئىدى. ئەتىسى ئىشقا چۈشىدىغان ۋاقىت ــ سائەت توققۇز يېرىم بولدى (بۇ جاينىڭ ۋاقتى بويىچە يەتتە يېرىم بولغانىدى، بۇ بېيجىڭدىن ناھايىتى يىراق بىر جاي بولۇپ، ۋاقىت جەھەتتە ئىككى سائەت پەرق قىلاتتى). ئەمەلىيەتتە، بۇ يەرنىڭ ئادىتى بويىچە ھېچكىممۇ بۇنچە سەھەر خىزمەتكە چۈشمەيتتى ياكى باشقا پائالىيەت بىلەنمۇ شۇغۇللانمايتتى.

بۇ چاغدا سەنئەت ئۆمىكىنىڭ يېڭى كۆزگە كۆرۈنگەن چولپان يۇلتۇزىدەك ئارتىسى پاتىگۇل مېھمانسارايغا كەلدى، پاتىگۇل ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ئوخشاشلا ماھىر بولۇپ، ئۇيغۇرچە، قازاقچە، خەنزۇچە ئۈچ خىل تىلدا رول ئالالايتتى. ئۇ بۇ جايدىكىلەرنىڭلا ئەمەس، پۈتۈن شىنجاڭدىكى تاماشىبىنلارنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر ئىدى. بۇ كۈنى ئۇ ئۈچىسىغا چىرايلىقىنا مىللىي كىيىم، بېشىغا قەشقەرنىڭ چىمەن دوپپىسىنى كىيىۋالغان، قۇلىقىغا ھەقىقىي ھىندىستان ياقۇتىدىن كۆز قويۇلغان ھالقا سېلىۋالغان ھالدا (بۇ جايدىكى ئەركىن بازارلاردا بۇنداق ھالقىنىڭ بىر جۈپىنى مىڭ يۈەن ئەتراپىدا سېتىۋالغىلى بولاتتى) قەلبىنۇرنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چىقىرىپ كىرىپ كەلدى. ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، ئۇ ئىككىنچى قەۋەتتىكى ئالاھىدە ياتاقلارغا ئورۇنلاشقان ئاپتونوم رايوننىڭ باشلىقلىرىنى يوقلىمىدى، بەلكى چىراي ـ

شەكلى ئادەتتىكىچە بولغان، نىرۋىسى جايىدا ئەمەس ھېلىقى مېھماننىڭ قېشىغا كىرىپ كەتتى. قەلبىنۇر تازىلىق قىلغاچ ئۇ تەرەپكە بېرىپ قېلىپ، پاتىگۇلنىڭ ھېلىقى ياش مېھمانغا بىر خىل ۋەسۋەسە بىلەن يېلىنغان ھالدا بىر نېمىلەرنى دەۋاتقانلىقىنى چېلىقتۇرۇپ قالدى. ھېلىقى ياش مېھماننىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلگەن بولۇپ، چىرايىدىن ھېچقانداق بىر ئالامەتنى سەزگىلى بولمايتتى. قەلبىنۇر كۈتكۈچىلەر ئۆيىدە بىكارچىلىقتىن بىر نەرسە توقۇپ ئولتۇرۇپ، توساتتىن پاتىگۇلنىڭ ھېلىقى مېھماننىڭ ياتىقىدا ناخشا ئېيتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى، ئۇنىڭ ئېيتقىنى قەلبىنۇر ياخشى بىلىدىغان «قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم» دېگەن خەلق ناخشىسى ئىدى. (بۇ يەردە چىرايلىق قىزلارنىڭ چوڭ ـ چوڭ كۆزلىرىنى قوي كۆزلىرىگە ئوخشىتىپ سۈپەتلەيدىغان ئادەت بار ئىدى.) بىردەمدىن كېيىن ئۇ پاتىگۇلنىڭ گويا سەھنىدە سۆزلەۋاتقاندەك ئۇنلۇك ئاۋازدا سۆزلەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى، ئۇ كۆڭلىدە «بۇ قىز ئېلىشىپ قالغانمىدۇ؟ بۇنچە سەھەردىلا ناخشا ئېيتىپ ۋارقىراپ سۆزلەپ كەتتىغۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ياتاقتا پەقەت ئىككىلا ئادەم تۇرسا ياكى ئۇلار ھاراق ئىچىشمىكىنە؟ ! بۇ مېھمانسارايدا ياتقانلار پەسرەك ئاۋازدا سۆزلىشى كېرەك ئىدىغۇ، بۇنداق ۋارقىراپ ـ جارقىراپ كېتىش تولىمۇ مەدەنىيەتسىزلىك ۋە ئەدەپسىزلىك بولمامدۇ؟ ياكى خەنزۇ يولداشلار ئېغىزدىن چۈشۈرمەيدىغان بىر سۆز بىلەن ئېيتقاندا، بۇ ئۆزىنى بىلمىگەنلىك ئەمەسمۇ؟ » دەپ ئويلاپ قالدى.

پاتىگۇل قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، بىر سېرىق چاچلىق تاتار قىز مېھمانسارايغا كىرىپ كەلدى. ئۇمۇ ئوخشاشلا بۇ ياش مېھماننىڭ ياتىقىغا كىرىپ ناخشا ئېيتىپ، ۋارقىراپ سۆزلەپ كەتتى. بۇ ئەھۋاللاردىن كېيىن قەلبىنۇرنىڭ ئۇلارنى ئاۋازىڭلارنى پەسرەك چىقىرىڭلار دەپ ئاگاھلاندۇرۇپ قويغۇسى كەلدىيۇ، يەنە ئىككىلىنىپ قالدى... بۇ تاتار قىز كەتكەندىن

كېيىن ئۆزى ساز چېلىپ، ئۆزى ناخشا ئوقۇيدىغان بىر ئۆزبېك قىز مېھمانسارايغا كەلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى قەلبىنۇرنىڭ زوقىنى كەلتۈرۈپ كېلىۋاتقان نامى بار گۈزەل قىزلاردىن ئىدى. قەلبىنۇر بۇ جايدىكى چىرايلىق خوتۇن ـ قىزلارنىڭ خۇددى بىرەر چوڭ ئەربابقا تاۋاپ قىلغاندەك ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ، ئۇ مېھماننى يوقلاپ تۇرۇشىدا قانداق بىر سىرلىق كۈچنىڭ بارلىقىنى زادىلا چۈشىنىپ يېتەلمىدى. چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا قەلبىنۇر بۇ مېھمانسارايدىكى ھەممىنى بىلىپ تۇرىدىغان لى ھەدىدىن ھېلىقى ياش مېھماننىڭ ئىچكىرىدىكى بىر چوڭ كىنو ستۇدىيەسىدىن كەلگەنلىكىنى، ئۇنىڭ بۇ يەردىكى بەزى كەسپىي ۋە ئىشتىن سىرتقى سەنئەتكارلار بىلەن ئۇچرىشىشى، ئېھتىمال بىرەر كىنو فىلىمى ئىشلەش سەۋەبىدىن ئىكەنلىكىنى ئاڭلىدى. قەلبىنۇر لى ھەدىنىڭ بۇ «ئاخباراتى»نى ھەۋەس بىلەن ئاڭلاۋاتقىنىدا، تۇيۇقسىز يىگىتىدىن تېلېفون كېلىپ قالدى. قەلبىنۇرنىڭ يىگىتى ئۇنىڭغا چۈشتىن كېيىن بالدۇرراق ئىشتىن چۈشۈپ، تۇرلۇك ماللار ماگىزىنىغا بېرىشنى تاپىلىدى. ئۇ يىگىت تېلېفوندا يەنە: «ياپونىيەدىن ئىمپورت قىلىنغان بىر خىل يېڭى رەخت كەپتۇ، مەن سىزگە يەنە بىر قۇر كىيىم تىكتۇرۇپ بەرسەم دەپ ئويلىدىم» دېدى، قەلبىنۇر «ھە، ھە» دەپ قويۇش بىلەنلا كۇپايىلەندى. ئۇ ئۆزىنى ھەم بەختلىك ھېس قىلدى، ھەم خىجىللىق ھېس قىلدى. «ياپونىيەنىڭ بۇ يېڭى كەلگەن رەختى زادى قانداقتۇ؟ ئەجەبا موبىجى، دىلون، كۆيىبا... دىنمۇ باشقىچىرەك بولغان رەخت خىلى چىققانمىدۇ؟ ئىلمە ـ توقۇلما پەن ـ تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتى نېمىدېگەن تېز ـ ھە !» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

چۈشتىن كېيىن قەلبىنۇر ۋاقتىنىڭ تېزرەك ئۆتۈشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرغاندا، ھېلىقى ياش مېھمان ئالدىراپ سىرتقا چىقىۋىدى، ئۇنى بىر جىپ ماشىنا ئېلىپ كەتتى. سائەت يەتتىلەردە بۇ ماشىنا قايتىپ كەلدى ۋە ھېلىقى ياش مېھمان

ماشىنىدىن چۈشتى. ئۇنىڭ چىرايىدىن بىر خىل ئۇمىدسىزلىك چىقىپ تۇراتتى. قەلبىنۇر دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، بۇ مېھماننىڭ ياتىقىنى ئېچىپ بەرمەكچى بولۇۋىدى، لېكىن ئۇ مېھمان تولىمۇ تىت ـ تىت بولغان قىياپەتتە بىنانىڭ ئالدىدا ئۇيان ـ بۇيان مېڭىپ يۈرۈپ مېھمانساراي ئىچىگە كىرمىدى. توساتتىن ئۇ مېڭىشتىن توختىدى، كېيىن خۇددى بىر نەرسە ئىزدەۋاتقان كىشىدەك دېرىزىدىن قەلبىنۇرنى كۆردى ـ دە، ئۇنىڭ كۆزلىرى بىردىن چاقناپ كەتتى. ئۇ ئالدىراپ قەدەم تاشلىغان پېتى مېھمانساراي ئىچىگە كىرىپ كەلگەندە، قەلبىنۇر بىر توپ ئاچقۇچنى جىرىڭلىتىپ، ئۇنىڭغا ئىشىك ئېچىپ بېرىش ئۈچۈن كارىدورغا چىقىپ بولغانىدى.

— بىردەم توختاپ تۇرسىڭىز، كۈتكۈچى قىز، — دېدى ئۇ. شۇ سۆز بىلەن قەلبىنۇر ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قارىدى.

— ئىشىك ئېچىشقا ئالدىرىماڭ، كېلىڭ، بىز بىردەم ھال ـ مۇڭ بولايلى، بىردەم پاراڭلىشايلى، — دەپ ھېلىقى كىشى كۈتكۈچىلەر ئۆيىگە قاراپ ماڭدى.

بۇ مېھمان قەلبىنۇرغا باشتىن ـ ئاياغ نەزەر سېلىپ چىقىپ:

— ئىسمىڭىز نېمە؟ — دەپ سورىدى.

— قەلبىنۇر، — ئۇ كۆزلىرىنى يەردىن ئۈزمەي تۇرۇپ تولىمۇ پەس ئاۋازدا جاۋاب بەردى، — مەن 4 ـ نومۇرلۇق كۈتكۈچى بولىمەن.

— سىز قانچىلىك ئوقۇغان؟ — بۇ مېھمان قەلبىنۇرنىڭ ناتونۇش كىشىلەرگە ئۆز ھالىدىن سۆزلەپ بەرگۈسى يوقلۇقىغا قارىماي، سوئال سوراشنى داۋام قىلىۋەردى.

— تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن، — دېدى قەلبىنۇر قوشۇمىسىنى تۈرگەن ھالدا بوشقىنا جاۋاب بېرىپ.

— قانچە ياشقا كىرگەنسىز؟

— يىگىرمە ئۈچكە، — قەلبىنۇرنىڭ ئاۋازى، ھەتتا ئۆزىمۇ

ئاڭلىيالمىغۇدەك دەرىجىدە تۆۋەن ئىدى.

— سىز ناخشا ئېيتىش، ئۇسسۇل ئويناشنى ياخشى كۆرەمسىز؟

ئۇ جاۋاب بەرمىدى. قەلبىنۇر «ياخشى كۆرىمەن»مۇ دېيەلمەيتتى، چۈنكى ئۇ ئۆزىنى ناخشا - ئۇسسۇل ھەۋەسكارلىرى قاتارىغا قويۇشقا پېتىنالمايتتى. «ياخشى كۆرمەيمەن»مۇ دېيەلمەيتتى، چۈنكى ئۇ ئەمەلىيەتتە ناخشا - ئۇسسۇلنى ياخشى كۆرەتتى.

— سىز دىراما، كىنو كۆرۈشكە قىزىقامسىز؟

قەلبىنۇر بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— سىز كىتاب كۆرۈشنى، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى كۆرۈشنى ياخشى كۆرەمسىز؟

قەلبىنۇر جاۋاب بەرمىدى، ئۇ كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرەتتى، لېكىن كىتاب ئوقۇپ باقمىغىنىغا خېلى زامانلار بولۇپ قالغانىدى. چۈنكى، كۆرگۈدەك كىتابمۇ يوق ئىدى. ئۇمۇ بۇ يەردىكى نۇرغۇن كىشىلەرگە ئوخشاشلا ئەزەلدىن كىتاب سېتىۋېلىپ باققان ئەمەس ئىدى، بۇنىڭ سەۋەبى يوقسۇللۇق ياكى بېخىللىقتىن ئەمەس، بەلكى بۇلاردا ئەزەلدىن كىتاب سېتىۋېلىش ئادىتىنىڭ يوقلۇقىدىن ئىدى.

— خەنزۇ تىلىدىكى كىتابلارنىمۇ كۆرەلەمسىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ كىشى يەنە.

قەلبىنۇر بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى ۋە سائىتىگە قاراپ ۋاقىتنىڭ خېلىلا بالدۇر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئىسمىنا ئۆتكۈزۈۋالىدىغانلارنىڭ كېلىشى ۋە ئۆزىنىڭ تۇرلۇك مالLAR ماگىزىنىغا بېرىشىغا يەنە يېرىم سائەتچە ۋاقىت بار ئىدى. (چۈشتە قەلبىنۇر يىگىتتىن تېلېفون ئالغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئورنىغا كېلىپ ئىشلەيدىغان كۈتكۈچىنىڭ بالدۇرراق كېلىشىنى بىرىدىن ئېيتىپ بەرگەنىدى.)

ھېلىقى كىشى يانچۇقىدىن چاققانغىنا بىر ئۇنئالغۇنى

ئېلىپ، كۇنۇپكىسىنى بېسىۋىدى، ئۇنىڭدىن بىر ناخشا ياڭرىدى. بۇ ئەھۋال قەلبىنۇرنىڭ ئازراق قىزىقىشىنى قوزغىدى. گەرچە ئۇنىڭغا ئۇنىڭغا نىسبەتەن قانداقتۇر يېڭى بىر نەرسە تۇيۇلمىسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، بۇ خىلدىكى ئۇنئالغۇلار كەم ئۇچرايتتى. ئۇ قارا رەڭلىك سۇنئىي خۇرۇم قاپچۇق ئىچىدىكى بۇ نەرسىنىڭ لاپ ـ لاپ قىلىپ يېنىپ تۇرغان قىزىل كۆزىگە، لېنتىلىرىنىڭ توختىماي ئايلىنىپ تۇرۇشىغا ھەۋەس بىلەن قاراپ قالدى. ئۇ بۇ «ئاپپارات» بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، يېرىم مىنۇتچە ۋاقىت ئۆتكەنگە قەدەر ئۇنىڭدىن چىقىۋاتقان ناخشىنىڭ «قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم» ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالماي قالدى. يەنە ئون نەچچە سېكۇنت ئۆتكەندىن كېيىنلا ئۇ بۇنىڭ بوگۇن ئەتىگەن پاتىگۇل ئېيتقان ناخشا ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالىدى. ئۇ ئۆز يىگىتىنىڭمۇ تۇنجى قېتىم يازغان سۆيگۈ خېتىدە مۇشۇ ناخشىنىڭ تېكىستلىرىنى نەقىل كەلتۇرگەنلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ ئۆزىچە كۈلۈپ قويدى.

— سىزمۇ بۇ ناخشىنى ئېيتالامسىز؟

— ھەئە.

— قېنى، ھازىر بىر ئېيتىپ باقسىڭىز قانداق؟ ئەسلىي مەن... — ئۇ قەلبىنۇرنىڭ تەئەججۈپ ئىچىدە قالغانلىقىنى ۋە ئازراق تېرىكىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ چۈشەندۈرۇشكە باشلىدى، — مەن بىر كىنو رېژىسسورى...

«كىنو رېژىسسورى بولساڭ نېمە بوپتۇ، سېنىڭ مېنى ناخشا ئېيتقۇزۇشقا نېمە ھەددىڭ !» دەپ ئويلىدى قەلبىنۇر كۆڭلىدە.

— سىز ماڭا بىرەر شېئىرنى دېكلاماتسىيە قىلىپ بېرەلەمسىز؟ ئۇيغۇر تىلىدا بولسىمۇ، خەنزۇ تىلىدا بولسىمۇ بولىۋېرىدۇ.

قەلبىنۇرنىڭ كۆزى باشقا تەرەپكە تىكىلدى. كېيىن مېھمانغا ئەدەپسىزلىك قىلىپ، ئۇنى رەنجىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن يەنە ھېلىقى كىشىگە بۇرۇلۇپ، تولىمۇ تۆۋەن ئاۋاز بىلەن «ياق»

دېدى.

— سىز... خاپا بولغان، ئازابلانغان ياكى جىددىيلەشكەن بىرەر ھالەتنى دوراپ بېرەلەمسىز؟

ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىنى قەلبىنۇر تېخىمۇ چۈشىنەلمىدى. بەلكى بۇ كىشىنىڭ بۇنداق ئورۇنسىز گەپ - سۆزلىرىدىن زېرىكىشكە باشلىدى. ئۇ بىر نەرسە دەۋاتقاندا، قەلبىنۇر دېرىزىدىن سىرتقا پات - پات قاراپ قوياتتى، بەختىگە ئۇنى «قۇتقۇزغۇچى»مۇ كەلدى. كەچلىك ئىسمېنىغا چۈشىدىغان كۇتكۈچى ئايال ئۇزۇم بارگىي ئاستىدا كۆرۈندى. قەلبىنۇر ئۆيدە تولا سۆزلەيدىغان مېھماننى يالغۇز قالدۇرۇپ چىقىپ كەتتى.

— بۇ 13 - ياتاقتا ياتىدىغان كىشى، — دېدى قەلبىنۇر يېتىپ كەلگەن كۇتكۈچىگە ھېلىقى كىشى توغرىسىدا ئەسكەرتىپ. كېيىن ئۇ ھېلىقى مېھمانغا قاراپمۇ قويماستىن يولىغا راۋان بولدى. قەلبىنۇر تۇرلۇك مال ماگىزىنىنىڭ ئالدىدا يىگىتى — سۇمباتلىق كەلگەن شەپكىچى ئۇستام بىلەن كۆرۈشتى. ماگىزىندىكى مال تۇرلىرى كۇندىن - كۇنگە كۆپىيىۋاتاتتى. ياپونىيەدىن ئىمپورت قىلىنغان ھېلىقى يېگى رەختمۇ قەلبىنۇرنى ئانچە قىزىقتۇرۇپ كېتەلمىدى. چۈنكى، ئۇمۇ بىر خىل دىلون رەخت ئىدى. قەلبىنۇرنىڭ يىگىتى ئۇنى ئۆزىگىمىز خالايدىغان رەڭدىكى رەختنى تاللاڭ دېۋىدى، ئۇ توساتتىن:

— مۇنچە كۆپ كىيىم - كېچەكنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟...

بىر ئۇنئالغۇ سېتىۋالساق قانداق؟ — دەپ قالدى.

ئۇ نېمىشقا بۇنداق دېگەنلىكىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى ۋە بۇنىڭدىن خىجىللىق ھېس قىلدى. يىگىتىنىڭ چىرايىدا بولسا بىر خىل تەئەججۇپلىنىش ۋە بىر خىل نارازىلىق ئەكس ئېتىپ قالدى. بۇنىڭدىن قىز ئۆزىنىڭ ئورۇنسىز سۆزلەپ قويغانلىقىنى ھېس قىلدى. بىر قۇر كىيىملىك رەخت ئۈچۈن نەچچە ئون يۈەنلا پۇل كېتىدۇ. ئۇنئالغۇغا بولسا نەچچە يۈز يۈەن پۇل

www.uyghurkitap.com

كېتىدۇ. قىزنىڭ بۇ سۆزى توي ئالدىدا قويۇلغان ئىقتىسادىي جەھەتتىكى بىر شەرت، بىر خىل يۇلۇۋېلىش دەپ قارىلىپ قالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. لېكىن، قەلبىنۇر ئۇنداق ئەمەس ئىدى. شۇڭىمۇ ئۇنىڭ چىرايى ۋىلىلىدە قىزىرىپ كەتتى.

قەلبىنۇر رەخت سېتىپ ئېلىنغاندىن كېيىن، يىگىتى بىلەن خوشلىشىپ ئۆيىگە قايتتى. لېكىن، ئۇنىڭ كۆڭلى بىر خىل غەشلىك ئىچىدە ئىدى. كەچلىك غىزادىن كېيىن ئۇ يېقىن ئەتراپتىكى بىر ساۋاقدىشىنىڭ ئۆيىدىن بىر لابالىق ئۈنئالغۇدىن بىرنى ئېلىپ كېلىپ، «قاپقارا قوي كۆزلۇكۇم» دېگەن ناخشىنى ئىشىپ ئېيتىپ ئۈنئالغۇغا ئالدى. كېيىن ئۇ لېنتىنى ياندۇرۇپ، كۇنۇپكىنى بېسىۋىدى، ئۆزىگە ئانچە تونۇش بولمىغان بىر يېقىملىق ناخشا ئاۋازىنى ئاڭلىدى ۋە: «مەن ئېيتقان ناخشا مۇشۇمىدۇ؟» دەۋەتتى ئۆز - ئۆزىگە. روشەنكى، بۇ ئۆز ئاۋازىغا تولىمۇ ئوخشاپ كېتىدىغان، بەلكى تېخىمۇ يېقىملىق، تېخىمۇ ھېسسىياتلىق، تېخىمۇ تاتلىق ئېيتىلغان ناخشا ئىدى. ئۇ بۇنىڭدىن ھەيران قالدى - دە، كۇنۇپكىنى بېسىۋېتىپ، بۇ ناخشىنى جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن يەنە بىر قېتىم ئوقۇدى. ئۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ تاڭ قالغانلىقىغىمۇ قارىماي، بۇ ناخشىنى ئوقۇپ توگەتتى ۋە يەنە بىر قېتىم ئۈنئالغۇغا ئالدى. ئاندىن لېنتىنى ياندۇرۇپ، كۇنۇپكىنى بېسىپ ئۈنئالغۇنى قويۇۋەتتى، ئۇنىڭدىكى ھەقىقەتەنمۇ گۈزەل ۋە مۇڭلۇق، پاتىگۇل ئېيتقاندىن قىلچە قېلىشمايدىغان، لىللاسىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭدىنمۇ يېقىملىقراق بىر ناخشا ئاڭلاندى. بۇ ناخشا دەل ئۆزى ئوقۇغان ناخشا ئىدى.

«مەن ئۆزۈمنىڭ بۇنچىلىك ناخشا ئېيتالايدىغانلىقىمنى نېمىشقا بىلمەي كەلگەندىمەن» دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ، بۇ ناخشىنى تەكرار ئۈچ قېتىم ئاڭلىدى ۋە ئاغزى ئېچىلغان ھالدا تۇرۇپ قالدى.

ئۇ تۈن بويى ئۇيان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ ئۇخلىيالمىدى.

ئۇنىڭ قۇلىقىدىن ئۆزى ئېيتقان ناخشىنىڭ ئاۋازى كەتمەيتتى، كۆز ئالدىدا بولسا ھېلىقى ياش مېھماننىڭ قىزغىن ۋە ئۇمىدۋار چىراي ـ شەكلى گەۋدىلىنىپ تۇراتتى. قەلبىنۇر «رېژىسسور دېگەن نېمە ئىش قىلىدىغاندۇ؟ ياق؟ ئۇ رېژىسسور ئەمەس. رېژىسسور دېگەن چاچلىرى ئاقارغان، شاخەي ماركىلىق كىچىك ماشىنا بىلەن يۈرىدىغان بولۇشى كېرەك. پاتىگۈل، تاتار قىز، ئۆزى ساز چېلىپ ئۆزى ناخشا ئېيتىدىغان قىز قاتارلىقلار ھېلىقى ياش مېھماننى نېمىشقا ئىزدەپ كېلىشكەندۇ؟ لى ھەدە، ئۇ كىشىنى بىر كىنو فىلىمى ئىشلىگىلى كەپتۇ، ئۇ كىنو ناخشا ـ ئۇسسۇللۇق كىنو ئىمىش، دېگەن ئەمەسمىدى. يەنە تېخى ئۇ كىنوغا ناھايىتى ئازابلانغان روھىي ھالەتنى دوراشمۇ لازىم بولىدىكەن... ئۇ ئارتىس تاللاۋاتىدۇ، مەن نېمانچە ھاماقەتتىمەن. ئۇ ئارتىس تاللاۋاتىدۇ ئەمەسمۇ ! ئارتىسنى مۇشۇنداق تاللايدۇ، دەپ ئاڭلىغانىدىم. بۇ راستىمىدۇ؟ ئۇ مېنى كۆڭلىگە پۈككۈۋاتامدۇيا؟ ياق ! مۇمكىن ئەمەس. كىنو ئارتىسلىرى دېگەن باشقىچە بولىدۇ. ئەپسۇسكى، مېنىڭ ھېچقانداق ئالاھىدىلىكىم يوق تۇرسا، مېنىڭ ئۆزۈمنى قاچۇرغانلىقىم، بىپەرۋالىقىم ھېلىقى رېژىسسورنى قانچىلىك ئۈمىدسىزلەندۈردى ـ ھە؟ ئەگەر ئۇ راستلا مېنى تاللاپ قالغان بولسا، ئۇ مېنى بېيجىڭ، شاڭخەيلەرگە ئاپىرارمىدى. مەن كىنودا بىر تىراگېدىيەلىك ئوبرازنىڭ رولىنى، يەنى ئاق كۆڭۈل، گۈزەل ۋە كۆپ رىيازەت چەككەن بىر قىزنىڭ رولىنى ئېلىپ چىقىدىغان بولغىيتتىممۇ؟ شۇنداق، كىچىك چاغلىرىمىزدا كىنو كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن دوستلىرىم بىلەن كىنو قويۇشۇپ ئوينايتتۇق ئەمەسمۇ !» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. دېمىسىمۇ قەلبىنۇر نۇرغۇن كىنو ناخشىلىرىنى ئېيتالايتتى ئەمەسمۇ؟ بىر قېتىم كىنودا رول ئېلىش بىلەن ئۇنىڭ تۇرمۇشى تامامەن ئۆزگىرىپ، ئاجايىپ قالتىس بىر ئۇيغۇر سەنئەتكار بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى.

ياق ! بۇ مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، ئۇنىڭ ھەدىسى ئۇنىڭغا ھاياتىنىڭ پەقەت ئۆزىنىڭكىگە ئوخشاشلا بولىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. ھەي بىچارە شەپكىچى ئۇستام، ئۇنئالغۇنىڭ گېپى چىقا - چىقمايلا ئۇنىڭ شۇنچە قورقۇپ كەتكىنىنى قارىمامدىغان ! «قانداقلا بولسۇن، ئۇ ماڭا يەنە بىر كېيىملىك رەخت ئېلىپ بەردى. بۇنىڭغىمۇ رەھمەت !... لېكىن نېمە ئۈچۈن ھېلىقى رېژىسسورغا بىر ناخشا ئېيتىپ بېرىشكە پېتىنالمايمەن. ئەگەر ئۇ ئۇنچىۋالا نوپۇزى ۋە ئىقتىدارى يوق رېژىسسور بولغان تەقدىردىمۇ ياكى كىنو ئارتىسى تاللاش خىيالى بولمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭغا ناخشا ئېيتىپ بەرگەن بولسام، ئۇنىڭ نېمە يامان يېرى بار ئىدى. مەن ھازىرغىچە ئېچىلىپ - يېيىلىپ تۇرۇپ، بار ئاۋازىم بىلەن بىر ناخشا ئېيتىپ باققىنىم يوققۇ؟ ! مەن كىچىككىمدىن تارتىپلا تۆۋەن ئاۋاز بىلەن سۆزلەشكە ئادەتلىنىپ قالغان - دە !» دەپ ئويلىدى قەلبىنۇر.

تاڭمۇ ئاتتى... ئۇ بىر ئاز خامۇش بولۇپ قالغانىدى، پەقەت ئىككى چىنە ئەتكەنچاينى ئىچىۋەتكەندىن كېيىنلا، ئۇنىڭ كەيپىياتى خېلى ياخشىلىنىپ قالغاندەك بولدى. بۇ شەھەردىكى ئەتكەنچاينى ئۇ نەچچە ئون يىل ئىچتى، ئۇلار نەچچە يۈز يىل ئىچتىكى، ھەر كۈنى ئىككى قېتىم، ھەتتا ئۈچ قېتىممۇ ئىچەتتى. ھەدىسى ئۇنىڭغا: «بېيجىڭغا بارساڭ، ئۇنداق ئەتكەنچاينىمۇ ئىچەلمەي، بېشىڭ ئاغرىيدىغان بولۇپ قالىسەن» دېگەن ئەمەسمىدى، توي قىلغاندىن كېيىن قەلبىنۇرمۇ ئېرىگە خۇددى ئاپىسىدەك ئوخشىتىپ ئەتكەنچاي قىلىپ بېرىدۇ. كېيىن ئۇلار پەرزەنتىمۇ كۆرىدۇ، ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىمۇ مۇشۇنداق ئەتكەنچاي ئىچىدىغان ۋە ئەتكەنچاي قىلىدىغان بولىدۇ. بۇ، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملىشىۋېرىدۇ، ئۇلار بۇ كىچىككىنە شەھەردىن، بۇ يەرنىڭ ئالما، ھەسەل، ئاق تېرەك ۋە ئەتكەنچىيىدىن ئايرىلالمايدۇ.

قەلبىنۇر مېھمانسارايغا كېلىپ، ئېپىنى تېپىپ تۇرۇپ،

رېژىسسور ئاتالغان ھېلىقى مېھمان بىلەن قايتا پاراڭلىشىشنى، ئەگەر ئۇ كىشى ناخشا ئېيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلسا، ناخشا ئېيتىپ بېرىشنىمۇ كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى. دېمىسىمۇ، ئۇ ناخشىنى خېلى ئوبدانلا ئېيتالىدىغۇ؟ ئۇ تازىلىق ۋاقتىدا ئەڭ ئالدى بىلەن 13 - نومۇرلۇق ياتاقنى ئاچماقچى بولۇپ ئىشىكنى ئىتتىرىۋىدى، ئىشىك ئېچىلمىدى. «ئۇ شۇنچە سەھەر چىقىپ كەتكەنمىدۇ؟ تازا ئالدىراش ئىكەن جۇمۇ. ئۇ ھەقىقەتەن رېژىسسور بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا، ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسىمۇ ئادەتتىكى كىشىلەرگە ئوخشىمىسا كېرەك...» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەچ ئاچقۇچنى چىقىرىپ ئىشىكنى ئاچتى ۋە توپانى كۆتۈرگىنىچە ياتاققا كىردى. ياتاق ئىچىدە ئادەم ئەمەس، بەلكى ھېلىقى تۇلۇم شەكىللىك قىزىل سومكىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

ئۇ توپانى تاشلاپ قويۇپ، لى ھەدىنىڭ قېشىغا باردى ۋە ئۇنىڭدىن:

— 13 - ياتاقتىكى مېھمان كېتىپ قالدىمۇ؟ — دەپ سورىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ چىرايىدىن قانداقتۇر بىر جىددىيلىك چىقىپ تۇراتتى.

— ھەئە، — دېدى لى ھەدە جاۋاب بېرىپ، — تۈنۈگۈن كەچتە ياتاق ھەققىنى تۆلىۋېتىپ، ئەتىگەن سائەت يەتتە بىلەن ئايرودۇرۇمغا يېتىپ بارىمەن، دەپ چىقىپ كەتكەنىدى.

كېيىن لى ھەدە چوت سوقۇش بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، قەلبىنۇردا يۈز بېرىۋاتقان ئالاقزەدىلىككە دىققەت قىلغۇدەكمۇ بولمىدى.

— ئۇ... بىرەر ئېغىز گەپمۇ قىلمىدىما؟ — دەپ يەنە سورىدى قەلبىنۇر.

— نېمە دېمەكچىدى؟ — دېدى لى ھەدە قەلبىنۇرغا قاراپ تۇرۇپ، — ئۇ، سىلەرگە رەھمەت دېدى.

... بىر قانچە ئاي ۋاقىت ئۆتتى، قەلبىنۇر بۇ رېژىسسورنى ئۇنتۇلۇپ قالاي دېگەنىدى. ئۆكتەبىردە ئۇنىڭ توي مەرىكىسى

بولدى. توي كاتتا ۋە قىزغىن ئۆتكۈزۈلدى. توي كۈنى ئوتتۇز ـ قىرىق قىز ـ يىگىت كېلىپ، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناشتى. ئۇنىڭ ئېرى شەپكىچى ئۇستام ئۇنى بۇرۇنقىدەك ياخشى كۆرەتتى ۋە ئۇنىڭغا يېقىملىق مۇئامىلىدە بولۇپ، ئېتىبار بىلەن قارايتتى. ئۇنىڭ ئۆيى رەتلىك ۋە ئىنتايىن پاكىز ئىدى. ئۆيگە سېلىنغان مىللىي نەقىشلىك كىگىزمۇ ناھايىتى تازا ئىدى. ئۆكتەبىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۇلارنىڭ ئۆيىگە مەش قويۇلدى. مەش ھەم كانايلار ھېلىھەم ئەينەكتەك پارقىراپ تۇراتتى. نويابىرنىڭ قار ياغقان بىر ئاخشىمى قەلبىنۇر ئىشتىن قايتىپ كېلىپ، ئىسسىنغاچ ئولتۇرۇپ بىر رەسىملىك ژۇرنالنى كۆرۈشكە باشلىدى. توساتتىن ئۇنىڭ بىر رەڭلىك سۈرەتكە كۆزى چۈشۈپ قالدى. سۈرەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كىشى ھېلىقى رېژىسسور ئاتالغان مېھمان ئىدى. سول تەرىپىدە چەت ئەللىك بىر جۈپ ئەر ـ ئايال بار ئىدى. بۇلار ئوخشاشلا سوكنا پەلتو كىيىۋېلىشقان بولۇپ، شۇنچە روھلۇق كۆرۈنەتتى. رېژىسسورنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكىسى بولسا، بىر ئۇيغۇر قىزى ئىدى. قەلبىنۇر ئۇنىڭ چىراي ـ شەكلى، قىياپىتى، بوي ـ تۇرقىنى كۆرۈپ، بۇ مېنىڭ سۈرىتىممىدۇ، دەپ ئويلاپ قالدى. بىرئازدىن كېيىن سۈرەتتىكى قىزنىڭ ئېڭىكىنىڭ ئۆز ئېڭىكىدىن سەل يۇمىلاقراق ئىكەنلىكىنى، تەبىئىيكى، كىيىملىرىنىڭمۇ ئوخشىمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئالدىراپ سۈرەتنىڭ ئاستىدىكى سۈرەت سۆزىنى ئوقۇدى. ئۇنىڭدا «جۇڭگونىڭ كىنو رېژىسسورى جۇ رۇنۇېن بىلەن ئامېرىكىنىڭ كىنو رېژىسسورى جامېس بىرلىكتە شىنجاڭ تۇرمۇشىنى مەزمۇن قىلغان كىنو ئىشلىمەكتە، سۈرەتتىكى ئۇيغۇر قىزى دىلنۇر مۇشۇ كىنودا باش رول ئېلىپ چىقىدۇ، دىلنۇر خوتەن يىپەكچىلىك زاۋۇتىنىڭ ئىشچىسى، ئۇ قەيسەر، زېرەك، شىجائەتلىك، ئىستىقبالى بار بىر قىز بولۇپ، جۇڭگو ۋە چەت ئەل رېژىسسورلىرى ئۇنىڭدىن ئىنتايىن مەمنۇن بولۇشماقتا» دەپ يېزىلغانىدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دىل ۋە قەلب دېگەن مەنىداش سۆزلەر بولۇپ، ئۇلار بىرلا ئۇقۇمنى بىلدۇرىدۇ، ئۇنداق ئىكەن، نېمىشقىمۇ سۇرەتتىكىسى قەلبىنۇر بولماي دىلنۇر بولىدۇ. نېمە ئۈچۈن قەلب بولماي دىل بولىدۇ... قەلبىنۇر ئوي - خىيالىنى داۋاملاشتۇرۇشقا پېتىنالمىدى. تۇرمۇش ئۇنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا ئاجايىپ خاسىيەتلىك ۋە غايەت زور ئىمكانىيەتلەرنى بەخش ئەتكەنىدى... بىراق، ئۇ بۇلارنى شۇنچە ئاسانلا قولدىن كەتكۈزۈپ قويىدى. ئۇ ھېچبولمىغاندا، ئۆزىنى سىناپ كۆرۈشى كېرەك ئىدىغۇ...

شۇ ئاخشىمى قەلبىنۇر ياش تۆكتى، ھەتتا ئېرىنىڭ باشقىچە كۈتۈشلىرى ۋە ئەركىلىتىشلىرىگىمۇ پىسەنت قىلمىدى. ئېرى بولسا بىرى ئارقىلىق تاغدىن بىر قوي ئالدۇرغانلىقى، نەرخىنىڭ بازار باھاسىدىن يىگىرمە پىرسەنت ئەرزان توختىغانلىقى ھەمدە ئۇ قوينىڭ بىر - ئىككى كۈن ئىچىدىلا قولغا تېگىدىغانلىقى ھەققىدە سۆزلەپ بەردى.

غەيرەت ئابدۇللا تەرجىمىسى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئىللىق قىرغاق

## گو شۆبو

ئانا ئۆيدىن چىقىپ كۆنگە قارىدى، بۇ ئۇنىڭ ئۈچىنچى قېتىم چىقىپ كۆنگە قارىشى ئىدى.

كۈن ئاخىر غەربكە قىيسايغان بولۇپ، غەرب تەرەپتىكى توخۇ كاتىكىنىڭ كەينىدىكى دەرەخ ئۈستىدە ئېسىلىپ تۇراتتى.

— ھەي، كۈنمۇ غەربكە قىيسىيىپتۇ، دادا نېمىشقا تېخىچە قايتىپ كەلمەيدىغاندۇ؟ — ئانا شۇنداق دەپ غۇدۇرىغىنىچە كاتەكتىكى توخۇلارغا دان چېچىپ بەردى. قوش زۇكىمىدىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن كاتەككە سولاپ قويۇلغىنىغا بىرنەچچە كۈن بولغان توخۇلار «قۇ - قۇ...» قىلىشقىنىچە داننى تالىشىپ يېيىشكە باشلىدى.

— مەنمۇ سىلەرنى سولاپ قويۇشنى خالىمايمەن، — دېدى ئانا، — لېكىن يۇقىرىنىڭ بەلگىلىمىسى بار. لاڭسۇن كەنت باشلىقى ئوتتۇز چاقىرىم نېرىدىكى شالۇڭ كەنتىدە ئاسماندىن بىر ياۋا غاز چۈشۈپتۇ دەپ، سىلەرنى ئۆلتۈرۈۋەتكىلى تاس قالدى تېخى! ھەي، سۆزلىسە ئادەمنىڭ كۈلگۈسى كېلىدۇ، ئۇ ياۋا غازنى ئوغرىلىقچە ئوۋ ئوۋلايدىغانلار ئېتىپ چۈشۈرگەن ئەمەسمۇ! ھا...

ئانا ئىككى قولى بىلەن بېلىنى تىرەپ تۇرۇپ قاقاھلاپ كۈلدى. توخۇلار ئۇنىڭ سۆزىنى چۈشەنگەندەك، كاتەكتە «قۇ - قۇ...» قىلىشقا باشلىدى.

ئانا توخۇلارغا دان بېرىپ بولغاندىن كېيىن هويلا ئىشىكىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، دەريانىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى يولغا نەزەر تاشلىدى. يولدا ئادەمنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. يۈز چاقىرىم

نېرىدىكى مەلۇم بىر كەنتتە قۇش زۇكىمى تارقالغانلىقى بايقىلىپ، يول قامال قىلىنغاچقا، ئاۋۇ يەردىكى دۆلەت يولى جىمجىتلىققا چۆككەنىدى، ئۇنىڭدا ئىنسۇجىنىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

ئانا بېشىنى چايقاپ قويۇپ، ئۆيگە كىرىپ تۇگرە تۇگۇشكە باشلىدى. كۆڭلىدە «تۇگرە تۇگۇلۇپ بولغۇچە، دادىسى جەزمەن قايتىپ كېلىدۇ» دېگەننى خىيال قىلدى.

ئۇ ئوتتۇز تال تۇگرە تۇگۇپ، ئۇلارنى ئەمبەلگە رەتلىك تىزىپ قويدى. ئوتتۇز تال تۇگرىنى ئىككىسى ئون بەش تالدىن يەيدۇ، ياق، دادا يىگىرمە تال، ئۇ ئون تال يەيدۇ، دادىنىڭ ئىشتىھاسى بار ئەمەسمۇ. كېيىن ئۇ يەنە ئۇنىڭغا هاراق ئىلىلىتىپ بېرىدۇ.

لېكىن، دادا تېخىچە قايتىپ كەلمىدى.

ئانىنىڭ كۆڭلى ئېغىپ، خاتىرجەمسىزلىنىشكە باشلىدى. ئۇ يەنە سىرتقا چىقىپ يول ئېغىزىغا قارىدى.

كۈن ئالللىبۇرۇن غەرب تەرەپكە ئۆتۈپ، غەربىي تام يېنىدىكى دەرەخنىڭ بېلىدە ئېسىلىپ تۇراتتى. رەتلىك تىزىلغان تۇگرىلەر سەل - پەل ئولتۇرۇشۇپ، قىڭغىيىپ قالغانىدى.

ئەتىگەندە، لاڭسۇن كەنت باشلىقى دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ، خۇددى بۆرە هۇۋلىغاندەك تەلەپپۇزدا:

— قۇش زۇكىمى تارقالدى! ھەممە ئائىلىلەر هويلىنىڭ ئىچى، توخۇ كاتەكلىنىڭ ئىچ - تېشىغا دورا چېچىشى كېرەك! — دەپ ۋارقىرىدى.

لېكىن، دورىنى ھەممىلەن ئۆزلىرى بازارغا بېرىپ ئەكېلىۋالاتتى. ئانا بىلەن دادىنىڭ پەرزەنتى يوق ئىدى، دادا ئانىنى ئانا دەپ چاقىرسا، ئانا دادىنى دادا دەپ چاقىرىپ، ئىككىسى بىر - بىرىنىڭ بالىسى بولاتتى. ئاتمىش ياشتىن هالقىغان دادا ئېشەككە مىنىپ ئۆزى يالغۇز بازارغا كەتكەنىدى، شۇ باهانىدە سېتىش ئۈچۈن چوشقا كۈچۈكىدىن ئىككىنى ئېلىۋالغانىدى.

ئانا ئۇلتۇرۇشۇپ، قىڭغىيىپ قالغان تۇگرىلەرگە قاراپ، تېخىمۇ بىتاقەت بولدى.

ئانا بۇ ئۆمرىدە بۇنداق كۈتۈشنى سانسىز قېتىم بېشىدىن ئۆتكۈزگەنىدى، ئۇ بۇنىڭدىن ئۇزۇن يىل ئىلگىرىكى بىر قېتىملىق ئۇنتۇلغۇسىز كۈتۈشنى ئۇشتۇمتۇت ئەسلەپ قالدى.

ئۆلارنىڭ ئوغلى ئەمدىلا ئۈچ ياشقا كىرگەندە، كەنتتە چۈما كېسەللىكى تارقىلىپ كەتتى، ياپون پەتەكلىرى قاچىدىغان چاغدا، بۇ كېسەللىكنى چاشقانغا يۇقتۇرۇپ قويغانىدى، بەزىلەر ياۋا چاشقاننى يەپ بۇ كېسەللىكنى يۇقتۇرۇۋالغانىدى. كەنتتە ھەر كۈنى مېيىت ئۇزىتىلاتتى، شۇ چاغدىمۇ ھازىرقىغا ئوخشاش كەنت يوللىرى قامال قىلىنغانىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆلارنىڭ ئوغلىغىمۇ بۇ كېسەل يۇقۇپ قېلىپ، ئوغلىنىڭ ئاغزىدىن قارا كۆپۈك ئۆرلەپ قالدى. دادا قاراڭغۇدا ئوغلىنى كۆتۈرگىنىچە قامال لىنىيەسىدىن ئۆتۈپ، بازارلىق شىپاخانىغا قاراپ چاپتى. لېكىن، يېرىم يولغا كەلگەندە تۇتۇلۇپ قېلىپ، ئېغىر كېسەللەرنى ئايرىش ئورنىغا قاماپ قويۇلدى. ئۇنىڭ تۆت ئەتراپى مۇزدەك سوغۇق چىقىپ تۇرىدىغان سېمونت تام ئىدى، ئۇ يەرگە كىرگەنلەر ھەرگىز چىقىپ كېتەلمەيتتى، ئۇنىڭدىكى قالايمىقان ياتقان جەسەتلەر بىر ـ بىرلەپ ئېلىپ چىقىلىپ كېتىلەتتى. ئۈچ كۈندىن كېيىن ئوغۇل دادىسىنىڭ قۇچىقىدا جان ئۈزدى، دادىسىمۇ نەپەسلىرى قىسىلىپ، بۇرنىدىن قان كەلدى. شۇنىڭ بىلەن، كىشىلەر ئۇنى ئۆلدى دەپ قاراپ، ئوغلى ۋە باشقا جەسەتلەر بىلەن بىللە تاش دۆڭگە ئاپىرىپ ئوت يېقىۋەتتى. ئانا ئۆيدە ئېرى بىلەن ئوغلىنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇردى، سۈرۈشتۈرۈپمۇ ئۆلارنىڭ خەۋىرىنى ئالالمىدى. بەش كۈندىن كېيىن، ئۇ ئېرى بىلەن ئوغلىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، تولا يىغلاپ ھوشىدىن كەتتى. شۇ كېچىسى قاتتىق يامغۇر ياغدى، ئۇ تۇگرە تۇگۈپ، ئېرى بىلەن ئوغلىنىڭ ھازا تاختىسى ئالدىغا قويۇپ قويغاندىن كېيىن، ئېسىلىپ ئۆلۈۋېلىشقا تەرەددۇت

نېرىدىكى مەلۇم بىر كەنتتە قوش زوكىمى تارقالغانلىقى بايقىلىپ، يول قامال قىلىنغاچقا، ئاۋۇ يەردىكى دۆلەت يولى جىمجىتلىقتا چۆككەندى، ئۇنىڭدا ئىنسوجىنىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

ئانا بېشىنى چايقاپ قويۇپ، ئۆيگە كىرىپ تۇگرە تۇگۈشكە باشلىدى. كۆڭلىدە «تۇگرە تۈگۈلۈپ بولغۇچە، دادىسى جەزمەن قايتىپ كېلىدۇ» دېگەننى خىيال قىلدى.

ئۇ ئوتتۇز تال تۇگرە تۈگۈپ، ئۇلارنى ئەمبەلگە رەتلىك تىزىپ قويدى. ئوتتۇز تال تۇگرىنى ئىككىسى ئون بەش تالدىن يەيدۇ، ياق، دادا يىگىرمە تال، ئۇ ئون تال يەيدۇ، دادىنىڭ ئىشتىھاسى بار ئەمەسمۇ. كېيىن ئۇ يەنە ئۇنىڭغا هاراق ئىلىتىپ بېرىدۇ.

لېكىن، دادا تېخىچە قايتىپ كەلمىدى.

ئانىنىڭ كۆڭلى ئېغىپ، خاتىرجەمسىزلىنىشكە باشلىدى. ئۇ يەنە سىرتقا چىقىپ يول ئېغىزىغا قارىدى.

كۈن ئاللىبۇرۇن غەرب تەرەپكە ئۆتۈپ، غەربىي تام يېنىدىكى دەرەخنىڭ بېلىدە ئېسىلىپ تۇراتتى. رەتلىك تىزىلغان تۇگرىلەر سەل - پەل ئولتۇرۇشۇپ، قىڭغىيىپ قالغانىدى.

ئەتىگەندە، لاڭسۇن كەنت باشلىقى دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ، خۇددى بۆرە هوۋلىغاندەك تەلەپپۇزدا:

— قوش زوكىمى تارقالدى! هەممە ئائىلىلەر هويلىنىڭ ئىچى، توخۇ كاتىكىنىڭ ئىچ - تېشىغا دورا چېچىشى كېرەك! — دەپ ۋارقىرىدى.

لېكىن، دورىنى ھەممەيلەن ئۆزلىرى بازارغا بېرىپ ئەكېلىشى ۋالاتتى. ئانا بىلەن دادىنىڭ پەرزەنتى يوق ئىدى، دادا ئانىنى ئانا دەپ چاقىرسا، ئانا دادىنى دادا دەپ چاقىرىپ، ئىككىسى بىر - بىرىنىڭ بالىسى بولاتتى. ئاتمىش ياشتىن هالقىغان دادا ئېشەككە مىنىپ ئۆزى يالغۇز بازارغا كەتكەندى، شۇ باهانىدە سېتىش ئۈچۈن چوشقا كۈچۈكىدىن ئىككىنى ئېلىۋالغانىدى.

www.uyghurkitap.com

ئانا ئولتۇرۇشۇپ، قىڭغىيىپ قالغان تۈگرىلەرگە قاراپ، تېخىمۇ بىتاقەت بولدى.

ئانا بۇ ئۆمرىدە بۇنداق كۈتۈشنى سانسىز قېتىم بېشىدىن ئۆتكۈزگەنىدى، ئۇ بۇنىڭدىن ئۇزۇن يىل ئىلگىرىكى بىر قېتىملىق ئۈنتۈلغۇسىز كۈتۈشنى ئۇشتۇمتۇت ئەسلەپ قالدى.

ئۇلارنىڭ ئوغلى ئەمدىلا ئۈچ ياشقا كىرگەندە، كەنتتە چۇما كېسەللىكى تارقىلىپ كەتتى، ياپون پەتەكلىرى قاچىدىغان چاغدا، بۇ كېسەللىكنى چاشقانغا يۇقتۇرۇپ قويغانىدى، بەزىلەر ياۋا چاشقاننى يەپ بۇ كېسەللىكنى يۇقتۇرۇۋالغانىدى. كەنتتە ھەر كۈنى مېيىت ئۇزىتىلاتتى، شۇ چاغدىمۇ ھازىرقىغا ئوخشاش كەنت يوللىرى قامال قىلىنغانىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلارنىڭ ئوغلىغىمۇ بۇ كېسەل يۇقۇپ قېلىپ، ئوغلىنىڭ ئاغزىدىن قارا كۆپۈك ئۆرلەپ قالدى. دادا قاراڭغۇدا ئوغلىنى كۆتۈرگىنىچە قامال لىنىيەسىدىن ئۆتۈپ، بازارلىق شىپاخانىغا قاراپ چاپتى. لېكىن، يېرىم يولغا كەلگەندە تۇتۇلۇپ قېلىپ، ئېغىر كېسەللەرنى ئايرىش ئورنىغا قاماپ قويۇلدى. ئۇنىڭ تۆت ئەتراپى مۇزدەك سوغۇق چىقىپ تۇرىدىغان سېمونت تام ئىدى، ئۇ يەرگە كىرگەنلەر ھەرگىز چىقىپ كېتەلمەيتتى، ئۇنىڭدىكى قالايمىقان ياتقان جەسەتلەر بىر ـ بىرلەپ ئېلىپ چىقىلىپ كېتىلەتتى. ئۈچ كۈندىن كېيىن ئوغۇل دادىنىڭ قۇچىقىدا جان ئۈزدى، دادىنىڭمۇ نەپەسلىرى قىسىلىپ، بۇرنىدىن قان كەلدى. شۇنىڭ بىلەن، كىشىلەر ئۇنى ئۆلدى دەپ قاراپ، ئوغلى ۋە باشقا جەسەتلەر بىلەن بىللە تاش دۆڭگە ئاپىرىپ ئوت يېقىۋەتتى. ئانا ئۆيدە ئېرى بىلەن ئوغلىنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇردى، سۈرۈشتۈرۈپمۇ ئۇلارنىڭ خەۋىرىنى ئالالمىدى. بەش كۈندىن كېيىن، ئۇ ئېرى بىلەن ئوغلىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، تولا يىغلاپ ھوشىدىن كەتتى. شۇ كېچىسى قاتتىق يامغۇر ياغدى، ئۇ تۈگرە تۈگۈپ، ئېرى بىلەن ئوغلىنىڭ ھازا تاختىسى ئالدىغا قويۇپ قويغاندىن كېيىن، ئېسىلىپ ئۆلۈۋېلىشقا تەرەددۇت

قىلدى. شۇ چاغدا، ئۇ ئىشككە بىر نەرسىنىڭ ئۇرۇلغىنىنى ۋە بىرەيلەننىڭ تولىمۇ زەئىپ ئاۋازدا چاقىرغىنىنى ئاڭلىدى، ئۇ شۇ هامان بوينىغا سېلىپ بولغان سىرتماقنى ئېلىۋېتىپ، ئالدىراپ ـ تېنەپ ئىشىكنى ئاچتى. ئەسلىدە ئېرى ئۆمىلەپ قايتىپ كەلگەنىدى، قاتتىق يامغۇردا ئوت ئۆچۈپ قېلىپ، ئېرى مۆجىزە يۈز بەرگەندەك هايات قالغانىدى...

ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە ئانىنىڭ تېنى قاتتىق شۈركۈنۈپ كەتتى، بۇ قورقۇنچلۇق ئىشنى ئەسلىگىنى ئۈچۈن ئۆزىنى ئۆزى تىللاپ كەتتى.

ئانا ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن تۈگرىلەرنى بىر ـ بىرلەپ تۈزلەپ، قايتىدىن تىزىپ قويدى. ئاندىن هېلىقىدەك خىياللاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يەنە سىرتقا چىقتى. سىرتتىكى سوغۇق هاۋا ئۇنى يۆتەلدۈرۈۋەتتى. شۇ چاغدا، يولدا بىرەيلەننىڭ قارىسى كۆرۈندى، ئانا ئالمان ـ تالمان دەريا بويىغا بېرىپ، ئۇنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇردى. مۇز تۇتۇپ كەتكەن دەريا ئۇنىڭغا ئاجايىپ سۇرلۇك كۆرۈنەتتى.

كەلگىنى ئۇنىڭ ئېرى ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ قوشنىسى مېڭ خې ئىدى.

ئانا ئۇنىڭ ئۇستىباشلىرى، يۈز ـ كۆزلىرى، هەتتا چاچلىرىنىڭمۇ ئاپپاق دورىغا مىلىنىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز هالدا كۈلۈپ كەتتى:

— هاك خۇمدىنىغا كىرىپ چىقتىڭىزمۇ نېمە؟ ئالۋاستىنىڭ ئۆزىدەكلا بولۇپ قاپسىزغۇ؟

— هەي ! ئاچا، گېپىنى قىلماڭ، بازارنىڭ شىمالىدىكى يول ئېغىزىدا توسۇق بار ئىكەن، توسۇقتىكىلەر كىمنى كۆرسە، شۇنىڭغا ئاپپاق دورا چېچىۋاتىدۇ! ئۇلاردىن قېچىپمۇ قۇتۇلالمايدىكەنسىز دەڭە !

— ئۇستىبېشىڭىزنىڭ هاكتەك بولۇپ، دورا پۇرىغىنى بىكار ئەمەس ئىكەن ـ دە، سىزنىڭ ! بىزنىڭ ئۆيدىكى بوۋاينى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆردىڭىزمۇ؟ ئۇمۇ بازارغا كەتكەن!
— چۈشتىن بۇرۇن بازارغا بارغاندا كۆرگەن، ئۇنىڭ ھالى تېخىمۇ خاراب، كۆتۈرۈۋالغان چوشقا كۈچۈكلىرىگە خەق ئوكۇل سېلىپلا قالماي، يەنە تېخى ئۇلارنى تەكشۈرىمىز دەپ ئېلىپ كەتمەكچى بولدى! لېكىن چوشقا كۈچۈكلىرى قېچىپ كېتىپ، قالايمىقان چېپىپ يۈرۈۋىدى، كىشىلەر خۇددى بۆرىنى كۆرگەندەك ئالاقزەدە بولۇشۇپ كەتتى! ھا ... ھا...
— چوشقا كۈچۈكلىرىنى تۇتالىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى ئانا ئالدىراپ.
— تۇتۇشنىغۇ تۇتقان، لېكىن ئۇ چوشقا كۈچۈكلىرى قېچىپ يۈرۈپ ھالىدىن كېتىپتىكەن، ئۇلارنى ساتالامدۇ - ساتالمامدۇ، بىلمىدىم.
— توۋا، ماۋۇ ئىشنى قارىمامدىغان! قوش زۇكىمى بۇ يەرگە تارقالماي تۇرۇپلا كىشىلەر ساراڭ بولاي دەپتىغۇ!
— راست دەيسىز، ئاچا، راست دەيسىز، — مېڭ خې بېشىنى چايقىغىنىچە ئۇستىباشلىرىنى قېقىپ، ئاپپاق توزان توزۇتۇپ كېتىپ قالدى. ئانا دەريا بويىدا ئۆزى يالغۇز داڭ قېتىپ تۇرغىنىچە ئېرىنى ساقلاپ تۇردى.

بازارلىق يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتىنىڭ ئىشخانىسى دوختۇرخانىلاردىكى جەسەتخانىدەك ئاپپاق ئىدى.
دادا پونكىتنىڭ تۆمۈر دەرۋازىسىدىن چىقىپ، كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىدى، خۇددى كىچىك تەرەتتىن كېيىن ئەرلەرنىڭ بەدىنى يېنىك سىلكىنگەندەك، ئۇنىڭ بەدىنى يېنىك تىترەپ كەتتى.
ئۇ، ھېلىقى «جەسەتخانا» دىن ئالغان بىر خالتا دورا پاراشوكىنى ئېشەككە ئارتىپ، ئېشەكنى يېتىلەپ ماڭدى، قولىدىكى خالتىغا سېلىۋالغان چوشقا كۈچۈكلىرى پات - پات

چىرقىراپ قوياتتى. دادا كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتىدىكىلەر ئوكۇل ئۇرۇپ چوشقا كۈچۈكلىرىنى كېسەل قىلىپ قويغاندىمۇ؟ باياتىن ئۇلار قېچىپ كېتىپ، كىشىلەر ئۇلارنى تۇتۇۋالغاندا، بىر نەچچىنى ئۇرۇپ تېپىۋەتكەن، بىچارە جانىۋارلارنىڭ بىرەر يېرى زەخىملەنمىگەن بولسا بولاتتى، دەپ ئەندىشە قىلاتتى.

يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرى چۆلدەرەپ قالغانىدى، بولۇپمۇ توخۇ، ئۆردەك، غاز سېتىلىدىغان يايما ئورنى قۇپقۇرۇق، بۇرۇنقى توخۇلارنىڭ چىللاشلىرى، ئۆردەكلەرنىڭ غاقىلداشلىرىدەك ئاۋاز مەنزىرىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. دادا ئادەم يوق بىر بۇلۇڭدا زوڭزىيىپ ئولتۇردى ـ دە، پۇتى باغلانغان چوشقا كۈچۈكلىرىنى خالتىدىن ئېلىپ ئالدىغا قويدى.

چوشقا كۈچۈكى ئالىدىغان بىرمۇ خېرىدار چىقمىدى. بىر ھازادىن كېيىن، بىر موماي كەلدى، ئۇنىڭ كۆزى خېلىلا ئاجىز ئىدى.

ــ سېتىۋاتقىنىڭىز نېمە؟ ــ دەپ سورىدى ئۇ چوشقا كۈچۈكلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ، ــ ئارغۇن مۇشۇكمۇ؟ ھە، چوشقا كۈچۈكى ئىكەنغۇ، نېمانداق ئىڭراۋېرىدۇ؟ كېسىلى بارمۇ نېمە؟

كېسىلى بارمۇ دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ يېنىدىكىلەر كەينىگە داجىشتى.

ــ يازدا جەنۇبتا چوشقىلاردىن زەنجىرسىمان باكتېرىيە تارقىلىپ، نۇرغۇن ئادەم ئۆلۈپ كېتىپتۇ، ــ دېدى بىرەيلەن چاقچاق قىلىپ.

شۇنىڭ بىلەن تەڭلا ئۇنىڭ چوشقا كۈچۈكلىرىگە ھېچكىم نەزىرىنى سېلىپ قويمىدى. ھازىرقى زاماندىكى كىشىلەر بىر - بىرىدىن ئۆتەر نازۇكلىشىپ كەتتى، خۇددى ئوقيادىن ئۈركۈگەن قۇشتەك، بىرەر كېسەللىكنىڭ يۇقۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپلا يۈرىدىغان بولدى. بەزىلەر دەريادىن بېلىق تۇتۇپ يەپمۇ ئۆلدى، بەزىلەر ئۆزلىرى باققان توخۇ ـ توشقان، مال ـ چارۋىلىرىنى

سويۇپ يەپمۇ ئۆلدى، ھەتتا بەزىلەر ئۆزلىرى تېرىغان كۆكتاتلارنى يېگەندىن كېيىن، قۇسۇپ، ئىچى سۈرۈپ قىينىلىپ يېرىم جان بولۇپ قالدى. ھازىرقى كىشىلەر نېمە يېسە، بىخەتەر بولىدىغانلىقىنىمۇ بىلەلمەي قېلىشۋاتىدۇ.

كۈن غەربكە قىيسايغان چاغدىلا، دادا چوشقا كۈچۈكىنىڭ بىرىنى ئاران ساتالىدى، يەنە بىرىنى ھېچكىم ئالماي، قايتۇرۇپ ئەكېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ قورسىقىنى تويغۇزۇپ، يەنە يىگىرمە چاقىرىم يول ماڭمىسا بولمايتتى، ئانا ئۆيدە ئۇنى ساقلاپ جەزمەن تىت - تىت بولۇپ كەتتى - دە.

دادا ساتالمىغان چوشقا كۈچۈكىنى كۆتۈرۈپ، ئېشىكىنى يېتىلىگىنىچە كېتىپ بارماقتا. ئۇ جاڭ ئۇستامنىڭ «تېرىق تورتى دۇكىنى»غا بارماقچى ئىدى. جاڭ ئۇستامنىڭ تېرىق تورتى ھەم ئەرزان، ھەم يېيىشلىك ئىدى. بۇ بازار ئىنتايىن نامرات بولسىمۇ، يولنىڭ ئىككى قاسنىقى ئېگىز بىنالار بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى. نەچچە يىلدىن بېرى، پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشى ئانچە ياخشىلانمىدى، لېكىن نۇرغۇن ئىمارەتلەر سېلىنىپ، بۇرۇنقى كوچىلار تونۇغۇسىز دەرىجىدە ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى. دادىنىڭ بازارغا كەلمىگىنىگە ئۈچ يىلمۇ، بەش يىلمۇ، ئىشقىلىپ ناھايىتى ئۇزۇن بولغانىدى. ئۇ يولدا كېتىۋېتىپ تېڭىرقاپ قالدى. ئۆزىنىڭ سەزگۈسىگە تايىنىپ، «تېرىق تورتى دۇكىنى»نىڭ ئورنىنى تاپتى. لېكىن، ئۇ يەردە ئاجايىپ ئېسىل بېزەلگەن ئىككى قەۋەتلىك بىر رېستوران قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

— جاڭ ئۇستام تېرىق تورتى سېتىپ بېيىپ كېتىپتۇ - دە، — ئۇ غودۇڭشىغىنىچە رېستوران بىناسىغا داڭ قېتىپ قاراپ قالدى.

كىشىلەر توپ - توپ بولۇشۇپ كىرىپ - چىقىپ تۇرۇشاتتى. دادا تېرىق تورتى يېيىشكە ئالدىراپ كېتىپ، ئېشىكىنىڭ يېنىدىكى كۆزگە ئانچە چېلىقمايدىغان يەرگە ئېشىكىنى باغلىدى - دە، ئۆزىنىڭ ئەبگار، بىچارە تۇرقى بىلەن

ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايلا كىشىلەر توپىغا قوشۇلۇپ رېستورانغا كىرىپ كەتتى. كىشىلەرنىڭ چىرايىنىڭ سۇرلۇك، قەدىمىنىڭ ئاستا بولۇشى ئۇنى گاڭگىرىتىپ قويدى، ھەممەيلەننىڭ بىر دەستىدىن گۈل كۆتۈرۈۋالغىنى ئۇنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇردى.

دەستە ـ دەستە قىپقىزىل گۈللەر ئادەمنى چەكسىز مەپتۇن قىلاتتى.

دادا گۈللەرگە قاراپ تولىمۇ مەستخۇش بولۇپ كەتتى. 12 ـ ئاينىڭ زىمىستان كۈنلىرىدىمۇ مۇشۇنداق چىرايلىق تەبىئىي گۈلنىڭ بولغىنىدىن ھەيران قالدى! كۆڭلىدە «شەھەرلىكلەر بەك قىزىق خەق ئىكەن، تېرىق تورتى يېگىلى كەلسىمۇ گۈل كۆتۈرۈپ كېلىدىكەن» دەپ ئويلىدى. ئۇ گۈللەرنىڭ خۇشبۇي ھىدىنى پۇرىغىنىچە زالغا كىرىپ كەلدى. ئۇچىسىغا قىزىل كىيىم، بېشىغا قىزىل دوپپا كىيىۋالغان مۇلازىم ئازراق ئارىسالدى بولغان بولسىمۇ، ئۇنى توسۇۋالمىدى. بەلكىم ئۇنى ئالدىدا كىرگەنلەر بىلەن بىللە كەلگەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىغان چېغى.

زال ناھايىتى چوڭ ئىدى، ئادەم شۇنچە كۆپ بولسىمۇ، زال ئىچى ئىنتايىن جىمجىت ئىدى، زالغا بىرمۇنچە يۇمىلاق ئۇستەللەر قويۇلغانىدى. كىشىلەر ئۇزۇن سەپ بولۇپ تۇرۇشقانىدى.

ــ جاڭ ئۇستامنىڭ تىجارىتى قالتىس ئوبدان ئىكەنغۇ، شۇنچە كۆپ ئادەم ئۆچىرەتتە تۇرۇپتۇ، ــ دېدى دادا ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ.

زالدا مۇڭلۇق بىر مۇزىكا تۆۋەن ئاۋازدا ياڭراپ تۇراتتى. بۇ مۇزىكا دادىغا تونۇش ئىدى، نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى رەئىس ماۋ زېدۇڭ ئالەمدىن ئۆتكەندە، كەنتتىن بىر ئاپتوموبىل كېلىپ، ئۇلارنى ناھىيە بازىرىغا ئېلىپ كىرگەن، ئۇ ناھىيە بازىرىدىكى مەيداندا بۇ مۇزىكىنى ئاڭلىغان. «تېرىق تورتى يېگەندە، بۇ مۇزىكىنى قويۇپ نېمە قىلىدىغاندۇ» دەپ ئويلىدى دادا ھەيران بولۇپ. ئۇ ئۆچىرەتتە تۇرۇپ ئاخىر ئەڭ ئالدىغا كەلدى. دادا ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يەرنى بېلەت كېسىدىغان يەر ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، يانچۇقىدىن پۇرلىشىپ كەتكەن بەش يۈەنلىك پۇلنى ئېلىپ، پۇل تۆلەشكە هازىرلىنىپ بولغانىدى، لېكىن ئۇ بېلەت كېسىدىغان يەر ئەمەس ئىدى. ئۇ يەردە ئۇستىگە ئاق تاۋار يېپىلغان ئۇزۇن ئۇستەل تۇراتتى، ئۇستەلنىڭ كەينىدىكى تامغا بىر ئادەمنىڭ رامكىغا ئېلىنغان يوغان سۈرىتى ئېسىپ قويۇلغانىدى، رامكىنىڭ گىرۋەكلىرىدە قارا لېنتىلار ساڭگىلاپ تۇراتتى. ئالدىدىكىلەر قوللىرىدىكى گۈللەرنى ئۇستەلنىڭ ئۇستىگە قويۇپ بولۇپ، تامغا ئېسىلغان سۈرەتكە ئۈچ قېتىمدىن تەزىم قىلىشاتتى.

دادا قاتتىق چۆچۈپ كەتتى:

— ئەستا! هاماقەتلىك قىلىپ، باشقىلارنىڭ ماتەم مۇراسىمىغا ئۇسۇپ كىرگىنىمنى قارىمامدىغان!

ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى سوغۇق تەرگە چۆمۈپ كەتتى. بىرەيلەن «بىرىنچى تەزىم» دېيىشىگە، ئۇ ئالدىراپ - تېنەپ تەزىم قىلدى. بېشىنى كۆتۈرۈپ، تامدىكى سۈرەتكە نەزەر تاشلىدى. سۈرەتتىكى چىراي ئۇنىڭغا تونۇش بىلىندى. ئۇ ئىككىنچى تەزىمدىن كېيىن، سۈرەتكە سىنچىلاپ قاراپ، ئۇنى تونۇۋالدى. ئۇنىڭ تىلى كالۋالىشىپ، ئېغىزى گاھ ئېچىلىپ، گاھ يۇمۇلۇپ كەتتى.

— بۇ لىيۇ جېنيۇيغۇ! — دېدى ئۇ ئۆزىمۇ تۇيمىغان هالدا.

ئۇنىڭ ئاۋازى بوش چىققان بولسىمۇ، لېكىن ئەتراپتىكىلەر بۇ سۆزنى ئاڭلاپ قېلىپ، ئۇنىڭغا ئالىيىپ قاراپ قويدى. نەدىن پەيدا بولغان سەهرالىق قېرى بۇ؟ نېمانداق ئەدەپسىز؟ سۈرەتنىڭ يان تەرىپىدە بىر رەت ئادەم سۈكۈتتە تۇراتتى، ئەڭ باشتا تۇرغان بىر ئايال ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— تاغا، سىز نەدىن كەلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— شىيايىڭ كەنتىدىن.

— سىز ئاپامنى تونۇمسىز؟

— ئۇ بىزنىڭ كەنتىمىزگە چۈشكەن زىيالىي ياش ئىدى، ئەلۋەتتە تونۇيمەن.

— ئاپام چۈشكەن ئۇ كەنتنى خۇشباۋشۇ دادۇيى دەيتتىغۇ.
— ئۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا ئۆزگەرتىلگەن ئىسىم. سىز ئاپىڭىزنىڭ چوڭ قىزىغۇ دەيمەن، ئاپىڭىز بىزنىڭ كەنتتىكى چاغدا سىز قورساقتا قالغان.
— شۇنداق، شۇنداق، دېگىنىڭىز توغرا. ئاپامدىن ئاڭلىسام، ئۇنىڭ يەنە رومانتىك كەچۈرمىشلىرىمۇ بار ئىكەن.
دادا «قىلچىمۇ رومانتىك ئەمەس، مەن سىزنى دەپ ناھەق ئىككى يىل تۈرمىدە يېتىپ، يېمىگەن مانتىنىڭ پۇلىنى تۆلىگەن» دەۋەتكىلى تاسلا قالدىيۇ، لېكىن بوغۇزىغا كېلىپ بولغان گەپنى ئىچىگە يۇتۇۋەتتى، نېمىلا بولسۇن، ئۇ ئۆلۈپ كەتتى، بۇ سورۇندىمۇ ئۇنداق دېيىش ئەپسىز ئەمەسمۇ.
— ئاپامنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنى قانداق ئۇقتىڭىز؟ سىز كەنتتىكىلەردىكى يۇرتداشلارغا ۋاكالىتەن ماتەم مۇراسىمىغا قاتناشقىلى كەپسىز - دە؟ — ليۇ جېنيۇينىڭ قىزى قاتتىق تەسىرلىنىپ كېتىپ، دادىنىڭ ئىنكاسىنىڭ قانداق بولۇشى بىلەن كارى بولماستىن، كۆپچىلىككە قاراپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — بۇ ياق ئاپام ئەينى يىللاردا چۈشكەن كەنتتىكى يۇرتداشلارنىڭ ۋەكىلى، ئۇنى يات كۆرمىگەيسىلەر.
«بۇ چوكان ھەقىقەتەنمۇ ليۇ جېنيۇينىڭ قىزى بولۇشقا مۇناسىپ ئىكەن» دەپ ئويلىدى دادا.
كىشىلەر تۆۋەن ئاۋازدا غۇلغۇلا قىلىشتى:
— ليۇ مۇدىرنىڭ كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەقىقەتەن ياخشى ئىكەن.
— ناھىيەلىك ئاياللار بىرلەشمىسى بىر ياخشى كادىر، ياخشى رەھبەردىن ئايرىلىپ قالدى، ھەي ئىسىت !
دادا نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالدى.
ئەينى يىللاردا، دادا كەنتتىكى خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ليەنجاڭى، ليۇ جېنيۇي ئاياللار ئەترىتىنىڭ باشلىقى ئىدى، ليۇ جېنيۇي دادىنى ئاتاق ئاكام دەپ تونۇپ، كۈنبويى ئۇنىڭ ئۆيىدە

تۇراتتى. كېيىنچە، لىيۇ جېنيۈيىنىڭ قورسىقى ئۇشتۇمتۇت يوغىناپ قالدى، ئۇ ھەر كۈنى دادىسىنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇپ يىغلىدى، لېكىن ئۆزىنىڭ قورسىقىنى تومپايتىپ قويغان زىيالىي ياشنىڭ ئىسمىنى زادىلا دېگىلى ئۇنىمىدى. بىر كۈنى، ئۇ ئۇشتۇمتۇت دادىسىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ، مىشىلداپ يىغلىغىنىچە ئۇنىڭغا يالۋۇردى:

— ئاتاق ئاكا، بۇ بالىغا سىز ئىگە بولسىڭىز، بولمىسا تۈگىشىپ كېتىمىز، ئۆمۈرلۈك تۈگىشىپ كېتىمىز.

شۇ چاغدا، دادا بىلەن ئانا لىيۇ جېنيۈينى نىكاھسىز تۇغۇلغان بالامغا ئىگە بولۇپ، ئۇنى بېقىۋېلىڭلار دەۋاتىدۇ، دەپ چۈشەندى، چۈما كېسەللىكى تارقالغاندا ئۇلار ئوغلىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، تېخىچە قايتىدىن پەرزەنتلىك بولالمىغاچقا، لىيۇ جېنيۈينىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولدى. ۋاھالەنكى، ئۈچ كۈندىن كېيىن، ئەھۋال پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتتى. لىيۇ جېنيۈي ئۆزىنى ئالداپ، نومۇسىغا تېگىپ، قورسىقىنى تومپايتىپ قويغان گۇناھنى دادىغا ئارتىپ قويدى. ساقچىلار دادىنى تۇتۇپ كېتىپ، ئۇنىڭغا ئىككى يىل ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش جازاسى بەردى. ئەينى چاغدا زىيالىي ياشلار ماۋ جۇشى ئەۋەتكەن قىزىل قوغدىغۇچىلار دېيىلىپ، چەكسىز ئەتىۋارلىنىۋاتقان تۇرسا، بىر دېھقاننىڭ ئۇنىڭ قورسىقىنى تومپايتىپ قويغىنىغا قانداقمۇ چىداپ تۇرغىلى بولسۇن؟ شۇنىڭ بىلەن، لىيۇ جېنيۈي غەمخورلۇققا ئېرىشىپ، شەھەرگە قايتىپ خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. دادا ئېيتقۇسىز ئۇۋالچىلىققا قېلىپ، ئۆزىنى زادىلا ئاقلىيالمىدى، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار لىيۇ جېنيۈيگىلا ئىشىنىپ، دادىنىڭ قىلغان ئەرزلىرىگە پەرۋا قىلمىدى. لىيۇ جېنيۈي راستىلا ئېغىر ئاياغ بولغانىدى ھەم بۇ ئىشقا دادىنى جاۋابكار دېدى، يەنە كېلىپ دادىنىڭ ئۆيىدە يېتىپ ـ قوپقان تۇرسا، دادىنىڭ ئەرزىگە كىممۇ قۇلاق سالىدۇ دەيسىز. دادا جازا مۇددىتىنى تۈگىتىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، قىڭراقنى كۆتۈرۈپ بېرىپ لىيۇ جېنيۈينى

ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولدى، لېكىن ئانا يىلىنىپ ـ يالۋۇرۇپ ئۇنى تۇسۇپ قويدى. ئۇ چاغدا ليۇ جېنيۈي ناھىيەلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان، كېيىن يەنە ناھىيەلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرى بولغانىدى.

دادا بۇ ئاچچىقىنى ئۆمۈر بويى ئىچىگە يۇتۇۋېتەلمەيتتى.

دادا ليۇ جېنيۈينىڭ سۈرىتىگە قاراپ، غەزىپىنى بېسىۋالالمىدى، لېكىن بىردەمدىن كېيىن ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. نېمىلا بولسۇن ئارىدىن قىرىق يىلچە ۋاقىت ئۆتتى، ئۇمۇ ئۆلۈپ كېتىپتۇ، غەزەپلەنگەننىڭ نېمە پايدىسى بار؟ دادا تۈرمىدىكى چاغدىمۇ دېھقانچىلىق قىلغان، تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىنمۇ دېھقانچىلىق قىلىۋاتىدۇ، ئۇ يىللاردا دۆلەت رەئىسىمۇ ناھەق ئۆلۈپ كەتكەن ئەمەسمۇ! شۇنداقتىمۇ ھەر قېتىم بۇ ئىشنى ئويلىغىنىدا، ئۇنىڭ ئىچى ئېچىشاتتى. بىراق، بۇ ئايال بەك بالدۇر ئۆلۈپ كېتىپتۇ، كۆپ بولسا ئەللىك نەچچە ياشقا كىرگەندۇ، چوقۇم نۇرغۇن ئازابلارنى تارتتى. دادا ئۆزىنىڭ تا ھازىرغىچە ناھايىتى ئوبدان، تېمەن ياشاۋاتقانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ، كۆڭلى خېلىلا ئارامغا چۈشتى ۋە «ئۆلگەن ئادەم بىلەن نېمىشقىمۇ تەڭ بولاي؟ » دەپ ئويلىدى.

ئۇچىنچى تەزىمدىن كېيىن، بىرەيلەن ئۇنى تارتىپ زىياپەت ئۈستىلى يېنىغا ئاپىرىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. ھازا تامىقى يېيىش ئۆلگۈچىنى ھۆرمەت قىلغانلىق ھېسابلانسىمۇ، لېكىن دادا گېلىدىن ئۆتمەسلىكىدىن ئەنسىرەپ، يېيىشنى خالىمىدى.

دەل شۇ چاغدا، سىرتتىن ئىشەكنىڭ قاتتىق ھاڭرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

زالدىكى كىشىلەر چۆچۈپ داڭ قېتىپ قالدى. كەينىدىنلا بىر ئامانلىق ساقلىغۇچى زالغا يۈگۈرۈپ كىرىپ ۋارقىرىدى:

— ئۇ كىمنىڭ ئېشىكى، قايسىڭلارنىڭ ئېشىكى؟

كىشىلەر پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى.

— مېنىڭ ئېشىكىم! مېنىڭ ئېشىكىم!

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كىشىلەر بۇ قېتىم ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالالماي قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى. قايغۇلۇق كەيپىياتقا چۆمگەن زال ئىچى بىردىنلا ئازادە، خۇشال كەيپىياتقا تولۇپ، ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈۋاتقانغا زادىلا ئوخشىماي قالدى.

يەر بەك تېيىلغاقمۇ ياكى بەك جىددىيلىشىپ كەتكەچكىمۇ، دادا ئۇشتۇمتۇت پالاققىدە يىقىلىپ چۈشتى. بۇنىڭ بىلەن، كىشىلەر تېخىمۇ قاتتىق كۈلۈشۈپ، تېلىقىپ قېلىشتى. دادا ماتەم مۇزىكىسىنىڭ مۇڭلۇق ناۋاسى ئىچىدە زالدىن قېچىپ چىقتى.

ئېشەك دەرۋازىنىڭ يېنىدىكى گۈل سېۋەتلىرىنىڭ ئارقىسىغا تىرەپ قويۇلغان ياغاچ تىرەككە باغلاپ قويۇلغانىدى، گۈل سېۋەتلىرى توسۇپ تۇرغاچقا، ئۇ يەرگە ھېچكىممۇ دىققەت قىلمايتتى. لېكىن، ئۇنىڭ يېنىدا توختىتىلغان بىر پىكاپ قوزغالغان چاغدا ئۇشتۇمتۇت سىگنال بەرسە، ئېشەك ئۈركۈپ كېتىپ، ياغاچ تىرەكنى تارتىۋەتكەچكە، گۈل سېۋەتلىرى ئۆرۈلۈپ چۈشكەنىدى.

دادا ئېشەكنى دەرھال تۇتۇۋالدى ــ دە، ئالىقىنى بىلەن ئۇنىڭ بويىنىغا يېنىك ئۇرۇپ تۇرۇپ، ئۇنى تىنچلاندۇردى.

ــ ھەي، قېرى، نېمە قىلغىنىڭ بۇ؟ ئېشەكنى مۇشۇ يەرگە باغلاپ قويىدۇڭمۇ؟ ــ دەپ كايىدى ئامانلىق ساقلىغۇچى دادىغا.

ــ ئەمىسە قەيەرگە باغلايمەن، ئۇلارنىڭ ئەجنەبىي ئېشەكلىرى، توك ئېشەكلىرىمۇ بۇ يەرگە باغلاقلىق تۇرمامدۇ؟! ــ دېدى دادا تەرسالىق بىلەن تەرىنى تۇرۇپ.

ــ ئۇ دېگەن پىكاپ، ۋېلىسىپىت! ئېشەك ئەمەس!

ــ ئېشەك مېنىڭ پىكاپىم، ۋېلىسىپىتىم!

دادا بېشىنى تىك تۇتۇپ، كۆزلىرىنى ئالايتقىنىچە ئېشەكنى تارتىپ ئالدىغا قاراپ ماڭدى.

ئامانلىق ساقلىغۇچى ئۇنىڭ كەينىدە تىللاپ تۇرۇپ بىرنېمىلەرنى دېدى، لېكىن بۇنىڭغا نېمە ئىلاج، نېمىلا بولسۇن،

ئۇ ماتەم مۇراسىمىغا قاتناشقىلى كەلگەن مېھمان ئەمەسمۇ!

ئۆرۈلۈپ چۈشكەن گۈللەرنى شامال ئۇيان - بۇيانغا ئۇچۇرۇپ تۇراتتى. بىر تال گۈل دادىنىڭ پۇتىنىڭ يېنىغا چۈشتى. دادىنىڭ كۆزلىرى بىردىنلا نۇرلىنىپ كەتتى، ئۇ ئېڭىشىپ تۇرۇپ گۈلنى قولىغا ئالدى - دە، گۈلنىڭ ئۈستىدىكى توپىنى پۈۋلىدى. ئۇ گۈل ساپساق، شۇنداق پاك - غۇبارسىز، كۆركەم ھەم خۇشبۇي ئىدى. دادا گۈلگە چەكسىز مەپتۇن بولۇپ، خۇشاللىقتا قىن - قىنىغا پاتماي قالدى - دە، يىرىك قولىدا گۈل بەرگىلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— نېمىدېگەن ئېسىل گۈل بۇ، گۆھەرنىڭ ئۆزىغۇ، — دېدى.

ئۇ تولىمۇ ئېھتىيات بىلەن گۈلنى قوينىغا سالدى. كۆڭلىدە «نېمىلا بولسۇن، لىۇ جېنيۇيدىن ئاخىر ئازراق بىرنېمە ئۇندۇرۇۋالدىمغۇ» دەپ ئويلىدى.

ئانا خۇددى پۇتى كۆيگەن توخۇدەك، گاھ سىرتقا چىقىپ، گاھ ئۆيگە كىرىپ تۇراتتى. ئۆزىنىڭ دەريا بويىغا قانچە قېتىم بارغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى. سوغۇقتا ئىككى مەڭزى قىزىرىپ، لەۋلىرى كۆكىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ دادىنىڭ نېمىشقا بۇنچە ھايال قالغىنىدىن ھەيران بولاتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن دورا ئەكېلىشكە كەتكەنلەرنىڭ ھەممىسى قايتىپ كەلدى، ئۇ نەگە كەتكەندۇ؟ چوشقا كۈچۈكلىرىنى ساتالمىغانمىدۇ؟ ساتالمىسا مەيلى ئەمەسمۇ، ئۇ تەرسا قېرى، سىرتقا چىقسىلا ئانىنى ئۆلگۈدەك ئەنسىرىتىدۇ. ئىشىك يېنىغا باغلاپ قويۇلغان سېرىق ئىت ئانىغا قاراپ ھاۋشىدى. ئىتنىڭ قورسىقى ئېچىپ كەتكەنىدى. ئانا ئىتقا يەم ئاچىقىپ بەردى، ئىت بۇنىڭدىن چەكسىز مىننەتدار بولۇپ، قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتقىنىچە، ئاچ قالغان بۆرىدەك يېيىشكە باشلىدى. ئانا ئىتنىڭ بوينىنى سىلاپ تۇرۇپ، زەنجىرنى ئۇنىڭ بوينىدىن ئېلىۋەتتى - دە:

— داخۇاڭ، بۇنى يەپ بولۇپ، دادىنىڭ ئالدىغا بېرىپ باق،

مېنىڭ قاپىقىم تارتىپلا تۇرۇۋاتىدۇ، — دېدى.

ئەت خۇددى يادىن ئېتىلغان ئوقتەك تېز يۈگۈرگىنىچە كېتىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئانا سەل خاتىرجەم بولدى-دە، ئۆيگە كىرىپ، تۇگرىنى دۈملەپ پىشۇرۇشقا تۇتۇش قىلدى، دادا قاسقان تۇگرىسىگە بەك ئامراق، سۇدا پىشۇرغان تۇگرە ئاسان سوۋۇمايدۇ. ئانا تۇگرىنى دۈملەپ قويۇپ، هاراق ئىللىتتى.

دادا شەھەر كوچىلىرىدا ئېغىر قەدەملەر بىلەن كېتىپ بارماقتا ئىدى، بىرەر ئادەمنى كۆرسىلا، ئۇنىڭدىن جاڭ ئۇستامنىڭ تېرىق تورتى دۇكىنىنىڭ قەيەرگە كۆچۈپ كەتكەنلىكىنى سورايتتى. ئۇ تەرسا ھەم سەمىمىي ئىدى، تۆت - بەش يىلدا ئاران بىر قېتىم شەھەرگە كىرگەندە، ئۇستىدىن ھور ئۆرلەپ تۇرغان قىزىق، شېرىن تەملىك تېرىق تورتىنى بىر يەۋالمىسا قانداق بولغىنى.

قولىدا قۇش سېلىنغان قەپەس كۆتۈرۈۋالغان بىر ئاقسا قال بوۋاي ئۇنىڭغا يول كۆرسەتتى:

— جاڭ ئۇستامنىڭ تېرىق تورتى دۇكىنى ئۈچ يىل ئىلگىرىلا كۆچۈپ كەتكەن، سىز كونا شەھەردىكى ياڭگۇەيزى كوچىسىغا بېرىپ ئىزدەپ بېقىڭ.

بوۋاينىڭ چېھرىدىن مېھرىبانلىق يېغىپ تۇراتتى، رەخت بىلەن ئوراپ قويۇلغان قەپەستىكى قۇش ئاجايىپ يېقىملىق سايرايتتى. دادا شەھەرلىكلەرگە ئوخشاش بوۋايغا رەھمەت ئېيتمىدى، پەقەت:

— قۇشىڭىز يېقىملىق سايراپ، كۆڭۈلنى يايرىتىۋې-تىدىكەن، — دەپلا قويدى.

ئاقسا قال بوۋاي خۇشخۇيلۇق بىلەن كۈلگىنىچە كېتىپ قالدى. ئۇنىڭغا دادىنىڭ ھېلىقى بىر ئېغىز گېپى كۇپايە ئىدى.

ياڭگۇەيزى كوچىسى تار، يىلانباغرى كوچا ئىدى. لېكىن، جاڭ ئۇستامنىڭ «تېرىق تورتى دۇكىنى»دا ھازىر

چۆچۇرە بىلەن مانتا سېتىلاتتى، دۇكانمۇ كاتەكتەك كىچىك ئىدى.

دادىنىڭ ئۈمىدى يوققا چىقتى. ئۇ كۆڭلىدە «ئەسلىي ئۇ باي بولماپتىكەن، ھال ـ كۈنى بۇرۇنقىغا يەتمەيدىكەن، كونا ھۈنىرىنى تاشلىۋېتىپتۇ» دەپ ئويلىدى.

دوغىلاقنىنا بىر قىز ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— تاغا، مانتا يەمدىلا ياكى چۆچۈرە ئىچەمدىلا؟ — دەپ سورىدى سەنشى تەلەپپۇزىدا.

— تېرىق تورتى يەيمەن.

دوغىلاق قىز ئۇنىڭ گېپىنى چۈشەنمەي، يەنە بىر قېتىم سورىدى، دادا يەنە شۇنداق جاۋاب بەردى.

دوغىلاق قىز يېڭى كەلگەنمۇ ياكى گەپنى چۈشەنمىدىمۇ، ئىشقىلىپ بېشىنى بۇراپ پەشتاختىنىڭ كەينىگە قاراپ قويدى. لەۋلىرىگە قىپقىزىل لەۋ سۇرۇخ سۇرۇۋالغان بىر چوكان بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— ھوي، ھازىر قايسى زامان؟ تېخىچە تېرىق تورتى يەمدىلا؟ بىز تېرىق تورتى ساتمىغىلى ئۇزۇن بولدى، ھازىرمۇ ساتىدىغان بولساق جان باقالمايمىز، — دېدى.

دادا غىققىدە بولۇپ زۇۋان سۈرمىدى. ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ چىقىپ كېتىدىغان چاغدا:

— چۆچۈرە بىلەن مانتا ساتساڭلار جان باقالامسىلەر؟ — دېدى.

بۇ چاغدا، ئارقا خانىدىن دەلدۈگۈنۈپ ماڭغىنىچە بىر بوۋاي چىقتى. ئۇ قولىدىكى ھاسىغا تايانغىنىچە بېلىنى ئېگىپ تۇرۇپ:

— كىم تېرىق تورتى يەيدىكەن؟ شياۋخۇا، خېرىدارغا مۇشۇنداق گەپ قىلغان نەدە بار؟ — دېدى.

— جاڭ ئۇستام! — دادا بوۋاينى تونۇۋالدى.

— سىز مېنى تونۇمسىز؟ ئۆزىڭىز...

— مەن شياياڭ كەنتىدىكى تيې باۋ! مېنى تونۇمىدىڭىزمۇ؟

ئىلگىرى، بىز سىز پىشۇرغان تېرىق تورتىنى يەيتتۇققۇ!
— ئېسىمگە كەلدى، ئېسىمگە كەلدى، — دېدى جاڭ ئۇستام بېشىنى يېنىك شاپىلاقلاپ تۇرۇپ، — ئۇ چاغلاردا سىز ماڭا بەزىدە ئارغۇن مۇشۇك، قىرغاۋۇل دېگەندەك نەرسىلەرنى ئالغاچ كېلەتتىڭىز، بۈگۈن خوتۇنىڭىزنى باشلاپ كەلمىدىڭىزمۇ؟ ئىلگىرى دائىم خوتۇنىڭىزنى باشلاپ كېلەتتىڭىز، ھا... ھا...
— شۇنداق، شۇنداق، ئۇمۇ كېلىشكە ئامراق ئىدى. ئىككىمىزگە چاي ئىچۈرۈلگەندە، سىزنىڭ تېرىق تورتىڭىزنى يېگەن، ھا... ھا... ھەش - پەش دېگۈچە نۇرغۇن يىل ئۆتۈپ كەتتى.
بۇ ئىككى كونا تونۇش، قەدىناس دوستلار يانمۇ يان ئولتۇرۇشۇپ، ئاجايىپ زوق - ئىشتىياق بىلەن، ئۆتمۈشتىكى ئۇنتۇلماس ئىشلارنى ئەسلەشتى. ئۇ يىللار ئۇلارغا شۇنداق يېقىملىق، ئىللىق بىلىنەتتى.
— بۇ يەرنى تېپىپ كېلەلىگىنىڭىز ئاجايىپ كاتتا ئىش بوپتۇ! تا ھازىرغىچە مەن پىشۇرغان تېرىق تورتىنى ئۇنتۇپ قالماپسىز، ۋاقىت رەھىمسىز بولىدىكەن، قانداق؟ تېرىق تورتىنى ھېلىمۇ يېگۈڭىز بارمۇ؟
— بولمامدىغان ! بىراق، سىلەر ھۈنىرىڭلارنى ئۆزگەرتىپسىلەر ئەمەسمۇ.
جاڭ ئۇستام دىررىدە تىترەپ كەتتى، ئاندىن:
— ئامال يوق، تىي ئىنىم، بىرىنچىدىن، مەن قېرىپ قالدىم؛ ئىككىنچىدىن، ھازىر تېرىقنىڭ ياخشىسىنى تاپقىلى بولمايدۇ. دەپ بېقىڭا، ھازىر سىلەرنىڭ كەنتىڭلاردىكى دېھقانلارنىڭ قايسىسى تېرىق تېرىيدۇ؟ ھىم؟ — دېدى.
دادا تۈز كۆكۈللۈك بىلەن بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ:
— تېرىقنىڭ مەھسۇلاتى بەك تۆۋەن، تۈزۈك پۇلغا يارىمايدۇ، بىزنىڭ كەنتتىكىلەر قارا بۇغداي تېرىيدۇ، قارا بۇغداينى ياپونىيەلىكلەر يۇقىرى باھادا سېتىۋالىدىكەن، — دېدى.

— مانا ئەمەسمۇ، ھېچكىم تېرىق تېرىمىسا، مەن قانداقمۇ تېرىق تورتى پىشۇرالايمەن؟ — جاڭ ئۇستام ئۇھ تارتقىنىچە دادىغا قاراپ قويۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — بىراق، سەل ساقلاپ تۇرۇڭ، مەن ھازىرلا چىقىمەن.

جاڭ ئۇستام ئورنىدىن تۇرۇپ، دادىغا كۆز ئىشارىتى قىلىپ قويۇپلا ئارقا خانىغا كىرىپ كەتتى.

دادا جاڭ ئۇستامنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى بىلمەي، جايىدا ئولتۇرغىنىچە ئۇنىڭ چىقىشىنى كۈتتى. دوغىلاق قىز دادىغا بىر ئىستاكان ئىسسىق چاي ئەكېلىپ بەردى. دادا چاينى بىراقلا ئىچىۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ توڭلاپ كەتكەن بەدىنى سەل ـ پەل ئىللىپ قالدى. دادا تامدىكى سائەتكە قارىدى، سائەت ئىستىرېلكىسى تېخىچە ئەتىگەن سائەت توققۇزنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ پۇتىنىڭ يېنىدىكى چوشقا كۈچۈكى مىدىر - سىدىرمۇ قىلمايتتى. ئۇ چوشقا كۈچۈكىنى بىرنى تەپتى، چوشقا كۈچۈكى شۇ ھامان پىرقىراپ، دوغىلاق قىز بىلەن لەۋلىرىگە قىپقىزىل لەۋ سۇرۇخ سۇرۇۋالغان ھېلىقى چوكاننى قاتتىق چۆچۈتۈۋەتتى. دادا خىجالەت ئىلكىدە كۈلۈپ قويۇپ، چوشقا كۈچۈكنى نېمىشقا ساتالمىغانلىقىنى چۈشەندۈردى. لېكىن، ئۇنىڭ گەپلىرىگە ھېچكىم قۇلاق سالمىدى، شۇنىڭ بىلەن، ئۇ سۆزلەشتىن توختاپ قالدى.

جاڭ ئۇستام كۈلۈمسىرىگەن ھالدا ئارقا خانىدىن چىقتى:

— تيې ئىنىم، سىزنىڭ تەلىيىڭىز بار ئىكەن! مەن كاتىنىڭ ئاستىدا قېلىپ قالغان تېرىق ئۇنىنىڭ ھەممىسىنى ئالدىم، خوتۇنۇم ئارقا خانىدا تورت پىشۇرۇۋاتىدۇ، قىزىل پۇرچاقنىمۇ سۇغا چىلاپ قويدۇم، بىردەم ساقلاپ تۇرۇڭ. شياۋخۇا، بىزگە بىر چەينەك ھاراق ئىللىتىپ، ئىككى تەخسە قورۇما قورۇپ بېرىڭ، پۇلىنى مەن تۆلەيمەن، بۈگۈن تيې ئىنىم ئىككىمىز ئوبدان بىر ئىچىشىۋالايلى.

— بولدى، بولدى، ئاكا. بۇنداق قىلسىڭىز قانداق بولىدۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئاۋارە بولماڭ، مەن ئەمدى ئۆيگە قايتمىسام بولمايدۇ.

مۇلايىم، ئاق كۆڭۈل دادا ئۆزىنىڭ بۇ قاتارلىق ئىززەتكە ئېرىشكىنىدىن چەكسىز مەمنۇن بولۇپ، قايتا ـ قايتا ئۆزرىخاھلىق ئېيتتى ـ دە، كەتمەكچى بولۇپ ئورنىدىن تۇردى.

— بىزنى ياراتمايۋاتامسىز؟ مېنى تېرىق تورتىغا تۇتۇش قىلدۇرۇپ قويدىڭىز، يەنە كېلىپ ئىككىمىز ئۇزۇن يىل كۆرۈشمىگەن بۇرادەرلەر تۇرساق، كېتىمەن دەپلا كەتسىڭىز بولامدۇ؟ ئىلگىرى سىز ماڭا نۇرغۇن كۆممىقوناق، مېۋە ـ چېۋە، يەل ـ يېمىشلارنى ئەكېلىپ بەرگەن، خاتىرجەم ئولتۇرۇۋېرىڭ، تېرىق تورتىنى يەپ، هاراق ئىچىپ بولۇپ كېتىڭ، نېمىگە ئالدىرايسىز، تېخى بالدۇرغۇ.

شۇنداق قىلىپ، بۇرۇنقى دوستلۇقىنى ئۇنتۇمىغان جاڭ ئۇستام دادىنى زورمۇزور تۇتۇپ قالدى. دادا خۇددى ئەزىز مېهماندەك ئىززەتلىنىپ، جاڭ ئۇستام بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ هاراق ئىچىشكە باشلىدى. كۈچلۈك هاراقنىڭ تەسىرىدە، ئىككىيلەن ئۆتمۈشتىكى ۇنتۇلماس ئىشلارنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كەتتى.

لەۋلىرىگە قىزىل لەۋ سۇرۇخ سۈرتۈۋالغان چوكان ئېغىزىنى پۈرۈشتۈرۈپ قويغان بولسىمۇ، لېكىن قېيىنئاتىسىنى قاقتى ـ سوقتى قىلىشنىڭ ئوبدان پۇرسىتى كەلگەنلىكىنى ئويلاپ، جىمىپ قالدى، ئۇلارنىڭ نۇرغۇن يىل بۇرۇنقى كەچۈرمىشلىرىنى خۇددى «مىڭ بىر كېچە»دىكى هېكايىلەرنى ئاڭلىغاندەك بېرىلىپ ئاڭلىدى.

ئانا تۇگرىنى قاسقانغا دۇملەپ قويغىنىغىمۇ بىر ئاش پىشىمى بولدى.

دادىدىن تېخىچە هېچقانداق شەپە يوق، ئۇنى ئىزدەپ چىقىپ كەتكەن سېرىق ئىتمۇ قايتىپ كەلمىدى. كۈنمۇ غەرب تەرەپتىكى تامنىڭ كەينىگە ساڭگىلاپ ئولتۇرۇشقا ئازلا قالدى. ئانا ئەمدى

پۈتى كۆيگەن توخۇدەك ئەمەس، بەلكى قىزىق قازاندىكى چۈمۈلىدەك بولۇپ كەتتى. شۇ چاغدا، دەرەخنىڭ ئۇچىغا بىر قاغا كېلىپ قاقىلدىدى، ئانا تېخىمۇ قورقۇپ كەتتى، ئۇ سۇپۇرگىنى پۇلاڭلىتىپ تۇرۇپ، ھېلىقى قاغىنى قوغلىۋەتتى.

— ھاۋ! ھاۋ! ھاۋ!

سېرىق ئىت ھويلىغا كىرىپ، ئانىغا قاراپ ھاۋشىدى، ئۇ ئىنتايىن تېز يۈگۈرگەچكە، نەپىسى قىيىنلىشىپ، تىلى ساڭگىلاپ قالغانىدى.

— داخۇاڭ! نېمىشقا قايتىپ كەلدىڭ! دادا قېنى؟ — ئانا بوينىنى سوزۇپ سىرتقا قارىدى.

— ھاۋ! ھاۋ! ھاۋ! — سېرىق ئىت ئانىغا قاراپ يەنە بىردەم ھاۋشىدى - دە، بىر نېمىلەرنى دېگىنىدەك قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتتى، لېكىن ئانا چۈشەنمىدى. ئىت سەل جىددىيلىشىپ، ئانىنىڭ ئىشتىنىنىڭ پۇچقىقىنى چىشلەپ، ئۇنى سىرتقا تارتتى.

ئانا ئاخىر چۈشەندى، يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ، بېشىغا ياغلىقنى ئارتىپلا سىرتقا ماڭدى.

ئىت ئالدىدا يول باشلاپ ماڭدى. ئۇ ئانىدىنمۇ بەك جىددىيلىشىپ كېتىپ، ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ ئانىدىن خېلىلا يىراقلاپ كېتەتتى، ئانىنىڭ يېتىشەلمەيۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، جايىدا توختاپ ئۇنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى. ئانىنىڭ سالامەتلىكى ناھايىتى ياخشى بولسىمۇ، لېكىن يېشى ئاتمىشقا بېرىپ قالغان تۇرسا، تۆت پۇتلۇق ئىتقا قانداقمۇ يېتىشەلىسۇن؟!

ئىت گاھ يۈگۈرۈپ، گاھ توختايتتى، ئانىغا توختىغۇدەك پۇرسەت يوق ئىدى، ئۇ يول بويى يۈگۈرۈپ، ھاسىراپ كەتكەنىدى.

ئۇلار دەريا بويىغا كېلىپ، دەريا قىنىغا چۈشتى - دە، يۈز مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى مۇزنى دەسسەپ مېڭىشقا باشلىدى. ئادەتتە، مۇز ئۈستىدە ئادەمنىڭ ئاياغ ئىزلىرى، ھارۋىلارنىڭ چاق

www.uyghurkitap.com

ئىزلىرى بولاتتى، ئاخشام ياغقان قار ئۇ ئىزلارنى كۆمۈۋەتكەنىدى. ئىت مۇز ئۈستىدە ئۇچقاندەك چېپىپ كەتتى، لېكىن ئانا تېيىلىپ يىقىلىپ كېتىشتىن ئەنسىرەپ، ھاسىرىغىنىچە قەدەمدە بىر توختىۋېلىپ، ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن ماڭدى. جەنۇبىي قىرغاققا بارغاندىن كېيىن، ئانا ئىتتىن سورىدى:

— داخۇاڭ، ئۇ قەيەردە؟

ئىت بېشىنى بۇراپلا، شەھەرگە تۇتىشىدىغان توپىلىق يولنى بويلاپ يۈگۈرۈپ كەتتى. ئانا ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى.

ئىت ئاخىر بۇ توپىلىق يول بىلەن دۆلەت يولى كېسىشىدىغان جايغا بېرىپ توختىدى. ئانا يىراقتا تۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئېشىكىنىڭ شۇ يەردە تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئېشەك ئىككى قۇلىقىنى دىڭ تۇتقىنىچە، سەزگۈرلۈك بىلەن ئەتراپقا قارايتتى، ئۇ ئانىنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپلا بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پۇتلىرىنى تېپچەكلىتىپ تۇرۇپ ھاڭرىدى.

ئانا دادىنىڭ يەردە ياتقانلىقىنى كۆردى.

— دادا! — ئۇ ۋارقىرىغان پېتى دادىغا ئۆزىنى ئاتتى.

راستىنى ئېيتقاندا، دادا ئۇ يەردە قىڭغىيىپ ياتاتتى. ئانا ئۇنى ئېشەكتىن يىقىلىپ چۈشۈپ تۇرالمىغان چېغى دەپ ئويلىغانىدى. لېكىن، دادىنىڭ پۈتۈن بەدىنى گۆپپۈلدەپ ھاراق پۇرايتتى، ئاغزىنىڭ چۆرىسىدە بىرمۇنچە قۇسۇق تۇراتتى، ئۆزى قاتتىق خورەك تارتىپ ئۇيقۇغا كەتكەنىدى.

— يا ئاللا، مۇشۇنداق بولۇپ كەتكۈچە ئىچكىنىنى قارىمامدىغان! — ئانىنىڭ كۆڭلى ئەمدى سەل - پەل ئىزىغا چۈشتى.

دادا ئانىنىڭ كەلگەنلىكىنى تۇيماي، تېخىچە تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى. ئىت ئۇنىڭ يۈزى ۋە لەۋلىرىنى يالىدى.

ئانا ئۇنى ئىتتىرىپ، ئۇنىڭ يۈزىدىكى ئوت - چۆپ قالدۇقلىرىنى سۈرتۈۋەتتى. دادىنىڭ بۇرنى بىلەن يۈزى توڭلاپ

كۆكىرىپ كېتىپ، بەدىنى ياغاچتەك قېتىپ كەتكەندى. ئانا ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزماقچى بولاتتى، لېكىن دادا ئۇدۇل كەلگەن ياققا ئۆرۈلۈپلا يېتىۋالاتتى، چۈشەنگىلى بولمايدىغان بىر نېمىلەرنى دەيتتى:

— هاي، ماڭا چېقىلما، بىردەم ئۇخلىۋالاي... جاڭ ئۇستام، سىز ... هاراق... كۆتۈرەلمەيدىكەنسىز ...

ئۇنىڭ گەپ قىلغىنىنى ئاڭلاپ، ئانا ئاچچىق كۈلۈمسىرىگىنىچە بېشىنى چايقىدى. لېكىن، بۇنداق قاتتىق سوغۇقتا، نۆلدىن تۆۋەن يىگىرمە گرادۇسلۇق دالادا سەل ئۇزۇنراق ئۇخلىغان ئادەم مەڭگۈ ئويغىنالمايتتى. قايسى بىر يىلى، قوشنا كەنتتىكى بىر جۇپ ئاكا ـ ئىنى شەھەرگە كۆممىقوناق ساتقىلى كىرگەندىمۇ هاراقنى كۆپ ئىچىپ قويۇپ، قايتىپ كەلگۈچە ئېشەك هارۋىسىدا ئۇخلاپ قالغاچقا، بىرى ئۆلۈپ، بىرى مەجرۇھ بولۇپ قالغانىدى.

ئانا قاتتىق ساراسىمىگە چۈشۈپ، كۈچىنىڭ بارىچە دادىنى نوقۇدى، ئۇنىڭ سوغۇقتا كۆكىرىپ كەتكەن يۈزىگە يېنىك شاپىلاقلىدى، ئېغىزىنى ئۇنىڭ قۇلىقىغا يېقىن ئاپىرىپ ئۈنلۈك توۋلىدى:

— دادا ! كۆزىڭىزنى ئېچىڭ! هاراق ئەكەلدىم، يەنە بىر چەينەك ئىچىۋېلىڭ !

بۇ گەپ كارغا كەلدى، دادا ئولتۇرۇشقا تىرىشىپ، پەس ئاۋازدا:

— هاراق ... هاراق قەيەردە؟ — دەپ سورىدى.

ئانا ئۇنىڭ يۈزىنى چىمدىپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

— هاراق ئۆيدە ئىللىۋاتىدۇ، ئۆيگە بېرىپ ئىچىڭ !

دادا قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ، تىلىنى چايىنىغىنىچە ئانىغا غەلىتە نەزەر بىلەن قارىدى:

— سەن... سەن ئانىمۇ؟ ... سەن ... بۇ يەردە ... تۇرسەنغۇ؟ جاڭ ئۇستام قېنى؟ مەن ... ئۇنىڭ بىلەن يەنە ئىچىشمەن،

ئىككى چەينەك ئىچىشىمەن.

دادا گەپنى دەپ بولۇپلا يەنە يېتىۋالدى. ئانا ئۇنى مىڭ تەستە يۆلەپ، ئورنىدىن تۇرغۇزدى ۋە:

— جاڭ ئۇستام بىزنىڭ ئۆيدە سىزنى ساقلاۋاتىدۇ، ئۆيگە بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن ئىچىشىڭ، — دېدى.

بۇ گەپ كارغا كەلدى، لېكىن ئۇ دەلدەڭشىپ، ئورنىدا جىم تۇرالمىدى، مېڭىشقا تەمشەلسىمۇ ماغدۇرى يېتىۋاتقاندەك بولاتتى. ئانا ئۇنى قورقۇتۇۋىدى، ئۇ خۇددى بىر دۆۋە لايدەك لەسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى ـ دە:

— سەن كېتىۋەر، مەن... مەن بىردەم ئۇخلىۋېلىپ كېتەي، — دېدى.

— ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ توڭلاپ قالىسىز، توڭلاپ قالىسىز، جېنىڭىزدىن ئايرىلىسىز!

ئانا بىردەم زارلاندى، نېمىلا بولسۇن يېزا ئايالى ـ دە، ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ، تېخىچە كۈچىدىن كەتمىگەنىدى. ئۇ ئېشەكنى يېتىلەپ كېلىپ، دادىنى ئېشەككە يۆلەپ تۇرۇپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى، ئاندىن ئۇنى قۇچاقلاپ ئېشەكنىڭ ئۈستىگە ئىتتەردى. ئېشەك ئىگىسىنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ، ناھايىتى ئوبدان ماسلاشتى، لېكىن دادا زادىلا ماسلىشىپ بەرمەي، بۇ تەرەپتىن ئېشەككە مىندۈرسە، خۇددى بىر باغلام پاخالدەك ئۇ تەرەپتىن چۈشۈپ كەتتى. ئانا قايتا ـ قايتا مۇشۇنداق قىلىپ، دادىنى ئاخىرى ئېشەككە مىندۈردى.

بۇ ئېشەك يېزىدىكى ئېشەك بولغاچقا، تولىمۇ ئەقىللىك ئىدى، ھېچكىم يېتىلىمىسىمۇ، ئالدىدا كېتىۋاتاتتى، يەنە تېخى دادىنىڭ قايسى تەرەپكە قىيسايغىنىغا ئاساسەن، ئۆزىنىڭ بەدىنى بىلەن قەدىمىنى ماسلاشتۇرۇپ ماڭاتتى. ئانا ئېشەكنىڭ كەينىدە دادىنى يۆلىگىنىچە، ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ئېشەكنى ماختاپ ماڭاتتى. ئۇ مەست بولۇپ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالغان دادىنى شەھەردىن ئۆزىنىڭ ئۆيىنىڭ ئەتراپىغا ئەكەلدى ئەمەسمۇ. جاڭ

ئۇستامۇ غەلتە ئادەم ئىكەن، دادىغا شۇنچىۋالا جىق ھاراق ئىچكۈزگىنى نېمىسى؟ بۇ ئۇنىڭ جېنىنى ئالمەن دېگىنى ئەمەسمۇ؟

12 ـ ئاينىڭ ئىزغىرىن شاملى سۆڭەكتىن ئۆتەتتى، سوغۇق شامال دەستىدىن يۈز خۇددى پىچاق بىلەن تىلغاندەك ئاغرىپ كېتەتتى.

ئانا دادىنىڭ تومىقىنىڭ يوق تۇرغانلىقىنى ئەمدى بىلدى، تۇماق يولدا چۈشۈپ قالغانمىدۇ ياكى شەھەردە قېلىپ قالغانمىدۇ، ئۇنىڭ شامال ئۇرۇپ تۇرغان قۇلاقلىرى قىپقىزىل قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئانا بېشىدىكى روملىنى ئېلىپ، دادىنىڭ بېشىغا ئوراپ قويدى، ئاندىن ئۇنىڭ قۇلاقلىرىنى يېنىك ئۇۋۇلىدى.

ئۇلار ئاخىرى دەريا بويىغا كەلدى.

ئېشەك دەريا بويىدا تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى، لېكىن ئىت ئالدىدا ئۇچقاندەك كېتىپ قالدى.

دەريادىكى مۇز ئەينەكتەك پارقىرايتتى. ئېشەك تېيىلىپ كېتىشتىن قورقۇپ ماڭماي تۇرۇۋالدى. ئانا ئېشەكنىڭ ساغرىسىغا بىر نەچچىنى شاپىلاقلاپ قويۇۋىدى، ئېشەك زورمۇزور دەريادىكى مۇزغا دەسسىدى، ئۇ بۇرنىنى خارتىلدىتىپ، تۇمشۇقىنى مۇزغا يېقىن تۇتۇپ، كۆل سىپىلگەن يەرنى پۇرىغىنىچە ئاستا ـ ئاستا ماڭدى.

بىرنەچچە قەدەم ماڭمايلا، ئېشەك تېيىلىپ يىقىلىپ چۈشتى. ئانا ئۇنى تارتىسمۇ، ئۇرسىمۇ، تەپسىمۇ زادىلا كار قىلمىدى. بىچارە ئېشەك ئورنىدىن تۇرۇشقا خېلىلا ئۇرۇنۇپ باققان بولسىمۇ، لېكىن زادىلا ئورنىدىن تۇرالمىدى ـ دە، ئىككى بۇرنىدىن ھور چىقارغىنىچە مىدىر ـ سىدىر قىلماي يېتىۋالدى. دادىمۇ ئېشەكتىن چۈشۈپ كېتىپ، بىر چەتتە يېتىپ قالدى. ئانا ئازراق توپا ئېلىپ كېلىپ مۇزغا چېچىش ئۈچۈن قىرغاققا كەلدى. لېكىن، قاتتىق سوغۇقتا توپا مۇزلاپ تاشتەك قېتىپ

كەتكەندى، جوتۇ بولمىسا، توپا ئېلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئانا ئىلاجسىز قايتىپ كېلىپ، ئەتراپقا قارىدى، لېكىن بىرەر ئادەمنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى، ئەتراپ ئادەمنىڭ قورقۇسى كەلگۈدەك دەرىجىدە سۈرلۈك ئىدى، ئانا قانداق قىلىشىنى بىلەلمەي قالدى.

دادا خۇددى ئېشەككە ئوخشاش، مۇز ئۈستىدە يېتىپ يەنە ئۇيقۇغا كەتتى. ئانا دەرھال ئۇنى نوقۇدى:

— دادا، ئۇخلىماڭ، دادا، ئۇخلىسىڭىز بولمايدۇ!

ئانا ئېھتىياتسىزلىقتىن تېيىلىپ كېتىپ ئوڭدىسىغا چۈشتى، بېشى قېيىپ، كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ كەتتى. ئۇ مۇز ئۈستىدە سىڭارىيان ئولتۇرۇپ يىغلىغۇدەكلا تاس قالدى. ئالدىدا يەنە يۈز نەچچە مېتىر كېلىدىغان مۇز بار ئىدى. بۇ چاغدا، ئۇ ئېشەككە ئارتىپ قويۇلغان بىر خالتا دورا پاراشوكىنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، كۆڭلىدە ئەمدى ئامال تېپىلدى، دەپ ئويلاپ، دورىنى ئېلىپ، مۇز ئۈستىگە چاچتى. ئەمدى ياخشى بولدى، قوش زۇكىمىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان دورا رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرىدىغان بولدى، ئېشەكمۇ دورىغا دەسسەپ تۇرۇپ ئورنىدىن تۇرالايدۇ، دادىنى قايتىدىن ئۈستىگە ئېلىپ، دورا چېچىلغان يولنى بويلاپ ئالدىغا ماڭالايدۇ. ۋاھالەنكى، ئازراقلا ئارىلىق قالغاندا دورا تۈگەپ كەتتى، ئېشەك يەنە مۇزدا يېتىۋېلىپ مىدىر - سىدىر قىلمىدى.

ئانا نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالدى.

دادا مۇز ئۈستىدە ئىڭراپ ياتاتتى. ئانا جىددىيلەشكىنىدىن، ئۆمىلىگىنىچە ئۇنىڭ يېنىغا باردى. ئۇ، ئۆمىلىسە ماڭغاندىن ياخشى بولىدىغانلىقىنى ھەم يىقىلىپ كېتىشتىن ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى يوق ئىكەنلىكىنى ئۇشتۇمتۇت ھېس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ دادىنى ئۆزىنىڭ دۈمبىسىگە ئېلىپ، ئۆمىلەشكە باشلىدى. بۇ چارە كارغا كەلدى، لېكىن دادا ناھايىتى ئېغىر بولغاچقا، ئانا دەم ئالالماي قالدى، يەنە كېلىپ، ئاتمىش ياشقا

كىرگەن بىر مومايىنىڭ مۈز ئۈستىدە ئۆمىلەپ مېڭىشى ھەقىقەتەن تەس ئىدى.

ئانىنىڭ ئىككى قولى مۈزغا تىرىلىپ تۇراتتى، قولىدا پەلەي بولمىغاچقا، قوللىرى بارا ـ بارا توڭلاپ، سېزىمىنى يوقىتىشقا باشلىدى. ئۇ چىشىنى چىڭ چىشلىگىنىچە ئۆمىلەپ، كەينىدە ئۇزۇن بىر ئىزنى قالدۇردى، مۈز ئۈستى خۇددى پاكىز سۈرتۈلگەن ئەينەكتەك يالتىراپ كەتتى.

دادا ئانىنىڭ ئىللىق دۈمبىسىدە ياتقاچقا، ئۇنىڭ مۈزلاپ كەتكەن بەدىنى سەل ئەسلىگە كەلدى، بۇنىڭغا مۈزدىن چىققان سوغۇق ھاۋانىڭ تەسىرى قوشۇلۇپ، ئۇنى بىرئاز ئېسىگە كەلتۈردى.

— مەن ... بۇ قەيەر؟ مەن نېمە بولدۇم؟ — دېدى دادا تىلىنى چايناپ.

— مىدىرلىماڭ، سىز مېنىڭ دۈمبەمدە، ئويغانغىنىڭىز ئوبدان بولدى، ئەمدى ئۇخلاپ قالماڭ.

— ئانا، سەن مېنى يۈدۈۋالدىڭمۇ؟ جاڭ ئۇستام قېنى؟ مېنى مەست قىلىپ قويغان شۇ.

— مەست بولغىنىڭىزنى بىلسىڭىزلا بولدى، مۇشۇ ياشقا كەلگەندىمۇ، ھاراقنى ئۆلگۈدەك ئىچكىنىڭىزنى قاراڭ!

— مېنى چۈشۈرۈۋەت، ئانا، مېنى سەن يۈدۈۋالما، سېنى مەن يۈدۈۋالاي، — دادا شۇنداق دېگىنىچە، ئانىنىڭ دۈمبىسىدىن چۈشۈپ كېتىمەن دەپ تۇرۇۋالدى، نەتىجىدە، ھەر ئىككىلىسى مۈزدا يېتىپ قالدى. دادا قاقاھلاپ كۈلدى، تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ئورنىدىن تۇرۇشقا ئۇرۇندى، لېكىن پۇت ـ قوللىرى ئۇنىڭغا بويسۇنماي، مۈز ئۈستىگە يىقىلىپ چۈشتى، خۇددى تۇخۇم بېسىپ ياتقان مېكىياندەك ياتقىنىچە، ساراڭلاردەك خىرقىراپ كۈلدى.

ئانا ئۇنىڭ كۈلكىسىگە قاراپ، ئۆزىمۇ ئىختىيارسىز كۈلۈپ كەتتى. ئۇ ئىككى قولىنى بىر ـ بىرىگە سۈركىدى، يەنە قوينىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سېلىپ سەل ئىللىتقاندىن كېيىن، پۇتىدىكى پايپىقىنى سېلىپ، قولىغا كىيدى ـ دە، دادىنى دۇمبىسىگە چىقىشقا ئۇندىدى.
ئۇلار خۇددى بىر جۈپ قولۇلىدەك، مۆز ئۈستىدە يەنە ئۆمىلەشكە باشلىدى.
ئانا دادىنىڭ ئۇخلاپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنى توختىماي گەپكە سالدى:
ــ دادا، سىز بۇنداق مەست بولمىغىلى بەك ئۇزۇن بولغان.
ــ بۈگۈن ... مەن بەك ... خۇشال ! ئانا، دەپ ... دەپ باقە، مەن بۈگۈن ... كىم ... كىمنى كۆردۈم؟
ــ كىمنى كۆردىڭىز؟
ــ ليۇ جېنيۈينى!
ــ ھە؟ ھېلىقى زەھەرخەندە خوتۇننىمۇ؟ زەھەرلىك يىلاندەك خوتۇننىمۇ؟ ئۇنى قانداق ئۇچرىتىپ قالدىڭىز؟
ــ ئۇزىنى ئەمەس، سۇ ... سۈرىتىنى ... كۆردۈم، ئۇ ئۆلۈپتۇ، ــ دادا تىلىنى چايناپ تۇرۇپ، بۇنىڭ جەريانىنى سۆزلەپ بەردى.
ئانا ئۇن چىقارمىدى، بىردەمدىن كېيىن ئۇھ تارتىپ قويۇپ:
ــ ئۇ خەققە زىيانكەشلىك قىلىپ يۇقىرىغا يامىشىپ، قالتىس ئەتىۋارلىنىپ كەتكەن، ئۇنىڭمۇ ئۆلىدىغان ۋاقتى بولىدىكەن. ھەي، ئادەم دېگەن ھەر قانچە قىلسىمۇ، ئۆلۈمدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىكەن، ــ دېدى.
ــ راست... راست دەيسەن، ھېچ ... ھېچكىم ئۆلۈمدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ! قەدىمكى زاماندىكى ... نۇرغۇن پادىشاھلارنىڭ ... ھەممىسى ئۆلۈپ تۈگىدى ! بولمىسا، دۇنيانىڭ ھەممە يېرىنى پادىشاھلار قاپلاپ كېتەتتى، ھا... ھا...
ئانا يەنە كۈلۈپ كەتتى.
ــ سىز قانداق بولۇپ، جاڭ ئۇستام بىلەن بىللە ھاراق ئىچىپ قالدىڭىز؟
دادا تىلىنى چايناپ تۇرۇپ، بۇنىڭمۇ جەريانىنى سۆزلەپ

بەردى.

— ئەمىسە ھېلىقى چوشقا كۈچۈكلىرى قېنى؟ سېتىۋەتتىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى ئانا ئۈشتۈمتۈت ئېسىگە ئېلىپ.

— بىر... بىرنى ساتتىم، يەنە ... يەنە بىرىنى ... ھە راست، جاڭ ئۇستامغا بېرىۋەتتىم، ئۇ بەك سېخىيلىق قىلىۋاتسا، مەن بېخىللىق قىلسام بولمايدۇ - دە.

ئانا بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ ئاچچىق كۈلۈپ قويدى - دە، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئالدىغا قاراپ ئۆمىلىدى.

ئۇ ھېرىپ ھالىدىن كەتتى، ئىككى ئالقىنى سېزىمىنى يۈتتۈنلەي يوقىتىپ، خۇددى باشقىلارنىڭ نەرسىسىدەك ئۇنىڭ بېغىشىدا ساڭگىلاپ تۇراتتى. ئانىنىڭ چېكىسىدىن سوغۇق تەر چىقىپ، چىرايى تاتىرىپ كەتتى، پۇت - قولىدا ھېچقانداق ماغدۇر قالمىدى. ئۇ پەس ئاۋازدا ئۆز - ئۆزىگە:

— ھوشۇمدىن كېتىپ قالما، يەنە بىردەم چىدىغىن، شىمالىي قىرغاققا كېلەي دەپ قالدۇق، — دېدى.

دېمىسىمۇ، قىرغاققا چىقىشقا ئون - يىگىرمە مېتىر ئارىلىق قالغانىدى.

بۇ چاغدا، ئالىلىبۇرۇن قىرغاققا چىقىپ ساقلاپ تۇرغان ئىت يۈگۈرۈپ كەلدى. بۇ ئەقىللىك ئىت ئىگىسىنىڭ يېڭىنى چىشلىگىنىچە، ئۇنى قىرغاققا قاراپ سۆرىدى. سىلىق مۇز ئۈستىدە ھەيران قالغۇدەك قۇدرەت بىلەن، ئادەمنى سۆرەپ ماڭدى. ئىت بىرنەچچە قەدەم سۆرەپ، دەم ئېلىۋالاتتى، ئاندىن قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتقىنىچە ئىككى قېتىم ھاۋشىپ قويۇپ، يەنە سۆرەپ ماڭاتتى.

مۇشۇنداق قىلىپ، ئەڭ ئاخىرقى يىگىرمە مېتىر ئارىلىق تۈگىدى. ئۇلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا تۇرغىنى تېيىلغاق مۇز ئەمەس، بەلكى ياۋاش ھەم مۇقەددەس تۇپراق ئىدى. ئانا ئىتتىن چەكسىز مىننەتدار بولدى.

دەريا قىرغىقىنىڭ يېنىدىكى ئورمانلىق شامال تەگمەيدىغان ئىللىق يەر ئىدى. ئۇ يەردىكى بىر تېيىز ئورەك كەچكى قۇياشنىڭ نۇرىغا چۆمۈلۈپ، كۆزگە ئىللىق كۆرۈنەتتى.

— بىردەم ئارام ئېلىۋالايلى، ئازراق ئىسسىنىۋېلىپ ئاندىن ماڭايلى، — دېدى ئانا.

— ئارام ... ئارام ئېلىۋالايلى، ئەمدى ... ئەمدى سېنى مەن يۆدۈپ ماڭاي، — دېدى ئانىنىڭ دۈمبىسىدىكى دادا خېلىلا ئېسىگە كېلىپ.

شۇنداق قىلىپ، ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن ھېلىقى ئىللىق ئورەككە كىرىپ بىر - بىرىگە يۆلىنىپ ئولتۇردى. كەچكى قۇياشنىڭ ئاداققى ئىللىق نۇرى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ تۇراتتى.

دادا تىترەپ تۇرغان قوللىرىنى قوينىغا سالدى، بىردەمدىن كېيىن بىر تال قىزىلگۈلنى ئالدى. گۈل سەل سولىشىپ، بەرگىلىرى ئازراق پۇرلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا شۇنداق كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك كۆركەم، ئادەمنى مەپتۇن قىلغۇدەك قىزىل ئىدى.

دادا تىترەپ تۇرغان قولىدا گۈلنى ئانىنىڭ ئاقارغان چاچلىرى ئارىسىغا قىستۇرۇپ قويدى، ئانىنىڭ ئۇ يېرى توپا - توزانغا مىلىنىپ كەتكەنىدى.

— بەك ياراشتى ! جاھاندا تەڭدىشى يوق ساھىبجامال بولۇپ كەتتىڭ، — دادا شۇنداق دېگىنىچە ئېغىزىنى چىكىلداتتى.

— قارا قىشتا مۇشۇنداقمۇ چىرايلىق گۈل بار ئىكەنغۇ! نەدىن تاپتىڭىز؟ — ئانا سەل ئىزا تارتىپ، ۋىللىدە قىزىرىپ كەتتى.

دادا بۇنىڭغا جاۋاب بەرمىدى. ئۇ قولىنى قوينىغا سېلىپ بىر نەرسىنى ئىزدىدى، بىردەمدىن كېيىن، يوغان بىر پارچە تورت سېلىنغان سولياۋ خالتىنى ئالدى، تورتتىن تېخىچە سۈس ھور چىقىپ تۇراتتى.

— ھە ! جاڭ ئۇستامنىڭ تېرىق تورتىمغۇ بۇ! — ئانا

خۇشاللىقىدا قۇشقاچچىتەك ۋىچىرلاپ كەتتى.

— ھەئە، جاڭ ئۇستامنىڭ تېرىق تورتى، — يەۋالغىن.

ئانا بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ، خالتىنى ئېچىپ، تورتتىن بىر چىشلەم چىشلىدى.

بۇ چاغدا، ئۇنىڭ بىر جۈپ كۆزىدىن ئىككى تامچە ياش سىرغىپ چىقتى. ئۇ چەكسىز ھاياجان ۋە خۇشاللىق ئىلكىدە دادىنىڭ مەست چىرايىغا نەزەر تاشلىدى.

ئانا شۇنچىلىك گۈزەل، شۇنچىلىك بەختلىك ھېسسىياتقا چۆمۈلدى.

كۆكۈمدىكى قۇياش خۇددى بۇ بىر جۈپ ئەر - خوتۇندىن تەسىرلىنىپ، ئايرىلغۇسى كەلمىگەندەك، ئۇلارغا تېخىچە ئۆزىنىڭ ئاداققى نۇرىنى چېچىپ تۇراتتى.

جاسارەت تاش تەرجىمىسى



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئېگىزلىك شاملى

## ۋاڭ مېڭ

20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىغا تەۋە شۇ بىرقانچە يىل ئىچىدە جۇڭگودا شەھەرلەردىكى بارلىق جانلىق مەۋجۇتقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، كىشىلەر ئۇچۇن ئالاھىدە ئامەت ھېسابلانغان نېمە ئىشلار سادىر بولدى؟ مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلىك ئامەت بولدىمۇ؟ ئاز مۇكاپاتنىڭ ھەممە كىشىگە تېگىدىغانلىقى ئاللىقاچان ھەقلىق دەپ ھېسابلانغان، ئۇ يەنە ئىككى قاتلانسىمۇ ئالمىساق بىكار كېتىدۇ، ئالساڭ بىكارغا كېلىدۇ دېيىلىدىغان ئىش بولۇپ قالدى. كۆپ مۇكاپات ئالىدىغانلار ئۇنى قەيەردىن ئالىدىكىن؟ ئەمەلنىڭ ئۆسكەنلىكى ئامەت بولدىمۇ؟ ئۆستۈرۈلىدىغانلار قاتارىغا كىرگۈزۈلمەكچى بولغان يولداشلار بەربىر ئاز سانلىق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ئەمەل دېگەنگە ئەمەل مەستانىلىرى ھېرىسمەنلىك نەزەر بىلەن قارىغان ۋە ئويلىغاندەك ئۇنچە مەستانە ئەمەس، «لاتارېيە بېلىتى»گە مۇكاپات چىققانلىق ئامەت بولدىمۇ؟ ھازىرغا قەدەر پايتەختتە خەلقئارا مارافونچە مۇسابىقىسىنىڭ مۇكاپاتلىق ئېكسكۇرسىيە بېلىتى بىرلا قېتىم سېتىلدى، بېلەت سېتىلغاندا نۇرغۇن خەلق ساقچىسى سەپەرۋەر قىلىندى، قىستى ـ قىستاڭدا ئادەم ئۆلگىلى تاس قالدى، مۇكاپاتقا ئېرىشىش ئىمكانىيىتى 49 مىڭ 999 دىن بىر بولدى. قەدىرلىك جورىسى بىلەن ئۇچراشقانلىق ئامەت بولدىمۇ؟ بۇ ياشلارنىڭ ئىشى. ئاندىن قالسا، خۇددى پەزىلەتلىك كىشىلەر بىمەنە، ئەخلاققا يات، مۇھەببەتسىز نىكاھ ھەممە يەردە تېپىلىدۇ، دەپ كۆرسەتكەندەك، ئۇچىنچى بىرىنى جەلپ قىلىش ۋە تەكلىپ

قىلىش كويىدا بولماي، جۈپ - جۈپ توي قىلغانلار ھەممە يەردە تېخىمۇ كۆپ تېپىلىدۇ. غايىبانە باشقۇرۇپ تۇرىدىغان تەبىئەت قانۇنىيىتى بار، ئەر - ئاياللارنىڭ نىسبىتى ئومۇمەن ئوخشاش، ئاشىق بىقارار بولمايدىغان قايسى يىگىت بار؟ مۇھەببەتكە تەشنا بولمايدىغان قايسى قىز بار؟ شۇڭا بويتاق ئەر، تۇل ئاياللارنىڭ سانى ياش - قۇرامىغا يەتكەن ئاھالىنىڭ يۈزدىن بىر، ئىككى، ئۈچ پىرسەنتىدىن كۆپ تۇۋەن تۇرىدۇ. بۇ ھال ھەممە يەردە سوپىسوپىياڭلارنىڭ سايراپ، قارلىغاچلارنىڭ ئۇسسۇلغا چۈشۈشىگە تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ، بۇ ناچار نىسبەت ئەمەس، بۇ نىسبەتنىڭ بىخەتەر ئىكەنلىكىنى تارىختىي ھەرىكەتلەر ئىسپاتلىدى.

ئۇنىمۇ دەيمىز، بۇنىمۇ دەيمىز، شۇ يىللاردا خېلى بىر قىسىم كىشىلەرنى مەپتۇن قىلغان ئىش ئۆي تەقسىماتى بولدى. ئولتۇرىدىغان ئۆيگە ئىگە بولۇش خۇشاللىقىنى بىلىش ئۈچۈن، ئولتۇرۇشقا ئۆي يېتىشتۇرەلمەي دەرد تارتقانلارنىڭ ھالىغا باقساقلا كۇپايە، ئۆي تەقسىماتىنىڭ مۇھىملىقىنى بىلىش ئۈچۈن، ئۆي تەقسىم قىلىشقا مەسئۇل بولغانلارنىڭ گويا چوڭ دۈشمەنگە دۇچ كەلگەندەك، قانچىلىك ئەقىل سەرپ قىلىپ تەدبىر كۆرگەنلىكىگە، ئۆي تەلەپ قىلغۇچىلارنىڭ قانچىلىك ئىزاغا چىداپ، يېلىنىپ - يالۋۇرۇپ چارە ئىشلەتكەنلىكىگە، ھەر يىلى ئۆي تەلەپ قىلىش ۋە ئۆي تەقسىم قىلىش ئۈچۈن قانچىلىك چاچىنىڭ ئاقارغانلىقىغا قارىساقلا كۇپايە!

شۇنداق قىلىپ، 1984 - يىلىنىڭ بېشىدا، دۆڭچۈەن شەھىرىدىكى سۇڭ چاۋيى دېگەن كىشىگە ئىككى يۈرۈش ئۆي تەقسىم قىلىنغانلىقى كىچىك ئىش ئەمەس. بۇ ئۇنىڭ 1978 - يىلى قىشتىن بۇيانقى كۆڭۈلدىكىدەك بولغان ئىشلىرىنىڭ يىغىندىسى ۋە ئۇنىڭ كىچىككىنە يۇقىرى دولقۇنى ئىدى، 9 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، بىرمۇنچە قۇرۇق تالاش - تارتىش، سۈركىلىش، باش تارتىش، ئەنسىرەش، شاپاشلاش، ھەممە گەپنى

ئوچۇق ئېيتىش، كۈتۈپ تۇرۇش، ئۈمىدسىزلىنىش، قايتا ئۈمىدلىنىش ... لەردىن كېيىن، ئۇ ئىككى يۇرۇش ئۆينىڭ ھەر بىرىنىڭ ئۈچتىن جەمئىي ئالتە تال ئاچقۇچىنى قولىغا ئالدى. ئالىيۇمىن قېتىشمىسىدىن ئىشلەنگەن، بىرقانچە يېرىگە ئېرىقچە چىقىرىلغان، كۆرۈنۈشى ئوپئوخشاش كەلگەن بۇ ئاچقۇچلاردىن قوغداش مېيى ۋە چاڭ - توزان پۇراپ، تولىمۇ پاسكىنا كۆرۈنەتتى. ئۇ بۇ ئالتە تال پاسكىنا ئاچقۇچنى تاپشۇرۇۋېلىپ خۇشال بولغان بولسىمۇ، لېكىن كۈتكىنىدەك خۇشال بولالمىدى.

ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن ئاپتوموبىلغا قىستىلىپ چىقىشقا توغرا كەلدى. قىش كۈنى ئاپتوموبىل دېرىزىسىنىڭ ئەينىكى يېپىلمىغاچقا، ئادەمنىڭ يۈزىگە سوغۇق شامال ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. بىر يولۇچىنىڭ قولىدىكى نىلون تور خالتىغا سېلىقلىق ئىسلانغان توخۇ گۆشى سۆڭەك چاۋيىنىڭ يوتىسىغا توختىماي تېگىپ تۇراتتى. كۆپىنى كۆرگەن سۆڭەك چاۋيى بىردە خۇشال بولسا، بىردە ئۇھ تارتاتتى. كاۋاپ قىلىنغان، تۇزلۇق سۇدا پىشۇرۇلغان، جاڭيۇدا پىشۇرۇلغان، دۇملەپ پىشۇرۇلغان، ئىسلانغان توخۇ گۆشلىرى ۋە مەززىلىك توخۇ گۆشلىرى ھەممىلا يەردىن تېپىلاتتى، ئۇلارنى يېگەچ ھاراق ئىچسە قالتىس ئىدى. مۇبادا ئۆيدە پار بولسا ئىدى، بەكلا ياخشى بولاتتى - دە

سۆڭەك چاۋيى ئىككىنچى يول بېكەتتە باشقا ئاپتوبۇسقا ئالمىشىش ئۈچۈن 43 مىنۇت ساقلىدى، بىرەر جايدا بىرەر ئادەمنى ماشىنا سوقۇۋەتكەنمۇ قانداق؟ بىلىپ بولمايتتى. قىشتا قېلىن كىيىنىش توغرا كەلگەچكە، ھەرىكەت قىلىش ئەپسىز ئىدى، ماشىنا ۋەقەسى كۆپىيىپ كېتەتتى. راستىنى ئېيتقاندا، سۆڭەك چاۋيى بارىدىغان يەرگە يەنە ئۈچ بېكەت ئارىلىق بار ئىدى، پىيادە ماڭسا 20 مىنۇتلا كېتەتتى. چاتاق يېرى، ئۇ ئۆزىنى ئاپتوبۇس ساقلاشقا ئاتىۋەتكەنىدى، ساقلىغانسېرى ساقلاشقا مەجبۇر بولۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ يۈزلىرى بەكلا توڭلاپ، گويا بىر قەۋەت نېپىز تېرە ھاسىل بولغاندەك بىلىنەتتى. ئۇ ئېسىنى

يىغىۋالدى. كىچىك ۋاقتىدا ئۇنىڭ بەك توڭلاپ كەتكەندە، ئىشتىنىغا سىيىپ قويىدىغان، سوغۇق جېنىغا قاتتىق تەگكەندە، ئىسسىقلىق ئۈچۈن ئىچكەن ئاق قوناق ئۇمىچىنى بىراقلا قۇسۇۋەتكەن چاغلىرى بولغان.

ئۇ ئۆيىگە سائەت 7 دىن 44 مىنۇت ئۆتكەندە يېتىپ باردى. ئۇ ئاچقۇچلارنى پەم بىلەن چىقارغىنىدا خوتۇنى بىلەن ئوغلى خۇشاللىقىدىن سەكرىشىپ كەتتى. «ھە مانا بۇ سىلەر ئۈچۈن - دە» دېدى ئۇ. كۆز ئالدىدا گويا گۈللەر، تاش پەلەمپەيلەر، ساپالار تۇرغاندەك ۋە لازېر نۇرى پارلىغاندەك بىلىندى. «مانا بۇ ئۇزۇن يىللارغىچە ۋەيرانە دېھقان ئۆيىدە ئولتۇرۇپ كەلگەن ئۆزىمىز ئۈچۈن - دە» دېدى ئۇ كۆڭلى بەكلا سۆيۈنۈپ. تاماق يېيىلىپ سائەت سەككىز يېرىم بولدى، ئۇ بەكلا ھېرىپ كەتكەنىدى، بىراق خوتۇنى بىلەن ئوغلى گويا يەنە بىر كۈن كېچىكسە ئۆي نەگىدۇر ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك ئۆينى كۆرگىلى دەرھال يولغا چىقىلى دەپ تۇرۇۋالدى، ئۇلار ئاچقۇچنى ئالغاندىن كېيىن تولا كۈتۈپ تاقىتى تاق بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇلار 52 مىنۇتتا ئىككى قېتىم ئاپتوبۇس ئالمىشىپ يېڭى ئۆيگە يېتىپ باردى. ئاندىن قاراڭغۇ، ئەگرى - بۈگرى، تار پەلەمپەيدىن ئاۋايلاپ چىقىپ، ئاچقۇچنى پەم بىلەن بۇراپ ئىشىكنى ئاچتى، چىراغنى ئاستا ياندۇردى، تۆت تەرەپ ئاپپاق تام ئىدى، ئۇلارنىڭ چىرايىمۇ تاتىرىپ كەتتى.

يېڭى ئۆيگە كۆچۈش خۇشاللىنارلىق ئىش بولدى. ئاندىن باشقىسى خۇددى ئەزمە، زېرىكەرلىك، چېنىپ تۇرىدىغان ۋە گۇمان تۇغدۇرىدىغان، ئەمما كىشىنى گويا ۋەزىپە ئورۇندىغاندىكىدەك ئۈزمەي كۆرۈشكە قىزىقتۇرىدىغان چاتما تېلېۋىزىيە فىلىملىرىدىكىگە ئوخشاش كۆرۈنۈشلەر ۋە ئەسلىمىلەردىن ئىبارەت ئىدى.

ئوغلى ئۆي كۆچۈشكە ياردەم بېرىدىغانغا بىرقانچە ئاغىنىسىنى تاپتى. دادىسى ئوغلىنىڭ ئاغىنىلىرىنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈن سىياسىي كېڭەشنىڭ باشقۇرۇش خادىمى ئارقىلىق 42

بوتۇلكا پىۋا، ئىككى بوتۇلكا داچۇي ھاراق ۋە بىرمۇنچە سۇرلەنگەن سان گۆش، چۇجۇق، مايدا قورۇلغان بېلىق، ياغدا پىشۇرۇلغان كىچىك راك ھەممە ئەتىرگۈلدەك قىزىل تۇس ئالغان چوشقا پاچاقلىرىنى سېتىۋالدى. ھاجەتخانا تاملىرىنىڭ ئاستىنقى قىسمى قوم قەغەز بىلەن سىلىقدىلىپ پاكىزلانغاندىن كېيىن، تەڭشەلگەن سۇس يېشىل سىر بىلەن سىرلاندى. مېھمانخانا تاملىرىغا سولياۋ تام قەغىزى چاپلاندى، تام قەغىزىنى چاپلاش ئىشىنى بېرىش - كېلىش قىلمىغىنىغا 25 يىل بولغان كونا ساۋاقدىشى قىلدى. رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن بۇ ساۋاقدىشىغا «بىنانىڭ ئۇستۇن قەۋىتى» دە زىياپەت بەردى. بۇ زىياپەتنى ئوبدان بېرىش ئۈچۈن بېرىش - كېلىش قىلمىغىنىغا 24 يىل بولغان بىر كونا خىزمەتدىشىنى تاپتى.

سۇيۇقلاندۇرۇلغان نېفىت گازى پولات قاچىسى (كۆمۈر گازى ئىدىشى) نى سېتىۋېلىشتا پارلاق رېكورت يارىتىلدى. دۇڭچۇەن شەھەرلىك كۆمۈر گازى شىركىتىدىكى بىر كەسپىي خادىم ئىلگىرى كۆمۈر گازى ئىدىشىغا ئىگە بولۇش ئۆيگە ئىگە بولۇشتىن ئاسانغا توختىمايدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. كۆمۈر گازى ئىدىشىنى ھەل قىلىشتا سۇڭ چاۋيىنىڭ ئۆزى ئەمەس، ئەلۋەتتە شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بىلەن سىياسىي كېڭەش ئوتتۇرىغا چىقتى. ئالاقە قەغىزىگە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مۇھاجىرلار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئىجتىمائىي پەن خادىملىرى بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مۇھاجىرلار ئائىلىسىنىڭ ئەزاسى يولداش سۇن چاۋيىغا كۆمۈر گازى ئىدىشىدىن بىرنى ھەل قىلىش لازىم بولدى... دەپ، ئۇنىڭ كاتتا مەنسەپلىرى نەچچە قۇر قىلىپ ئىجىر - مىجىر يېزىلدى، مۇھاجىرلار ئائىلىسىنىڭ ئەزاسى بىلەن مۇھاجىرلار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى دېگەن سۆزلەر مەنە جەھەتتىن تەكرارلانغانىدى. ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچى دېگەن ئەسلىي ۋەزىپىسى

ئەسلا يېزىلمىدى. يەنە كېلىپ، ئۇ كۆمۈر گازى ئىدىشىنى ھەل قىلىشتا مۇھاجىرلار ئائىلىسىدىن دېگەن سالاھىيىتى بىلەن باشقا مەنسەپلىرىنىڭ قايسى زورۇرلۇكىنى، قايسىنىڭ ئىزاغا قويىدىغانلىقىنى بىلەلمىدى. كېيىنچە ئۇ ئوغلىنىڭ يۇرۇۋاتقان قىزىنىڭ بىر ساۋاقداشىنىڭ يېزىنە ئاتىسىغا ھاۋالە قىلىپ، كۆمۈر گازى ئىدىشىنى بىر ھەپتىدىلا قولغا كەلتۈردى.

سۇڭ چاۋيىغا يېڭىدىن تەقسىم قىلىنغان ئىككى يۈرۈش ئۆينىڭ ئىشىكلىرى بىر - بىرىگە ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل ئىدى. چوڭ يۈرۈش ئۆيدە ئۈچ ئېغىز ياتاق، بىر مېھمانخانا، بىر كۇنگەي، بىر تەسكەي بالىكون، بىر ئاشخانا، بىر ھاجەتخانا بار ئىدى، كىچىك يۈرۈش ئۆيدە بىر ئېغىز ياتاق، بىر مېھمانخانا، بىر كۇنگەي بالىكون، بىر ئاشخانا، بىر ھاجەتخانا بار ئىدى. كىچىك يۈرۈش ئۆي ئاساسىي جەھەتتىن ئوغلىغا قاراشلىق ئىدى، ئۇنىڭ ئاشخانىسىنى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ گېزىت - ژۇرنال، كىتاب ۋە ماتېرىيال ساقلايدىغان ئۆيى قىلىپ ئۆزگەرتتى. چوڭ يۈرۈش ئۆي ياتاق، مېھمانخانا ۋە ئاشخانا دەپ ئايرىلدى، مېھمانخانىغا يۇڭگە پلاستىماسسا يەملەنگەن، پۇتلىرىغا ھەل بېرىلگەن قاتلىما دۈگىلەك ئۈستەلدىن بىرى ۋە ھەل بېرىلگەن پۈرژىنىلىق قاتلىما يۇمشاق ئورۇندۇقتىن بىر قانچىسى قويۇلدى. بەزىدە مېھمانخانىدا چىراغلارنى يېقىپ تاماق يېيىشكە ياكى ئادەتتىكى مېھمانلارنى كۈتۈشكە بولاتتى. بۇلارنىڭ پۈتۈن تۇرمۇشى بىردىنلا بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. سۇڭ چاۋيى ئۆزىنىڭ ئىككى يۈرۈش ئۆيدە بۇ ئىشىكتىن چىقسا، ئۇ ئىشىكتىن كىرىپ، بۇ ئۆيدىكى كىتاب جازىسىنى كۆرسە، ئۇ ئۆيدىكى ئۈستەلنىڭ تارتمىسىنى ئېچىپ قارايتتى - دە، يېڭىلىق، قىزىقارلىق تۇيغۇسىغا چۆمۈلۈپ، خۇددى سىنئالغۇغا ئېلىش ئۈچۈن غەيرىي تەبىئىي بېزەلگەن بىر ئۆيگە كىرىپ قالغاندەك بولاتتى.

بەش يىلدىن بۇيانقى ياخشى ئىشلار خۇددى قاتار سەپ تارتىپ ئۆزۈپ كېلىۋاتقان بىر تالاي ئالتۇن بېلىققا ئوخشايتتى. سۇڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

چاۋيى ئاقلانغان، كۆچۈپ كەلگەن، ئالاھىدە ئوقۇتقۇچى بولغان، ئۇنىڭ مائاشى ئۈچ دەرىجە ئۆستۈرۈلگەن، يېزا ـ قىشلاقلاردا تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتۇشقا دائىر يازغان كىتابى رەخت بىلەن قاتتىق تاشلىق قىلىپ مىڭ تىراژدا نەشر قىلىنغانىدى. سۇڭ چاۋيىنىڭ ھەدىسى ئۇنىڭغا مۇھاجىرلار ئائىلىسىدىن دېگەن سالاھىيەتنى ئاتا قىلغان «مۇھاجىر» ھەدىسى ئېرى بىلەن بىللە ۋەتەنگە ئىككى قېتىم تۇغقان يوقلاپ كەلدى. ھەدىسى تەگكەن ۋە سۇڭ چاۋيىغا باشتا بىسىم بولۇپ تۇيۇلغان ھېلىقى «چەت ئەللىك» كىچىك چاغلاشقا بولمايدىغان ئادەم ئىدى. سۇڭ چاۋيىغا ئۆي تەقسىم قىلىنغان شۇ چاغلاردا ھەدىسى ئۇنىڭغا بىرمۇنچە پۇل ئەۋەتىپ بەردى. مۇھاجىرلار پېرېۋوت چېكى، تاشقى پېرېۋوت چېكى، خەلق پۇلى بۇلارغا قانات چىققاندەك كۆچ بېغىشلىدى. خوتۇنىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، ئوغلى يېڭى ئۆيىنى جابدۇقلاندۇرىدىغان پۈتۈن بىر يۈرۈش ئىشلارنى قىلىپ، نامرات كۈن كەچۈرۈپ ئۆگىنىپ قالغان سۇڭ چاۋيىنىڭ يۈرىكىنى نەچچە قېتىم قاتتىق جىغىلدىتىۋەتتى، ئۇنىڭغا ئۆيىنىڭ ئۇدۇل كەلگەنلا يەرلىرىنى ئىگىلەپ كەتكەن ناتونۇش نەرسىلەر، قالتىس سۆلەتلىك توڭلاتقۇ، تېلېۋىزور، رادىيو، ساپا، يېڭى پاسوندىكى ياغاچ جابدۇق، لۆم ـ لۆم كارىۋاتلار گويا ئۇنىڭ ئۆزۈن يىللاردىن بېرى ئىشلىتىپ كەلگەن قانداقتۇر بىر قىممەتلىك فارفور قاچىسىغا سوقۇلۇپ ئۇنى سۇندۇرۇۋەتكەندەك تۇيۇلۇۋاتاتتى.

سۇڭ چاۋيى 54 ياشقا كىرگەن، ئۇ 54 يىلدىن بۇيان قىستاڭچىلىق، سوغۇق ـ سۇرلۇك، مۇشكۇللۇك، بەزىدە دەككە ـ دۈككە ئىچىدە ئۆتكەن، ئەمما ئوڭۇشسىز شارائىتتا تولىمۇ ئاڭلىقلىق، ئاق كۆڭۈللۈك، پاكلىق ۋە كۆڭۈل خاتىرجەملىك بىلەن ئۆتكەن كۈنلىرىمۇ خېلى كۆپ بولغان. ئۇ بۇنداق كۈنلەرنى كۇتۇشكە گويا كېسەل بىلەن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان، خۇشاللىنىش ياكى غەزەپلىنىشنىڭ تايىنى بولماي قالغان، شۇنداقتىمۇ ئىلتىپاتى ئۈزۈلمىگەن ئانىسىنى كۇتۇشكە

ئادەتلەنگەندەك كۆنۈپ قالغان. تۇغۇلغاندىن بېرى ئۆزگە ئانىسىدەك ھەمراھ بولۇپ كەلگەن كۈنلەردىن ئايرىلىشتىن پەيدا بولغان، ئالىملار پايدىلىق دەپ ھېسابلايدىغان، ئەمما كىشىلەر كەمدىن ـ كەم كۆنەلەيدىغان جۇدالىقنىڭ، يەنى يوقىتىشنىڭ ئورنىنى ئۈچ قاپقىلىق توخلاتقۇمۇ، ئاۋاز يولى قوش ئۈنئالغۇمۇ تولۇق تولدۇرالمىسا كېرەك.

بەخت ئاساسلىقى باشقىلارغا كۆرسىتىش كۆزلەنگەن نەرسە بولۇشى مۇمكىن. بەخت ئېھتىمال بەھرىمەن بولۇشقا ئەمەس، ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا تەييارلانغان ئەۋرىشكە بولسا كېرەك، دەپ ئويلايتتى ئۇ.

يېڭى ئۆيگە يوقلاپ كەلگەن كونا، يېڭى دوستلار، كونا، يېڭى تونۇشلار بەس ـ بەستە ماختاپ كېتىشتى:

— سەككىزدە زامانىۋىلىشىپ بوپسىلەر، ئەمدى 2000 ـ يىلى دېيىشنىڭ ھاجىتى قالماپتۇ!

— بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئالدىن بېيىشى دېگەن مانا شۇ!

— قانداقلا بولسۇن، ئامان ـ ئېسەنلىك بىلەن ئوبدان كۈن كەچۈرەلەيدىغان بوپسىلەر!

— ئاينىڭ ئون بەشى قاراڭغۇ، ئون بەشى ئايدىڭ دېگەن شۇ!

— بۇنداق ئۆيدە ئولتۇرساڭ، ئۆلسەڭمۇ ئارمانسىز كېتىسەن!

ئەڭ ئاخىرقى بىر ئىنكاس سۇڭ چاۋيىنىڭ قۇلىقىغا خۇشياقمىدى. نېمە؟ ئۆلۈش؟ ئازابتا ياشايسەن، راھەتتە ئۆلسەن دېگەن گەپ بار ... بىزنىڭ زامان ـ زامانلاردىن بۇيانقى ئەجدادلىرىمىز راھەت بىلەن ئۆلۈمنى بىر ـ بىرىگە چەمبەرچاس باغلىغان.

بۇ گەپنى قىلغان كىشى سۇڭ چاۋيىنىڭ يېقىن دوستى، بويى 190 سانتىمېتىر كېلىدىغان لاۋجاۋ ئىدى. لاۋجاۋنىڭ دادىسى شىمالىي مىلىتارىستلار دەۋرىدە كاتتا باي ئۆتكەن ئېسىلزادە ئىدى، لاۋجاۋنىڭ ساز چېلىش، شاھمات ئويناش، يېزىقچىلىق،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

رەسساملىق، فوتوچىلىق، جىڭجۇي ئويناش، مەدداھلىق، سېھىرگەرلىك، موللاقچىلىق، ئوچاق سېلىش ... دېگەنگە ئوخشاش قىزىقمايدىغان، قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشى يوق ئىدى. ئەمما، ھەممىسىگە چالا ئىدى. يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئۇنىڭ تۇرمۇشىمۇ خېلى ياخشىلىنىپ قالغانىدى، بىراق چېچىنى تارىمايدىغان، ياقىسىنى ئەتمەيدىغان، يۈزىنى يۇمايدىغان پالاكەت باسقان قىياپىتىنى ئۆزگەرتەلمىگەنىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئېغىزى ئېچىلسىلا، شۇم ئارىلاش گەپلەرنى قىلاتتى.

«راست شۇنداققۇ؟ ئالەمدىن ئۆتمەك خاتىرجەم بولماق دېمەكتۇر، ھايات دېمەك كۈرەش قىلىش، چىشنى چىڭ چىشلەپ تۇرۇش، كەينى - كەينىدىن كەلگەن زەربىگە چىداشلىق بېرىش دېمەكتۇر» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى سۈك چاۋيى. ئۇ ياش چاغلىرىدا «مېكسىكىلىق» دېگەن كىنونى كۆرگەن. مېكسىكىلىق ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ بېشىغا، يۈزىگە ۋە كۆكرىكىگە يامغۇردەك يېغىۋاتقان مۇشتلارنىڭ زەربىسىگە غىڭ قىلماي چىداشلىق بېرىدىكەن. يەنە ئازراقلا بىر نەرسە قوشۇلسا، ئومۇرتقىسىنى بېسىپ سۇندۇرۇۋېتىدىغان ئېغىر كاناپ تاغارنى يۈدۈپ لىڭشىپ تۇرغان كۆچمە كۆۋرۈكتە ماڭىدىكەن. سۈك چاۋيى تۆت تەرىپىدىن شامال ئۆتۈپ تۇرىدىغان سىنىپتا، خام خىش ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرغان بالىلارغا كىشىلىك ھاياتنىڭ چىن مەنىسى باشقىلارنى ياخشى تۇرمۇشقا ئىگە قىلىشتا دېگەنلەرنى سۆزلەپ بەرگەن. ئوغلىغا بىر پارچە تاتلىقياغىيۇ پىشۇرۇپ بەرگەن. ئۇ قارا چىراغ تۈۋىدە كىتاب كۆرۈۋېتىپ، ياشاڭغىرىغان كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىغان. ئۇ نامرات بولغانسېرى ئانچە - مۇنچە پۇل يىغىشقا شۇنچە تىرىشقان، ئۇ قەرەللىك ئامانەتكە يەنە يۈز يۈەن قويغان. ھايات دېگەن چىداملىق بولۇش ئىكەن - دە!

مانا ئەمدى ئۇ ھەر كۈنى سەھەردە توبانى شارقىراپ چۈشۈۋاتقان سۇدا پاكىز يۇيۇپ، سېمونت پولنى يالىغاندەك پارقىرىتىپ سۇرتەتتى - دە، يېڭى سېمونتتىن شورلۇق، ئەمما

يېقىملىق پۇراق تارقىلىپ تۇراتتى. چاررەڭلىك ئېلمە توقۇلما پەردىدىن شۇڭغۇپ كىرىۋاتقان كۈن نۇرى يېشىل نەركەس ئۆسۈملۈكنىڭ يوپۇرماقلىرىغا چۈشۈپ تۇراتتى. تامغا شۈي بېيخۇڭنىڭ يىپەككە توقۇلغان ئاتلار رەسىمى ئېسىقلىق تۇراتتى. ئاۋاز ساندۇقىدىن ئوسكار ئالتۇن مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن «مۇھەببەت ھېكايىسى» دېگەن فىلىمنىڭ كۈيى پات - پات ئاڭلىنىپ تۇراتتى. باس ئىسكىرىپكىنىڭ بوم ئاۋازى ھەيۋەتلىك، ئەمما يۇمشاق ئاڭلىناتتى. كەلگەن مېھمان قوش تەگلىك سېلىنغان ساپادا ئولتۇرۇپ «خۇڭشۇاڭشى» ماركىلىق تاماكىنى چېكەتتى، تەملىك چاي ئىچەتتى. مېھمان كەتكەندە سۇڭ چاۋيى ئېسىل ساپادىكى نەرسىلەرنى بىر - بىرلەپ رەتلەپ قوياتتى. ئۇ گويا ۋەقە يۈز بەرگەن ئايروپىلاندا بەختىگە يارىشا ئامان قېلىپ ئۆيىگە قايتقان كىشىدەك ۋە گويا مارافونچە مۇسابىقىسىگە قاتناشقاندىن كېيىن ۋاننىدىكى ئىسسىق سۇغا چىلىنىپ ياتقان تەنھەرىكەتچىدەك، ئېغىر يۈكتىن يەڭگىپ كۆزلىرىنى يۇماتتى - دە، ئۇزاق - ئۇزاق ئۇھ تارتاتتى.

شۇنداقتىمۇ بەربىر بىئاراملىقتىن خالىي بولالمىدى. ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرى ۋە دوستلىرىنىڭ تۇرمۇشى تېخىچىلا بەك جاپالىق ئىدى! مەلۇم چوڭ گېزىتنىڭ بىرىنچى بېتىگە باۋدىڭ شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى بىر مەكتەپنىڭ يۇقىرى تەمىنات بىلەن بىر مۇدىر تەكلىپ قىلماقچى بولغانلىقى، ئايلىق مائاشى 120 يۈەن بولىدىغانلىقى ھەققىدە بىر خەۋەر بېسىلغانىدى، بۇ خەۋەردىن ئېنىق مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتۇكى، شۇ جايدىكى يېزىلىق بىر ئاددىي ئەمگەك كۈچىنىڭ ئايلىق كىرىمى يۈز يۈەندىن ئاشىدىكەن، تېخنىكلارنىڭ ئايلىق كىرىمى 130 — 140 يۈەن ئىكەن. باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ مۇدىرلىرىنىڭ ياخشىلانغاندىن كېيىنكى تەمىناتى شۇنچىلىك بولغان يەردە، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قانچىلىك بولماقچى! بىنخې رايونلۇق مائارىپ ئىدارىسى 30 نەچچە يىلدىن بۇيان ئۆز تەۋەسىدىكى مەكتەپلەرنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئوقۇتقۇچى ـ خىزمەتچىلىرىگە تۇنجى قېتىم بىرقانچە يۈرۈش ئۆي تەقسىم قىلىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئۇنىڭ شەرتى مۇنداق ئىكەن: بىرىنچى، ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى شۇ رايوندىكى مائارىپ سىستېمىسىدا ئىشلىگەنگە بەش يىلدىن ئاشقان بولۇشى لازىم. ئىككىنچى، ھازىرقى ئائىلە نوپۇسى بويىچە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئولتۇراق ئۆي كۆلىمى ئىككى يېرىم كىۋادرات مېتىردىن تۆۋەن بولۇشى لازىم ... بۇنداق شەرتنى ئاڭلىغان كىشىنىڭ ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغۇسى كېلىدۇ!

سۇڭ چاۋيىنىڭ ئوغلىلا گويا ئۆي ئۆزىگە تەقسىم قىلىنىپ، دادىسى تەييارغا ھەييار بولۇپ ھەمراھلىقىلا كەلگەندەك، يېڭى ئۆيگە كۆتۈرەڭگۈ روھتا كىرىپ ـ چىقىپ يۈرەتتى. ئوغلى لۇڭ لۇڭ سۇڭ چاۋيىدىن ئون سانتىمېتىر ئېگىز ئىدى، ئۇ دادىسىغا قويۇپ قويغاندەك ئوخشىسىمۇ، لېكىن دادىسىدىن چاققان ئىدى. ئۇ بىر قولىنى بېلىگە تىرەپ، ئايلىنىپ تەكشۈرۈش، لايىھەلەش، نەرسە سېتىۋېلىش، توشۇش ئىشلىرىنى تەشكىللەش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشلىرى بىلەن ئۇيان ـ بۇيان مېڭىپ يۈرەتتى، تەرىدىن ھاكاۋۇرلۇق، مەسخىرىلىك ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى، ئۇ دادىسىنىڭ ئالاقزەدە بولۇۋاتقان، نەزەرگە ئېلىنغانلىقى ئۈچۈن بەكمۇ خۇشال بولۇۋاتقان ھالىغا قىلچە پەرۋا قىلمايۋاتاتتى.

سۇڭ چاۋيى ئوغلىنىڭ بۇنداق تەكەببۇرلۇقىنى ياقتۇرمايتتى. ئۇ «خاتىرجەم تۇرغان پەيتتە خېيىمخەتەر ئويلاپ قويۇش كېرەك، ھەر تال دانىنىڭمۇ ئوڭاي قولغا كەلمىگەنلىكىنى ئەستىن چىقارماسلىق لازىم، سېنىڭ مۇشۇنداق ياخشى كۈننى ئۆتكۈزۈشكە ھەقلىقمەن، تېگىشلىكمەن دەپ ئويلىغىنىڭنىڭ نېمىسى؟» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. ئۇ ئوغلىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا يېزىدا ئۆزىگە ياردەملىشىپ سەي ئورىسى كولىشىپ ۋە كېسەك قويۇشۇپ بەرگەن، دېھقان باللىرى بىلەن بىللە قۇشلارنىڭ چاڭگىسىنى كولاپ ۋە ئۈچ بۇرجەك قەغەزنى ئۆرۈپ

يۈرگەن چاغلىرىدا نېمىدېگەن ساددا ۋە سۆيۈملۈك ئىكەنلىكىنى يادىغا ئالدى !

سۈك چاۋىيىنىڭ ھەر ھالدا ئاغىنىدارچىلىقتا يارايدىغان دوستىدىن بىرنەچچىسى بار ئىدى، بۇ دوستلىرىنىڭ ئولتۇراق ئۆي ۋە باشقا ھال ـ ئەھۋالى ئۆزىنىڭكىدىن ياخشى ئىدى. يېقىنقى بىرنەچچە يىل ئىچىدە سۈك چاۋىيىنىڭ ئۆزىمۇ تەشۋىشلىنىپ ۋە چۆچۈپ يۈرۈپ ئانچە ـ مۇنچە روناق تاپتى، ئوبدان ئۆيگە كۆچۈپ كىردى. شۇنىڭدىن بۇيان ئاشۇ دوستلىرى ئۇنىڭ ئىشىكىگە ئاياغ باسمىدى. ئۇ تەكلىپ قىلسىمۇ رەھمەت ئېيتىپ كەلمىدى. سۈك چاۋىيى بۇرۇنقىدەكلا ئۇلارنى ئىزدەپ ئۆيلىرىگە بىمالال كىرىپ، ئۇلارنىڭ تاماكىسىنى چەكتى، چېيىنى ئىچتى، گازىرىنى چاقتى، ھەتتا تاماق ئېلىپ قويۇشنى ئۆمىد قىلدى، بىراق تاماق ئېلىپ قويىدىغانلار چىقمىدى، ھەتتا ئۇلارنىڭ چىرايىمۇ بۇرۇنقىغا ئوخشىماي قالدى.

دەل شۇ كۈنلەردە سۈك چاۋىيىنىڭ ئۆيىگە كېلىدىغان يېڭى مېھمانلار، جۈملىدىن ھەرقايسى تارماقلار ۋە خەلق تەشكىلاتلىرىنىڭ خىزمەتتىكى رەھبەرلىرى ھەم ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى كۆپەيدى. شۇ قاتاردا يەنە ياقا يۇرتلاردىن ۋە چەت ئەللەردىن كەلگەن «پالان، پوكۈن» لارمۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆزىنى مەملىكەتلىك سىرتتىن ئوقۇغۇشنى تەڭشەش مەركىزىنىڭ باش مۇلازىمىتى دەپ ئاتىۋالغان بىرى بار ئىدى. يەنە ھەر خىل داڭدارلارغا قىزىقىدىغانلار، ئۆتمۈشنى ئەسلەپ شۇ ھەقتە سۆھبەتلىشىدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ يۇرتى، يېشى، قىسقىچە تەرجىمىھالى، نىكاھلىنىش، پەرزەنت كۆرۈش ئەھۋالى، مائاش دەرىجىسى، ئاساسىي ۋە قوشۇمچە خىزمەتلىرى ... نى ھەممىشە ئۇنتۇپ قالغۇ لېنتىسىنى قويۇپ ئاڭلاتقاندەك باشتىن ـ ئاخىرىغىچە سۆزلەپ چىقاتتى. يېڭىلا ئۇچراشقان كونا تونۇش ـ بىلىشلىرى سۈك چاۋىيىنىڭ تېخىچىلا بىر ئوتتۇرا مەكتەپ ئىشتاتىدا تۇرۇۋاتقانلىقىدىن ھەيران

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولۇپ، بۇ ئەقىلگە سىغمايدىغان، ھەقىقەتكىمۇ توغرا كەلمەيدىغان ئىش بوپتۇ دېيىشتى. بىر كۆرۈشۈپلا چىقىشىپ قالغان دوستلار، ئوچۇق كۆڭۈل دوستلار ئۇنىڭ بىرلىك سەپ، مۇھاجىر ئىشلىرى ياكى تاشقى ئىشلار تارماقلىرىغا يۆتكىلىشى توغرىسىدا تەكلىپ بەردى ... بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ ئورنى ھەممىدىن كېيىن تۇراتتى.

— بىراق، — دېدى ئۇ، — مېنىڭ ئانا كەسپىم ئوقۇتقۇچىلىق - دە، ئوقۇتقۇچىلىق قىلمىغان بولسام، ئايىغ ئاستىمدىكى بۇ نەرسىلەر قانداق بارلىققا كېلەتتى؟

يېڭى ئۇچراشقان كونا دوستى:

— لېكىن، سەن باشقىلار ئىگە بولۇپ باقمىغان نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئىگە بولۇپ قالدىڭ، ئەمدى ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش - قىلماسلىقىڭنىڭ ئەھمىيىتى قالمىدى. بەلكىم يەنە ئوقۇتقۇچىلىق قىلساڭ، ئۆزۈڭنى چۈشۈرۈۋېلىشىڭ مۇمكىن. بەلكىم سەن ئوقۇتقۇچىلىق قىلمىغانچە، ياخشى ئوقۇتقۇچى ئىكەنلىكىڭ، تەڭدىشى يوق، قالتىس ئادەم ئىكەنلىكىڭ شۇنچە ئىسپاتلىنىشى مۇمكىن. بىرەر ئىشقا تۇتۇش قىلمايدىغانلار ياكى تۇتۇش قىلالمايدىغانلار چىن مەنىدىكى ئالىي نوپۇز ئىگىلىرىدۇر، ئۇنداق بولمىسا، ئوقۇتقۇچىلار ئىچىدىكى ئالىي دەرىجىلىك دەپ قانداقمۇ ئېيتىشقا بولسۇن؟ — دېدى.

بۇ گەپلەردە بىر سىر باردەك قىلاتتى.

شەھەرلىك پارتكوم رەھبىرى سۇڭ چاۋيى بىلەن سۆزلەشتى ۋە ئۇنى مۇھاجىر ئىشلىرى تارمىقىغا يۆتكەش ھەققىدە تەكلىپ بەردى. سۇڭ چاۋيى بۇنىڭ ئىچىدىكى سىرنى ئويلاپ، يۆتكىلىشنى رەھمەت دەپ قەتئىي رەت قىلدى. بىر قىسىم كىشىلەر ئۇنى توغرا قىلدى دېيىشسە، بىر قىسىملىرى ئۇنى ئەخمەق، ئۇزاققىچە يېزىغا چۈشۈپ ئۇششاق ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ خۇيىنى يۇقتۇرۇۋالغان دېيىشتى. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر ئۇنى

قاقباش — دانا كىشى ئۆزىنى نادان تۇتىدۇ، دېيىشتى.

ئۇ مۇھاجىرلار بىرلەشمىسىگە بارسۇن - بارمىسۇن، ئىشقىلىپ بارغانچە ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ئۇ شۇ ئالدىراشلىق ئىچىدە خوتۇنى جياڭ چۇنىنىڭ قاچانلا قارىسا غەمكىن چىراي يۈرگەنلىكىنى بايقىدى.

— نېمە بولدى؟ — دەپ خوتۇنىدىن سورىدى ئۇ.

— ھېچنېمە بولمىدى، — دېدى خوتۇنى ئەلەملىك قىياپەتتە.

— مەن يېقىندىن بۇيان ... بەك ئالدىراش بولۇپ كېتىپ ... سىزگە ھەمراھ بولۇپ كىنو كۆرۈشكە، باغلارنى ئايلىنىشقا، تۈرلۈك ماللار ماگىزىنىغا بېرىشقا ۋاقىت چىقىرالمىدىم.

— ماڭا ھەمراھ بولىمەن دەپ نېمە قىلىسىز؟ سىزگە يۈك بولۇپ قالامدىم؟ — دېدى خوتۇنى قوپال ئاۋازدا.

بەئەينى بالا - قازا كۆرۈنۈپ كەلمەس، پۈت - قولىنى ساڭگىلىتىپ دېگەندەك ئىش بولۇۋاتاتتى ! سۇڭ چاۋيى شۇنچە دۇرۇس، شۇنچە ئىخلاسمەن ئىدى، خوتۇنىنى چىن يۈرىكىدىن ياخشى كۆرەتتى — ئۇ ئىلگىرى خوتۇنىغا باشتا سېنى ياخشى كۆرۈشكە پېتىنالمىغانىدىم، بىراق ئىككىمىز توي قىلمايدىغان بولساق، سېنى ماڭا ئوخشاش ياخشى كۆرىدىغان ئىككىنچى بىرى زادى چىقمايدىغانلىقىنى، سەن بىلەن توي قىلمىسام، ئەڭ دەھشەتلىك گۇناھقا قالىدىغانلىقىمنى ئويلىدىم، دېگەن. ئۇ بۇرۇن شۇنداق ئويلىغان بولسا، ھازىرمۇ شۇنداق ئويلايتتى. ئۇ جياڭ چۇن خاپا بولغاندەك نېمە ئىش قىلىدىكىنا؟

— مەندىن ... بىرەر سەۋەنلىك ئۆتتىمۇ؟ — دېدى سۇڭ چاۋيى ئۆزىنى بېسىۋېلىپ پەس ئاۋازدا، — سىز ... يېقىندىن بۇيان ...

خوتۇنى نازۇك ئىدى، ئەللىك ياشلارغا كېلەي دەپ قالغان جياڭ چۇن كەينىدىن قارىغانلارغا قىزلاردەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ ھەممىدىن خەۋەردار بىر دوستى: «جياڭ چۇن ئىلگىرى ئارتىس بولۇپ سەنئەت ئۆمىكىدە تەربىيە كۆرگەن» دەۋەتتى. سۇڭ

www.uyghurkitap.com

چاۋيىنىڭ خوتۇنى ئالاھىدە مەنىۋى ئىنتىلىشكە ئىگە ئايال ئىدى، ئۇنداق بولمىغىنىدا، ئۇ سۇڭ چاۋيىنى قانداقمۇ ئەڭ قىيىن ئەھۋالدا تۇرغان چېغىدا تاللاپ، ئۇزاققا سوزۇلغان بىر قاتار ئازابلىق كۈنلەرنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە سەۋر - تاقەت ۋە قەيسەرلىك بىلەن باشتىن كەچۈرەر ئىدى؟

— ھېچ ئىش بولمىدى، — دېدى جياڭ چۈن، بىراق ئۇنىڭ ئەپتىدىن بىرەر ئىش بولغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

— زادى نېمە بولدى؟ — دېدى سۇڭ چاۋيى، — قانداقلا بولسۇن، گېپىڭىز بولسا ماڭا ئوچۇقىنى ئېيتىڭ، مەندىن يوشۇرماڭ. سىز ئۈچۈن بىرەر كۆڭۈلسىز ئىش بولدىمۇ يا؟ خىزمەت، تۇرمۇش، ئۆي، ئوغۇل ۋە مەن توغرۇلۇق ...

— خىزمەتمۇ، تۇرمۇشىمىزمۇ، ئۆيىمىزمۇ، ئوغلىمىزمۇ، سىزمۇ بەك ياخشى، مەن جاھاندىكى ئەڭ بەختلىك ئىنسان.

مەسخىرىلىك ئاۋاز ئاخىر سۇڭ چاۋيىنىڭ ئوغىسىنى قايناتتى:

— مەن زادى نېمە قىلدىم؟ شۇنچە جاپا تارتتىم، شۇنچە ئالدىراش ئۆتتۈم، تۈرلۈك زەربىگە، ھاقارەتكە، ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىدىم ... ئاران دېگەندە ئاز - تولا ياخشى كۈنگە ئېرىشتۇق ... مانا ئەمەسمۇ، شۇنچە ياخشى ئۆيگە ئىگە بولدۇق، مېنى ئۆي توغرۇلۇق چېپىشقا ئۆزىڭىز ئەۋەتكەنغۇ؟

— بۇ گەپلەرنى قويۇڭ، بولدى ئېيتماڭ، — دېدى جياڭ چۈن قولىنى سىلكىپ، ئاندىن پۇتىنىڭ ئۇچىدا ئېگىز دەسسەپ سۇڭ چاۋيىنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋالدى، چىرايىدا زورىغا كۈلۈمسىرەش ئايان بولدى، بۇ ئاچچىق كۈلۈمسىرەش ئىدى.

ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش تەپچىرەپ چىقتى، ئۇ سۇڭ چاۋيىغا قارىماي، نېمىگە قاراۋاتىدىكىنە؟

ئوغلىنىڭمۇ مۇشۇنداق چۈشىنىپ بولمايدىغان قاراشلىرى بار ئىدى. ئوغلى لۇڭ لۇڭ ھەر كۈنى ناھايىتى كەچ ئۇخلايتتى. ئۇ «لاۋزى» نى، «كانت» نى، جۇڭگوچە دورىگەرلىك ئىلمىنى ۋە

ھېۋگۇ ئەسەرلىرىنى ئوقۇيتتى. ئىدارە باشلىقىنىڭ دوكلاتى ۋە ئالاھىدە ياخشى باھاغا ئېرىشكەن ھېكايىلەر توغرۇلۇق كەمسىتىش ئاھاڭدا سۆزلەيتتى. ئۇ دادىسى كۆپ قېتىم تەۋسىيە قىلغان بېتخوۋېنىنىڭ «9 ـ سىمفونىيەسى» نى ئاڭلىماي، نېگىرلارنىڭ ئەرۋاھ چاقىرىش ناخشىسىنى ئاڭلايتتى. كىنو كۆرگەندە، بىردەم بۇ كۇنۇپكىنى باسسا، بىردەم باشقا قانالغا يۆتكەپ ھەم ئانتېننىنى قوزغاپ، سىزنى ھېچقايسى پىروگراممىنى كۆرگىلى قويمايتتى. كۆز ئالامەتلىرىدىن شاللاقلىق، مەيۈسلۈك ۋە گۇمانخورلۇق بىلىنىپ تۇراتتى، ئىستىكىگە تۇشلۇق دەستىكى يوق ئىدى، ئۇ دۇنيادىكى ئىشلارنىڭ مۇشكۇللۇكىنى بىلمەيتتى، ئۇ تۇغەشكەن ئەۋلاد بولمىغان ھالەتتىمۇ، كەم دېگەندە گاڭگىراپ قالغانلاردىن ئىدى.

«ئۆز ۋاقتىدا بىزدە بولغاندەك ساپ ۋىجدان، پىداكارلىق، شىجائەت ئۇلاردا نېمىش قىلسۇن؟» سۇڭ چاۋيى شۇ خىياللار بىلەن دۆلەتنىڭ كېلەچىكىدىن ئەنسىرەپ قالدى.

ئايال دېگەن قانداقلا بولسۇن مەڭگۇ سىرلىق كېلىدىكەن.

زامانىمىزدىكى ياشلارمۇ سىرلىق بولسا كېرەك. ئۇلار نېمە ئۈچۈن ياۋايىلارنىڭ يىغلاپ ـ جارقىرىشىغا ئوخشايدىغان ئەرۋاھ چاقىرىش ناخشىسىنى ئاڭلايدىغاندۇ؟

ئادەمنىڭ تەقدىرىمۇ سىرلىق ئىكەن. سۇڭ چاۋيى ئۆتكەن يېرىم ئۆمرىدە، تاماكا چېكىش، سۆزلەش ۋە يول مېڭىش قىياپىتىدىن تارتىپ ئۆزىنى ئۆزگەرتىشكە، ئۆزىنى جەمئىيەتنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا تىرىشتى. ئۇ ئېكسپلاتاتسىيەچى سىنىپىدىن كېلىپ چىققان نىجىس ئوبرازىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، پۇل بار تۇرۇپ ھەر قېتىمى بىر يېرىم موچەندىن قىممەت تۇرىدىغان تاماكا سېتىۋېلىشقا كۆزى قىيمىدى. ئەسلىدە ئاۋازى جاراڭلاپ تۇرىدىغان، گەپ ـ سۆزى ئېنىق ۋە رەتلىك ئاڭلىنىدىغان سۇڭ چاۋيى قۇرۇق گەپ ساتىدىغان شاللاق زىيالىي بولۇپ قالماسلىق، يېزىدىكىلەر بىلەن ئىچقويۇن ـ تاشقويۇن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولۇش ئۇچۇن ھەمىشە ئۇندىمەس بولۇۋالاتتى، بەزىدە ئەتەي تۇتۇلۇپ، چولتا، قالايمىقان سۆزلەيتتى. يەنە بەزىدە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ دۇمچەكلىنىپ ماڭاتتى، بۇ قۇيرۇق كۆتۈرۈۋېلىشنىڭ ئەمەس، قۇيرۇق قىسىۋېلىشنىڭ كۆرۈنۈشى ئىدى، ئەلۋەتتە ... ئۇنىڭ تولىمۇ رەھىمسىزلىك قىلىپ چەت ئەلدىكى ئاچىسىدىن چېگرا ئاجراتقانلىقىنى ئېيتمايلا قويايلى ... نەتىجە شۇ بولدىكى، ئۇ خۇددى يۇزىگە يامغۇردەك مۇشت ياغقان مېكسىكىلىقنىڭكىگە ئوخشاش تەقدىرگە ئىگە بولدى.

يېقىنقى يىللاردىكى ئەھۋالچۇ، بۇنى ئۇ ھەممىدىن يامان كۆرىدىغان «كۇنجۇت چېچەك ئاچقاندەك بارغانچە ئۆرلىدى» دېگەن شېۋە بىلەنلا سۈپەتلەشكە بولىدۇ. كۆپ يىللاردىن بۇيانقى تىل ۋە ئەدەبىيات دەرسى ئۆتكەندە، ئۇنىڭدا بۇ شېۋىنىڭ بەكمۇ چاكىنىلىقىغا قارىماي، ئوبراز ھاسىل قىلىشقا ئىشلىتىلىدىغان، جاۋىلداشتىن ئۆزگە ھېچنېمىگە دال بولالمايدىغان شېۋە دەپ ھېسابلاپ ياقتۇرمايدىغان بىر تەرەپلىمە قاراش پەيدا بولغانىدى. مانا ئەمدى بىرقانچە يىلدىن بۇيان ئۆزىدە يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەرنى ئويلىغان ھامان ئەنە شۇ شېۋە سۆزلەر يادىغا كېلىدىغان بولدى.

«بۇ ئالەمنىڭ جازاسى شۇ ئىكەن - دە !» دەپ ئويلىدى ئۇ.

ھەتتا ئۆز ۋاقتىدا كومپارتىيەگە قارشى ھەدىسىنىڭ ۋەتەنگە قايتىشنى خالىماي تەيۋەنگە كەتكەنلىكى، كېيىن ئۇ يەردىن ئامېرىكىغا بېرىپ بىر ئاق تەنلىك بىلەن توي قىلغانلىقىمۇ ئۇنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان سەۋەبنىڭ بىرىگە ئايلاندى. ئۇنىڭ يوچۇق تېپىپ يەرگە كىرىۋالغۇسى كېلىپ كەتتى.

ئۆيمۇ سىرلىق نەرسە ئىكەن. سۇڭ چاۋيى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدا، ياتىقىنى ئەسكى دەپ ياراتماي، ماركسنىڭ «كاپىتال» دېگەن ئەسىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ، ئىككى قەۋەتلىك كارىۋاتتا ياتقان ستۇدېنتلارنىڭ ياتاق شارائىتىنىڭ ماركس تىلغا

ئالغان 19 - ئەسىردىكى ئەنگلىيەدە ئىشچىلارنىڭ ئۆلەر - تىرىلىشى بىلەن كارى بولمىغان سىخلارنىڭ شارائىتىدىنمۇ ناچار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان. شۇ سەۋەبتىن ئۇ «قىزىل بايراقنى كۆتۈرۈۋېلىپ قىزىل بايراققا قارشى تۇرغۇچى ئۇنسۇر» غا ئايلانغان. ئۇ «ئۇنسۇر» غا ئايلانغاندىن كېيىن، ئون يەتتەيلەن كىچىك بىر ياتاقتا يەرگە سېلىنچا سېلىپ ياتقان، ئۆرۈلۈش توغرا كەلگەندە ھەممەيلەن تەڭ ئۆرۈلگەن ... ئۇ تازا قېنىپ ئۇخلايدىغان بولغان.

يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىرىشتىن ئىلگىرى سۇڭ چاۋيىلار كىشىلەر ئارىلاش ئولتۇرىدىغان بىر چوڭ قوروۋدا تۇرغان، توققۇز ئۆيلۈك بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك يېقىن ئۆتكەن، چىلىغان ئاچا سەيلەر ئۆيدە تۇرۇپ ئىچىپ كەتكەن، قۇرامىغا يەتكەن ئوغۇل بىلەن ئاتا - ئانا ئارىسىغا بىر ئەديال تارتىپ قويۇپ يېتىشقان. سۇڭ چاۋيىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر قوشنا ئائىلىدىكىلەر بىلەن ئۇچراشمىسىمۇ، لېكىن ئاۋازى بىر - بىرىگە ئاڭلىنىپ تۇرغان. قوشنا ئائىلىنىڭ ئاسما سائىتى جىرىڭلىسا، سۇڭ چاۋيىلارمۇ سائەتنىڭ قانچە بولغانلىقىنى شۇنىڭدىن بىلگەن. قوشنىلار لازا يېسە، سۇڭ چاۋيىلارمۇ ئۇلار بىلەن تەڭ كۆزلىرىدىن ياش ئاققۇزۇپ، تەڭ يۆتەلگەن. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئارا تامنىڭ تورۇسقىچە بولغان يېرى لاي بىلەن سۇۋالمىغاچقا، خىش ئارىسىدىكى يوچۇقلار بىمالال ئۆتۈشمە يولغا ئايلانغان.

سۇڭ چاۋيى يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەكسىچە پات - پات ئۇيقۇسى كەلمەي ئۇياقتىن - بۇياققا ئۆرۈلىدىغان بولۇپ قالدى. بەكلا جىمجىتلىقتىمۇ؟ بەكلا ئالدىراشچىلىقتىمۇ؟ بەكلا يۇمشاقمۇ؟ ھەر خىل پۇراق بەكلا كەمغۇ؟ ئەرلىك جىنسىي ئىقتىدارى چېكىنىۋاتامدىكىنا؟ بۇنىڭغا ئۆزگە باغلىنىپ ۋە ئېسىلىپ تۇرىدىغان ئېغىر بىر نەرسە سەل كەملىك قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇۋاتاتتى.

ئۇ ئۇيقۇسى كەلمىگەن چاغلاردا دۆڭچۈەن شەھىرىدىن ئەمدىلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

«قايتقان» پەيتتىكى كۈنلىرىنى يادىغا ئالاتتى. شۇ چاغدا ئۇلار ۋاقتىنچە ئالتىنچى دەرىجىلىك كىچىك بىر مېھمانسارايىنىڭ ئۇششاق ـ چۈششەك نەرسىلەر قويۇلىدىغان كىچىككىنە قاراڭغۇ ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان، بۇ ئۆينىڭ كۆلىمى ئالتە كىۋادرات مېتىر كېلەتتى. ئۇلارنىڭ قەھرىتان سوغۇقى بولىدىغان ئەڭ شىمالىدىكى يېزىدىن ئېلىپ كەلگەن تاماق ئۈستىلى، يۆلەنچۈكلۈك ياغاچ ئورۇندۇقلىرى، بەندىڭلىرى، قەغەز يەشىك ۋە ياغاچ ساندۇقلىرى، چۈۋۇقتىن توقۇلغان سومكىلىرى چاشقانغا يەم بولسۇن دېگەندەك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ ئىسكىلاتىغا قويۇلغان. ئۇلار تۇرغان بۇ قاراڭغۇ كىچىككىنە ئۆينىڭ ئۇدۇلىغا يۇيۇنۇش ئۆيى جايلاشقان بولۇپ، ھەر كۈنى سەھەردىن تۈن يېرىمىغىچە مېھمانلارنىڭ يۈز يۇيۇش، چىش يۇيۇش، مىشقىرىش، تۈكۈرۈش ئاۋازلىرى ۋە مۇلازىمەتچىلەرنىڭ توبا چايقاش ھەم تۈكۈرۈك قاچىسىنى تۆكۈش ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇلار تۇرغان كىچىككىنە ئۆينىڭ كەينىگە تېلېۋىزور زالى جايلاشقان بولۇپ، مېھمانساراي بويىچە شۇ زالغا ئاران بىر تېلېۋىزور قويۇلغانىدى. ھەر ئاخشىمى تېلېۋىزوردىن داقا ـ دۇمباق ئاۋازى، ۋارقىراش ـ جارقىراشلار، ھۆكىرەپ يىغلاشلار، قاقاھلاپ كۈلۈشلەر ئاڭلىنىپ تۇراتتى، ئادەم جىق بولغاچقا، تېلېۋىزورنىڭ ئاۋازى ئەڭ چوڭ قىلىپ توغرىلىناتتى ... ئەمما سۇڭ چاۋيى بىلەن خوتۇنى (ئۇ چاغدا ئوغلى تېخى قايتىپ كەلمىگەن) شۇ كىچىككىنە ئۆيگە كىرىپ ئورۇنلاشقاندا، تولىمۇ ھاياجانلانغانىدى! كۈنلەرنى شۇنچە ئۇزاق ۋاقىت كۈتۈش بىلەن ئۆتكۈزگەن، شۇنچە كۆپ ئادالەتسىزلىك ۋە ناھەقچىلىككە دۇچار بولغان، شۇنچە ئۇزاق يىللارنى قىشلىق ئۇيقۇ ھالىتىدە باشتىن كەچۈرگەن ئۇلار ئاشۇ تارتقان ھەممە تارتقۇلۇقلىرى بەدىلىگە ياخشىلىق قايتۇرۇلۇۋاتقاندەك تۇيغۇدا بولغانىدى! ئۇلارغا ھەممە نەرسە يېڭىدىن ئاپىرىدە بولۇۋاتقاندەك، قايتا جانلىنىۋاتقاندەك، توڭلار ئېرىپ، گۈل ـ گىياھلار غۇنچىلىغاندەك تۇيۇلغانىدى،

ئۇلار پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن يېڭى دەۋرگە مەدھىيە ئوقۇماقتا ئىدى، ئۇلارنىڭ جۇشقۇن ھېسسىياتى بۇرۇنقىدەكلا ئىدى! جىياڭ چۈن ئېرى سۇڭ چاۋيى بىلەن بىللە دوستلىرىنى يوقلىغان، ئۆزلىرى ياش چېغىدا ئىنتايىن تونۇش بولۇپ كەتكەن، ئەمما كۆپ يىللار ئايرىلىپ كەتكەن ھەممە كوچىلارنى بىللە كەزگەندى. ئۇلار ھەربىر يول ئېغىزى، ھەربىر دوقمۇش، ھەربىر چىراغ ۋە ھەربىر يېڭى ۋە كونا ئۆيلەر ئۇچۈن تەنتەنە قىلغىنىدا كۆزلىرىدىن ياش تامچىلايتتى ... دېمەك ئۇ ئەنە شۇنداق ئاجايىپ خىسلەتلىك، ئۆزى تار، ئەمما غايەت كاتتا بەختكە تولغان، قاراڭغۇ، ئەمما پارلاق ئۇمىدكە تولۇپ تاشقان كىچىككىنە ئۆي ئىدى.

كىيىنچە قانداق بولدى، كېيىنچە سۇڭ چاۋيى ئۆزىنىڭ بىلىمى مول، پىكرى ئۆتكۈر، بىرگە قابىل كۆپكە ماھىر، جانلىق، چەبدەس، ئەمما پىكرىنى بايان قىلىشقا ماھىر دېگەنگە ئوخشاش ھەممە ئارتۇقچىلىقىنى ئويلاپ باقمىغان سۈرئەت بىلەن ئەسلىگە كەلتۈردى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆز ۋاقتىدا قايناپ تۇرغان، ئەمما ئۇزاققىچە بوغۇلۇپ قالغان خىزمەت ۋە مۇلازىمەت قىزغىنلىقى ئېشىپ تاشتى، ئۇ «ئىدارىدە قېلىپ ئىشلەڭ» دېگەن ياخشى نىيەتلىك تەكلىپنى رەت قىلىپ، ئوقۇتقۇچى بولۇش ئۈچۈن بىرىنچى سەپكە ئاتلاندى، بېرىلىپ ئۆگەندى، ئەسەر يازدى، دەرس ئۆتتى. ئۇنىڭ بىرقانچە قېتىم ئوچۇق ئۆتكەن دەرسى ۋە بىر كىتابى دۆڭچۈەن شەھىرى بىلەن ئۆلكىنى زىلزىلىگە سالدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن يولى بارغانچە راۋانلىشىپ، ھەممە ئىشى ئوڭۇشلۇق بولدى. سۇڭ چاۋيى ئۇ يەر، بۇ يەرنىڭ ۋەكىلى، مۇئاۋىن رەئىسى بولغاندىن كېيىن، دەرسنى گويا تېخىمۇ ئوبدان ئۆتىدىغان بولۇپ قالدى، ھەتتا بېيجىڭدىن كەلگەن كۆزەتكۈچىمۇ ئۇنىڭ دەرسىنى ئاڭلاپ باققاندىن كېيىن، ئون بەش مىنۇتقىچە ساپلا ئۇنىڭ ئوتۇقىنى سۆزلەپ، ياخشىلاش توغرۇلۇق بىرەر تەكلىپمۇ بېرەلمىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇ دەرس دېگەننى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ناھايىتى پىششىق ئۆتەتتى. ئۇ دەرسنىڭ مەزمۇنى، سۇرئىتى ۋە رىتىمىنى ئىگىلەپلا قالماي، ئۆزىنىڭ دەرسخانىدا تۇرغان چاغدىكى ھەربىر ھەرىكىتىدىن تارتىپ، سۆزلەش، كۈلۈش، سۆزلەرنى تاللاش ۋە تەلەپپۇز قىلىشقا قەدەر ھەممىنى خۇددى كومپيۇتېردا ئىپادىلەنگەندەك شۇنچە توغرا مۆلچەرلەيتتى ۋە ئىگىلەيتتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەيپىياتىدىكى ئالامەتلەرگە يارىشا ئىش كۆرۈپ، سوئاللىرىغا جايىدا جاۋاب بېرەتتى. كۈلۈمسىرەش، گاڭگىراش، قىزىقىش، بىردىنلا چۈشىنىش، كۈلۈپ تاشلاش، تەنتەنە قىلىش دېگەنگە ئوخشاش قانداقلىكى ئەھۋال يۈز بەرسە بېرىۋېرەتتى، قانچىلىك دەرىجىدە يۈز بەرسە بولىۋېرەتتى. ئوقۇغۇچىلار پۈتۈنلەي قايىل بولۇپ، توققۇز تەزىم قىلغۇدەك بولۇپ كېتەتتى. بىر ۋاق دەرس ھايت - ھۇيت دېگۈچىلا ئۆتۈلۈپ شاپپىدە توختايتتى، ئوقۇغۇچىلار دەرسكە قانماي قالاتتى، ئوقۇتقۇچى سۇڭ چاۋيى دەرس ئۆتۈشتە ئىلگىرىكىگە قارىغاندا بەكرەك تېتىكلىشىپ ۋە روھلىنىپ كېتەتتى. پىشقان ھەقىقىي سەنئەت، مەنمەنلىكتىن ۋە پۇچەكلىكتىن خالىي سەنئەت دېگەن ئەنە شۇ ئىدى.

زادى تىل تەگكۈزگۈدەك يېرى يوق ئىدى، كۆڭۈلدىكىدەك پەم - پاراسەت، پىشقان ماھارەت دېگەن شۇ ئىدى!

ئېھتىمال قورقۇشقا توغرا كەلسە، ئەنە شۇ تىل تەگكۈزگۈدەك يېرى يوق دېگەندىن قورقسا بولغۇدەك؟ لاۋجاڭ سۇڭ چاۋيىنىڭ يېڭى ئۆيىنى كۆرۈپ ئۆلۈۋالغۇسى كېلىپ كەتتى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە يېڭى ئۆينىڭ تىل تەگكۈزگۈدەك يېرى يوق ئىدى.

بۇنىڭ ئەكسىچە، سۇڭ چاۋيىنىڭ ئوغلى ھېلىغىچە ئىچ - ئىچىدىن نارازى ئىدى. ئۇ سىنئالغۇ سېتىۋېلىشنى، ئىشككە سايرايدىغان ئېلېكترون قوڭغۇراق ئورنىتىشنى، موتسىكلىت ۋە رېزىنكە قولۋاق سېتىۋېلىشنى ئارزۇ قىلاتتى، ھەتتا

ئاۋستىرالىيەدە ئىشلەنگەن ھاۋا تەڭشىگۈچ ... لەرنى بىراقلا سېتىۋېلىشنى ئويلايتتى.
ئۇ جابدۇقلارنىڭ باھاسى قانچە پۇل؟ دېسىڭىز، باھاسى ئالتە - يەتتە مىڭ يۈەن ئىدى. ئېيىغا يۈز يۈەنگە يېقىن تۇك سەرپ بولاتتى. سۇڭ چاۋيى ئاچچىقىغا پايلىماي تىترەپ كەتتى. ئوغلى ئۇنى مەسخىرە قىلىپ:
— ئۇششاق ئىشلەپچىقارغۇچىلار تاپقان پۇلىنى كومزەككە تىقىپ قويۇشتىن باشقىنى بىلمەيدۇ. سىز ئىستېمال قىلغاندىلا ئوبوروت بولىدىغانلىقىنى، ئوبوروت بولغاندىلا تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىشكە بولىدىغانلىقىنى بىلىشىڭىز لازىم ئىدى، — دېدى.
سۇڭ چاۋيىنىڭ بالىسىنى تەستەك بىلەن بىرنى سالغۇسى كەلدى، ئۇ تەستەكنىڭ قۇدرىتى يېڭى پىكىر ئېقىمىنىڭكىگە يەتمىسىمۇ، لېكىن ھەر ھالدا بىردەملىككە توسۇشقا يارايتتى.
ئۇنىڭ پىشقان ماھارىتى ۋە تىل تەگكۈزگۈدەك يېرى يوق ئوقۇتقۇچىلىقى بىرخىل يېڭىچە قالاق قائىدىگە ئايلىنىپ قېلىۋاتامدىغاندۇ؟ ئۇ ئىجتىمائىي پائالىيەتنىڭ كۆپلۈكىدىن بەزىدە تاپشۇرۇقلارنى تەكشۈرۈپ ئۆزگەرتىمىدىغان، ئوقۇغۇچىلار بىلەن سۆھبەتلىشىدىغان ئىشلارنى ئۆز ئورنىدا باشقىلارنىڭ ئىشلەپ قويۇشىغا ھاۋالە قىلىۋاتقان تۇرسا، قانداقمۇ ئالغا باسالىسۇن؟
ئۇلارنىڭ مەكتىپىگە يېڭىدىن شياۋلى دېگەن ياشقىنا بىر ئايال ئوقۇتقۇچى كەلگەنىدى. ئۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا ئوقۇغۇچىلىرىغا دەرس ئۆتەتتى، ئۇ تولۇقسىز ئوتتۇرىنىڭ بىرىنچى يىللىقىدىن تارتىپ تىل دەرسىنى سىنىپ مۇزاكىرىسى ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۆتەتتى، دەرس ۋاقتىدا ئوقۇغۇچىلار بەس - بەستە پىكىر بايان قىلاتتى. ئۇنىڭ بويى بىر يېرىم مېتىر كەلمەيدىغان بىر قىز ئوقۇغۇچىسى لۇشۇنىنىڭ دەرسلىككە كىرگۈزۈلگەن بىر ماقالىسىگە شەك كەلتۈرگەن. بەزىلەرنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دېيىشىچە، باشقىچە پىكىردە بولغان. بۇ باللارچە گۇمانلىنىش ئىدى، پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى شياۋلىنىڭ ۋە ئۇنىڭ پاكار ئوقۇغۇچىسىنىڭ بىمەنىلىكىنى ئەيىبلىگەن. بۇ دەل ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدە بۇرژۇئازىيەچە ئەركىنلەشتۈرۈش تەنقىدلىنىۋاتقان پەيتكە توغرا كەلگەن. بەزىلەر شياۋلىنىڭ ئوقۇتۇش سىنىقىنى «ئەركىنلەشتۈرۈش» نىڭ ئىپادىسى دېگەن. ئالاھىدە دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى سۇڭ چاۋيىنىڭ كۆڭلى غەش بولغان.

سۇڭ چاۋيىنىڭ كۆڭلى شياۋلى ئۈچۈن غەش بولغان ئەمەس. ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشىگە سېلىشتۇرغاندا، شياۋلىنىڭ دۈچ كەلگەن ئوڭۇشسىزلىقى ھېچنېمە ئەمەس ئىدى. سۇڭ چاۋيىنىڭ كۆڭلى دەل ئۆزى ئۈچۈن غەش بولغان، ئۇنىڭ ئالاھىدە دەرىجىسى باشتىن باشلاشنى ئەمەس، ساقلاپ قېلىشنى تەلەپ قىلاتتى. ئىزدىنىش، يېڭى خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىش، كۈرەش قىلىش، گۇمانغا قېلىش ۋە ئەيىبلىنىش ھەممىدە شۇلاردىن پەيدا بولىدىغان، يۈرەكنى زىلزىلىگە سالىدىغان تىترەش ئەمدى ئۇنىڭغا تەئەللۇق ئىش ئەمەس ئىدى. ئۇ 54 ياشقا كىرىپ قالغان، ئۇ «ئىلگىرى زايە بولغان ۋاقتى» نىڭ ئورنىنى قىسقىغىنا بەش يىل ئىچىدە «تولدۇرۇۋالغان» ئىدى. ئۇ ئۆتمۈشتە باشتىن كەچۈرۈشكە تېگىشلىك بولسىمۇ، باشتىن كەچۈرەلمىگەن چاغلارنى ئەمدى باشتىن كەچۈرۈپ بولغانىدى. دۇڭچۈەن شەھىرىدە سۇڭ چاۋيىنىڭ ئۆزىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ كېتەلىشى تەس ئىدى. ئۇ مۇشۇ ئۆمرىدە تېخىمۇ يۇقىرى ئۆلچەملىك ئۆيدە ئولتۇرالىشىنى خىيالىغا كەلتۈرەلمىگىنىگە ئوخشاش، 1985 ـ، 1986 ـ، 1987 ـ يىللىرى تىل ۋە ئەدەبىيات دەرسىنى 1982 ـ ۋە 1983 ـ يىللىرىدىكىگە قارىغاندا، جەزمەن ياخشى ئۆتەلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايۋاتاتتى. ئۇ دەرسنى ھەقىقەتەن ياخشى ئۆتكەنلىكى ئۈچۈنمۇ ئەلەمگە قېلىۋاتاتتى. دەرسنى ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق ئۆتۈشى خۇددى جۇجيەنخۇانىڭ

239 سانتىمېتىر ئېگىزلىكتىن سەكرەپ ئۆتكەندىن كېيىن يەنە سەكرىمەكچى بولغىنىمدەك تەس ئىدى. يەنە كېلىپ سۈك چاۋيى جۇجيەنخۇادىن 30 نەچچە ياش چوڭ ئەمەسمۇ؟

بەخت ئۈمىدلىك بولۇشتا، ئۈمىدسىزلىك ئەلۋەتتە بەخت ئەمەس.

سۈك چاۋيى ئۆزىنىڭ ئوي - خىياللىرىنى يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىرسەك ئۆلسەڭمۇ ئارمانسىز كېتىسەن دەپ ھېسابلىغان يېقىن دوستىغا ئېيتتى. لاۋجاۋ شۇنداق قاتتىق كۈلدىكى، تولا تاماكا تارتىپ سارغىيىپ كەتكەن چىشلىرى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ قالدى.

— بىلىۋاتامسەن؟ — دېدى ئۇ، — سېنىڭ قىلماقچى بولغىنىڭ «يانچۇق كۆيدۈردى» دېگەندەك تەتۈرلۈك. «يانچۇق كۆيدۈردى» دېگەنىي خېيىي تەمسىلى، ئۇنىڭ مەنىسى، بىرى ئازراق پۇل تېپىپ يانچۇقىغا سېلىپ قويسا، ئۇنىڭغا بەدەنلىرىنى قاتتىق كۆيدۈرۈۋاتقاندەك بىلىنىپتۇ - دە، ئۇ پۇلنى خەجلەپ تۈگەتمىگۈچە كۆڭلى تىنماپتۇ، كېيىنچە ئۇنىڭ مەنىسى كۆچۈپ، كېڭىيىپ، ئەھۋالى ياخشىلانسىمۇ بىئارام بولۇپ، ھالاۋەتتىن بەھرىمەن بولۇشنى بىلمەيدىغان ئادەملەرنى بىلدۈرىدىغان بوپتۇ. خەلق ئارىسىدا «بەھرىمەن بولغىلى بولمايدىغان ھالاۋەتلا باركى، چىداشقا بولمايدىغان جاپا يوق» دېگەن تەمسىل بار. مانا بۇ قالتىس ھەق گەپ! «فەن جىنىنىڭ ئىمتىھاندىن ئۆتۈشى» نى ئوقۇغۇچىلارغا سۆزلەپ بەرگەن ئەمەسمىدىڭ؟ فەن جىن ئۆلكە ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ بولۇپ، ئاشۇنداق تەتۈرلۈك قىلغاچقا، روھىي كېسەلگە مۇپتىلا بولغان. ھېلىمۇ ياخشى، قېيىنئاتىسى خۇتۇخۇ شاپىلاق بىلەن بىرنى سالغاچقا، ئۇ يېپىشقاق بەلغەمنى تۈكۈرۈۋېتىپ جېنى ئامان قالغان! يا بولمىسا ئىككىمىز ئالمىشايلى، سېنىڭ ئۆيۈڭدە مەن تۇراي، سېنىڭ مەنسەپ - ئۇنۋانلىرىڭنى مەن ئالاي بولامدۇ؟

سۈك چاۋيى لاۋجاۋنىڭ سۆزلىرىدە ئوقۇشماسلىق بارلىقىنى

ھېس قىلىپ سەل ئىچى پۇشتى. ئۇ كەچتە ئۇستەل چىرىغىنىڭ يورۇقىدا خەت - چەكلەرنى ئېچىپ ئوقۇدى، چىراغ تۈۋى يورۇغانسېرى ئەتراپ شۇنچە قاراڭغۇلىشىپ بارغاندەك ئىدى، ئۇ خەت - چەكلەرنى تازا كۆچەپ ئوقۇغاندىن كېيىن جىددىيچىلىكى بىردىنلا پەسەيگەندەك بولدى. ئۇ ھودۇقۇپ قالغانىدى.

سۆڭ چاۋىيى كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ خورسىنىپ ئۇھ تارتتى - دە، ئوي - خىياللىرىنى خوتۇنىغا ئېيتتى.

— ئۆتكەن نۆۋەت مېنىڭ نېمە ئۈچۈن كەيپىم چاغ ئەمەسلىكىنى سورىغىنىڭىزدا، جاۋاب بېرەلمىگەنىدىم، — دېدى خوتۇنى ئالدىرىماي، — مېنىڭ ئويلاۋاتقىنىم شۇكى، بىز يېڭى ئۆيگە، ئوبدان ئۆيگە ئىگە بولۇش بىلەن تەڭ ئۆزىمىزدىكى، بولۇپمۇ مەندىكى نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك نەرسىلەرنى يوقىتىپ قويغاندەك تۇرىمىز. ئۆزىمىزنىڭ ياشلىق دەۋرى، كەمبەغەل ئەر - خوتۇن ئىككىمىزنىڭ ھەممە ئىشتا قايغۇغا پېتىپ ئۆتكۆزگەن كۈنلەردىمۇ كەلگۈسىگە ئۈمىد بىلەن قارىغانلىقىمىز كۆز ئالدىمغا كېلىۋالدى. ئاندىن قالسا ئۆز ۋاقتىدا بىزنىڭ بەختسىزلىكىمىزگە قاتتىق ئىچ ئاغرىتقان دوستلىرىمىز ئەمدى بىزگە سوغۇق چىراي بىلەن قاراۋاتىدۇ. ھازىر سىزنى ئىزدەپ كېلىۋاتقانلارنىڭ بەزىلىرى سىزگە زوقلىنىش، ھۆرمەتلەش نەزىرىدە قاراۋاتىدۇ؛ بەزىلىرى ياخشىچاق بولۇپ سىزنى گوللاۋاتىدۇ، سىزنىڭ يىغىنغا قاتنىشىپ بېرىشىڭىزنى، سۆزلەپ بېرىشىڭىزنى، ئىمزا قويۇپ بېرىشىڭىزنى، كىملەرنىدۇر كۆتۈۋېلىشىڭىزنى تەلەپ قىلغان كىشىلەرنى ئالساق، ئۇلارغا دەردىڭىزنى ئېيتقان، ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش يۈكىڭىزنىڭ بارغانسېرى ئاساسىي خىزمىتىڭىزگە توسقۇنلۇق قىلىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەنلىكىنى دېگەن ۋاقتىڭىزدا، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى سىزنى ئۆزىنىڭ قالتىسلىقىنى پەش قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئوغرىلىقچە كۈلۈۋاتىدۇ، شۇڭا ئۇلار سىزنى «قابىللار جىقراق ئەمگەك قىلىشى كېرەك»، «ئالدىراشلىق

ئىچىدىن ۋاقىت چىقىرىشىڭىزنى سورايمىز» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر بىلەن ئالداۋاتىدۇ. يەنە بەزىلەر سىزنى سىناۋاتىدۇ، دەڭسەۋاتىدۇ، ئەسلىدىكى قەدىناس دوستلىرىڭىز سىزگە يات كىشى قاتارىدا سەپسېلىۋاتىدۇ، بەلكى ئۇلار سىز توغرۇلۇق غەم يەۋاتقان بولۇشى، سىزدىن ئۆزلىرىنى تاشلىۋېتەرمىكىن دەپ گۇمانلىنىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن ...

سۇڭ چاۋيى قاتتىق چۆچۈپ، هوشىنى تاپقاندەك بولدى ـ دە:

— دۇرۇس، گەپلىرىڭىز ھەقىقەتەن توغرا، كۆزىڭىز قالتىس ئۆتكۈر ئىكەن جۇمۇ، مەن ئىشىنىڭ مۇنداق بولۇشىنى ئويلاپ باقماپتىمەن ... — دېدى.

— گەپ خەقنىڭ كۆزقارىشىدا ئەمەس، — دېدى جياڭ چۈن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئۇ ئالدىراپ سۆزلىگەچكە يوتقىنى قايرىلىپ مۈرىسى ئېچىلىپ قالدى، — گەپ سىزدە، ئەمەلىيەتتە ئۆزىڭىزمۇ بەك كېرىلىپ كەتتىڭىز ...

— ۋۇي، سىزمۇ شۇنداق دەۋاتىسىز ـ ھە ! — دېدى خوتۇنىنىڭ گېپى يىڭنە سانجىلغاندەك تەگكەن سۇڭ چاۋيى.

جياڭ چۈن ئۇنىڭ نالىسى بىلەن كارى بولماي گېپىنى داۋام قىلدى:

— كۆزلىرىڭىزدىن يەتكۈچە ئارىسالدىلىق ھەم ھارغىنلىق، ئالدىراشلىق، چېچىلاڭغۇلۇق، ئۇلۇكلۇك ئالامەتلىرى چىقىپ تۇرىدۇ. ئىككىمىز ئەمدىلا قايتىپ كېلىپ كىچىك مېھمانخانىدا تۇرغان چاغدىكى ھالىتىمىز ئېسىڭىزدىمۇ؟ شۇ چاغدا خىزمىتىمىز ۋە تۇرمۇشىمىز تىلغا ئېلىنسىلا كۆزلىرىڭىزدىن ئوت چاقناپ كېتەتتى.

— ۋاھ !

— ئەمدى ئۆزۈمنى ئالاي، مېنى يادىڭىزغا ئېلىپ قويغان ۋاقتىڭىز بارمۇ؟ مېنىڭ بارلىقىمنى ئېسىڭىزگە ئېلىپ قويدىڭىزمۇ، ئالدىراش، ئالدىراش، دەپلا يۈردىڭىز. سىزنىڭ قىلىدىغان ئىشىڭىز، پائالىيىتىڭىز شۇ، ئولتۇرىدىغان ئۆيىڭىز

بار. مېنىڭ نېمەم بار؟ سىز بىلەن باھارنى بىللە كۈتۈۋالدۇق، ھازىرقى كۈنىمىز سىزگىلا تالىق بولۇپ قالدى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز، مېنىڭ ھەممە بار ـ يوقۇم سىزگىمۇ تەئەللۇققۇ؟

— بەك توغرا ئېيتتىڭىز ! — دېدى جياڭ چۈن كۈلۈپ، — ماڭا تەئەللۇقنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ، سىزگە تەئەللۇقنىڭمۇ ھەممىسى سىزنىڭ، سىزنىڭلا ھەممە نەرسىڭىز ھەقىقىي مەۋجۇت. سىز نېمىدېگەن سېخىي، ھەممە نەرسىڭىزنىڭ ماڭا مەنسۇپلۇقىنى جاكارلىغىنىڭىزنى قاراڭ. مېنىڭچۇ سىزدىن باشقا ھېچ نېمەم يوق ! — جياڭ چۈننىڭ ئاۋازى ھەسرەتلىك ۋە مەسخىرىلىك ئىدى.

سۈڭ چاۋيى گالۋاڭلىق قىلدى. باشتا خوتۇنى ئۆزلىرى يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىرگەندىن كېيىن دوستلۇقنى قولدىن بېرىپ قويغانلىقىنى تەھلىل قىلغاندا، سۈڭ چاۋيى خوتۇنىنىڭ دانالىقىغا قايىل بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن خوتۇنى ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلغاندا، ئۇنىڭ سۆزى سۈڭ چاۋيىغا تولىمۇ سىرلىق تۇيۇلدى. سۈڭ چاۋيى خوتۇنىنىڭ ھەسرەتلىك ۋە مەسخىرىلىك گەپلىرىنى چۈشىنەلمىگەچكە غەزەپلەندى:

— خىزمەتتىكى ئىشلار مېنى چارچىتىپ ھالىمنى قويمايدۇ، ئۆيگە كەلسەم چۈشىنىپ بولمايدىغان غودۇڭشىشلاردىن جاق تويدۇم. بۇنىڭدىن كۆرە، يېزىغا قايتىپ كېتەيلىلا؟ ھەي، تەتۈرلۈك، تەتۈرلۈك دېگەن سۆزگە بەكلا قوشۇلغۇم كېلىۋاتىدۇ !

جياڭ چۈن ئۈشتۈمتۇت زەربە يېگەندەك جىم بولۇپ قالدى، ئۆزىنى ئۆكسۈپ يىغلاشتىن زورىغا بېسىۋالدى. بۇ ھال سۈڭ چاۋيىنى تېخىمۇ تىت ـ تىت قىلىپ قويدى. ئارىدىن بىرھازا ئۆتكەندە، جياڭ چۈن ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلاپ:

— سىزمۇ مېنى تەتۈر دەۋاتىسىز ـ ھە ! — دېدى، — بۇنىڭدىن يىگىرمە نەچچە يىل ئىلگىرى مەن ئائىلىمىزدە ماڭا كۆزى چۈشكەن «كۈيئوغۇل» بىلەن ئالاقىمنى ئۈزۈپ، سىزگە

تېگىپ، سىز بىلەن يېزىغا كېتىشكە بەل باغلىغان چېغىمدا، دادام، ئاپام، مومام، تاغام، بىرنەۋرە ئاچام، بىرنەۋرە ئاچامنىڭ ئېرى ۋە بىرمۇنچە ئۆيدان ساۋاقداشلىرىم مېنى «تەتۈر» دېگەن ئەمەسمىدى !

سۇڭ چاۋيىنىڭ گويا بىر قىممەتلىك نەرسىسى قۇدۇققا چۈشۈپ كەتكەندەك، يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ قالدى.

سۇڭ چاۋيى يېرىم كېچىدە ئويغىنىپ شامالنىڭ گۈركىرىشىگە، ماشىنىلارنىڭ گۈرۈلدىشىگە، يىراقتىكى كىملەرنىڭدۇر سۆزلىشىش ئاۋازىغا، مۈشۈكنىڭ مىياڭلىشىغا ۋە قايسىدۇر بىر ئائىلىنىڭ چىڭ يېپىلماي قالغان دېرىزىسىنىڭ تاراقلاش ئاۋازىغا قۇلاق سېلىپ، نېمە ئىشلار بولۇۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي قالدى. قىلغۇدەك ئىش بولمىغاچقا، ئورنىدىن تۇرۇپ ئەسلىدە كىرمىسىمۇ بولىدىغان هاجەتخانىغا كىردى. ئۇ ئوغلىنىڭ ئۆيىدە چىراغنىڭ يېنىقلىق تۇرغانلىقىنى كۆردى.

يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىرگەندىن كېيىن، سۇڭ چاۋيىنىڭ رىمدا ساياهەت قىلىۋاتقان هەدىسى يېڭى ئۆيدىن خەۋەر تېپىپ: ئۇكام يېرىم ئۆمرىڭىز ئوقۇشسىزلىق ئىچىدە ئۆتتى، ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن خۇشال ـ خۇرام ياشاڭ «enjoy your Iife!» دېگەن مەزمۇندا خەت يېزىپتۇ.

جۇڭگولۇقلاردا بۇنداق كۆزقاراش كەمدەك قىلىدۇ، هەتتا خەنزۇچىدا بۇنداق سۆز يوق. ئۇنىڭ ئاچىسى خېتىدە بىر ئىنگلىزچە سۆز گۇرۇپپىسىنى ئىشلەتكەن. ئۇنى زورىغا: «ئۆمرىڭىز خۇشال ئۆتسۇن ! » دەپ تەرجىمە قىلىشقا بولاتتى.

سۇڭ چاۋيى خوتۇنىنى بىردىنلا چۈشەنگەندەك بولدى ۋە «كىشىلىك هايات جاپالىق بولىدىكەن. هايات جاپالىق بولۇۋاتقاندا، بىز هاياتنى دەپ جاپا تارتىدىكەنمىز. هايات جاپادىن خالاس بولغاندا، ئۆزىمىز ئۈچۈن جاپا تارتىدىكەنمىز، سۆيۈملۈك رەپىقەم !» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تاڭ ئاتقاندىن كېيىن سۇڭ چاۋيى خۇددى سۇنئىي ھەمراھ ئوربىتىغا كىرىپ، ساغلام نورمال ھەرىكىتىگە ئۆزىنىڭ ئىنېرتسىيەسى ۋە مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچى بىلەن قوماندانلىق قىلىۋاتقاندەك، خىزمەتكە كىرىشىپ كەتتى، بۇ تەتۈرلۈك ئەمەستۇ؟

سۇڭ چاۋيى يېڭىچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى سىناق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئەيىبلەنگەن ئوقۇتقۇچى شياۋلىنى يوقلاش قارارىغا كەلدى. لېكىن، ئالدىن ئۇقتۇرمىدى. ئۇ ئادرېس بويىچە ئىزدەپ، ئەگرى - بۈگرى تار كوچىلاردا يېرىم سائەتكىچە سۈرۈشتۈردى. شۇ ئەتراپتا ئولتۇراقلاشقان «نامراتلار» كوچىنىڭ كونا ئىسمىنىلا بىلىدىكەن.

ئۇ شياۋلىنىڭ ئۆيىنى ئاخىر تاپتى. ئەمما، بەكلا ھەيران قالدى. شياۋلىنىڭ ئائىلىسىدىكى ھەممەيلەن بالدۇرقى دەرۋازا راۋىقىنى ئۆزگەرتىپ ياسىغان بىر ئېغىز ئۆيدە تۇرىدىكەن. بۇ ئۆينىڭ جايلاشقان يېرى سىرتتىكى يەر يۈزىدىن بىر چىدەك پەس ئىكەن، ئۆيگە كىرسە خۇددى بىر ئازگالغا چۈشۈپ قالغاندەك بىلىنىدىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە قاراڭغۇ ئىكەن. كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى، ئۇلارنىڭ كارىۋىتى ئۈچ قەۋەتلىك ئىكەن، ئادەتتىكى كارىۋاتنىڭ ئىككى قەۋىتىدىن باشقا، يەنە بىر قەۋىتى كېسەكلەر بىلەن يېرىم چىدىن كۆپرەك ئېگىزلىتىلىپ، ئۈستىگە بىر قەۋەت كىگىز، بىر قەۋەت كۆرپە سېلىنغانلىق ئىكەن، تام تۈۋىگە چىۋىق سومكا ۋە ساندۇقلار قاتار تىزىپ قويۇلغانىكەن. كارىۋاتنىڭ ئاشۇ ئاستىنقى قەۋىتى 30 ياشقا كىرگەن بولسىمۇ لېكىن، تېخى توي قىلمىغان شياۋلىغا تەۋە ئىكەن.

شياۋلى سۇڭ چاۋيىنى خۇشاللىق بىلەن كۈتىۋالدى، ئۇنىڭغا پۇراقلىق چاي دەملەپ بەردى، ئاتا - ئانىسى (ئوتتۇرا قەۋەتتە ياتىدىكەن) نى ۋە ئۇكىسى (ئۈستۈن قەۋەتتە ياتىدىكەن) نى تونۇشتۇردى. «شياۋلىنىڭ كۆزلىرىدىن تېتىكلىكى بىلىنىپ

تۇرىدۇ، چىرايى سەل سارغايغاندەك قىلغىنىنى بىلەن، زىنىخدىن يېقىملىق ھاياتىي كۈچ ئۇرغۇپ تۇرىدۇ، — دەپ ئويلىدى سۇڭ چاۋيى، — ئۇنىڭ ئۇستىگە بويى زىلۋا، ئاۋازى يېقىملىق ئىكەن، تۇرۇۋاتقان ئۆيى ۋە ياتلىق بولمىغانلىقىدىن قىلچە ئۆكۈنۈش يوق. ئۇنىڭ كەيپىياتى مېنىڭكىدىنمۇ ياخشى ئىكەن».

— ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى مۇھاكىمە قىلىشقا بولىدۇ ۋە شۇنداق قىلىشقا تېگىشلىك. باشقىلار نېمە دېسە دەۋەرسۇن، ئېغىر ئالماڭ، كەيپىياتىڭىزغا تەسىر يەتمىسۇن.

— ياق، ماڭا تەسىر يەتكىنى يوق، — دېدى شياۋلى كۈلۈپ.

سۇڭ چاۋيى بېشىنى لىڭشىتىپ قويىدى، ئۇ ئارتۇقچە سۆزلەپ قويغىنىنى چۈشەندى. شياۋلى باشقىچە ئىنسان ئىدى، ئۇ باشقىلارنىڭ گەپلىرىنى كۆڭلىگە ئېلىپ يۈرمەيتتى.

— سىلەرنىڭ تۇرۇۋاتقان ئۆي شارائىتىڭلار ھەقىقەتەن ... ئەسلىدە بۇ توغرۇلۇق گەپ قىلماسلىقنى ئويلىغان سۇڭ چاۋيى نېمە ئۈچۈندۇر ئاغزى ئېچىلىشى بىلەنلا دەپ سالدى، ئۇنىڭ بۇ قىلىقى خۇددى ئۆردەك كاۋپىنى ئەمدىلا يەپ بولغان، كالپۇكلىرىنىڭ ئىچى - تېشى ساپ ماي يۇقى تۇرغان كىشىنىڭ ئاچ قالغان بىرىگە كۆڭۈل بۆلگىنىگە ئوخشاپ قالدى.

— مېنىڭ دادام باشلانغۇچ مەكتەپتە ئىشچى، ئانام مەھەللە زاۋۇتىدا ئىشلەيدۇ. ئۇكام ئىككىمىز ئۆيدە. بىز ئۆي تەقسىم قىلىنىدىغان خىزمەتدارلار قاتارىدا يوق. ئاڭلىشىمىزچە، جياڭسۇنىڭ چاڭجۇ شەھىرىدە ئۆيلەر شەخسلەرگە سېتىپ بېرىلىۋېتىپتۇ، بىزنىڭ بۇ يەردىمۇ ئۆيلەر سېتىپ بېرىلگەن بولسا ياخشى بولاتتى ... يېقىنقى يىللاردا شۇنچە كۆپ تۇرالغۇ ئۆي سېلىندى، قانداقلا بولسۇن، بىزگىمۇ تېگىپ قالار دېگەن ئۈمىدىمىز بار، توغرىمۇ؟ — شياۋلى شۇ سۆزلەرنى قىلىپ كۈلۈۋەتتى. سۇڭ چاۋيىنىڭ يىغلىغۇسى كېلىپ كەتتى.

«مانا بۇمۇ يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىرگەنلىكنىڭ يامان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاقىۋىتى. يېڭى ئۆيگە ئېرىشكەندىن كېيىن باشقىلارنىڭ سەۋر - تاقەت قىلغۇسىز دەرىجىدە قىيىن ئەھۋالدا قالغانلىقىنى بەكرەك ھېس قىلىدىكەنسەن. بىراق، كۆڭۈل بۆلۈش، ھېسداشلىق قىلىشتىكى ھەقىقىي ئاساستىن مەھرۇم بولىدىكەنسەن» دېگەنلەرنى ئويلىدى سۇلۇ. ئېرىنىڭ چاۋىيى.

كەچلىك تاماقتىن كېيىن، ئۇ شياۋلىنى يوقلاپ ئىگە بولغان تەسىراتىنى خوتۇنىغا ۋە ئوغلىغا سۆزلەپ بەردى، ئاندىن تىترەڭگۈ ئاۋازدا مۇنداق دېدى:

— بىز ئاۋۇ ئۆيىنى شياۋلىغا بېرىپ تۇرساق بوپتىكەن، بىز ئۇچەيلەن ماۋۇ ئۇچ ئېغىزلىق ئۆيدە تۇرساقمۇ سىغىمىزغۇ؟ لۇڭ لۇڭ توي قىلغان تەقدىردىمۇ، مەشەدىن بىر ئېغىز ئۆي چىقىرىپ بېرەلەيمىز ...

خوتۇنى لام - جىم دېمىدى، ئوغلى بەك خاپا بولۇپ:

— سىلەر بارغۇ، جاپا چېكىشكە، ئەدەپلىنىشكە جان تىككەنلەر. ئاللىقاچان ھالاۋىتىنى كۆرۈشكە تېگىشلىك ئازغىنە نورمال تۇرمۇشنىڭ لەززىتىنى كۆرە - كۆرمەي بىئارام بولغىلى تۇرۇپسىلەر، پاھ، سىزنىڭ رەھىمدىللىكىڭىزنى قارىماملىغان! ئايرىم ئۆيىڭىزنى شياۋلىغا ئىلتىپات قىلىپ نامراتلىق دەردىنى تەڭ تارتماقچى بوپسىز - دە! سىلەرنىڭ سىياسىي كېڭىشىڭلار نېمە قىلىدىغان ئورۇن؟ نېمە ئۇچۇن باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ قويمايدۇ؟ ۋاي ئوقۇتقۇچىلارغا ئۇنداق ھۆرمەت قىلىش لازىم، ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە مۇنداق ئەھمىيەت بېرىش لازىم دەيدۇ تېخى. گېزىت يۈزىدە داۋراڭ سالغان بىلەن ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلمايدۇ. كىچىك ئۆيىڭىزنى شياۋلىغا بەرسىڭىز، نېمە مەسىلە ھەل بولىدۇ؟ ئۇ يالغۇز كېلەمدۇ؟ ئۇنى سىز ماشا تونۇشتۇرۇپ كېلىن قىلىۋالماقچىمۇ؟ ئۇ ئىنىسى بىلەن كېلەمدۇ ياكى ئاتا - ئانىسى، چوڭ تاغا، چوڭ ھاما دېگەنلىرى بىلەن قوشۇلۇپ كېلەمدۇ؟ سىز ئولتۇرۇۋاتقان

بۇ يېڭى ئۆينى يا ئوغرىلاپ، ياكى بۇلاپ كەلگىنىڭىز يوق ۋە ياكى ئۇنى خۇشامەتچىلىك قىلىپ، يەڭ ئىچىدە قول قويدۇرۇپ تاپقىنىڭىز يوق. نېمىشقا تەتۈرلۈك قىلىسىز؟ — دېدى.

«ھۇ مۇتتەھەم !» دەپ ئىچىدە تىللىدىيۇ، ئۆزىنى زورىغا تۇتۇۋالدى سۇڭ چاۋيى.

— راستىنى ئېيتقاندا، مۇبادا سىز ھەقىقىي رەھىمدىل، شەپقەتچى بولسىڭىز، ھەقىقەتەن ئاۋۋال ئۆزىڭىزنى كۆزلىمەي، باشقىلارنى كۆزلەيدىغان بولسىڭىز، چوڭ - كىچىك ئىككى يۇرۇش ئۆينى بىراقلا شياۋلىغا بېرىشىڭىز، مائاشىڭىزنىمۇ تەقدىم قىلىۋېتىشىڭىز كېرەك.

— نېمىدېگەن شەخسىيەتچى، شۇنداق تۇرۇپ يەنە تېخى توختىماي جاۋىلدايسەن !

— بولدى، بۇ گەپلەرنى قويايلى، سىز ئۆينى كىمگە بەرگۈڭىز كەلسە بېرىۋېرىڭ، راستىنى ئېيتقاندا، بۇ سىزنىڭ شەخسىي ئۆيىڭىزمۇ ئەمەس. بۇ ئۆي بىلەن خەير - ساخاۋەتچىلىك قىلىدىغانغا ھوقۇقلۇق بولۇشىڭىز ناتايىن. چوڭ ئاپامدىن يېقىندىن بېرى ئەجەب خەت كەلمەيۋاتىدىغۇ، مېنىڭ ئامېرىكىغا ئوقۇشقا بارىدىغان ئىشىمنى قانداق قىلغاندۇ؟ — دېدى لۇڭ لۇڭ.

ئوغلىنى تەييارغا ھەييار بولۇشنىڭ كويىدا قالغان، غەربكە چوقۇنۇۋاتقان تەنتەك دەپ ھېسابلىغان سۇڭ چاۋيى ئاخىر ئۆزىنى تۇتالماي «ئەبلەخ !» دېگەن گەپ ئاغزىدىن چىقىپ كەتتى. ئوغلى ھەيران قالدى. ئاخىر ئوغلى كەينىگە بۇرۇلۇپلا ئۆزى تۇرىدىغان ئۆيگە چىقىپ كەتتى.

— تىللىماڭ، — دېدى خوتۇنى سىلىق ئاۋازدا، — قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىڭىزنى بىلەلمەيۋاتقاندەك تۇرىسىز.

— دۇرۇس، دۇرۇس، — دېدى سۇڭ چاۋيى ئۆزىنىڭ قايناپ كەتكەنلىكىدىن قاتتىق ئۇيىلىپ. ئۇ قول ياغلىقىنى چىقىرىپ پېشانىسىنى ۋە ئالقىنىنى سۈرتتى.

ئۆتكەن ئىشلار ئۆتۈپ كەتتى، ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن قېرىيدىغان، جىم ياتىدىغان، دۇنيا بىلەن خوشلىشىدىغان گەپ! بۇمۇ كۆز يۇمۇپ - ئاچقاننىڭ ئارىلىقىدا بولىدىغان ئىشلار.

— ھازىر تازا كۈچەشنىڭ ئاخىرقى پەيتى ئىدى، — دېدى سۇڭ چاۋيى، — بىراق مەن ئەتە قېرىنداش ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ ئېكسكۇرسىيە ئۆمەكلىرىگە تەجرىبە تونۇشتۇرىدىغان بولدۇم. تەجرىبىلەر ماتېرىيال قىلىپ بېسىلىپ تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن، ئۇنى ئوقۇپ بەرسەملا بولىدۇ. ئەجەبا مېنى كىنوغا ئېلىپ ئارخىپخانىدا ساقلاپ قويىدىغان پەيت بولۇپ قالدىمىكىنا؟ شياۋلىلار شۇنچە ناچار ئۆيدە تۇرۇۋاتىدۇ ...

— مېنىڭ پىكرىممۇ شۇ. سىز كۆپرەك ئەمەلىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىشىڭىز كېرەك، يىغىندا لەيلەپ يۈرسىڭىز زادى بولمايدۇ، — دېدى خوتۇنى.

سۇڭ چاۋيى ئاچچىق كۈلۈمسىرىدى، ئۇ بەك چارچاپ كەتكەنىدى. ئەتىگەن تۇرۇپ چېنىقىمەن، تەيجىچۇەن ئوينايمەن، تۇرنىنىڭ قانات قېقىشىنى، بەش جانىدارنىڭ ھەرىكىتىنى دورايمەن، ھېچبولمىغاندا لاۋجاۋ يېڭى ئۆينى تەبرىكلەپ سوۋغا قىلغان، باۋدىڭدىن چىققان چېنىقىش توپىنى ئوينايمەن دېسىمۇ، لېكىن زادى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى.

جياڭ چۈن بىر پەس مۇزىكا قويدى. ئۇ شۇبېرتنىڭ يېقىملىق ئاڭلىنىدىغان «تروۇت بېلىقى» ناملىق مۇزىكىسى ئىدى. ئەمما، بۇ مۇزىكا سۇڭ چاۋيىغا يىراقتا ئاڭلىنىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئۇ قازاندا مايدا قورۇلۇپ پىژىلداۋاتقان بېلىقنى يادىغا ئالدى.

— مەن بىر چۈش كۆردۈم، چۈشۈمدە شياۋلى ئۆزىنىڭ يېڭى ئۆيىدە بىزنى مانتا بىلەن مېھمان قىلىۋاتقۇدەك، — دېدى سۇڭ چاۋيى سەھەر ۋاقتىدا، ئاۋازىدىن بىر ئاز ساددىلىق چىقىپ تۇراتتى، — ئۇنىڭ ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيى گۈللۈك تاختاي ياتقۇزۇلغان، ماگنولىيە گۈلىگە ئوخشاش چىراغ ئېسىلغان ئىنتايىن ياخشى ئۆي ئىمىش ... يەنە تېخى ئۆي ئىچىدە فونتانمۇ

بار ئىمىش!

— ئەجەب ئوبدان ئېسىمگە سالدىڭىزا، — دېدى جياڭ چۈن، — بىز نېمىشقا شياۋلىنى ئۆيىمىزگە تەكلىپ قىلمايمىز؟ مەن ئۇنىڭغا مانتا ئېتىپ بەرمەمدىغان.

سۇڭ چاۋيى خوتۇنى كۆڭۈل قويۇپ ئەتكەن مانتىنى سامساق تىلىمى چىلىنىپ يېشىل رەڭگە كىرىپ قالغان ئاچچىقسۇغا تەگكۈزۈپ يەۋاتقىنىدا كەيپىياتى ئوبدانلا بولۇپ قالدى. ئۇ شياۋلىغا:

— بىز مۇشۇ ئەۋلادلار ئۇچۇن ئېيتقاندا، غايە ۋە مەنىۋى ئىستەك ئىنتايىن مۇھىم، ئىنقىلابىي شوئارلاردىن غەيرىتىمىز ئۇرغۇيدۇ. بىز مۇشۇ ئەۋلادلار ئەنە شۇنداق ئۆسۈپ يېتىلگەنمىز، — دېدى.

— دادام ئۆزىنىڭ دۇنيا قارىشىنى ئۆزگەرتىشكە بەك ئەھمىيەت بېرىدۇ، — دېدى بىر ئۇستەلدە بىللە مانتا يەۋاتقان لوڭ لوڭ يامان غەرەزدە.

شياۋلى يەۋاتقان مانتىسىنىڭ يېرىمىنى چايناشتىن توختىتىپ، كىچىك تەخسىگە سېلىپ قويدى ۋە ئۇدۇلدا ئولتۇرغان لوڭ لوڭغا سىنچىلاپ قاراپ:

— سىزچۇ؟ — دېدى. ئۇ بۇ ئائىلىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىگە «سىز» لەپ گەپ قىلاتتى.

— مەن ھەرقانداق شوئاردىن بىزار، ھەرقانداق شوئارغا ئىشەنمەيمەن، ماڭا كېرىكى موتسىكلىت، ھاۋا تەڭشىگۈچ ۋە سىنئالغۇ ... — دېدى ئۇ، — موتسىكلىتقا ئىگە بولغاندىن كېيىن يەنە پىكاپ كېرەك. شاڭخەيدە چىقىدىغان «ئازادلىق» گېزىتىنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، ئىتالىيەدىن ئىمپورت قىلىنغان، ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسى بويىچە پولشادا ئىشلەنگەن «فىئات» ماركىلىق بىر تۇركۇم پىكاپنى شەخسلەرگە ھازىرلا سېتىپ بېرىدىكەن.

— قاراڭ، ئەنە شۇ دېگەنلىرىڭىزنىڭ ئۆزى شوئارغۇ!

موتسىكلىت، ماشىنا، هاۋا تەڭشىگۈچ، سىنئالغۇ ... دېگەنلەر هازىر قولىمىزدا يوق، شۇڭا ئۇلار مەۋجۇدىيەت ئەمەس، بەلكى شوئار، شۇنداق تۇرۇقلۇق هەرقانداق شوئاردىن بىزارمەن دەۋاتىسىز، — دېدى شىياۋلى ئىختىيارسىز هالدا چوكا بىلەن تەخسىنى تاكىلدىتىپ.

— ئۇنداقتا، سەن ئۆزۈڭچۇ؟ — دېدى لۇك لۇك ئەتەي سەنلەپ، — ساڭا ئۆي كېرەكمۇ ياكى شوئار؟ — ئۇ هاكاۋۇرلۇق بىلەن ئاغزىنى ئۇمچەيتىپ قويدى.

— ئەلۋەتتە ئالدى بىلەن ئۆي كېرەك، — دېدى شىياۋلى پىسىڭىدە كۈلۈپ، — سىز نەسىردىن ئەپەندىنىڭ هېكايىسىنى ئاڭلىمىغانمۇ؟ بىر باي ئەپەندىدىن ساڭا ئادالەت كېرەكمۇ ياكى ئالتۇن كېرەكمۇ دەپ سوراپتىكەن، ئەپەندى: باي غوجامغا كېرىكى ئادالەت، چۈنكى باي غوجامدا ئادالەت بەك ئاز. ئەپەندىگە كېرىكى ئالتۇن، چۈنكى ئەپەندى ئادالەتنى ياقلايدۇ، ئەپەندىدە ئەزەلدىن ئادالەت كەم بولماي كەلگەن، ئەمما ئۇنىڭدا ئالتۇن يوق دەپتۇ، — ئۇ سۆزى تۈگىشى بىلەن قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى، باشقىلارمۇ كۈلۈپ كەتتى.

— ئۇنداق بولسا دادامغىچۇ؟ دادامغا نېمە كېرەكتۇ؟ — دېدى لۇك لۇك تېخىچە تەن بەرگۈسى كەلمەي.

— بىلمەيمەن، — دېدى شىياۋلى باش چايقاپ، — سۇك چاۋيى مۇئەللىم بىزنىڭ پېشقەدىمىمىز، ئۇ ئالاهىدە دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى ... بۇگۈنكى مانتا بەك ئوخشاپتۇ!

سۇك چاۋيى گەپنىڭ تېگىدە گەپ بارلىقىنى سەزدى. ئۇ شىياۋلىنىڭ نەزىرىدە ئۆتكەن زامانغا مەنسۇپ كىشى بولۇپ قالغاندى. بۇ سەل ئېچىنىشلىق ئەھۋال ئىدى. سۇك چاۋيى لىق ۋىنو قۇيۇلغان رومكىنى كۆتۈرۈپ:

— شىياۋلىنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن كۆتۈرەيلى! — دېدى.

سۇك چاۋيى شۇنىڭدىن كېيىن سەل ئارام تېپىپ قالغاندەك

بولدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇ بۇنىڭدىن كېيىن سىخىي - مەردلىكىنى قولدىن بەرمەي، باشقىلارنى تاماققا تەكلىپ قىلىپ تۇرسا بولىدىغان ئوخشايدۇ. ئۇ قاتنىشىدىغان ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر كۆپ. بەلكى ھەممىسى زۆرۈر. ئۇ ئىجتىمائىي مەجبۇرىيەت تۇيغۇسى كۈچلۈك پۇقرا. ئۇ بارغانلا يېرىدە سۆزلەيدىغان، ماقالە يازىدىغان، مۇخبىرلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىدىغان، باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ۋە تەمىناتى ھەققىدە مۇراجىئەت قىلىدىغان بولدى. ھەمىشە شياۋلىنى مىسالغا ئالدى. شىنخۇا ئاگېنتلىقى شۆبىسىنىڭ مۇخبىرى دۇڭچۇەن شەھىرىدىكى تۇرالغۇ ئۆي شارائىتى ھەممىدىن ناچار بولغان شياۋلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يەتتە ئائىلىلىك باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچى خىزمەتچىلىرىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى توغرىسىدا بىر پارچە ئىچكى پايدىلىنىش خەۋىرى يازغانىكەن، سۇڭ چاۋيى بۇنىڭدىن بىر ھازاغىچە خۇش بولۇپ يۈردى. ئۇ بوش ۋاقتى چىقسىلا، جياڭ چۈن بىلەن پاراڭلىشىدىغان، ئىككىسى مېھمانخانىسىدا بىللە ئولتۇرۇپ چاي ئىچىدىغان ۋە مۇزىكا ئاڭلايدىغان بولدى. ئۇلار ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىنى ۋە جۇڭگو ئاياللار ۋالېبول كوماندىسىدىكى خۇيۇجۇنىڭ ھەل قىلغۇچ توپ ئۇرۇشىنى بىللە ئولتۇرۇپ كۆردى. ئۇلار ياش ۋە قېرى مېھمانلارنى بىرقانچە قېتىم كۈتۈۋالدى. سۇڭ چاۋيى ياشلار بىلەن پاراڭلىشىشنى ياقتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ياشلار بىلەن ياشانغانلار بىر - بىرىدىن ئۆگىنىشى لازىم، يالغۇز بىر تەرەپنىڭلا ئۆگىنىشى، ياردەم بېرىشى ۋە يېتەكلىشىنى تەكىتلەپ، ئىككىنچى تەرەپنىڭ جاسارىتى ۋە ئىجادىي روھىنىڭ تەسىرىنى تەكىتلىمىسە قاملاشمايدۇ. جياڭ چۈن مانتا ۋە شېكەر بىلەن قىيام قىلىنغان ياڭيۇ ياساشنى بىلەتتى، سۇڭ چاۋيى خېمىرنى پىلتە قىلىشنى ۋە بېلىقنى مايدا قورۇشنى بىلەتتى. سۇڭ چاۋيى تاشقى پېرېۋوت بىلىتىگە سېتىۋالغان چەت ئەل

هارىقىنى ۋە مۇھاجىرلار پېرېۋوتى بىلىتىگە سېتىۋالغان، دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن ياخشى ھارىقىنى مەردلىك بىلەن ئېلىپ چىقىدىغان بولدى. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى كۆڭۈللۈك ۋە بارغانسېرى ياخشى بولۇپ كەتتى. دۆلىتىمىزنىڭ ھەممە شەھەرلىرىدە ۋە ھەممە يېزىلىرىدا يېڭى ئولتۇراق ئۆي - بىنالار بارغانسېرى كۆپ سېلىنىپ، بارغانسېرى كۆپلىگەن ئاددىي كىشىلەر يېڭى ئۆيلەرگە كۆچۈپ كىرىپ، ئوبدان تۇرمۇشنى كەچۈرمەكتە. بۇ ياخشى ئەمەسمۇ؟ بۇ ناھايىتى ياخشى. سۇڭ چاۋيى سەمىرىشكە باشلىغانىدى.

بىرمۇنچە ئىشلار بەئەينى چاقماقتەك تېز يۈز بەرگىلى تۇردى. جياڭ چۇن بەزى ئىشلارنىڭ شەپىسىنى بالدۇر سېزىپ سۇڭ چاۋيىغا ئېيتسا، ئۇ مۇمكىن ئەمەس دەپ ئىشەنمەي: «ساۋاقدىشىمىزنىڭ يېزنە ئاتىسى بىزگە گاز ئىدىشى ھەل قىلىپ بەرگەنغۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە يېشىمۇ خېلى چوڭ، لۇڭ لۇڭ ئەمەلىيەتچىل بالا، ئەگەر ئۇنىڭدا ئاز - تولا رومانتىكىلىق روھ بولسا، ئۇنى تېخىمۇ ياخشى كۆرەتتىم - دە» ! دېدى.

شۇ گەپلەر بولغاندىن كېيىنكى يىلى بىر كۈز ئاخشىمى لۇڭ لۇڭ ئۆزىنىڭ بالدۇرقى قىز دوستىدىن ئايرىلىپ، شياۋلى بىلەن توي قىلماقچى بولغانلىقىنى ئاتا - ئانىسىغا رەسمىي ئۇقتۇردى.

سۇڭ چاۋيى بىلەن جياڭ چۇن بىر - بىرىگە قارىشىپلا قالدى. سۇڭ چاۋيى ئۆز ئۆيىدىكى چىراغ يورۇقىدا ئاقارغان تېرەك يوپۇرماقلىرىنىڭ بىر - بىرلەپ، شەپە چىقارماي يەرگە تۆكۈلۈۋاتقانلىقىنى دېرىزىدىن كۆردى.

— ئۇ مەندىن تۆت ياش چوڭ ئىكەن، يېنىنمۇ ماركستىن تۆت ياش چوڭ ئىكەندۇققۇ، — دېدى لۇڭ لۇڭ ئىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ.

ئاتا - ئانىسىنىڭ گەپ قىلماي جىم تۇرغانلىقىدىن سەل ئاچچىقى كەلگەن لۇڭ لۇڭ خىرىس قىلغاندەك ئاۋازدا:

— ئۇ ئەترەتكە ئورۇنلاشقان چاغدا بىر بالا تۇغۇپتىكەن، —

دېدى.

— كىمنى دەۋاتىسەن؟ — دېدى ئاتا - ئانىسى چۆچۈپ.

— كىمنى دەۋاتقانلىقىمنى ئېيتىڭلارچۇ؟

— بالا نەدە ئىكەن؟ — دەپ سورىدى ئاتا - ئانىسى تەڭلا.

— ئۇنداق ئىش يوقتۇ؟ — دېدى جياڭ چۈن بىر پەس سۈكۈت قىلغاندىن كېيىن ھەيران قېلىپ، — بۇ ئۆزۈڭنىڭ ئىشى. بىز ئارىلىشىپ باققىنىمىز يوق، بىزنىڭ بۇ ئائىلە دېموكراتىك ئائىلە. بىزنىڭ ۋەزىپىمىز سېنى ئېھتىياتچان بولۇشقا دەۋەت قىلىش. سەن ھازىرلىك ئۈستىدە ئېھتىيات بىلەن ئويلان، كەلگۈسۈڭ ئۈستىدىمۇ پۇختا ئويلانمىساڭ بولمايدۇ، بەلكى بالدۇرقى قىز دوستۇڭ توغرۇلۇقمۇ ئويلانمىساڭ بولمايدۇ. سەن ئۇياقتا ئەخلاق، ھېسسىيات دېگەندەك ھەممە جەھەتتىن قانداق جاۋابكار بولۇشۇڭنى بىلىشىڭ لازىم.

— مەن ئۇنىڭغا يۈز كېلەلمەيمەن، — دېدى لۇڭ لۇڭ.

— ئۇ زادى ساڭا نېمە يامانلىق قىلدى، — دەپ سورىدى سۇڭ چاۋيى تاقەتسىزلىك بىلەن.

— ھېچقانداق يامانلىق قىلغان يېرى يوق، ئۇ ھەممە ئىشتا ماڭا بويسۇناتتى، ئەدەپ - قائىدىنى بىلەتتى، يەنە تېخى پوپايكا توقۇيالايتتى، مەززىلىك توخۇ كاۋېپى پىشۇرالايتتى. ئۇ مېنى رازى قىلالايتتى، كەلگۈسىدە سىلەرنىمۇ رازى قىلالايتتى، — دېدى لۇڭ لۇڭ.

— بىز نېمە تەلەپ قويدۇق؟ بۇ ئۆزۈڭنىڭ قىلغان ئىشى، — دېدى سۇڭ چاۋيى ئىنكار قىلىش تەلەپپۇزىدا.

— شياۋلى ھېچ نېمە قىلالمايدىكەن، ئەمما مېنىڭ پۈتكۈل ھاياتىمنى ئۆزگەرتەلەيدىكەن ... سىز مېنى تۇزۇك چۈشەنمىگەن يەردە، شياۋلىنى تېخىمۇ چۈشىنەلمەيسىز - دە، — لۇڭ لۇڭ سۆزلەۋېتىپ كۆزلىرىگە ياش ئالدى. سۇڭ چاۋيى ھاڭ - تاڭ بولۇپ قالدى، ئۇ ئوغلىنىڭ بۇنداق ھالىتىنى ھېچقاچان كۆرۈپ باقمىغانىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سۇڭ چاۋيى بىلەن جياڭ چۈن كىچىچە تەشۋىشلىنىپ ياتتى، سۇڭ چاۋيى كارىۋاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ ئاسما سائەتنى جىرىڭلاشتىن توختىتىپ قويدى. ئۇلار ئەھۋالنىڭ ئوبدان ياكى ناچار بولۇشىنى، ياخشىلىقتىن ياكى يامانلىقتىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى بىلەلمەيۋاتاتتى، ئەمما ئۇلارنىڭ بۇ ئىشنى زادى ئۆزگەرتىپ بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى.

— ھەي، شۇ شياۋلىنىڭ ئىشىمكىن ... — دېدى سۇڭ چاۋيى غودۇڭشىپ.

— شياۋلىنىڭ نېمە ئىشى؟ — دەپ سورىدى جياڭ چۈن.

— ئېھتىمال ناكەسلەرچە ئويلاۋاتقاندۇرمەن، بىراق ھازىرقى ئىجتىمائىي كەيپىيات ھەققىدە بىر نېمە دېمەك ھەقىقەتەن تەس ...

— ئەجەب دۇدۇقلاپ كەتتىڭىزغۇ ! — دېدى جياڭ چۈن.

— شياۋلىنىڭ ئۆيىمىزگە كۆزى چۈشكەنمىكىن دېمەكچىمەن ... — شۇ گەپلەر ئاغزىدىن چىقىشى بىلەنلا سۇڭ چاۋيى ئىزا تارتىپ بويىنىغىچە قىزىرىپ كەتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇنداق پەسكەش خىيالدا بولۇشىنى ئويلاپ باقمىغانىدى.

جياڭ چۈن ئويلىنىپ ئولتۇرماي:

— لۇڭ لۇڭ ئۇنى راستلا سۆيگەن بولسا، بەخت دېگەن شۇ، — دېدى، — شۇڭا مەنمۇ ئۆزۈمنى بەختلىك ھېسابلايمەن، — جياڭ چۈن سۆزلەۋېتىپ ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ يىغىسىدىن سۇڭ چاۋيى خىجالەت بولۇپ كىرىۋېلىشقا يەر تاپالماي قالدى.

لۇڭ لۇڭ يۇرگەن بالدۇرقى قىز دوستىنىڭ شىرەم تۇغقان چوڭ دادىسى كەلدى، بۇ بوۋايمۇ ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ، كۆپ جاپا چەككەن كەمتەر كىشى ئىدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇ جىيەن قىزىنىڭ مۇھەببەت تۇرمۇشىدا ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى ئاڭلاپ ئۆزى كەپتۇ، كېلىشىدە جىيەن قىزىنىڭ تەرىپىنى قىلىش ئويىمۇ يوق ئىكەن. ھېلىمۇ ياخشى، ئۇلار بۇرۇندىنلا

تونۇش ئىدى. ئۇنىڭ جىيەن قىزى ياش، چىرايلىق، ئائىلە ئەھۋالى ئوبدان، مىجەزى ياخشى، يىگىت تاپالماي قېلىشتىن غەم قىلمايدىغان قىز ئىكەن. قىزنىڭ بۇ چوڭ دادىسى لۇڭ لۇڭنى چۈشىنەلمەي قاپتۇ، ئەگەر لۇڭ لۇڭ باشقا بىر پەرىزات مەلىكىنى تېپىۋالغان بولسا، لۇڭ لۇڭنى تەبرىكلەيدىكەن، خالاس. ئەمما ھازىر ... لۇڭ لۇڭ زادى نېمە بولغاندۇ؟ ئۇنى دوختۇرغا كۆرسىتىپ روھىي جەھەتتىن داۋالىتىش لازىممۇ، يوق؟ ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق تەتۈرلۈك دېگەن ئەنە شۇ ئەمەسمۇ؟

سۇڭ چاۋيى گەپ قىلمىدى.

— توغرا، — دېدى جياڭ چۈن باش لىڭشىتىپ، — بەك ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولدى، جىيەن قىزىڭىزغا يۈز كېلەلمەيمىز. بىز ئىمكانىيىتىمىزنىڭ بارىچە تىرىشىپ باقساق، لۇڭ لۇڭ بىلەن سۆزلىشىپ باقساق بولىدۇ. ئەمما، گەپنىڭ راستىنى قىلماي بولمايدۇ، لۇڭ لۇڭنىڭ پوزىتسىيەسى بەك قەتئىي، كۆزىتىشىمىزچە بۇ ئىشنى ئوڭشاش تەس ئوخشايدۇ، ھەي!

جياڭ چۈن بىلەن سۇڭ چاۋيى ئاشۇ گەپلەرنى لۇڭ لۇڭغا ئېيتتى، تەتۈرلۈك دېگەننىمۇ سۆزلىدى. لۇڭ لۇڭ بېشىنى تۆۋەن سېلىۋىدى، سۇڭ چاۋيى 26 ياشقا كىرگەن، تېخى توي قىلمىغان ئوغلىنىڭ بېشىدا ئىككى تال ئاق چاچ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، چۆچۈپ كەتتى! ئۇ ئادەتتە تىكەندەك يالغۇز ئوغلىنىڭ چېچى ئاقىرىشىغا پەرۋا قىلمايدىغان ۋە ئۇنى كۆرۈشنىڭ ھاجىتى يوق دەيدىغان ھېسسىياتتا ئىدى. گويا ھازىرقى ياشلارنىڭ چېچى ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭكىدىن ئاسان ئاقىرىدىغاندەك ئىدى! بۇنىڭغا بەلكى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ شوئارغا ئىشىنىدىغانلىقى، ياشلارنىڭ ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدىغانلىقى سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن ... لۇڭ لۇڭنىڭ دادىسى قەيت قىلغان شاللاقلىق ۋە شەخسىيەتچىلىكمۇ ياشلىقتىكى، ھاياتتىكى ۋە روھىيەتتىكى ھەقىقىي ھەم ئېغىر ئازابلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندۇر بەلكى!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— راست تەتۈرلۈك قىلدىم، — دېدى ئوغلى بېشىنى كۆتۈرۈپ ۋە كۆزلىرىنى چاقنىتىپ، — مەن بارغانسېرى چۈشىنىپ يېتىۋاتىمەن. ئىنساننىڭ تەبىئىتىگە خاس شۇنداق بىر تەتۈرلۈك باركى، ئۇ سىزنىڭ ماتەم مۇراسىمىڭىزنىڭ ئۆتكۈزۈلۈش ۋاقتى تېخى يېتىپ كەلمىگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ، — ئۇ ئاۋازىنى پەسەيتىپ گېپىنى داۋام قىلدى، — ھەقىقىي تەتۈرلۈككە ياتىدىغان ئىش تېخى ئالدىمىزدا، مەن شياۋلى بىلەن چىڭخەيدىكى يۈشۇ زاڭزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن شۇ يەرگە بېرىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش قارارىغا كەلدىم. ئۇلار بىزگە بىر دەرىجە مائاش قوشۇپ بېرىشكە، يەنە بىرمۇنچە قوشۇمچە ياردەم بېرىشكە ماقۇل بولدى، ئۇلار بىزگە ئۆي بېرىدىكەن. بىز يالغۇز ئۆيگە ئىگە بولۇش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدىكەنمىز.

ئارىنى بىر پەس جىمجىتلىق باستى.

— چوڭ ئاپاڭدىن كەلگەن خەتتە ...

— ناھايىتى ياخشى، مېنىڭ ئۈچ يىلدىن كېيىن ئامېرىكىغا بېرىش ئويۇم بار، ئەڭ ياخشىسى شياۋلى بىلەن بىللە بارسام دەيمەن. بىز يۈشۇ ئاپتونوم ئوبلاستى بىلەن ئۈچ يىللىق توختام تۈزدۇق، — دېدى لۇڭ لۇڭ.

— چىڭخەيگىمۇ، ئامېرىكىغىمۇ بارىمەن دېگىنە؟

— مۇكاپاتقا ئېرىشكەن كىنولارنىڭ ۋە نەمۇنىلىك ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەپەككۇر قىلىشى بويىچە، بۇ ئوت بىلەن سۇدەك چىقىشالمايدىغان ئىش، ئەلۋەتتە. ئۇنىڭدىن كېيىن ... جەنۇبىي قۇتۇپقا بېرىشنىمۇ ئويلاۋاتىمىز.

بۇ بەلكىم چۈشەكەش بولسا كېرەك. چۈش دېگەنمۇ كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغۇ؟ ياشلارغا چۈشەكەش ھوقۇقىنى بېرىش كېرەك! ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېگىزلىك شاملى ھەقىقىي شامال. ئېگىزلىك شاملىنىڭ قانچىلىك كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان سۇڭ چاۋيى بىلەن جياڭ چۈننىڭ كۆكرىكىدە

قانداقتۇر بىر قاتتىق نەرسە ئېرىۋاتقاندەك، قىزىۋاتقاندەك بىلىندى.

مىڭ تەسلىكتە ئىگە بولغان ئۆيىنىڭ ئۇلىدا يەر تەۋرەشكە باشلىغاندى.

— ناھايىتى ياخشى ... سىلەر ... بىزنىڭ ... ياش چاغلىرىمىزدىكىدەك.

— دۇرۇس، بىز ئاللىقاچان ياشىنىپ قالدۇق. بۇ راست، — سۇڭ چاۋىنىڭ كۆڭلى بەكلا يېرىم بولدى. ئۇ ئوغلىنى سۆيۈپ قويدى، ئوغلى ئورۇقلاپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ بولسا، ئۆزى كۇندىن - كۇنگە سەمرىپ كەتسە، كىشى بىئارام بولىدىغان گەپتە. يېقىندىن بۇيان ئۇنىڭ بېشى قېيىپ، قۇلىقى غوڭۇلدايدىغان بولۇپ قالغاچقا، تيەنما تابلېتكىسى ۋە مېھرىگىياھ ھەسەل مەلھىمىنى يېگەن بولسىمۇ، شىپالىق تاپالمىدى. ئىچكى كېسەللىكلەر دوختۇرى: «مېنىئېر يىغما كېسىلىگە گىرىپتار بوپسىز» دېدى. مېڭە تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمى ئۇنىڭ ئۆسمىسىنى تەكشۈردى. سۆڭەك كېسەللىكلىرى بۆلۈمى ئۇنى رەسىمگە چۈشۈپ ئومۇرتقىسىنى تەكشۈرتۈشكە بۇيرۇدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ بىئاراملىق ۋە قاتمۇ قات كۆلپەت قاپلىغان روھىي دۇنياسىدىكى ئازابلارنى، ھاياتىغا ياندىشىپ تۇرغان ئوت - يالقۇن كەبى تاقەتسىزلىكنى قوبۇل قىلىشقا قادىر ئىدى. ئۇ ئۆلسە كۆزى ئوچۇق كېتىش دېگەننى زادىلا ئويلاپ باقمىغانىدى. ئۇنىڭ يەنە تەتۈرلۈك قىلىشى، ئەخمىقانە ئىشلارنى قىلىشى مۇمكىن ئىدى.

ئۇ ئوغلىنى ۋە كەلگۈسىدىكى كېلىنىنى چاقىرىۋاتقان ئېگىزلىك شامىلىنىڭ يۇرىكىدە گۈركىرەپ چىقىۋاتقانلىقىنى سەزمەكتە ئىدى.

ئەخمەت ياسار تەرجىمىسى

# ناخشا پىرى

ۋاڭ مېڭ

## 1

ئىچىمىزدىكى خاپىلىقنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ كۆزنىڭ گۈگۈم پەردىسىگە ئورالغان ئېتىز ـ داللاردىكى ھەممە نەرسە شۇنچە گۈزەل ۋە يېقىملىق ئىدى!

ئولتۇرۇۋاتقان كۈننىڭ نۇرى چوڭ يول ياقىسىدا بىمالال ئىرغاڭلاپ تۇرغان تېرەكلەرنىڭ ئۇچىغا ئالتۇن ھەل بەرگەن ھەمدە شۇ تېرەكلەرنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن بەسلىشىپ بوي تارتقان باراقسان شاخلىرى ئارىسىدىن ئويناقلاپ ئۆتۈپ كۆزگە ئوسا قىلىنىۋاتقان يەرلەرگىچە سوزۇلغان چوڭ ئۆستەڭگە چۈشكەن. ئۆستەڭ سۈيى ئاشۇ كۈن نۇرىدا تاۋلىنىپ ئاقاتتى. ئۆستەڭ ۋە يول بويىدىكى قېلىن چۆپلەر ئارىسىدىن تۇرۇپ ـ تۇرۇپ بوينىنى سوزۇپ ئەتراپقا قاراپ قويىدىغان بىرنەچچە ئۆچكە ۋە ئېشەكنىڭ بېشى كۆرۈنەتتى. ياخشى تائام ۋە بىكارچىلىق تۈپەيلىدىن بۇ جانىۋارلار سۆلەتمەن بىغەم ۋە سالاپەتلىك بولۇپ كەتكەنىدى. تاشيولدىن پات ـ پات يۈك ماشىنىلىرى ئۆتەتتى، بارغانسېرى سۇسلىشىۋاتقان قۇياشنىڭ قىزغۇچ شولىسى كابىنكىنىڭ ئەينەكلىرىدە لىپ ـ لىپ قىلىپ ئەكس ئېتەتتى. ئورمان بەلبېغىنىڭ ئۇ قېتىدىكى توپا يولدا قاتتىق چېكىلىك شەپكىسىنى قىڭغىر كىيىۋالغان بىر پادىچى بالا ئەزالارنىڭ سېيىرلىرىنى مەھەللىگە ھەيدەپ بارماقتا. سېيىرلار «ئۆيلىرى»گە يېقىنلاشقانسېرى جانلىنىپ مۆرىشەتتى ۋە تومپايغان قورسىقى بىلەن ساغرىسىنى قاتتىق سىلكىپ

قەدەملىرىنى تېزلىتەتتى. يېزا يولى چاڭ ـ توزانغا پۈركىنىپ كەتكەنىدى.

يول ۋە ئورمان بەلبېغىنىڭ يەنە بىر تەرىپى كەڭ ھەم چىرايلىق ئېتىز بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۆسكەن كۆممىقوناقلار خۇددى قاتىرىسىغا قول تۇتۇشۇپ تۇرغان قىزلارغا ئوخشايتتى. ئۇلارنىڭ نەم ۋە خۇش پۇرىقى بىلەن كىشىنىڭ بۇرنىنى غىدىقلايدىغان، ساپ ۋە قويۇقلۇقى بىلەن كىشىنى كەيپ قىلىدىغان ھىدى كۈزنىڭ لەرزان شامىلى بىلەن دىماغقا ئۇرۇلاتتى.

ئاسمانغا باققان نازۇك ۋە جىلۇۋىلىك كۆك يوپۇرماقلار ئارىلىرىدا قىزىل، سېرىق چېچەكلىرى ئېچىلىپ تۇرغان كەڭ بېدىلىك كۆممىقوناقلىقا ياندىشىپ تۇرىدۇ. بۇ تازا ئۇچىنچى ئورما ۋاقتى ئىدى. چالغا چۈشۈپ بولغان يەرلەردە بېدە ئۇنچىلىرى چېچىلىپ ياتىدۇ. ئۇلار يېقىملىق، شېرىن ۋە قويۇق پۇراق چاچىدۇ.

كائىنات سۈكۈت ئىچىدە ئۆز تۇسىنى ئۆزگەرتمەكتە. بۇ دەل ئىسسىق ھاۋا سوغۇققا ئالمىشىۋاتقان پەيت ئىدى. ھاۋامۇ، ھارارەتمۇ، چاڭ ـ توزانلارمۇ ۋە ئېتىز ـ ئېرىقتىكى جىمى نەرسىلەرمۇ بىر ئۆرلەپ، بىر پەسىيىپ، بىر چايقىلىپ، بىر تىنچىپ تۇراتتى...

ئېتىزنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى ئورمان يېنىدا بىز ئۇچەيلەن كۈزنىڭ قېلىن ئوت ـ چۆپىنى دالدا قىلىپ، كەچكى شەپەقنىڭ ئالتۇن نۇرىغا چۆمۈلۈپ، بىر ـ بىرىمىزگە قاراپ باداشقان قۇرۇپ ئولتۇراتتۇق.

ئالدىمىزدا چىرايلىق ماركا چاپلانغان بىر شېشە «ئىلى چەمبىرەك» ھارىقى، داستىخان ئورنىدا يېيىلغان قول ياغلىق ئۈستىگە بىرنەچچە تال تەرخەمەك، كەمپۈت ۋە پاكىز قىلىپ سويۇلغان بىر دانە ۋېلىسىپىت قوڭغۇرىقىنىڭ قاپقىقى قويۇلغان. بۇ بىزنىڭ زاكۇسكىمىز بىلەن رومكىمىز ئىدى.

ئىنىمنىڭ چىرايىدا نېمە ئۈچۈندۇر ئادەتتە كۆرۈلمەيدىغان

www.uyghurkitap.com

شادلىق ئالامىتى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. مەن ئۇنى ئىزدەپ بۇ يەرگە كەلگىنىمدە، ئۇ ھودۇقۇپ، خىجىل بولۇپ، يالۋۇرۇش نەزىرى بىلەن ماڭا قارىغان چاغدىمۇ كۆز ھەرىكىتى، پۈتۈن تەقى - تۇرقى بىلەن مېنىڭ قارشى تەرىپىمدە ئولتۇرغان ناتونۇش ئادەمگە زور ھەۋەس بىلەن ھۆرمەت بىلدۈرۈشنى ئۇنتۇمىغانىدى.

ئۇزۇن يىل تۇتۇلغان تەمبۇرنى تىزىغا قويۇپ ئولتۇرغان بۇ ياش ئادەمنى مەن بىر يەردە كۆرگەندەكلا قىلىمەن. ئۇ ئېگىز بوي ھەم ياداڭغۇراق بولسىمۇ، ناھايىتى قاۋۇل ئىدى. چېچى بۇدۇر، بۇرنى قاڭشارلىق بولۇپ، توم، قويۇق كىرپىكى ئاستىدىكى بىر جۈپ كۆزى ئىللىق، ئويچان، جەسۇر ۋە مۇلايىم پارقىراپ، ئاللىقاياقلارغا تىكىلىپ خىيال سۈرۈۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. مەن ئەسلىدە ئىنىمنى كەلسە - كەلمەس ئادەمنىڭ كەينىگە كىرىپ يۈرسەن دەپ كايىش ئۈچۈن ئىزدەپ كەلگەنىدىم. ئاچچىقىم بەئەينى توغاننى ئۆرۈۋېتەي دەپ تۇرغان كەلكۈن سۈيىگە ئوخشايتتى، لېكىن بۇ ناتونۇش ئادەمنىڭ كۆزلىرى مېنى تىنچىتتى، تىنچىتتىلا ئەمەس، بەلكى كۆڭلۈم تارتمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىززىتىنى قىلىپ بىللە ئولتۇرۇشقا ئۈندىدى.

ئىنىم شېشىنى ئېلىپ، سەرەڭگە چېقىپ ئاغزىدىكى پېچەتنى كۆيدۈردى. لاپپىدە يانغان كۆكۈچ يالقۇن كۆيۈپ بولغاندىن كېيىن، چىشى بىلەن شېشىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، ۋېلىسىپىت قوڭغۇرىقىنىڭ قاپقىقىغا ئاززاق ھاراق قۇيدى - دە، مېنىڭ تۈرۈلگەن چىرايىمغا ئوغرىلىقچە لاپپىدە قاراپ قويۇپ ئىتتىكلا ئاغزىغا ئاپىرىپ ئىچىۋەتتى. ئاندىن شېشىدىكى ھاراقنى «قەدەھ»گە بۇلدۇقلىتىپ توشقۇزۇپ قۇيۇپ، ئىززەت - ھۆرمەت بىلەن ناتونۇش ئادەمگە سۇندى.

ناتونۇش مېھمان «قەدەھ»نى ئىنىمنىڭ قولىدىن ئېلىپ ماڭلىيىغىچە كۆتۈرۈپ:

— ماڭا كەلدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— خوش، ئېلىك، — دېدىم مەن ئەتەي باشقا ياققا قاراپ. ئەمەلىيەتتە مەن ئۇنىڭدىن دىققەت - نەزىرىمنى ئۈزمىگەنىدىم. ئۇ هاراقنى ئادەتتىكى يىگىتلەرگە ئوخشاش بىردىنلا گۇپپىدە قىلىپ ئىچمىدى، بەلكى «قەدەھ»نى كالپۇكىغا تەگكۈزۈپ ئاللىقانداق خىيالغا چۆمدى، ئىچىشكە پېتىنالماي، بىرئاز خىجىل بولغانىدەك قىلىپ هاراقنى پۈراپ قويدى، ئاندىن ئالدىرىماي، ئاۋاز چىقارماي سىلىققىنا يۇتتى.

ئۇ بوشىغان «قەدەھ»نى رەسمىيەت بويىچە ئىنىمغا ياندۇرۇشنىڭ ئورنىغا ئۆزىنىڭ ئالدىغا قويۇپ، تىزىغا قويۇلغان تەمبۇرنى ئالدى - دە، پەدىسىنىمۇ تەڭشىمەي، گويا يازنىڭ ئۆتكۈنچى يامغۇرىدەك تىرىڭلىتىپ چېلىشقا باشلىدى.

بۇ چاغدا ئىنىم ئاستا ئېگىلىپ قۇلىقىمغا:

— بۇ، ئەكرەم دېگەن كىشى بولىدۇ. ئۆزى سالچى، بۇرۇن تېكەس ئورمانچىلىق مەيدانىدا ئىشلىگەن، كېيىن تىيانشان ئوركېستىرىغا تاللىنىپ ئەكېتىلگەن، ئۇ يەردە بىر - ئىككى ئاي ئىشلە - ئىشلىمەيلا يۇرتىنى سېغىنىپ قايتىپ كەلگەن، هازىر چاپچال ئورمانچىلىق مەيدانىدا... — دەپ تونۇشتۇردى.

— قاچقۇن ئەمەستۇ؟ — مەن قاپىقىمنى تۈرۈپ ياقتۇرماي سورىدىم ئىنىمدىن.

مېنىڭ بۇ قوپال سوئالىمدىن ئىنىمنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى، هېلىمۇ ياخشى ئەكرەم هېچنېمىنى بايقىيالماي قالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى يېرىم يۇمۇقلۇق ئىدى، بارماقلىرى ئىنتايىن ئەپچىل ۋە ماهىرلىق بىلەن هەرىكەتلىنەتتى. تەمبۇر تارلىرىدىن ئۇرغۇپ چىققان مەيىن شامالدەك نازۇك ئاۋاز دولقۇنلىرى كەڭ يايلاقلارنى كېزىپ، يوگۇرۇك ئاتلاردىن ئۆزۈپ، تاغ، جىلغىلاردىكى بولاقلارنى ئەگىپ ئۆتۈپ، ئوقتەك ئۇچۇپ كېتىۋاتقان ئالتۇن كېيىكلەرگە يېتىشەتتى...

ئىنىم ئۆز دوستىنى ئاقلاپ ماڭا:

— ئېلىلىق ئادەم يات يۇرتلارغا كۆنەلەمدۇ؟ بۇ يەرنىڭ

ئاسمىنىدىن، يايلىقىدىن، ئۆركەشلەپ ئاققان دەرياسىدىن ئايرىلىشقا ئۇنىڭ كۆڭلى قىيمىغان ـ دە، ـــ دەپ پىچىرلىدى.

مەن ھېچنېمە دېمىدىم.

خۇددى يازنىڭ راسا دىمىق كۈنلىرى دەرەخ يوپۇرماقلىرىنىڭ شىلدىرلىشى نېمە سەۋەبتىن شىلدىرلىغانلىقىدىن قەتئىينەزەر، كىشىگە ھامان ھۇزۇر بېغىشلىغاندەك، تاتلىققىنا ئۇخلاۋاتقان بوۋاق بىراۋنىڭ ئىسسىق مېھرى بىلەن ئەركىلەتكىنىنى سېزىپ كۆزىنى ئاچقاندا، ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىگە ئېگىلىشىپ تۇرغان ئانىسىنىڭ مېھرىبان تەبەسسۇمىنى كۆرگىنىدەك، ئەكرەمنىڭ سازىمۇ خالىغان ـ خالىمىغانلىقىدىن قەتئىينەزەر، مېنى جەلپ قىلىشقا باشلىدى.

يول بويىدا ئۆچكە يېتىلىگەن، بېشىغا چىرايلىق يىپەك ياغلىق ئارتقان يالاڭ ئاياغلىق بىر قىزچاق پەيدا بولدى، ئۇ ئۆچكىسىنىڭ بوينىغا باغلانغان ئارغامچىنى تۇتقىنىچە تۇرۇپ قالدى. روشەنكى، چېلىنىۋاتقان ساز ئۇنىمۇ جەلپ قىلغانىدى.

ئەكرەم بىرنەرسىنى ئېسىگە ئالدى بولغاي، كۆزىنى ئاچتى، چېلىشنى توختىتىپ قوڭغۇراق رومكىنى ئىنىمغا قايتۇردى.

ھاراق نۆۋىتى ماڭا كەلگەندە، مەن ئازراقلا سۇمۇرۇپ ئەكرەمگە تۇتتۇم. راستىمنى ئېيتسام، بۇ مېنىڭ بۇنداق «زىياپەت»كە نائىلاج تۇتۇلۇپ قالغىنىمغا بولغان نارازىلىقىمنىڭ ئىپادىسى ئىدى.

ئەكرەم سۇنغان ھارىقىمنى ئىچتى. قەدەھ ئۈچ قېتىم ئايلانغاندىن كېيىن ئۇ كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئويغا چۆمدى. سەل ئۆتكەندىن كېيىن، بىردىنلا كۆزلىرىنى ئېچىپ گويا ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى، ناخشىنىڭ رىتىمىمۇ يوق دېيەرلىك ئىدى، بۇ ناخشا خۇددى جانلىنىپ ئۆسۈۋاتقان ئوت ـ چۆپلەرگە، ئۇنسىز ئېچىلىۋاتقان غۇنچىلارغا، چۈشەپ قويۇلغان ئاتنىڭ ئۆزى ئىختىيار قىلغان يەردە ئوتلاۋاتقىنىغا، كېچىسى قىرغاققا ئۇرۇلۇۋاتقان دولقۇن ئۈستىدە

لەيلەپ تۇرغان قېيىققا ئوخشاش، كىشىنىڭ كۆڭلىگە يېقىملىق ھېسسىيات ۋە گۈزەل ئارزۇلارنى بەخش ئېتەتتى. بارا - بارا پايانسىز يايلاق گۈل - چېچەككە تولدى، ئاتلار قۇيۇندەك چېپىپ، ساللار دەريا قاينىمىدا بىر ئۆرلەپ - بىر چۆكۈشكە باشلىدى. مەن ھاڭ - تاڭ قېلىپ خۇدۇمنى يوقىتىپ قويدۇم، ئۆزۈمنى گويا قېيىدىغان، ئانىسىنىڭ ئەركىلىتىشىدىن بويۇن تولغاپ ئۆزىنى قاچۇرغان، لېكىن چېچىنى تارىغان، ماڭلىيىنى، يۈز، كۆزىنى ۋە بويىنىنى سىلىغان ئانىسىنىڭ مېھرىبان قولىغا ئاخىر بويسۇنۇپ، ئانا قۇچىقىدا تاتلىققىنا ئۇخلاپ قالغان تەنتەك بالىدەك ھېس قىلدىم.

تۇيۇقسىز كۆتۈرۈلگەن جاراڭلىق ئاۋاز خىيالىمنى بۆلۈۋەتتى. ئەكرەم بېشىنى سىلكىپ، ئوڭ قولىنى قۇلاق تۈۋىگە قويۇپ ئاسماندىكى تۇنجى يۇلتۇزغا قاراپ، بايىقىغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان، خۇددى باشقا بىر ئالەمدىن كەلگەن جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى. بىردىن كەلكۈن سۈيى توغاننى ئۆرۈدى، تاغۇدالا باھار چېچەكلىرىگە پۈركەندى، چىرايلىق ياسانغان ئۇيغۇر قىزلىرى ئۇسسۇلغا چۈشتى، سوزۇلغان قىزىل دانلار ئۈستى - ئۈستىلەپ چەشكە چۈشۈشكە باشلىدى، ئەكرەمنىڭ ئاغزىدىن، كۆڭۈل - كۆكسىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان ئاۋاز دولقۇنى ھاۋا بوشلۇقىدا بىر ھېكمەتلىك روھ بولۇپ جەملىنىپ، كۆك ئاسماننى، ئاينى، تاغۇدەريالارنى كېزىشكە باشلىدى. مەنمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئېگىزدىن - ئېگىزگە كۆتۈرۈلۈپ، پەرۋاز قىلىشقا باشلىدىم، ئانا يۇرتۇمنىڭ شۇ قەدەر كەڭ ۋە ئازادىلىكىنى، ئىلى دەرياسىنىڭ شاۋقۇن سېلىپ بەيگىگە چۈشكەنلىكىنى، تىيانشاننىڭ قېلىن ۋە ياپيېشىل قارىغايلىق ئورمانلىرىنى، مەخمەلگە پۈركەنگەن زېمىندىكى گۈل دېڭىزىنى كۆردۈم...

قانچە ۋاقىت ئۆتتىكىن، بىلمەيمەن، كۆكۈچ ۋە قىزغۇچ يۇلتۇزلار ئۆزئارا بەسلىشىپ ئۈستىمىزگە كېلىپ بىزنى

ماراييتتى، زوق بىلەن ئاڭلىغان ناخشىمىزدىن ھاياجانلىنىپ توختىماي تىترەيتتى. ئېتىزدىكى زىرائەتلەر، يول بويىدىكى تېرەكلەر قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ھەيران بولۇپ قېتىپ قالغانىدى. شامالمۇ نېرى كېتىشكە كۆڭلى ئۇنىماي ئەتراپىمىزدا ئايلىنىپ يۈرەتتى.

مەن ناخشا توختىغاندىلا چوڭقۇر بىر نەپەس ئالدىم، ئىنىم يەردە دۈم يېتىپ يىغلايتتى، يول ئۈستىدىكى قىزچاق ئۆچكىسىنى بويىنىدىن قۇچاقلىغان ھالدا ئۆيىگە قايتىشنى ئۇنتۇپ قالغانىدى. مەنمۇ چوڭقۇر خىيالغا چۆمدۈم، رەھمەتلىك ئانام، ھېچكىمگە سەزدۈرمىگەن تۇنجى مۇھەببىتىم، ئالىملارنىڭ چېچەكلىشى، پۈرچاقلارنىڭ دان تۇتۇشى ۋە كەلمەسكە كەتكەن باللىق كۈنلىرىم كۆز ئالدىمغا كېلەتتى. مېنىڭ بىرنەچچە ئېغىز سۆز قىلغۇم بار ئىدى، لېكىن ئەكرەم كېتىپ قالغانىدى...

— قالتىس ئېيتىۋەتتىڭغۇ، نېمىشقا شۇنداق؟

— ئۇ ئەزەلدىنلا ئۇستا ناخشىچى... ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر بىر قىز بىلەن يۈرۈۋاتىدۇ... — ئون ئالتە ياشلىق بىر نەۋرە ئىنىم قىزنىڭ گېپىنى چىقىرىپ قىزىرىپ كەتتى. لېكىن، مېنىڭ چىرايىمدىن ئۇنى كايىيدىغان ياكى سۆزىنى رەت قىلىدىغان ئالامەتنى كۆرمىگەچكە، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئەكرەم ئايدىنئاق دېگەن بىر قازاق قىزىغا ئاشىق بولۇپ قالدى.

— ئايدىنئاق، نېمىدېگەن ياخشى ئىسىم! بىزنىڭ تىلىمىزدا ئاق دېگەن سۆز گۈزەللىك، پاكلىق ۋە ئاق كۆڭۈللۈكنىڭ سىمۋولى، قازاقلار خىلمۇ خىل ياخشى ئىسىملارنى تېپىپ قويۇشقا ھەقىقەتەن ماھىر. مەن تاغامنىڭكىدە يازلىق تەتىلنىلا ئۆتكۈزسەممۇ، بىراق ئىلى دەرياسى بويىدىكى بۇ چۇپان قىزنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولدۇم. ئۇنىڭ چىچى قارا، مەڭزى قىزىل ۋە يۇملاق ئىدى. مەسۇمە، تەسىرلىك كۆزلىرىدە تۇرۇپ - تۇرۇپ ھەسرەت ئالامىتى كۆرۈنەتتى. بىركۈنى مەن ئۇنىڭ كىگىز

ئۆيىدە مېھمانمۇ بولدۇم. ئۇ ماڭا غەزەپ بىلەن ھۈرپەيگەن ئىتىنى چاقىرىۋېلىپ، مېنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى. ئاندىن ئۇنچىقماي چاي قايىنىتىپ، داستىخان سېلىپ، كەڭتاشا مېھمان قىلدى. ئەمما، باشتىن ـ ئاخىر ماڭا بىرەر قېتىممۇ توغرىدىن ـ توغرا قارىمىدى.

مەن ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى، شۇ سەۋەبتىن ئۆگەي ئاكىسىنىڭكىدە كۈن ئېلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، بۇ ئاكىسىنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن ئوغرى، قىمارۋاز ۋە ھاراقكەش ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم خېلىغىچە بىئارام بولۇپ يۈردى.

ئەمما، مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، بەخت قۇشى ئۇلارنىڭ بېشىغا قونىدۇ، ئەكرەمنىڭ ياشلىقىنى، شادلىقىنى ۋە مۇھەببىتىنى ھېچقانداق كۈچ يېڭەلمەيدۇ.

بۇ مېنىڭ شۇ چاغدا ئويلىغانلىرىم ئىدى. 1961 ـ يىلى سېنتەبىردىن كېيىن، مەن ئۇرۇمچىدىكى مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىغا قايتىپ كەتتىم.

## 2

كېيىنكى يىلنىڭ يازلىق تەتىلىدە مەن تاغامنى ۋە تارتىنچاق ئىنىمنى يوقلاشقا، ئۇ يەردىكى تېرەكلىكنى، بېدىلىكنى زىيارەت قىلىشقا بارالمىدىم. 1962 ـ يىلى يازدا بىز پىراكتىكانت سۈپىتىمىز بىلەن يېزا ـ قىشلاق داۋالاش ئەترىتىگە قاتنىشىپ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى يەكەن دەرياسىنىڭ نېرىقى بويىغا جايلاشقان مەكىت ناھىيەسىگە باردۇق. ئېيۇلنىڭ ئاخىرى، داۋالاش ئەترىتىنىڭ مەسئۇلى مېنى دورا ۋە بىر قىسىم داۋالاش ئەسۋابلىرىنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن قەشقەر شەھىرىگە ئەۋەتتى. سەپىرىم بەڭباش يەكەن دەرياسىغا كەلگەن كەلكۈن مەزگىلگە توغرا كەلدى. كېمە ماڭالمىغاچقا، دەريا بويىدا باشقا يولۇچىلار

بىلەن بىللە يەتتە سائەت تۇرۇپ قالدىم. شۇڭا، قەشقەرگە يېتىپ بارغىنىمىزدا ئاللىقاچان قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەنىدى.

تەكلىماكان چۆلىنىڭ غەربىي جەنۇبىنى ياندىغان بۇ يولدا تومۇز مەزگىلىدە سەپەر قىلىشنىڭ جاپاسىنى چەتنىڭ ئادەملىرى ھېس قىلالمايدۇ. پۈتۈن ئالەم خۇددى كۆيۈۋاتقان تونۇرنىڭ ئۆزى بولۇپ كەتكەن، كۈن نۇرىدا قىزىغان تاشلار قولنى كۆيدۈرۈپ تاشلايتتى. سورۇلغان قوقاسقا ئوخشايدىغان چاڭ - توزانلار جىمى يەرنى قاپلىۋالغان. كۈنىنىڭ ئىسسىقىدىن، ھەتتا چىۋىنلارمۇ ئۇچالمايتتى. قورساقنىڭ ئاچلىقى، ئۇسسۇزلۇق ھەم ئىسسىقتىن ھەممىمىز ماغدۇردىن كەتتۇق. چىلىق - چىلىق تەرگە تويپا - چاڭ قوشۇلۇپ، بەدەنگە بىر قات مەينەت ماي سۈركىگەندەك كىشىنى قىينايتتى. بىز مانا مۇشۇنداق ھالەتتە قەشقەرگە يېتىپ باردۇق. مەن كەينى - كەينىدىن ئالتە پىيالە چاي ئىچىپ، ئىككى چىنە چۆچۈرە يېدىم. مېھمانخانىغا بارغىنىمدا، ھېچنېمىگە قارىماي ئۆزۈمنى سىم كارىۋاتقا تاشلىدىم.

لېكىن، ئۇيقۇم ئۇزاققا بارمىدى، كىمدۇر بىرى مېنى ئويغاتقاندەك قىلدى، كۆزۈمنى ئېچىپ قارىدىم. ھېچكىم كۆرۈنمىدى. پەقەت سىرتتا ناخشا ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. دۇرۇس، مېنى بۇ قەشقەر ناخشىسىنىڭ ساداسى ئويغاتقانىكەن - دە! قەشقەرنىڭ ياز كېچىلىرى كۆپ چاغلاردا ناخشا بىلەن ئۆتىدۇ، گۇگۇم چۈشكەندىن تارتىپ تاكى تاڭ ئاتقۇچە يېزا ۋە شەھەردە ناخشا ساداسى ئۈزۈلمەيدۇ. يولۇچىلار، ئېشەك مىنگەنلەر، ھارۋىكەشلەر، سۇ تۇتقۇچىلار، سەگىدەپ ئولتۇرغانلار، مەستلەر بىلەن ساقلار، ئەر - ئايال ۋە قېرى - ياشلار — ئەيتاۋۇر ئۇخلاپ قالمىغانلارنىڭ ھەممىسى ناخشا ئېيتىدۇ. ئۇخلاپ قالغانلار بولسا، ناخشا ساداسىنىڭ ئەللەيلىشى ئاستىدا شېرىن چۈشلەرنى كۆرىدۇ. بۈگۈن بىز ئاپتوبۇس بىلەن قىزىل دەرياسىنىڭ كۆۋرۈكىدىن ئۆتكەن مىنۇتتىن تارتىپ تا ھازىرغىچە، بۇ ناخشا

ساداسى قۇلىقىمدىن بىر دەممۇ نېرى كەتكىنى يوق، شۇنداقتىمۇ ئاي شولىسى ياڭاق دەرىخى يوپۇرماقلىرىنىڭ كۆلەڭگىسى بىلەن دېرىزە ئەينىكى ئارقىلىق مەڭزىمگە چۈشۈپ تۇرغان بۇ جىمجىت كېچىدە، جەنۇبنىڭ ئۆزىگە خاس چاڭقىغان، قىزغىن، مۇڭلۇق، پەرىشان، تەبىئىي ۋە يالقۇنلۇق گۈلخانىغا ئوخشاش شوخ ئاهاڭلىرى باشقىچىلا ئېنىق ۋە كۈچلۈك ئاڭلىناتتى!

مەن خۇددى كەيپ بولغان ئادەمدەك ئورنۇمدىن تۇردۇم، چاپىنىمنى يېپىنچاقلاپ، ئايىغىمنى كىيىپ، ناخشا ئېيتىلىۋاتقان تەرەپكە قاراپ يول ئالدىم. ئۆستەڭ بويىدىكى قېلىن تاللىقتىن چىقىپ، كۆمۈشتەك پارقىراپ ئېقىۋاتقان سۇدىن ئاتلاپ ئۆتتۈم، ئاندىن خۇش پۇرىقى دىماغقا گۈپ - گۈپ ئۇرۇلۇپ تۇرغان جىگدىلىكتىن ئەگىپ، بىرقانچە كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ، شېغىل ياتقۇزۇلغان كەڭ يولغا چىقتىم. ناخشا ئاۋازى مېنى خەلق باغچىسى ئالدىدىكى مەيدانغا ئېلىپ كەلدى.

مەيداندا كىشىلەر توپ - توپ بولۇپ ئولتۇرۇشاتتى. ھەربىر توپنىڭ ئوتتۇرىسىدا تەمبۇر ياكى دۇتار، ساتار ياكى غېجەك چېلىۋاتقان سازەندىنى چۆرىدەپ ئولتۇرغان كىشىلەر سازغا ماسلاشتۇرۇپ جەڭنامە ۋە مۇھەببەت توغرىسىدىكى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا كېلىۋاتقان غەزەللەرنى ئېيتىشاتتى. ھەرقايسى توپتىن ياڭراپ چىققان ناخشىلار جەم بولۇپ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قايغۇ ۋە شادلىق، مۇھەببەت ۋە نەپرەت بىلەن يۇغۇرۇلغان ئۇزاق تارىخىنى بايان قىلاتتى. ھەي، قەشقەر، خەلقىمىزنىڭ بۆشۈكى بولۇشقا مۇناسىپ شەھەرسەن. ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارنىڭ ئۇيغۇرلارنى «قەشقەرلىك» دەپ ئاتىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، قەشقەرنىڭ يازلىق تۈن سەيلىسىنى بۇرۇن كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىنلا ئاڭلىغانىدىم. بۈگۈن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەندىن كېيىنلا ئۇنىڭ ئاڭلىغىنىمدىن نەچچە ھەسسە قالتىس ئىكەنلىكىنى بىلدىم. قاراڭ، بۇنداق چاغدا جاھانغا مەشھۇر ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ كۆك مۇنارلىرى بىلەن گۈمبىزىمۇ بۆلەكچىلا

ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. ساز ۋە ناخشىچىلار بىردىنلا چىپپىدە توختىدى، يالغۇز ئەر كىشىنىڭ مىسكىن ۋە سۇزۇك ئاۋازىلا ئاڭلىناتتى. ئۇنىڭ دولقۇنلۇق ۋە سوزۇپ ئېيتقان ناخشىسى كۆڭۈلنى ئېزىدىغان قايغۇ - ھەسرەتكە تولغانىدى. ئۇنى ئاڭلىغىنىڭدا مۇڭلىنىسەن، ئىختىيارسىز بېشىڭنى ئېگىسەن - دە، كۆزلىرىڭگە لىققىدە ياش ئالماي تۇرالمايسەن، خۇددى بېلىگە ئاق باغلاپ جىنازىنىڭ ئالدىدا كېتىپ بارغان كىشىلەردەك «ئاھ قېرىنداشىم، قېرىنداشىم !» دەپ يىغلىغۇڭ كېلىدۇ.

بۇ مۇڭلۇق ئاھاڭدا بارا - بارا تەكلىماكاننىڭ قۇيۇنىغا ئوخشىغان قەھرلىك چۇقانلار پەيدا بولۇشقا باشلىدى. مانا، كۈچلۈك ھەم قورقۇنچلۇق قۇيۇن نى - نى قۇم دۆۋىلىرىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ قۇياشنى توسماقتا، ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى نەرسىلەرنى رەھىمسىزلەرچە ھالاك قىلماقتا، گىياھلارنى قۇرۇتماقتا، جان - جانىۋارلار كۆمۈلمەكتە، توپا قاتلىمى ئۇيۇلماقتا، ئاي - دالادا بۇلۇتقا تۇتاشقان دەھشەتلىك ئاسمان تۈۋرۈكى پەيدا بولۇپ، يەر يۈزىنى يېرىپ تاشلىماقتا.

ناخشا ئېيتىۋاتقان كىمدۇ؟ باشقىلارنىڭكىدىن تامامەن پەرقلىنىدىغان، ئالەمنى تاڭ قالدۇرۇپ ئېيتىلىۋاتقان بۇ ناخشىدىن تەمكىن، يېقىملىق ھېسسىيات ۋە ئانا ماكانىغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببەت يېغىپ تۇراتتى... ئېنىقكى، بۇ قەشقەر ناخشىسى ئەمەس. بۇنداق ناخشا پەقەت مېنىڭ تۇغۇلغان يېرىم ـــ مەخمەلدەك يېشىل چىمەنزارلىقتا پۈركەنگەن ئىلى ۋادىسىدىلا، ئۇ يەردىكى تېرەكزارلىقلارنىڭ ئىچىدىلا ئېيتىلىشى مۇمكىن...

ناخشا توختىدى. مېنىڭ ناخشىچىنى بىر كۆرگۈم كېلىپ ئىختىيارسىز ئالدىغا باردىم. مانا ئۇنىمۇ كۆردۈم. ئۇنىڭ ئېگىشىپ تۇرغان بوينىنى، قارا ساقىلىنى، قاڭشارلىق بۇرنىنى، قېلىن قېشى ئاستىدىكى ئولتۇرۇشقان، خۇددى يىراق مەنزىلگە نەزەر تاشلاپ تۇرغاندەك كۆرۈنگەن ئويچان كۆزلىرىنى كۆردۈم.

گەرچە ئۇنىڭ ساقىلى ئۆسۈپ، چىرايى ۋاقىتسىز ئۆزگىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، بۇ شۇنىڭ ئۆزى ئىدى !

— ئەكرەمكا ! — مەن ھېچنېمىگە قارىماي ئۇنىڭغا تاشلاندىم، — سىزمىدىڭىز، ئاھ، جان ئاكا!

ئۇ ئۈستىبېشىمغا قارىدى ـ دە، ھەيران بولۇپ:

— ھوي، بىزنىڭ ستۇدېنتىمىزغۇ بۇ، قانداقچە بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭىز، دوختۇر؟ — دېدى.

ئۇ ئولتۇرغان يېرىدىن تۇرۇپ دۇتارىنى قولىغا ئالدى ـ دە، مېنى يېتىلەپ سىرتقا ماڭدى. ئۇنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان ئادەملەر بۇ كارامەت ناخشىچىنى دوست تۇتالىغان ماڭا زوقلىنىپ قاراپ قالدى.

ئىككىمىز قول تۇتۇشۇپ ئالدىمىزدىكى ئۇجمىزارلىققا كېتىۋاتقىنىمىزدا مەن ئۇنىڭدىن:

— سىزنى بۇ يەردە يولۇقتۇرارمەن دەپ، زادى ئويلاپ باقمىغانىدىم. ئەھۋالىڭىز قانداق؟ ئېيتقان ناخشىلىرىڭىز نېمانچە مىسكىن؟ چىرايىڭىزمۇ باشقىچىلىغۇ؟... — دەپ سورىدىم.

بىز يوغان ئۇجمە دەرىخى ئاستىغا كېلىپ ئولتۇردۇق. ئۇ خىيالغا چۆمۈپ، بېشىنى تۆۋەن قىلىپ، ئۆز سەرگۈزەشتىسىنى ماڭا سۆزلەپ بېرىشكە باشلىدى.

ئۇنىڭ ئايدىڭئاق بىلەن بولغان مۇھەببىتىگە قىزنىڭ قىمارۋاز ھەم ھاراقكەش ئاكىسى بۇزغۇنچىلىق قىپتۇ، ئۇ لۈكچەك تەپ تارتماستىن سىڭلىسىغا باھا قويۇپ، ھېسابسىز تويلۇق تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋاپتۇ. بۇنىڭغا ئەكرەم قاتتىق غەزەپلەنسىمۇ ئايدىڭئاق ئاكىسىدىن ئادا ـ جۇدا بولۇشقا جۈرئەت قىلالماپتۇ. دەل بۇ چاغدا چەتكە قېچىش ۋەقەسى يۈز بېرىپتۇ. ھېلىقى لۈكچەك بىر دومىلاپلا چەت ئەللىك بولۇۋېلىپ، ×× نىڭ ئىلىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىدىن چەت ئەل پۇقرالىق پاسپورتىنى ئاپتۇ. قىرىشقاندەك شۇ كۈنلەردە ئەكرەم سال

ھەيدەشكە كېتىپ قاپتۇ. قايتىپ كەلسە، ئايدىڭئاقنى ئۆگەي ئاكىسى ئاللىقاچان زورلاپ ئەكەتكەنىكەن، كىشىلەرنىڭ دەپ بېرىشىچە، ئايدىڭئاق شۇ جىددىي پەيتتە ئۆيدىن ئوغرىلىقچە قېچىپ چىقىپ ئەكرەمنى كۆپ ئىزدەپتۇ، ئاخىر يەنە لۈكچەك ئاكىسىنىڭ قولىغا چۈشۈپ، ئۇرۇلۇپ - سوقۇلۇپ دېگۈدەك ئەكېتىلىپتۇ.

ئەكرەم ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ. ئۇنىڭ ياخشى كۆرگەن قىزى — ھاياتلىق نۇرىنىڭ تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە شۇنچە ئاسانلا غايىب بولغىنىغا ئەقلى يەتمەپتۇ. ئانا ماكانىنىڭ تاغۇدەريالىرى ئەمدى ئۇنىڭ قەلبىگە دەرد - ئەلەم قوشىدىغان بولۇپ قاپتۇ. بۇ كۈنلەردە ئۇ قەشقەردىكى ھاماچىسىدىن كەلگەن بىر پارچە خەتنى تاپشۇرۇۋاپتۇ. خەتتە كېسەلچان ھاماچىسى كۆزىنىڭ ئوچۇق چېغىدا ئۇنى بىر كۆرۈش ئارمىنىدا ئىكەنلىكىنى يېزىپتۇ، ئۇ قەشقەرگە كەپتۇ.

ئەكرەم ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى ھاياجانلانماستىن تىنچ سۆزلەيتتى، لېكىن بۇ تىنچلىق كىشىنىڭ دىمىنى بوغاتتى. مەن نېمە دېيىشىمنى بىلمەيلا قالدىم. يۇرتىمىزدا يۈز بەرگەن ئىشلاردىن خەۋىرىم بار ئىدى. بىراق، بۇ ئىشلارنىڭ شۇنچە ئاسانلا ئەكرەمنىڭ بېشىغا كەلگەنلىكىنى زادىلا ئويلىمىغانىكەنمەن. ئۇ قاۋۇل، كېلىشكەن، ئۆتكۈر، كۆڭۈل - كۆكسى كەڭ، سۆيگۈ - مۇھەببىتى ئۇرغۇپ تۇرغان يىگىت ئىدىغۇ؟ ئۇنىڭدا كىشىنى زوقلاندۇرۇپ، كائىناتنى جانلاندۇرىدىغان ئاۋاز بار ئىدىغۇ؟ ئۇنىڭ ناخشىسى ئاڭلىغۇچىلارغا تاغدەك غەيرەت بەخش ئەتمىگەنمىدى؟ نېمە ئۈچۈن بۇنداق ئادەمنىڭ گۈزەل ۋە بەختلىك ياشلىقى يوقىلاڭ يەردىن چىققان قارا بورانغا ئۇچرىغان بىر سىقىم قۇمدەك ئىز - دېرەكسىز غايىب بولىدۇ؟ ھەي ئادەملەر، ھەي ناخشا ۋە مۇھەببەت، سىلەر شۇنچىۋالا بوزەكمۇ!

مەن ھېچنېمە دېيەلمىدىم، ئۇمۇ جىم بولۇپ قالدى.

بىرھازادىن كېيىن، ئۇ بىردىنلا قولۇمنى تۇتۇپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— جېنىم ئۇكا، مەكتەپتە كۆپ ئوقۇدۇڭ، موللا بولدۇڭ، ئېيتقىنا، كىشىلىك تۇرمۇشتا نېمە ئۈچۈن بۇنداق كۆتۈلمىگەن ئاپەت، يولسىز ئازاب - ئوقۇبەتلەر بولىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن بىز ئۆزىمىز شۇنچە كۆپ قاملاشمىغان ۋە قەبىھ ئىشلارنى قىلىدۇق؟ نېمە ئۈچۈن «چوڭ ئاكىمىز» بىزگە زىيانكەشلىك قىلىدۇ؟ شېرىن، بەختىيار تۇرمۇش بىزگە راۋا ئەمەسمۇ؟ ئۇچار قاناتلار ئاسمانغا، ئوت - چۆپلەر ئاپتاپقا، بېلىق سۇغا تەشنا بولغىنىدەك بىزمۇ بەخت - سائادەتكە تەشناغۇ؟ ئۇنداق ئىكەن، بىز نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئېرىشەلمەيمىز، بۇنىڭغا ھەددىمىز يوقمۇ؟ لەنەت بۇ ئازابقا، بۇ نادانلىققا، بۇ ياۋايىلىققا!

ئۇنىڭ قوللىرى، ئاۋازلىرى تىترەپ كەتتى. يېنىمىزدىكى قېرى ئۇجمە دەرىخىمۇ، ئالدىمىزدىكى مەسچىت مۇنارىسى بىلەن مازارنىڭ گۈمبەزلىرىمۇ ئاي شولىسىدا تىترەيتتى.

## 3

قەشقەر شەھىرىدە بىز يەنە ئىككى قېتىم كۆرۈشتۇق. ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەرنىڭ تۈگۈنىنى يېشىدىغان بىرمۇنچە تەييار، مۇۋاپىق ۋە يوللۇق پىكىرلەرمۇ يوق ئەمەس ئىدى، لېكىن مەن ئۇلارنى دېمىدىم. مېنىڭچە، كىشىلەرگە شۇنچە كۆپ روھىي ئوزۇقلارنى تەقدىم قىلغان، ھەقىقىي تۇردە خەلق ئارىسىدىن مۇقەددەس سۇ ۋە تۇپراقتىن تۆرەلگەن بۇنداق بىر سەنئەتكار ئەلۋەتتە كۈچلۈك بولىدۇ، جاھاندىكى ھېچقانداق جەبىر - زۇلۇم ئۇنى پۈكۈلدۈرەلمەيدۇ. بۇنىڭغا ئىشەنچىم كامىل.

مەن ئۇنىڭغا پەقەت «ناخشا ئېيتىڭ، تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرگە ئېيتىپ بېرىڭ»، «قانداق يېڭى ناخشىلارنى ئېيتىپ بېرىسىز؟»

دېگەن ئىككى جۈملە سۆزنىلا ئېيتالىدىم، خالاس. ئېھتىمال باشقىلارنىڭ ئۇنىڭغا دەيدىغىنىمۇ بۇنىڭدىن ئانچە ھالقىپ كېتەلمىسە كېرەك. چۈنكى، كىشىلەرنىڭ سەنئەتكارلارغا بولغان ئىشەنچىسى، ئارزۇ - ئۈمىدى ۋە ھۆرمىتى ھامان مۇشۇ ئىككى جۈملە سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

پىراكتىكىمىز تاماملاندى، مەن ئۈرۈمچىگە قايتتىم، ئەكرەمنىڭمۇ ئۈرۈمچىدىكى «تەڭرىتاغ» ئوركېستىر ئۆمىكىگە يېنىپ كەلگەنلىكىنى، ئوركېستىر ئۆمىكىنىڭ ياچېيكا شۇجىسى ئۇنى كۆپ ئىزدەپ، ئاخىر تېپىپ كېلىپ، تۇرمۇش ۋە خىزمىتىنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانلىقىنى ئاڭلىدىم، ئۇزۇن ئۆتمەي، شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسىنىڭ ئۇيغۇرچە پروگراممىسىدا ئۇنىڭ ناخشىلىرى ئاڭلىتىلىشقا باشلىدى. مېنىڭ خۇشاللىقىم ئىچ - ئىچىمگە سىغمىدى، ئىشەنچىم ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلاندى.

مەكتەپنىڭ ئاخىرقى ئىككى يىللىق ئوقۇشى بەك جىددىي بولۇپ كەتكەچكە، ئۇنى زادى يوقلاپ بارالمىدىم. لېكىن، رادىيودىكى ناخشا - مۇزىكا پىروگراممىسىنىڭ ئەڭ سادىق ئاڭلىغۇچىسى بولۇپ قالدىم.

ئەكرەمنىڭ ناخشىلىرى ھاياتىمدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى، كۆزۈمنى ئاچتى. مەن ئەنە شۇ چاغدىلا ئەتراپىمدىكى ئاددىي كۆرۈنگەن شەيئىلەرگە يوشۇرۇنغان نى - نى كارامەتلەرنى بايقىيالىدىم. مانا بۇ كۆپكۆك ئاسمان ئاستىدا، كۈمۈش نۇر چاقناپ تۇرغان بوغدا چوققىسىنىڭ ئېتىكىدە، مېھرىبان، خۇش پۇراققا تولغان ۋەتەن تۇپرىقىدا تۈز، ئاق كۆڭۈل، ۋىجدانلىق كىشىلەر ئارىسىدا ياشاش نېمىدېگەن خاسىيەتلىك ئىش - ھە! ئەكرەمنىڭ ناخشىلىرى گويا دانە - دانە ئۇرۇقتەك روھىي دۇنيايىمدا بىخ ئۇرۇپ ئۆسۈپ - يېتىلىشكە باشلىدى. ئەينەككە قارىۋىدىم، خەنزۇچە، لاتىنچە تىل دەرسى، دورا، سۆڭەك ۋە مۇسكۇللارنىڭ سانسىز ئىسىملىرى، سىنىپ باشلىقلىق

مەنسىپىم، مەجلىس ـ يىغىنلار... نىڭ ئىغىر بېسىمىدىن ياداپ كەتكەن چىرايىمدا چىرايلىق ۋە تېتىك تەبەسسۇم ئالامىتى پەيدا بولغانلىقىنى كۆردۇم، شۇ سەۋەبتىنمىكىن، چىرايدا ۋە مەن ـ مەن دېگەن يىگىتلەرنى ياقتۇرماسلىقتا مەكتەپ بويىچە داڭ چىقارغان قىزلارنىڭ يازغان خەتلىرىنى كەينى ـ كەينىدىن تاپشۇرۇۋالدىم...

65 ـ يىلى مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن تۈگەتتىم. دۆلەت بايرىمىنىڭ هارپىسىدا مەن ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 15 يىللىقى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىغا بېغىشلانغان سەنئەت كېچىلىكىگە قاتنىشىش شەرىپىگە ئىگە بولدۇم. هەيۋەتلىك خەلق تىياتىرىدا ئېلانچى قىز سەھنىنىڭ ئالدىغا كېلىپ نۆۋەتتىكى نومۇردا ئەكرەمنىڭ يالغۇز ناخشىغا چىقىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغاندا، گويا نەپىسىم توختاپ، يۈرىكىم دۈپۈلدەپ ئاغزىمغا تىقىلغاندەك بولدى.

يۇمشاق، يېقىملىق ۋە يالتىراپ تۇرغان بېغىر رەڭ دۇخاۋا پەردە ئاستاغىنا ئېچىلدى، سەھنىنىڭ ئۈستىدىن، ئاستىدىن ۋە ئىككى ياندىن تۆكۈلگەن رەڭمۇرەڭ چىراغ نۇرى كۆزنى قاماشتۇرۇپ، سەھنىنى يورۇتۇۋەتتى، لېكىن يېرىم مىنۇت ۋاقىت ئۆتۈپ كەتسىمۇ، هېچكىم چىقمىدى، تاماشىبىنلار نومۇرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىن بىرەر چاتاق چىقتىمىكىن دەپ، ئەنسىرەشكە باشلىغاندا، يېشىل بەقەسەم تون ۋە بادام دوپپا كىيگەن ئەكرەم چوڭ ـ چوڭ دەسسەپ سەھنىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلدى. ئۇنىڭ قىسقا قىلىپ قىرقىلغان قارا بۇرۇتى روهلۇق چىرايىغا بەكمۇ ياراشقانىدى. ئۇ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ تاماشىبىنلارغا سالام بەردى ۋە ئاندىن خۇش پېئىللىق بىلەن قول ئىشارىسى ئارقىلىق سازەندىلەرنى كۆپچىلىككە تونۇشتۇردى.

مەن ئۇنى تونۇيالماي قالدىم. شۇ تاپتا ئۇ ئىنتايىن قاۋۇل، كېلىشكەن، ئۆزگە ئىشەنگەن، سالماق ۋە كىچىك پېئىل ئىدى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇ ئالدى بىلەن «ۋەتىنىم» دېگەن ناخشىنى ئېيتتى، بۇ ناخشىنى ئاڭلىغان كىشىنىڭ كۆز ئالدىغا كۆز پەسلىدىكى ئىلى ۋادىسىنىڭ ئېتىز داللىرى، ياز كېچىسىدىكى قەشقەر شەھىرىنىڭ ھېيتگاھ مەسچىتى، ئىلى دەرياسى بويىدىكى بوران ـ چاپقۇنلار، بەئەينى بىر دەرياسىنى ئۇ ياقتىن ـ بۇ ياققا كېچىپ ئۆتىدىغان جاپاكەش، چىدامىلىق دېھقانلار كېلىدۇ. «ۋەتىنىم»دىن كېيىن، ئۇ «ئازادلىق كېرەك ئاسىيا ـ ئافرىقا ـ لاتىن ئامېرىكا خەلقىگە» دېگەن ناخشىنى ئېيتقاندا، بىردىن دېڭىزلار دولقۇنلاپ، دالا گۈلخانلىرى لاۋۇلداپ كەتكەندەك بولدى. كېيىن تاماشىبىنلارنىڭ تەلىپى بويىچە، قازاق خەلق ناخشىسى «غانى قىز»نىڭ ئاھاڭى ئاساسىدا ئىشلەنگەن «ئېخ، يايلىقىم» دېگەن لىرىكىلىق ناخشىنى ئېيتىپ بەردى. ئەكرەم ئاۋازىنى ئەپچىل، بەھۇزۇر باشقۇرۇپ، تاماشىبىنلارنىڭ كۆز ئالدىغا تۇشمۇتۇش گۈل ـ چېچەكلەرنىڭ بىر ـ بىرىنى دەۋر قىلىپ، يۇقىرى ـ تۆۋەن ئايلىنىپ، توختىماي ئۆزگىرىپ تۇرغان ئاجايىپ گۈزەل ۋە ھاياجانلىق مەنزىرىسىنى گەۋدىلەندۇردى.

ئويۇن تۈگىگەندە، تىياتىرخانىنىڭ سىرتىدا ئايلىنىپ يۈردۇم. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇنىڭ گىرىمخانىدىن چىققانلىقىنى كۆردۇم. بىر توپ ئەر ـ ئايال ئارتىسلار ئۇنى ئارىغا ئېلىۋالغانىدى. كىشىلەرنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭى ۋە كۈلكە ـ چاقچاقلىرى ئارىسىدىن ئۇنىڭ ئۆزگە خاس تەمكىن ۋە جاراڭلىق كۈلكىسىنى ئاڭلىدىم. يىراق، ئالدىغا بېرىشتىن ئەيمەندىم. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى سەنئەتچىلەرنىڭ كىيىملىرى بەكمۇ پۇزۇر، ئايال ئارتىسلار ئىنتايىن چىرايلىق ئىدى، شۇنداقتىمۇ كەيپىم چاغ، كۆڭلۈم توق ئىدى. چۈنكى، قانداقلا بولسۇن بۇ ئاتاقلىق ناخشىچى ــ مەشھۇر سەنئەتكار ــ مېنىڭ دوستۇم ئىدى ـ دە! مەن ئۇنىڭ ناخشا ـ مۇزىكىسىنىڭ ۋە ۋىجدانىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىگە، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ناخشىسىغا قاتتىق ھەۋەس

باغلىغان، ئۇنىڭ يۇرەك ساداسىغا ئورتاق بولغان ماڭا ئوخشاشلارنىڭمۇ قەدرى - قىممىتىگە يەتتىم. شۇنداق ئەمەسمۇ، بىز دەكىلەردىمۇ هايات، ۋىجدان، خىلمۇ خىل كەچۇرمىش، ياڭزىمۇياڭزا هېسسىيات، ئۆزىمىزگە تۇشلۇق مۇهەببەت، كۆز يېشى ۋە چۇش - خىياللار بار - دە. مەن سەنئەتكارلار تىياتىرخانىدىن يىراقلاپ كەتكەندىن كېيىنلا يولغا چىققاچقا، ئاخىرقى ئاپتوبۇستىن قېلىپ قالدىم. لېكىن، بۇنىڭغا هەرگىز تېرىكمىدىم، دەرەخلەرنىڭ كۆلەڭگىسى، چىراغلارنىڭ شولىسى، كۇزنىڭ كۆڭۇلگە راهەت بېغىشلايدىغان لەرزان شامىلى قەدىمىمگە هەمراه بولدى. پۇتۇن بەدىنىم يېنىكلىشىپ، مىسلىسىز شادلىققا چۆمدۇم.

مەن ئەكرەمنى بەكمۇ سېغىندىم. ئاخىر بولالماي ئۇنىڭغا خەت يازدىم، جاۋاب خېتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىنكى بىر يەكشەنبە كۇنىنىڭ ئەتىگىنى ئۇچ قېتىم ئاپتوبۇس يۆتكەپ «تيانشان» ئوركېستىر ئۆمىكىگە كەلدىم. كىشىلەردىن سۇرۇشتۇرۇپ، قاتار سېلىنغان بىنارلارنىڭ بىرىدىن ئۇنىڭ ياتىقىنى ئاران تاپتىم.

مەن قېلىن ۋە پۇختا ياسالغان ئىشىكنى ئېچىپ ئۆيگە كىردىم - دە، هەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدىم. ئۆيى ئىشىك - دېرىزىلىرىگە نەپىس نەقىشلەر ئويۇلغىنىغا، ئاستى - ئۇستى تاختاي بولۇشىغا قارىماي، ئىنتايىن چۆلدەرەپ تۇراتتى. كۆزۇمگە هە دېگەندىلا توپا بېسىپ كەتكەن بۇلۇڭ، ئۆمۇچۇك تورلىرى، ئاددىي ۋە قوپال جاهازلار كۆرۇندى. ئەكرەمنىڭ كىيگەن كىيىملىرىمۇ ناهايىتى يېلىڭ ۋە كونا ئىدى، رەڭگى ئۆچكەن چىبەرقۇت چاپىنىنىڭ يەڭلىرى ۋە جەينەكلىرى يىرتىلغان، شىمىنىڭ پۇچقاقلىرىدا لاي قېتىپ قالغان، كۆڭلىكىنىڭ ياقىسى كىرلىشىپ كەتكەن. لېكىن، ئۇنىڭ كەيپى خۇش ئىدى. ئۇ قولۇمنى قاتتىق سىقىپ كۆرۇشتى ۋە ئۆمەككە يېنىپ كەلگەندىن كېيىن، هەر جەهەتتىن غەمخورلۇققا ئېرىشكەنلىكىنى توختىماي سۆزلەپ بەردى. كىشمىش، چاقماق

قەنت، نانلارنى تىزىپ مېنى چايغا تەكلىپ قىلدى. ئۇنىڭ تارتمىسىدىن ئالغان تاشتەك قاتتىق بازار نېنىغا موخوركىنىڭ ئاچچىق پۇرىقى سىڭىپ كەتكەن، چايداندىكى چېيى ئۇزۇن تۇرۇپ قالغانلىقتىن ئېغىزغا ئالغۇسىز ئىدى.

— كۈنىڭىز مۇشۇمۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن.

— ھەئە، — دېدى ئۇ، — مەن چۈشەندىم، ياخشى ياشىشىم، ياخشى ناخشا ئېيتىشىم كېرەك ئىكەن.

ئۇ مېنىڭ ئەپسۇسلانغانلىقىمنى بايقىيالماي قالدى.

خوشلىشىدىغان چاغدا، ئۇ يوقلاپ كەلگىنىمگە رەھمەت ئېيتىپ، يەنە كىچىككىنە سوۋغام دەپ ئۆزىنىڭ تۆت ناخشىسى ئېلىنغان بىر دانە پاتېفون پىلاستىنكىسىنى تەقدىم قىلدى.

مەن پىلاستىنكىنى قولتۇقۇمغا قىسىپ قايتتىم. يول بويى ئىچىم قاتتىق سىيرىلىپ كەتتى، كىشىلەرگە شۇنچە كۆپ نەرسىلەرنى تەقدىم قىلغۇچىنىڭ ئۆزىدە ھېچ نەرسە قالمىغان، «چوڭ سەنئەتكار»غا ئايلانغان ئۇنىڭ تۇرمۇشى مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدىن تامامەن باشقىچە بولۇپ چىقتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇپا ـ ئەڭلىك سۇرتۇپ، چاچلىرىنى ئەڭ يېڭى مودىدا ياساتقان شۇنچە كۆپ ئايال ئارتىسلار ئارىسىدا ياشاپ تۇرۇقلۇق، ئۇ يەنىلا بويتاق ئىدى...

لېكىن مەن ئىگە بولغان پاتېفون پىلاستىنكىسى كۆڭلۈمنى ياسايتتى. بۇ پىلاستىنكا توك بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان پاتېفوندا ئايلىنىپ، ئۇنىڭ ناخشىسىنى ياڭراتقان چاغلاردا، ئەكرەم مەن ئۇچۇن يەنىلا ھەقىقىي سۇلتان ۋە ناخشا پىرى ئىدى.

1966 ـ يىلى يازدىن ئېتىبارەن، بۇلارنىڭ ھەممىسى كەلمەسكە كەتكەن ئۆتمۈشكە ئايلاندى. ئادەم، تۇرمۇش، ھېسسىيات، ناخشا، مۇزىكا، راۋاب، تەمبۇر، تىياتىرخانىلاردىكى سەنئەت كېچىلىكى ۋە ئۆيلەردىكى ئولتۇرۇشلارنىڭ ھەممىسى ئوپېراتسىيە پىچىقىدا كېسىپ تاشلاندى. شۇنىڭدىن كېيىنلا قەھرىتان قىش، پۈتمەس ـ تۈگىمەس قار ـ شىۋىرغانلار

باشلاندى. شۇ يىلى قىشلىقى مەن قارىسۇدىكى سۇ قۇرۇلۇش مەيدانىدا دوختۇرلۇق قىلدىم. بىر كۈنى سىرتتا كېسەل كۆرۈپ قايتىۋېتىپ يولدا قاتتىق شىۋىرغانغا يولۇقتۇم. كۈن ئولتۇرۇپ قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى. كەچكى تاماقتا ئۆلگۈرەلمىدىم. شۇڭا، ناھىيەلىك سودا ئىدارىسىنىڭ ئىش مەيدانىدا ئاچقان ئاشپۇزۇلىغا تەلەي سىناپ كىردىم. ئۇ يەشىك، ماي قەغىزى ۋە بورىلار بىلەن ۋاقىتلىق ياسالغان كەپە ئىدى. بەختكە يارىشا، كەپە ئىچىدە چىراغ يېنىقلىق تۇراتتى. ئاشپۇزۇل تېخى تاقالمىغانىدى. مەن ئۇنىڭ قېلىن ۋە ئېغىر ملەڭزىسىنى قايرىپ ئىچىگە كىردىم. بىردىن قوي يېغى بىلەن پىيازنىڭ مەززىلىك پۇرىقى، ئىسپىرت بىلەن موخوركىنىڭ ئاچچىق ھىدى ۋە ئۇزاق قاينىغان قازاندىن كۆتۈرۈلگەن پار بىلەن بەدەندىن ئاققان تەرنىڭ سېسىق بۇسىنىڭ قوشۇلمىسىدىن بارلىققا كەلگەن قويۇق، نەم ۋە سېسىق ھور يۈزۈمگە ئۇرۇلدى. ھارغان، قورساقمۇ راسا ئاچقان چاغدا، بۇنداق ھورنىڭ كىشىگە قانداق خۇشياقىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق !

ئەمما، بۇ نېمە گەپ؟ قۇلىقىمغا ناخشا ساداسى ئاڭلىنىپ كەتتىغۇ! مېنى بىردىن سۇر باستى، خۇددى بىر ئەزايىم كېسىپ تاشلىنىپ، قانغا مىلىنىپ ياتقانلىقىمنى كۆرگەندەك سەسكىنىپ كەتتىم. بۇ سورۇندىن دەرھال قېچىپ كەتكۈم كەلدى، ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويدۇم، كۆزلىرىم ياشقا تولدى. بۇ قىسقىغىنا بىرنەچچە ئاي ئىچىدىلا، ناخشا ـ مۇزىكىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇشقا مەجبۇر بولغانىدىم. ئۇيغۇر ناخشا ـ مۇزىكىسى بىزگە مەنسۇپ بولمىغان، دەپنە قىلىنىپ تاشلانغان باشقا بىر دۇنياغا مەنسۇپ قىلىۋېتىلگەنىدى. قۇلاقلىرىم پاتېفون پىلاستىنكىلىرىنىڭ چىقىلغان ئاۋازلىرىغا، «باش ئەگ! باش ئەگ!» دېگەن ھۆركىرەشلەرگە، توپ ـ توپ ئادەملەرنىڭ تەك ئاۋازدا يادلاپ ۋارقىرىغان قارغاشلىرى بىلەن قەسەم ئىچىشلىرىگە، «يوقال ئەبلەخ !» دېگەن ۋارقىراش ـ جارقىراشلارغا كۆنۈپ كەتكەنىدى. شۇنداق قىلىپ، بۇ دۇنيادا، بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆنلەردە، بۇ چەت ياقىدىكى قاقاس دالادا، شۇرغان ئاستىدا قالغان ئەسكى كەپىدە كىشىنى شەيدا قىلىدىغان ئۇيغۇر ناخشىسىنى يېڭىباشتىن ئاڭلىيالايدىغانلىقىمنى زادىلا ئويلىمىغانىدىم.

مەن ئىشىك تۈۋىدە داڭ قېتىپ قېلىپ، بىرەر ئورۇن تېپىپ ئولتۇرۇش كېرەكلىكىنىمۇ ئۇنتۇپ قالغانىدىم.

كىمدۇر بىرى ناخشا ئېيتىۋاتاتتى:

ئەسلىدىم زىمىستاندا گۈل باھارىمنى،
قىزلار كۈلگەن،
گۈل ئېچىلغان،
قۇش سايرىغان كۈنلەر كېلەرمۇ؟
زەپ سېغىندىم قاناتلانغان ناخشىلىرىمنى،
كۆڭۈل تولۇپ،
ئارمان كۈلۈپ،
دەل يايرىغان كۈنلەر كېلەرمۇ؟

ئۇنىڭغا كۆپچىلىك قوشۇلدى:

ئاھ، باھارىم، ئاھ، باھارىم،
سېغىندۇق بىز سېنى بەكمۇ.

ئاشپۇزۇلدا ئولتۇرغان جىمى ئادەم — خېرىدارلار، ئاشپەزلەر، كۈتكۈچىلەر ۋە بوغالتىرلارمۇ ناخشا ئېيتماقتا ئىدى. ئۇلار (كۆپچىلىكى يېزىدىن كەلگەن دېھقانلار) هاراق ۋە قورۇملار تىزىلغان، بىر - بىرىگە جۈپلەشتۈرۈپ قويۇلغان جوزىدا بىر ناخشىچىنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ناخشا ئېيتىشاتتى. ھەممىسى دېگۈدەك تەڭشىلىپ قالغاچقا، پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن توۋلىشاتتى.

ئاھ، بۇ تونۇش سورۇن، تونۇش ناخشا ساداسى...، ئۇ گويا يولدىن ئېزىپ قالغان يولۇچى بالىغا يىراقتىن كۆرۈنگەن گۈلخاندەك، ھوشسىز ياتقان كېسەلگە ئاڭلانغان مېھرىبان ئادەمنىڭ ئاۋازىدەك، ھەممىنى ئۇنتۇغان سەۋدايىنىڭ ئۆز ئىسمىنى بىردىن ئېسىگە ئالغىنىدەك، ئۇزۇن يىل جۇدا بولغان ئاتا - ئانىسىنىڭ كونا ھويلىسىنىڭ توپا بېسىپ كەتكەن ئىشىكىدىن ئۇشتۇمتۇت چىقىپ كەلگىنىدەك... ئۆتكەن ئىشلار بىرمۇبىر كۆز ئالدىمغا كېلىشكە باشلىدى. مەن ئۆزۈمنى باسالماي، ئالىقانلىرىم بىلەن يۈزۈمنى يېپىپ يىغلاشقا باشلىدىم.

ئاۋۋال ناخشىچىنىڭ ئۆزى، ئاندىن باشقىلار بېشىنى كۆتۈردى. مەن بىرىنىڭ ئىسمىمنى چاقىرغانلىقىنى ئاڭلاپ، قوللىرىمنى يۈزۈمدىن ئالدىم. كۆزۈمگە ئەكرەمنىڭ يادىكىغۇ، لېكىن قىزىرىپ تۇرغان چىرايى كۆرۈندى.

ئۇ قولۇمدىن تۇتۇپ سۆرەپ ئۆز يېنىغا ئاپىرىپ ئولتۇرغۇزدى ۋە ئالدىدىكى پىيالىگە شىشىدىكى ھاراقنى بۇلدۇقلىتىپ قۇيدى، ھاراق جوزىغىمۇ تۆكۈلۈپ كەتتى.

— جېنىم ئۇكا، بۇ جاپانى سەنمۇ تارتقانمىدىڭ؟ — دېدى ئۇ، — ماڭا قارا، مەن جىنايەتچى بولدۇم، ناخشا ئېيتقانلىقىم جىنايەت بولدى! ياپىر، ئىنسان بالىسىنىڭ ھايۋاندىن پەرقلىنىدىغان ئاق كۆڭۈل، مەدەنىي، مۇلايىم ۋە گۈزەللىككە ئىنتىلىدىغان خىسلەتلىرىنىڭ ھەممىسى ئاياغ ئاستى قىلىندى. قېلىپ قالغىنىچۇ؟ ئۆچمەنلىك، نامراتلىق... بولدى.

— ئەمما، بىز ناخشا ئېيتىمىز، ئېيتىۋېرىمىز! — دېدى بىر ساقاللىق دېھقان ھاراق قۇيۇلغان پىيالىنى كۆتۈرگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ، — شەيتان ئۇرسۇن ئۇلارنى، بىز سېنى دۈيىمىزگە ئەكېلىۋالىمىز جۇمۇ ئەكرەم. مانا مەن دۈيجاڭمەن! بىز ساڭا توققۇز يېرىم پۇڭلۇق قورۇ - جاي سالىدىغان يەر ئاجرىتىپ بېرىمىز! ساڭا ئۆي سېلىشىپ، ھويلاڭغا تال تىكىشىپ

بىرىمىز، ھەر كۈنى كەچتە ھويلاڭىدىكى ئۈزۈم بارىڭى ئاستىدا ناخشا ئېيتىمىز. ياشىسۇن بىزنىڭ ناخشىمىز!

ئۇ ھارىقىنى ئىچتى. كۆپچىلىك «بارىكاللا!» دېيىشىپ، تەرەپ ـ تەرەپتىن ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ كۆتۈردى، ئاخىر ھەممىسى قوشۇلۇپ ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى، كىشىلەر بېشىنى سىلكىشىپ بويىنىنى سوزۇشاتتى. چىرايلىرى بىر قىسىملا بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ بۇ تۇرقى ـ قىياپىتى قاتار ـ قاتار بەتلەكلىك زەمبىرەكلەرنى كىشىنىڭ كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى.

ھەي باھارىم، باھارىم،
مەدەت ساڭا كۈيلىرىم،
ئالۋاستىلار گېلىمىزنى بوغسىمۇ
توسالىسۇن قەدىمىنى قانداقمۇ،
قۇشلار سايراپ،
گۈللەر ياشناپ،
بۇلاق قايناپ ئەركىن ئاققان باھارنىڭ.

ناخشا ساداسى، دېھقانلار، دوستلۇق ۋە (نېمىسىنى يوشۇرىمىز) بىز ئەركەكلەرنىڭ ھەمراھى بولغان ھاراق مېنى ھاياجانغا سالدى، مۇشتۇملىرىمنى تۈرگۈزدى ۋە ئويغاتتى. مۇسادىرە قىلىنغان ۋىجدانىم قايتىدىن ۋۇجۇدۇمغا قايتىپ كەلدى. تومۇرلىرىمدا يېڭىباشتىن ياشلارغا خاس قىپقىزىل قان ئۇرغۇپ ئېقىشقا باشلىدى ! ئەقلىم بىردىن ئېچىلدى. دېمەك، ئۆزۈڭ ۋاز كەچمىگەن نەرسىلەرنى ھېچكىم ئېلىپ كېتەلمەيدىكەن !

مەن ھاراق ئىچتىم، گۆش يېدىم. قول ـ پۇتلىرىم ھەرىكەتكە كەلدى، ئەكرەمگە، دېھقانلارغا، ئاشپۇزۇل خىزمەتچىلىرىگە قوشۇلۇپ ناخشا ئېيتتىم.

ئىشىك «غىچ» قىلىپ ئېچىلىپ مىلەڭزە بىر تەرەپكە

قايرىلدى، تالادىكى سوغۇق هاۋا ئۆيگە بۆسۈپ كىردى، تەلەتى سەت، يوغان باش، سېرىق چىراي، دوغىلاق كەلگەن، بېلىگە قىزىل لاتا تېڭىۋالغان بىر پاكار ئادەم كىرىپ:

— ناخشىنى توختات ! — دەپ هۆركىرىدى. ناخشا شىپپىدە توختىدى. كۆپچىلىك بۇ كۈتۈلمىگەن مېهمانغا سۆرۈن كۆزلىرى بىلەن هەيران بولۇپ تىكىلدى.

— ئەكرەم، قايتىپ كەت ! — كۈتۈلمىگەن مېهمان ئۆزىنىڭ مۇتلەق هوقۇقتا ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىدى.

ئەكرەم ئۈنىمىدى، قوزغالمىدى، هەتتا ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمىدى.

— قايت دەيمەن ! — كۈتۈلمىگەن مېهمان گېلى يىرتىلغۇدەك ۋارقىرىدى، — سەن رېجىمغا قارشىلىق قىلماقچىمۇ سەن؟! — ئۇ قولىنى شىلتىپ تەهدىت سالاتتى، ئەكرەمنى سۆرەپ ئېلىپ كەتمەكچى بولاتتى.

— هەي چاتاق چىقارماڭ ! بىزگە دەخلى قىلماڭ ! — دېدى باياتىن ئەكرەمنى دۇيگە كۆچۈپ بېرىشقا تەكلىپ قىلغان دۇيجاڭ.

باشقىلارمۇ غەزەپلىنىپ تەرەپ - تەرەپتىن:

— نېمىشقا ناخشا ئېيتقىلى قويمايسەن؟ نېمىشقا ئولتۇرۇشىمىزغا كاشىلا بولىسەن؟ — دېدى.

— بىلىپ قويۇڭلاركى، — دېدى پاكار ئادەم بوينىنى سوزۇپ، — ئەكرەم جىن - شەيتان...

— يوقال كۆزۈمدىن ! — ئەكرەم ئورنىدىن دەس تۇردى ۋە جوزا ئۈستىدىكى بوتۇلكىنى غەزەپ بىلەن ئۇنىڭغا ئاتتى. هېلىمۇ ياخشى، مەن چاققانلىق قىلىپ ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدىم. شۇڭا، ئاتقان بوتۇلكا ئۇنىڭ تۇمشۇقىغا تەگمەي ئۆتۈپ، ئۇدۇلدىكى تامغا ئۇرۇلدى - دە، پارچە - پارچە بولۇپ سۇنۇپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— يوقال! يوقال! — كىشىلەر تەرەپ ـ تەرەپتىن ۋارقىرىدى. پاكار ئادەم ئالاق ـ جالاق بولۇپ چىقىپ كەتتى. لېكىن، بىزنىڭ ئېيتىۋاتقان ناخشىمىز ئەسلىگە كېلەلمىدى. ئەكرەم كۆزىگە لىققىدە ياش ئېلىپ قولۇمنى سىلكىپ تۇرۇپ:

— نېمە ئىش بۇ، زادى نېمە بولۇۋاتىدۇ؟! — دەپ ۋارقىرىدى. بۇنىڭغا جاۋاب بېرىش قىيىن ئىدى.

## 4

ھەي ناخشا، ئېيتقىنا! ياۋاش، ئەمما قەيسەر، مۆمىن، ئەمما ھېسسىياتقا باي، ئاق كۆڭۈل ئۇيغۇر خەلقى سېنىڭسىز ياشىيالامدۇ! ئۇلار تىلى چىقماستىن تۇرۇپ ناخشىنى، ئايىغى چىقماستىن تۇرۇپ ئۇسسۇلنى ئۆگەنگەنمىدى؟ تاغلاردىكى قارىغاي، دېڭىزلارنىڭ شاۋقۇنلىرى، دەريالارنىڭ شارقىراشلىرى، دۇلدۇللارنىڭ[1] كىشنەشلىرى، ھارۋا چاقلىرىنىڭ غىچىرلاشلىرى، تۆگە قوڭغۇراقلىرىنىڭ سادالىرى، ئانىلارنىڭ باللىرىنى، باللارنىڭ ئانىلىرىنى چاقىرىشىدىن ئىبارەت ئاۋازلارنىڭ ھەممىسى ناخشا ـ غەزەل بىلەن ئاجايىپ ئەمەسمۇ؟ خەلقىنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبىتى، ۋەتەنىنىڭ شان ـ شەرىپى، مىللەتنىڭ تەقدىرى، قەھرىمانلارنىڭ پاك قەلبى، قىزلارنىڭ مۇھەببىتى... شۇ ناخشا ـ غەزەللەر ئارقىلىق ئىزھار قىلىنىپ، كىشىلەرنىڭ ھېسداشلىقىغا ۋە چۈشىنىشىگە ئېرىشكەن ئەمەسمۇ؟ ئۇيغۇر ناخشىسى ئۇيغۇرلارنىڭ جېنى ئەمەسمۇ؟!

لېكىن، ناخشا ئېيتىش جىنايەتكە ئايلاندى. شۇنداق، ۋىجداننى ئۇجۇقتۇرۇش ئۈچۈن، ناخشىلارنىڭ يوقىتىلىشى شەرت.

ئاشۇ قار ـ شىۋىرغانلىق كېچىدىكى ئولتۇرۇش ئۇلۇغ

---

[1] مەشھۇر ئېلى ئېتى تارىختا «دۇلدۇل» نامى بىلەن پۈتۈن مەملىكەتكە تونۇلغان.

مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىغا قارشى ئۇيۇشتۇرۇلغان توپىلاڭ دەپ ئىنكاس قىلىندى، ئۆزىنى ئىشلەپچىقىرىش دۇيىنىڭ دۇيجاڭى دەپ تونۇشتۇرغان ساقاللىق ئادەم بىلەن ئاشپەزلەرنىڭ بىرى قولغا ئېلىندى. چوڭ كوچىلارغا «توردىن قاچقان نەق ئەكسىلئىنقىلابچى ئۇنسۇر» ئەكرەمنى تۇتۇش توغرىسىدا ئۇنىڭ بىر سۈرلۈك رەسىمى چاپلانغان ئېلانلار چىقىرىلدى. مەن ئۆزۈم ئىككى يىل كۇرەشكە تارتىلدىم، ئۇستۇمدىن نۇرغۇن تەكشۈرۈشلەر ئېلىپ بېرىلدى... ئاخىرىدا «كەڭچىلىك»كە ئېرىشتىم. ئۇلار ماڭا: دۈشمەن بىلەن ئۆز ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتكە ياتىدىغان «مەسىلەم»نى خەلق ئىچىدىكى زىددىيەت بويىچە بىر تەرەپ قىلغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ، «نەسىھەت بىلەن» خىزمەتتىن چېكىندۇردى ۋە يېزىغا ئەمگەك قىلىشقا چۈشۈردى.

مەن پاناھ ئىزدەپ تاغامنىڭكىگە باردىم. كىچىكىدە مېنىڭدىن قورۇنىدىغان ئىنىم يوغانلا ئادەم بولۇپ قاپتۇ ۋە بىر مەھەللىدىكى ياغاچچىنىڭ بۇدۇر چاچلىق، كۆزلىرى يۇملاق كەلگەن قىزى بىلەن تۇرمۇش قۇرۇپتۇ. ئۇ ھازىر بىر ئۆينىڭ نامى بىلەن پۈتۈن مەملىكەتكە تونۇلغان غوجايىنلا ئەمەس، ئىشلەپچىقىرىش دۇيىنىڭمۇ باشلىقى بوپتۇ. مەن ئۇنىڭغا ھۆرمەتلىك ناخشىچى دوستى ئەكرەمنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەپ بەرگىنىمدە ئۆپكەمنى باسالماي قالدىم. لېكىن، ئۇ لام - جىم دېمەي بېشىنى تۆۋەن قىلىپ ئولتۇردى.

مەن يېزىدا دەردىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ يۈردۈم. «دۈشمەن بىلەن ئۆز ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت» دېگەن گەپ يۈرەك - باغرىمنى گويا زەھەرلىك يىلاندەك چىرمىۋالدى. ھېلىمۇ ياخشى، يۇرتۇمنىڭ تۇپرىقىدا كىشىلەرنىڭ كۆڭلى بۇرۇقتۇرما، ئىچى پۇشقىنىغا قارىماي، يەنىلا زىرائەتلەر ئۇنۇۋېتىپتۇ، دېھقانلارنىڭ يەر ھەيدەيدىغان، ئورما ئورىدىغان، ساڭغا ئاشلىق توشۇيدىغان، ئاشلىق تاپشۇرىدىغان ئىشلىرى توختاپ قالماپتۇ، ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ مۇھەببىتى، قىز بېرىپ قىز ئالىدىغان، ئەۋلادلارنى

تەربىيەلەيدىغان، ئاتا ــ بوۋىلىرىنىڭ تۇپراق بېشىغا چىقىدىغان ئىشلىرىمۇ داۋاملىشىۋېتىپتۇ. مېنىڭ «يېزا ئەمگىكى»گە ئەۋەتىلگەنلىكىمنى دېھقانلار چىن دىلىدىن قارشى ئالدى. ئۇلار كۆتۈرۈلگەنلەرنى يۆلەپ، چۈشۈرۈلگەنلەرنى كەمسىتىشنى بىلمەيتتى، كىشىلىك دۇنياسىدا يۈز بېرىۋاتقان جاڭجال ــ رىقابەتلەرنىڭ ئۇ يان ــ بۇ يان بولۇشىغا ئۆزلىرىنىڭ ئادىل، كەڭ قورساق ۋە سەگەكلىكى بىلەن ھۆكۈم چىقىراتتى ۋە شۇ تۇپەيلىدىن بىرەر زىيانغا ئۇچرارمىزمۇ، دەپ قورقۇپمۇ كەتمەيتتى. مەن دېھقانلار بىللە ئىتتىز ــ ئېرىقتا بولغانلىقىم ئۈچۈن، كۆڭلۈم خېلى خاتىرجەم بولدى. بىراق، ئانا يۇرتۇمنىڭ بوران بىلەن يامغۇرى، سەھەر بىلەن گۈگۈمى، بىر ــ بىرىگە ئۇلىشىپ كېلىدىغان تۆت پەسلى ماڭا ھەر دائىم ئەكرەم ۋە ئۇنىڭ ناخشىسىنى ئەسلىتەتتى، ئەسلىگەنسېرى كۆڭلۈم يېرىم بولاتتى، كۈنلىرىمنىڭ مەنىسىزلىكىنى ھېس قىلاتتىم ۋە روھىم چۈشكۈنلىشىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ناخشىسىدىن مەھرۇم قالغان تۇرمۇشۇم گويا تۇزسىز ئاشقا ئوخشايتتى.

1972 ــ يىلى قىش پەسلىدە چوڭ بىر خەۋەر تارقالدى. ۋەتەندىن ئايرىلغىنىغا ئون نەچچە يىل بولغان ئايدىنئاق قايتىپ كەلگەنىدى. يات يۇرتلاردا راسا جەبىر ــ زۇلۇم تارتىپ، تىل ــ ھاقارەتكە ئۇچرىغان قىز ئېتىلىپ كېتىش خەۋپىگە قارىماي چېگرادىن ئۆتۈپ ئانا يۇرتىغا قايتىپ كەلگەنىدى. بۇ گۈزەل قىزنىڭ ئون يىل ئالدىدىكى تولۇن ئايدەك جامالى ئەمدىلىكتە تۇتۇلغان ئايغا ئوخشاپ كەتكەنىدى. ئۇ جۇدەپ سۆڭەكلا قالغان، بېلى مۈكچىيىپ، كۆز قارىچۇقلىرى سارغىيىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ جىگەر قېتىش كېسەللىكى ئاخىرقى باسقۇچقا يەتكەنىدى. بۇ دۇنيادا ئۆزىگە تېگىشلىك مۇستەقىل ھايات كەچۈرۈشكە تېخى قەدەم باسمىغان بۇ قىز «سۆڭەكلىرىمنى ۋەتەن تۇپرىقىدا قويۇش بىردىنبىر ئارمىنىم» دەيتتى.

ئايدىنئاق مېنى تالاي رەت چاقىرتىپ ئەكرەمنى

سۇرۇشتۇردى. مەن كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىمنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردىم. ئۇنىڭ پارە ـ پارە بولغان كۆڭلىنى ياسايدىغان سۆزلەرنى قىلدىم.

— راست گەپ قىلىڭ، مېنى ئالدىماڭ، — دەپ يالۋۇراتتى ئۇ سارغىيىپ كەتكەن كۆزلىرى بىلەن ماڭا تەلمۈرۈپ.

مەن بېشىمنى لىڭشىتاتتىم، قەشقەردە خەلق تىياتىرىدا، سۇ قۇرۇلۇش مەيدانىدا بولغان ئىشلارنى، ئەكرەمنىڭ ئوڭشىيالمىغان بويتاق تۇرمۇشىنى سۆزلەپ بېرەتتىم. لېكىن، «تۇتقۇنغا ئېلىش بۇيرۇقى»نى يوشۇرۇپ، پەقەت:

— ئۇ چاتاق چىقىرىپ قېچىپ كەتتى، — دەيتتىم.

لېكىن ئايدىنئاق چۈشەنمەيتتى.

— نېمە چاتاق چىقاردى؟ ئۇ ناخشىلا ئېيتاتتىغۇ، ناخشىدىنمۇ چاتاق چىقامدۇ؟ — دەيتتى.

مەنمۇ ئاشۇ قىزىل بايراق ئاستىدا، شوئار ساداسى ئىچىدە يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئۇنىڭغا زادى چۈشەندۈرەلمەيتتىم. سوئال ـ جاۋابلار خېلى كۆپ تەكرارلانغاندىن كېيىن، ئۇ ئاندىن بىرئاز چۈشەنگەندەك بولاتتى.

— ئانا ۋەتەننى كېچە ـ كۈندۈز سېغىنىپ يۈردۈم. زادى نېمە ئىشلار بولۇۋاتىدۇ ۋەتەندە؟ — دەپ سورايتتى ئۇ. نېمىلا بولسۇن ۋەتەن دېگەن ۋەتەن، — ئاغرىقچان ئانىمۇ ئانا ـ دە!

— ئۇ يەنە مۇنداق دەيتتى:

— لېكىن، ئۇ بويتاق پېتىچە يۈرىۋەردىمۇ؟ مەن ئەمدى ئۇنىڭغا يۈز كېلەلمەيمەن، — بۇ گەپلەرنى ئېيتقىنىدا، ئۇنىڭ كۆزى گويا چوغدەك قان ئۇيۇپ قىزىراتتى، — قاراقچىلار ۋەتىنىمنى، مۇھەببىتىمنى چەيلىگىلى كەلگەندە، سەن ئۇنى جېنىڭ بىلەن قوغدىشىڭ كېرەك ...

ئۇ ئىچىدە ئېھتىمال مىڭ قېتىم ئويلىغان بۇ سۆزنى ئۈزۈپ ـ ئۈزۈپ ئېيتاتتى.

1973 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، قاتتىق قوزغالغان كېسىلى ئۇنى

بىھوش قىلىپ قويدى. بىر ئاز ياخشى بولغاندىن كېيىنكى بىركۈنى، مەن ئىنىم ۋە ئىنىمنىڭ خوتۇنى بىلەن بىللە ئۇنى يەنە يوقلاشقا باردىم. ئۇ بىزدىن ئۆزىنى تالاغا ئېلىپ چىقىشىنى ئۆتۈندى. بىز ئۇنى كىگىز - كۆرپە سېلىنغان قول ھارۋىسىغا ياتقۇزۇپ ئېتىز بېشىغا ئېلىپ چىقتۇق. ھاۋا شۇنچە ياخشى، شامىلىمۇ يوق، لېكىن ئاسماننى يەنىلا بىر قەۋەت كۈل رەڭ تۇمان قاپلاپ تۇراتتى. كۆكتە بىر جۈپ قۇرغۇي بىر شۇڭغۇپ، بىر كۆتۈرۈلۈپ ئۇچماقتا ئىدى. ھازىرچە قاقشالدەك كۆرۈنگەن بىلەن، ئەمما بىخ ئۇرۇشقا باشلىغان تېرەك شېخىغا يالغۇز قاغا قونۇۋالغانىدى. قار قاپلىغان ئېتىزدا يېيىتىلمىغان دۆۋە - دۆۋە قىغلار قاتار - قاتار تىزىلىپ تۇراتتى. يان تەرەپتىكى پاتقاقلىق يولدا بىرىنچىكا ھارۋا چاق ئىزلىرىنى قالدۇرۇپ كېتىپ بارماقتا ئىدى. بۇ تازا ھەقىقىي ۋە چەكسىز ھاياتىي كۈچكە ھامىلدار بولغان باھار پەسلى ئىدى. بىراق، ھېچقانداق ئاۋاز ئاڭلانمايتتى. قۇشلارنىڭ سايراشلىرى، قامچىلارنىڭ قارسىلداشلىرى، ئاتلارنىڭ بوينىدىكى قوڭغۇراقنىڭ سادالىرى، بولۇپمۇ ناخشا ئاۋازى ئاڭلانمايتتى. بۇ يەنىلا ئادەمنىڭ ئىچىنى پۇشۇرىدىغان باھار ئىدى.

— نېمە ئۈچۈن ناخشا ئاۋازى ئاڭلانمايدۇ؟ — دەيتتى ھالسىزلانغان ئايدىنىئاق ئۆز - ئۆزىگە، — بۇ ئاسمان، بۇ يەر ئۆزىمىزنىڭكىغۇ... ئەمما ئەكرەمچۇ؟ ئۇ نېمە ئۈچۈن ئۆز ۋەتىنىگە سىغماي قالدى؟...

ئايدىنىئاق بىردىن ئۆزىنى يوقىتىپ قاتتىق ۋارقىراشقا باشلىدى:

— ئاھ، ئەكرەم ئاكا، كۆزۈمنىڭ ئوچۇقىدا دىدارىڭىزنى بىر كۆرەلىسەمچۇ!

بۇ ئېچىنىشلىق داد - پەريادتىن ئىچىم قاتتىق سىيرىلىپ كەتتى. ئىنىم دەرھال ئۇنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ كۆزىگە لىققىدە ياش ئېلىپ:

— تىنچلىنىڭ، ئايدىنئاق ھەدە، تىنچلىنىڭ. مەن ئۈچ كۈن ئىچىدە قانداقلا بولسۇن، ئەكرەمكامنى تېپىپ ئالدىڭىزغا ئەكېلىمەن، ئەزىبىرايى ! — دېدى بىچارە قىزغا ۋەدە بېرىپ.

ئايدىنئاق تىنچلاندى. لېكىن، مەن ھەيران بولۇپ ئاغزىمنى ئاچقىنىمچە تۇرۇپ قالدىم. ئىنىممۇ دېمەسلىككە تېگىشلىك سۆزنىڭ ئاغزىدىن چىقىپ كەتكىنىنى سېزىپ، ماڭا سۆرۈن ۋە جىددىي تىكىلدى، ئۇ مېنىڭ ئالدىمغا كەلدى ۋە پىچىرلاپ:

— بىز دېگەن دېھقان باللىرى، ھەر ئىشنى ئۆز ئۆلچىمىمىز بىلەن ئۆلچەيمىز، قايسى ئىشنى قانداق قىلىشنى ئۆزىمىز بىلىمىز. بۇ مېنىڭ ئىشىم، سىزگە مۇناسىۋىتى يوق. بۇنى ئىنكاس قىلغىلى يۈگۈرۈپ يۈرمەسسىز، دەپ ئويلايمەن، — دېدى.

ئايدىنئاق بولالماي قالدى. سوغ شامال مۈڭلۈق ھۇۋلاپ، يامغۇر تامچىلىرى توختىماي قۇيۇلۇپ تۇرغان تۈن قاراڭغۇ كېچە ئىدى. ئىنىم مېنىڭ بېرىشىمغا ئۇنىمىدى. ئىنىمنىڭ خوتۇنى بىرنەچچە موماي بىللە بىلەن پايپېتەك بولۇپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا ئەر كىشىلەرنىڭ ئارىلىشىشىمۇ ئوڭايسىز ئىدى. كېيىن ئۇلار قايتىپ كېلىپ قىزنىڭ بەختكە قارشى قازا تاپقانلىقىنى، ئەتە مەھەللىدىكى پۈتۈن ئەل - جامائەت يىغىلىپ، نامىزىنى چۈشۈرىدىغانلىقىنى ئېيتتى...

مەن ئۇزاققىچە كۆز يۇمماي ئويغاق ياتتىم، قاچان ئۇخلاپ قالغانلىقىمنى بىلمەيمەن. ئۆزۈمنى خۇددى دېڭىز دولقۇنلىرىدا ئۇ ياقتىن - بۇ ياققا لەيلەپ يۈرگەندەك ھېس قىلاتتىم. يېرىم كېچە بولغاندا قۇلىقىمغا ناخشا ئاۋازى — پىغانغا تولغان مۇڭلۇق ناخشا ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى. «ئەكرەمغۇ بۇ!» دەپ ۋارقىراپ ئويغاندىم. ئولتۇرۇپ تىڭشىسام ھېچقانداق سادا ئاڭلانمىدى، يەنە ياتتىم. لېكىن، ئۇزاق ئۆتمەي، قان بىلەن ياشقا تولغان ئاشۇ مۇڭلۇق ناخشا ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى. ئورنۇمدىن ئاستا تۇرۇپ چاپىنىمنى يېپىنچاقلاپ تالاغا چىقتىم. ئاشۇ قاراڭغۇ كېچىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىپى www.uyghurkitap.com

ئۇشقىرتىپ تۇرغان سوغ شامالغا، توختىماي يېغىۋاتقان يامغۇرغا قارىماي، پاتقاق يول بىلەن ناخشا ئاۋازى چىققان تەرەپكە ماڭدىم. بەزەن كۆتۈرۈلۈپ، بەزەن غايىب بولۇۋاتقان ناخشا ئاۋازى ئىلى دەرياسى بويىدىن كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. مەن ھەم چۆچۈپ، ھەم تاقەتسىزلىنەتتىم. قاراڭغۇدا ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل يەرلەرنى دەسسەپ، گاھ ئالدىغا، گاھ كەينىگە سەنتۈرۈلۈپ، بىرنەچچە يەردە تېيىلىپ ـ يىقىلىپ ئىلى دەرياسى بويىغا كەلدىم. بىراق، ناخشا ئاۋازىنى قايتا ئاڭلىيالمىدىم. بۇ قانداق بولغىنى؟ بۇنىڭ ھەممىسى مېنىڭ ئوي ـ خىيالىممۇ؟ مەن ئۇستىبېشىم چىلىق ـ چىلىق ھۆل بولغان پېتى ئاشۇ تۈن قاراڭغۇلۇقىدا تۇرۇپ قالدىم. نە يۇلتۇز، نە چىراغ نۇرى، نە ئادەمزات كۆرۈنمەيتتى. پەقەت شامالنىڭ گۇركىرىشى، يامغۇرنىڭ شارقىرىشى ۋە دەريا سۈيىنىڭ شاۋقۇنىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

## 5

بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى كەلمەسكە كەتتى. ئاشۇ سۈنئىي، نۇرغۇن كۈچ بىلەن ياساپ چىقىلغان ئازاب ـ ئوقۇبەتلەر تارىخىنىڭ قەھرلىك ئۆركىشىدە يۇيۇلماقتا، تازىلانماقتا. تۇرمۇشنىڭ گىگانت ئېقىمى ئەركىن ـ ئازادە يۈرۈشۈۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، سىز ئۇنىڭ تېخى يېقىندىلا يولى توسۇلۇپ، تېڭىرقاپ، ئۆكسۈپ يىغلاپ، نەرە تارتقانلىقىغا ئىشىنەلەمسىز؟ قوياش نۇرىدا تاۋلىنىپ شاۋقۇن سېلىپ ئېقىۋاتقان بۇ ئۇلۇغ دەريا ئېقىمىغا راستلا شۇنچە كۆپ قايغۇ ـ ھەسرەت ۋە غەزەپ ـ نەپرەت قوشۇلغانلىقىنى كىم ئىسپاتلىيالايدۇ؟ ۋەتەن يېڭىباشتىن نۇرلاندى، شىنجاڭ يېڭىباشتىن نۇرلاندى. رادىيودا ھەر مىللەت ناخشىلىرىنىڭ ھېسسىياتقا تولغان جاراڭلىق ناخشىلىرى ئاڭلىتىلماقتا؛ ئېتىز ـ ئېرىقتا، ئۆيلەردە، ئات ئۈستىدە، تويدا ۋە مەشرەپتە خەلق ئەركىن ناخشا ئېيتماقتا،

ئېيتىلىۋاتقان ناخشىلار ئاسماندىكى يۇلتۇزدىنمۇ كۆپ، يايلاقتىكى قىمىزدىنمۇ ئېسىل. ئېخ، قولدىن كېتىپ يەنە قايتىپ كەلگەن ناخشا، مەھرۇم قېلىنىپ يېڭىباشتىن ئورنىغا چۈشكەن ۋىجدان! ئۇلار تېخىمۇ قەيسەر ۋە تېخىمۇ تەمكىن ئىدى. قاراڭلار، كىشىلەر شادلىق ناخشىسىنى ئېيتقاندا، يېنىكلىك قىلمايدىغان، مۇڭلۇق ناخشىسىنى ئېيتقاندا ئۈمىدسىزلەنمەيدىغان بولدى. لېكىن، بىزنىڭ ئەكرەم تېخىچە كۆرۈنمەيتتى. ئۇ قەيەرلەردە يۈرىدىغاندۇ؟

ئىنىم ماڭا قارىسۇدىكى سۇ قورۇلۇش مەيدانىدىكى ئاشپۇزۇلدا يۈز بەرگەن «ناخشا ۋەقەسى»دىن كېيىن، ئەكرەم ئۇنىڭ ياردىمى ۋە قوغدىشى ئارقىسىدا بىرنەچچە يىل قاچقۇنلۇق ھايات كەچۈرگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. 1973 ـ يىل ئايدىنئاق قازا تاپقاندىن كېيىن، ئەكرەم ئىز ـ دېرەكسىز يوقالغانىدى.

— ئۇ ياكى... — دەپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىدى ئىنىم، — سوۋېت شيۇجېڭجۇيىچىلىرى بىلەن لىن بياۋ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ زەربىسى ھەقىقەتەن دەھشەتلىك بولدى ئەمەسمۇ؟ — دېدى ئۇ.

ئۇزاق ئۆتمەي، يىراقتا — قىممەت باھالىق كەندىر مەھسۇلاتى بىلەن نام قازانغان لوپنۇر ئەتراپىدا بىر ناخشىچىنىڭ كېزىپ يۈرگەنلىكى توغرىسىدا خەۋەر تارقالدى. يەنە ئانچە ئۆتمەي، تارباغاتاي تاغلىرىدىن كەلگەن بىر ياشانغان داغۇر مەرگىنى كىشىلەرگە ئۆزلىرىنىڭ يېرىدە «ناخشا پىرى» پەيدا بولغانلىقىنى، ئۇ ناخشا ئېيتسا بۇغا، مارال، تىيىن، ئۇلا ۋە كېيىك قاتارلىق جان ـ جانىۋارلار ئۇسسۇلغا چۈشىدىغانلىقىنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ بېرىپتۇ... بۇ خەۋەرلەر چىگىش ۋە غەلىتە بولۇشىغا قارىماي، قەلبىمدە ئۈمىد پەيدا قىلدى.

1975 ـ يىلىدىن كېيىن، مەن «يالىلانما ئىشچى» ھېسابىدا ناھىيەلىك دوختۇرخانىغا قوبۇل قىلىنىپ، تىڭشىغۇچقا قايتىدىن

ئىگە بولدۇم. 1978 ـ يىلى مەسىلەمنى ئىنقىلاپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ ئۈرۈمچىگە كەلدىم. پېشانەمگە بېسىلغان «دۈشمەن بىلەن ئۆز ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت» تامغىسى ئۆچۈرۈپ تاشلاندى. مەن «تەڭرىتاغ» ئوركېستىر ئۆمىكىگە بېرىپ ئەكرەمنىڭ ئىشىنى سۈرۈشتۈردۈم. گۇۋاھچىلار يوق، دېگەن سەۋەب بىلەن ئۇنىڭ مەسىلىسى داۋاملىق كەينىگە سۈرۈلۈپ كېلىۋېتىپتۇ.

مەن ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا ناھىيەلىك دوختۇرخانىغا قايتىپ كەلدىم، شۇنداقتىمۇ ئەكرەمنىڭ كۆڭلىنىڭ بىرىدە قايتىپ كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم. بىراق، ئېچىنىدىغىنىم، ئۇنىڭ ماڭا خاتىرە ئۈچۈن بەرگەن پاتېفون پىلاستىنكىسىنى «تۆت كوننى بۇزغان» ۋاقىتتا يۇقىرىغا تاپشۇرۇپ بەرگەنىدىم... بۇ قىلىقىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى مەڭگۈ كەچۈرەلمەيمەن.

7 ـ ئايدا، ئورما باشلىنىشنىڭ ئالدىدا ئىنىمنىڭ تۇنجى بالىسىنىڭ بۆشۈك تويىغا چاقىرغان باغاقنى تاپشۇرۇۋالدىم.

تويغا كېتىپ باراتتىم، خېلى يىراق يەردىنلا ئىنىمنىڭ بۇك ـ باراقسان ھويلىسىدىن جۇشقۇن، كۈچلۈك ناخشا ئاۋازى كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم. بۇ ئاۋاز گەرچە بوغۇقراق چىقىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ھەيۋەتلىك ئاڭلىناتتى.

— ئەكرەمغۇ بۇ. ۋاي ئەكرەم ! — مەن ئۆپكەمنى باسالماي ۋارقىرىغىنىمچە ئىنىمنىڭ ھويلىسىغا يۈگۈرۈپ كىردىم. مېھمانلارغا سالام بېرىشنىمۇ، ئاكىلىق سالاپىتىمنىمۇ ئۇنتۇدۇم. مېنى كۆرگەن توخۇلار پالاقلاپ، ئۆردەكلەر غاقىلداپ، ئىتلار ھاۋشىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئوپۇر ـ توپۇرىدىن ھويلىدا توي ئۈچۈن سېلىنغان ئوچاقتىكى كۈللەر توزۇپ كەتتى، — ئەكرەم، قەيەردە سىز؟ — دەپ ۋارقىرىدىم.

— مانا، بۇ يەردە، — دەپ ئۆينى كۆرسەتتى بىر ئايال. بۇ چاغدا ناخشا ئاۋازىمۇ توختىدى.

مەن ئالدىراش ـ تېنەش ئىشىكنى ئېچىپ «ۋاي، ئەكرەم، ئەكرەم، بۇ يەردىمۇ سىز؟» دەپ ئۆيگە كىردىم ـ دە، ھاڭ ـ تاڭ

بولۇپ قېتىپ قالدىم. ئۆيدە لىقمۇلىق ئاياللار ئولتۇرۇشاتتى، ئەكرەم ئاياللارنىڭ ئارىسىغا كىرىۋالغانمۇ، نېمە؟

— مۇشۇ يەردە بولماي نەدە بولاتتى. قاراڭ، مانا بۇ يەردە، — دېدى ئىنىمنىڭ دۇگىلەك كۆزلۈك خوتۇنى قۇچىقىدىكى بۇدرۇق بوۋاقنى كۆتۈرۈپ، — كۆرۈڭ، بىزنىڭ يىگىتىمىزنى، ئەكرەمجان باتۇرىمىزنى!

مەن ھەم ھەيران، ھەم خىجىل بولدۇم. نېمە گەپ بۇ؟ بىز ئۇيغۇرلاردا باللىرىمىزغا قەدىرلىك ئادەملىرىمىزنىڭ ئىسمىنى قويىدىغان ئادىتىمىز بولىدىغان... ئىنىمنىڭ خوتۇنى يەنە:

— دادىسى بوۋاقىقا ئەكرەم دەپ ئىسىم قويدى. «بۇنىڭ ئاۋازى بۆلەكچە، چوڭ بولغاندا ناخشىچى بولىدۇ» دەيدۇ، — دېمىسىمۇ ئۇنىڭ يىغا ئاۋازى سۇنايىنىڭ ئۈزىلا ئىدى. دوختۇرخانىدا پۈتۈن تۇغۇتخانىنى چاڭ كەلتۈرۈۋەتكەنىدى، — قاراڭ، دادىسى بۇنىڭغا ناخشا ئېيتىشنى ئۆگەنسۇن دەپ، ھېلىتىنلا پاتېفون ئېلىپ بەردى، — دەپ يېنىدىكى پاتېفوننى قويدى. سىلىققىنا ئايلىنىشقا باشلىغان پاتېفون پىلاستىنكىسىدا بىرئەر كىشى سالماقلىق ۋە ساپ ئاۋازدا ئورۇنلىغان «ۋەتىنىم» دېگەن ناخشا ئېيتىلىشقا باشلىدى. بۇ، ئەكرەمنىڭ مەڭگۈ ئۇنتۇلماس ياڭراق ئاۋازى ئىدى.

«ئىڭگە ئىڭگە، ئىڭگە» بوۋاق ئەكرەمجانمۇ قول - پۇتلىرىنى پۇلاڭلىتىپ ناخشىغا جور بولدى. بەللى، ئۇ راستىلا بار ئاۋازى بىلەن ناخشا ئېيتىشقا ئىنتىلەتتى.

مەن ئەكرەمنىڭ مەڭزىدىن سۆيدۇم، ئۇنىڭ ساغلام ئۆسۈپ - يېتىلىشىنى تىلىدىم. قۇلىقىم ئۇنىڭ ئىسمىدىشى ئېيتىۋاتقان ناخشىسىدا ئىدى. ئۇنىڭ ۋە ھەممىمىزنىڭ تەقدىرى — تېرەكلىك ئورمان، كۆممىقوناقلىق، بېدىلىك، ئاسماندا كۆرۈنگەن تۇنجى يۇلتۇز، قەشقەر مەسچىتىنىڭ ھەيۋەتلىك گۈمبىزى، خەلق تىياتىرىنىڭ سەھنىسىنى يورۇتقان چىراغ نۇرى، قارىسۇدىكى

غەزەپلىك چوقانلار كۆز ئالدىمغا كېلەتتى. مەن ئويلايمەن، بىزنىڭ ناخشىمىز، بىزنىڭ خەلقىمىز ۋە مىللىتىمىزنىڭ ۋىجدانى ئاخىرقى ھېسابتا يېڭىلمەستۇر. ئەكرەم ۋە ئۇنىڭ ناخشىسى تاغ ـ دەريا، ئاسمان ـ زېمىنغا ئوخشاش بىز بىلەن مەڭگۇ ياشايدۇ.

جۇڭلۇ تەرجىمىسى



# مى شياڭ

## دۇڭ لىبو

### 1

مى شياڭ گۇرۇچ ئەمەس، ئەمما گۇرۇچكە ئوخشاپراق كېتىدىغان قىز، گۇرۇچتەك ئاپپاق، يۇمىلاق، پۇراقلىق بىر قىز. بۇ ھېكايە جەنۇبىي جۇڭگودا ئەمەس، بەلكى غەربىي رايوندىكى شىنجاڭدا يۈز بەرگەن.

شايىدى دەپ ئاتىلىدىغان بۇ قاقاس چۆللۈكتە ھەر يەر - ھەر يەردىن كەلگەن كىشىلەر بوز يەر ئېچىپ، تېرىقچىلىق قىلىدۇ. مى شياڭ كىچىكىدىن گۇرۇچ تامىقى يەپ چوڭ بولغان. ئۇ بۇ يەرگە كېلىپمۇ گۇرۇچ تامىقى يېيىشنى ئويلايتتى. ئۇ باشقىلاردىن: «بۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن شال تېرىلمايدۇ؟» دەپ سورىغاندا، كىشىلەر: «بۇ يەردە شال تېرىغۇدەك نەدە ئۇنچىۋالا كۆپ سۇ بولسۇن؟» دەپ جاۋاب بېرىشكەنىدى.

بۇ يەردە سۇ كۆپ بولمىسىمۇ، ئەمما سۇ يوقمۇ ئەمەس ئىدى. يامغۇر ياغمىسا، تاغدىكى قارلار ئېرىپ بۇ يەرگە ئېقىپ كېلەتتى. شۇڭا، يەرلىكلەر سۇ ئامبىرى ياساپ، تاغ سۇلىرىنى ئامبارغا توشقۇزۇۋالاتتى. قۇرغاقچىلىق پەسلىدە ئېتىزدىكى زىرائەتلەرنى ئامباردىكى سۇ بىلەن سۇغىراتتى.

شايىدىدە بىرقانچە چوڭ سۇ ئامبىرى بار ئىدى. ھەربىرى خۇددى بىر چوڭ كۆلگە ئوخشايتتى. مى شياڭ بۇ كۆللەرنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز جەنۇبىي جۇڭگودىكى چوڭ كۆللەرنى يادىغا ئېلىپ، تولىمۇ خۇش بولۇپ كېتەتتى. بۇ يەردە يەيدىغان گۇرۇچ بولمىسىمۇ، ئەمما كۆل بولغاچقا، مى شياڭ كۆلگە كېلىپ چۆمۈلەيتتى، يۇيۇنالايتتى. جەنۇبىي جۇڭگولۇق قىزلار سۇغىلا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئوخشايدۇ، ئۇلارنىڭ كۆڭلى سۇغا ناھايىتى يېقىن.

ئاشۇ يىللىرى، رەئىس ماۋ زېدۇڭ دائىم دېگۇدەك دەريادا سۇ ئۈزەتتى، ئۇ يەنە كىشىلەرگە: «بوران ـ چاپقۇنلاردا چېنىقىڭلار» دەپ تەلىم بەرگەن. شايېدىدىكى كادىرلار ماۋ زېدۇڭنىڭ ئەڭ ئالىي يولىيورۇقىنى ئىجرا قىلىش ئۇچۇن كۆپچىلىكنى سۇ ئامبىرىغا بېرىپ سۇ ئۈزۈشكە تەشكىللىدى. ئەمما، ھېچكىم مۇشۇ پائالىيەت بىلەن مى شياڭنىڭ نامى چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى.

مى شياڭ ئېتىزدا ئىشلەشكە يارىمايتتى. بوز يەر ئېچىپ، تېرىقچىلىق قىلىشقا كۈچ ـ قۇۋۋەت، قاۋۇل بەدەن، پۇت ـ قولدا ماغدۇر بولمىسا بولمايتتى، مى شياڭ يۇزلىرى يۇپيۇمىلاق، زىلۋا، نازۇك قىز ئىدى. دەشت ـ چۆلدە نېمىلا ئىش قىلىشتا بولسۇن، ئەڭ ئاخىرىدا قالىدىغان كىشىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى قارىمايلا بىلگىلى بولاتتى.

سۇ ئۈزۈش بىلەن بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىش ئوخشىمايدۇ، بەدەندە كۈچ ـ قۇۋۋەت بولسىلا ھېساب ئەمەس ـ دە ! بېلىقنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى ئۆكۈزنىڭ ياكى ئاتنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى ئالدىدا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ. بىراق، سۇدا ئۈزۈشتە ئات بىلەن ئۆكۈز بېلىققا ھەرگىز تەڭ كېلەلمەيدۇ.

مى شياڭ سۇغا چۈشسە، خۇددى ئەنە شۇ بېلىققا ئوخشايتتى. سۇ ئامبىرىنىڭ بۇ چېتىدىن ئۇ چېتىگە ئۈزۈپ ئۆتۈشنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈش دەيمىز. سۇ ئۈزۈشكە ھېچكىم ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتەلمەيتتى. ئۇ بۇ قاشتىن ئۇ قاشقا ئۆتۈپ بولغاندا، باشقىلار تېخى كۆلنىڭ يېرىمىغىمۇ كېلەلمەيتتى.

مى شياڭ قىرغاقتا باشقىلارنىڭ تېخى ئەمدىلا كۆلنىڭ يېرىمىغا كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئىچى پۇشۇپ يەنە سۇغا ئۆزىنى ئاتتى، ئۇ بۇ قاشقا ئۈزۈپ كېلىپ، يەنە ئۇ قاشقا ئۈزۈپ ئۆتتى. ئۇ يەنە ھەممىدىن ئۆتۈپ كەتتى، ئۇ توغرىسىغا ئىككى قېتىم ئۈزۈپ ئۆتۈپ بولغاندا، باشقىلار، ھەتتا بىر قېتىممۇ ئۆتۈپ

بولالمىدى.

سۇ ئۈزۈشنى بىلمەيدىغان چوڭلار، باللار قىرغاقتا تاماشا كۆرەتتى، ھەممىسىنىڭ كۆزى مى شياڭدا ئىدى. مى شياڭ خۇددى بېلىقتەك تولغىنىپ سۇنى يېرىپ ماڭاتتى، قارشى قىرغاققا يەنە بىر قېتىم ئۈزۈپ ئۆتكەندە، ئەتراپتا تۇرغان كىشلەر چاۋاك چېلىپ ئالقىشلىدى. ئۇنى تونۇيدىغان كىشلەر «مى شياڭ سۇ ئۈزۈشكە بەك يامان» دېيىشەتتى، تونۇمايدىغان كىشلەر يېنىدىكىلەردىن: «بۇ قىز كىم؟ سۇ ئۈزۈشكە نېمانداق ئۇستا؟» دەپ سورىغاندا، ئۇلار: «بۇ قىز مى شياڭ» دەپ جاۋاب بېرىشەتتى.

بۈگۈن ھاۋا ناھايىتى ئوچۇق بولدى. بۈگۈن شاھىتلىكلەر مى شياڭ دېگەن بىر قىزنىڭ بارلىقىنى بىلىشتى. ھېلىقى كۈنى چاۋاك چالغانلارنىڭ ئىچىدە توڭ فامىلىلىك بىر ئۆسمۈر بار ئىدى. توڭ ئون توت ياشقا كىرگەنىدى. ئۇ ھەر كۈنى چۈشتە سۇ ئامبىرىغا بېرىپ ئوينايتتى. بىراق، ئۇ سۇ ئۈزۈشنى زادىلا بىلمەيتتى. سۇغا چۈشۈپ پۇت - قولىنى قانچىلىك پالاقلاتمىسۇن، سۇ ئۇستىگە لەيلەپ چىقىش ئەمەس، خۇددى تاشقا ئوخشاش چۆكۈپ كېتەتتى. بىراق، ئۇ سۇدا لەيلەپ ئۈزۈشنى شۇنچە ئارزۇ قىلاتتى. بۇ ياشتىكى باللارنىڭ ھەممىسى شۇنداق، ئۇلار ئاسماندا قانات چىقىرىپ ئۇچسام، سۇدا بېلىقتەك ئۈزسەم، دەپ ئويلايدۇ.

بۇنداق چاغلاردا قىرغاقتا تۇرغان توڭنىڭ سۇدىكى مى شياڭغا قاراپ، كۆزىنىڭ قارىسى ئېقىپ كېتەي دەپ قالاتتى. بۇ چاغدا توڭنىڭ ئەتراپىدا تۇرغان يىگىتلەرنىڭ كۆزىمۇ مى شياڭغا تىكىلگەنىدى. توڭنىڭ كۆزى مى شياڭنىڭ سۇ ئۈزۈۋاتقاندىكى قىياپىتىدە بولسا، ئەمما ئەتراپىدىكى يىگىتلەرنىڭ كۆز قارىچۇقى مى شياڭنىڭ ھەر خىل نازۇك تەن قىياپەتلەرنى چىقارغان چاغدىكى ھالىتىدە بولاتتى. مى شياڭنىڭ ئۇچىسىدىكى كىيىم «سۇ ئۈزۈش كىيىمى» دەپ ئاتىلاتتى. بەدىنىنىڭ

ئۈستۈنكى قىسمى بىلەكلىرىدىن تارتىپ قولتۇقىغىچە، تۆۋەندىكى قىسمى پاچاقلىرىدىن يوتىسىغىچە ئوچۇق ئىدى. ئىككى كۆكسى سۇ ئۈزۈش كىيىمى ئىچىدىن خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ چىققانىدى. قىزلارنىڭ بۇنداق كىيىم كىيىشىنى شايىدىدىكىلەرنىڭ تېخى تۇنجى قېتىم كۆرۈشى ئىدى. بۇ هالەتنى بۇنىڭدىن كېيىن كۆرۈشكە نېسىپ بولامدۇ - يوق، بىر نېمە دەپ بولىمىغاچقا، ئۇلار مى شياڭغا كۆزلىرى تېشىلىپ كەتكۈچە قارايتتى.

تۇڭ باشقىلاردەك ئۇنداق ئاچ كۆزلەرچە قارىمايتتى. بۇنىڭ بىلەن تۇڭنى ئۇلاردىن ياخشى دەپ كەتكىلى بولمايتتى. تۇڭنىڭ كۆزى مى شياڭنىڭ سۇدىكى قىياپىتىگە چۈشكەندە، يۈرىكى سەل قالايمىقان ئاغقاندەك قىلدى. ئەمما، ئۇ بۇنىڭدىن ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمىدى. ناۋادا تۇڭنىڭ يېشى يەنە ئون نەچچە ياش چوڭ بولغان بولسا، ئۇنىڭ خىياللىرى تامامەن باشقىچە بولغان بولاتتى. مەسىلەن، قىرغاقتا تۇرغان جاڭ شەن ئۇنىڭدىن ئون ياش چوڭ، جاڭ شەن سۇدىكى مى شياڭغا بىر هازا قاراپ تۇرۇپ كېتىپ: «مى شياڭنى ئەمرىمگە ئالسام» دەپ ئويلىدى.

## 2

تۇڭ تولىمۇ ساددا ئىدى. بۇ قېتىمقى تەتىلدە تۇڭ باشقا هېچنېمىنى ئويلىماي، سۇ ئۈزۈشنى ئۆگىنىۋالسام، دەپ ئويلىدى. بىراق، ئۇ بۇ خىيالىنى تېشىغا چىقىرالمايتتى، ئېغىزىدىن چىقارسىلا، ئاتا - ئانىسىنىڭ تاپا - تەنىسىگە قالاتتى. ئوت، سۇ دېگەن بەك رەھىمسىز، ھەر يىلى سۇ ئامبىرىدا ئادەم ئۆلۈپ تۇراتتى. بالىلار دەرۋازىدىن چىقسىلا چوڭلار: «سۇنىڭ يېنىغا بارماڭلار» دەپ جېكىلەيتتى. تۇڭ سۇ ئامبىرىغا سۇ ئۈزۈشنى ئۆگەنگىلى بارىدىغان چاغدا: «مەن ئوتۇن تېرىپ كېلەي» دېدى. ئوتۇننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئانىسى ئارتۇق

گەپ قىلمىدى. ئۇنىڭ قولىغا دەرھال ئارغامچىنى بېرىپ دەرۋازىدىن ئۆزىتىپ قويدى.

سۇ ئامبىرىنىڭ ئەتراپىدا كەلكۈن ئېقىتىپ كەلگەن قۇرۇق دەرەخ شاخلىرى كۆپ ئىدى. تۈلكە بىردەمدىلا بىرمۇنچە ئوتۇن تەردى. ئوتۇننى تېرىپ بولۇپ دەرھال ئۆيىگە ماڭمىدى. ئۇ سۇ ئامبىرىنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇ يەردە باشقا بالىلارنىڭ ئوتۇن تېرىۋاتقانلىقىنى كۆردى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىرقانچە قىزلارمۇ بار ئىدى. تۈلكە كىيىملىرىنى خىجىل بولۇپ سالدى، ئۇ كالتە ئىشتان بىلەن سۇغا چۈشتى.

تۈلكە قورامىلىق بىرقانچە بالا بار ئىدى. ئۇلارمۇ تۈلكىگە ئوخشاش خىيال قىلاتتى. تۈلكىنىڭ سۇغا چۈشكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇ بالىلارمۇ كەينىدىن ئەگىشىپ سۇغا چۈشتى.

سۇغا چۆمۈلۈپ ئويناش، ئاپتاپتا ئويناشقا قارىغاندا كۆڭۈللۈك ئىدى. ئۇلار سۇدا بىردەم موللاق ئاتاتتى، بىردەم مۆكىمۆكىلەڭ ئويناتتى، بىردەم جەڭ قىلىپ ئوينايتتى، بىر توپ بالىلار سۇدا خۇددى دەرەخكە چىقىۋالغان مايمۇنلاردەك تىنىم تاپمايتتى.

تۈلكە بۇ بالىلار بىلەن ئويناشنى خالىمايتتى، ئۇ «تېزرەك سۇ ئۈزۈشنى ئۆگىنىۋالسام» دەپ ئويلايتتى. ھېلىقى كۈنى ئۇ مىشياڭنىڭ سۇ ئۈزگەنلىكىنى كۆرۈپ تېخىمۇ شۇنداق دەپ ئويلىدى. بۇ بالىلار بىلەن ئوينىمايمەن دېسە، ئۇلاردىن يىراقراق تۇرۇشى كېرەك. بۇ بىر توپ بالىلار سۇنىڭ تېيىز يېرىدە ئوينايتتى. ئەمما، تۈلكە سۇنىڭ چوڭقۇر يېرىگە قاراپ ماڭدى، ئۇ سۇنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر يېرىگە بارالمايتتى. سۇ كۆكرىكىگە كەلگەندە ئۇ يەنە داۋاملىق ئالدىغا قاراپ مېڭىشتىن قورقتى. بىراق، سۇغا چۈشكەندە ئادەم ئۆزىنىڭ دېگىنىنى قىلالمايدۇ. سۇمۇ جىم تۇرمايدۇ ــ دە! چايقىلىپ تۇرغان سۇنىڭ بەزىدە خېلىلا كۈچى بولىدۇ. قىرغاقتىن يوپۇرۇلۇپ كەلگەن دولقۇن ئۇنى ئالدىغا بىرنەچچە قەدەم ئىتتىرىۋەتتى. ئۇ ئەمدى ئۆزىنى

www.uyghurkitap.com

ئوغشاي دېگۈچە، پۈتى يەرگە تەگمەي قالدى. بۇ چاغدا ئۇ سۇ ئۈستىگە لەيلەپ چىقىۋېلىشقا شۇنچە ئىنتىزار بولۇپ كەتتى، تېخى يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈشكە ئۈلگۈرەلمەي ئاغزىغا سۇ كىرىپ يەنە چۆكۈپ كەتتى. سۇدىن كۆتۈرۈلۈپ بىر نەپەس ئېلىۋالاي دېگەن بولسىمۇ، بىراق يەنە ئاغزىغا بىرمۇنچە سۇ كىرىپ كەتتى. سۇ ئۆپكىسىگە كىرىپ تۇنجۇقۇپ قالايلا دەپ قالدى. تۇك ئىچىدە «تۇگىدىم، تۇنجۇقۇپ ئۆلىدىغان بولدۇم» دەپ ئويلىدى.

قىرغاقتا بىر توپ بالىلار چۇرقىرىشىپ كەتتى.

ئېتىزدا ئىشلەۋاتقان بىر توپ ئادەم يۈگۈرۈپ كېلىشتى. بىر قانچە ئادەم كۆلنىڭ يېنىغا كېلىپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرۇپ قېلىشتى. ئۇلار شۇ تاپتا سۇغا سەكرەپ چۈشسە، سۇدا تۇنجۇقۇپ كېتىۋاتقان بالىنى قۇتقۇزۇپ چىقىش يوق، ئۆزلىرىمۇ سۇدا تۇنجۇقۇپ ئۆلىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى.

يەنە بىرەيلەن يۈگۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ مى شياڭ ئىدى. ئۇ يۈگۈرگەچ سىرتىدىكى كىيىم - كېچەكلىرىنى سېلىپ تاشلىدى. ئۇچىسىدا كالتە ئىشتىنى بىلەن نېپىز مايكىسىلا قالدى، مايكىسى بەكلا نېپىز ئىدى. ئۇنىڭ ئالمىدەك كۆتۈرۈلۈپ چىققان كۆكسى سىلكىنىپ تۇراتتى. بىراق، شۇ تاپتا ھېچكىمنىڭ مى شياڭغا قاراشقا چولىسى يوق ئىدى، ھەممىسىنىڭ كۆزى سۇدىكى بالىدا ئىدى. ھەممەيلەن كىچىك بىر باشنىڭ سۇ ئۈستىگە لەيلەپ چىققانلىقىنى، بىردەمدىلا يەنە يوقاپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈشتى. تۇڭ سۇدىن لەيلەي چىقاي دېدىيۇ، بىراق بېشى بەك ئېغىر بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە قورسىقىغا بەك كۆپ سۇ كىرىپ كەتكەچكە، سۇ ئۈستىگە زادىلا لەيلەپ چىقالمىدى. ئۇ بارغانسېرى چۆكۈپ كېتىپ باراتتى، چېتى كۆرۈنمەيدىغان قاراڭغۇلۇق ئىچىگە كىرىپ كېتىپ باراتتى.

تۇڭ ئۆلمەي قالدى، چۈنكى مى شياڭ يېتىپ كەلگەندى.

ئاتا - ئانىسى تۇڭنى ئېلىپ مى شياڭغا رەھمەت ئېيتقىلى باردى. تۇڭنىڭ ئانىسى مى شياڭنى كۆرۈپ يىغلىۋەتتى، ئۇنىڭ

ئالدىغا كېلىپ تىزلاندى. مى شياڭ ئۇلارنىڭ قولىدىن تارتىپ تۇرغۇزدى. ئۇ:

— بۇ قانچىلىك ئىشتى، بۇنچە تۇزۇت قىلىپ كەتمىسەڭلارمۇ بولىدۇ، — دېدى.

تۇڭنىڭ ئاتا - ئانىسى مى شياڭغا رەھمەت - ھەشقاللا ئېيتىپ بولۇپ، تۇڭغىمۇ تەشەككۇر ئېيتقۇزدى، تۇڭ:

— ھەدە، سىزگە رەھمەت، — دېدى. مى شياڭ تۇڭنىڭ باش - كۆزلىرىنى سىلاپ:

— بۇ بالا بەك زېرەك ئىكەن، دەرسلەردىمۇ بەك ياخشىغۇ دەيمەن، — دېدى. تۇڭنىڭ ئاتا - ئانىسى تەڭلا:

— دەرسلەردىغۇ ياخشى، شوّغىنىسى، بەك شوخ، — دەپ قوشۇپ قويدى.

تۇڭنىڭ ئاتا - ئانىسى گېپىنى تۈگىتىپ، تۇڭنىڭ قولىدىن يېتىلەپ ماڭماقچى بولدى. ئەمما، تۇڭ مىدىرلىماي مى شياڭدىن كۆزىنى ئۈزمەي تۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ يەنە بىر نېمىلەرنى دېگۈسى باردەك قىلاتتى. مى شياڭ بۇنى سېزىپ، تۇڭدىن:

— بىرەر گېپىڭ بارمۇ؟ — دەپ سورىدى. تۇڭ:

— ھەدە، ماڭا سۇ ئۈزۈشنى ئۆگىتىپ قويامسىز؟ — دېدى.

مى شياڭ «ھە» ياكى «ياق» دېگۈچە، تۇڭنىڭ دادىسى قولىنى تەڭلەپ تۇڭنى ئۇرماقچى بولدى ۋە تۇڭغا:

— يەنە سۇ ئامبىرىغا بارىدىغان بولساڭ، پاچىقىڭنى چېقىۋېتىمەن، — دېدى.

مى شياڭ تۇڭنىڭ دادىسىنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى ۋە:

— باللار سۇغا چۆمۈلۈشنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇنى بارغۇزمىساڭلار بەرىبىر يوشۇرۇنچە بارىدۇ. ئۇرساڭلارمۇ بىكار، ئەمما ئۇ سۇ ئۈزۈشنى ئۆگىنىۋالسا چاتاق چىقمايدۇ، — دېدى.

تۇڭ:

— ھەدە، ماڭا سۇ ئۈزۈشنى ئۆگىتىپ قويۇڭە، مەن چوقۇم ياخشى ئۆگىنىمەن، — دېدى.

مى شىياڭ:

— بولىدۇ، مەن ئۆگىتىپ قوياي، — دېدى.

تۇڭ خۇشاللىقىدىن سەكرەپ كەتتى.

كېيىن ھەر كۈنى دېگۈدەك مى شىياڭ بىلەن تۇڭنىڭ سۇ ئامبىرى تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولاتتى. مى شىياڭ كۈندۈزى ئىشلىسە، پەقەت ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن تۇڭغا سۇ ئۈزۈشنى ئۆگىتەتتى.

تۇڭ كۆلنىڭ يېنىغا كېلىپ، بىر چەتكە ئۆتۈپ تېشىدىكى ئۈزۈن ئىشتان، كۆڭلەكلىرىنى سالدى. مى شىياڭ ئاۋۋال تۇڭنى سۇنىڭ تېيىز يېرىگە باشلاپ ئەكېلىپ، ئۇنىڭ بىلەكلىرى بىلەن پاچاقلىرىغا سۇ چېچىپ ھۆل قىلىپ، ئۆزى چەتتىكى بىر قومۇشلۇقنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن مى شىياڭ چىقتى، ئۇ ئۇچىسىدىكى كىيىملەرنى سېلىۋېتىپ، سۇ ئۈزۈش كىيىمى بىلەنلا قالغانىدى.

ئۇ سۇغا چۈشۈپ تۇڭغا دەرھال سۇ ئۈزۈشنى ئۆگەتمەي، ئۆزى ئاۋۋال كۆلنى بىر ئايلىنىپ ئۈزۈپ چىقتى، بىر ھازا ئاپتاپسىنىپ ئولتۇردى، بەدەنلىرىنى ئاستا شاپىلاقلىدى، بۇنىڭدىكى راھەتنى ئىپادىلەپ بولغىلى بولمايتتى.

مى شىياڭ تۇڭنىڭ قېشىغا ئۈزۈپ بېرىپ، ئۆرە تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— كېلە، بىلىكىڭنى چىقار، مانا ماڭا ئوخشاش.

مى شىياڭ ھەرىكەتنى ئۇنىڭغا كۆرسەتتى، تۇڭمۇ ئۇنىڭغا ئەگەشتى.

— توغرا، مۇشۇنداق، — مى شىياڭ بىر پۇتىنى چىقىرىپ تۇڭغا، — پۇتۇڭنى چىقار، سۇنى پاقىغا ئوخشاش تەپ، — دېدى.

تۇڭ پاقىنى كۆرگەن، ئۇ مى شىياڭغا قاراپ پاقىنى دوراپ ھەدەپ سۇنى تېپەتتى.

مى شىياڭ تۇڭنىڭ سۇغا چۆكۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئىككى قولىنى تۇڭنىڭ قورسىقىنىڭ ئاستىدىن ئېلىپ كۆتۈرۈپ،



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭغا باياتىن بېرى ئۆگەتكەن ھەرىكەتلىرىنى ئىشلەتتى.
مى شىياڭ تۇڭنىڭ سۇدىكى ھەرىكەتلىرىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ خاتا قىلغان ھەرىكەتلىرىنى ئۈزۈكسىز تۈزىتىپ تۇردى، بۇنىڭ بىلەن ئۇ قولىنى ئاستا - ئاستا قويۇپ بەردى.
دەسلەپتە، ئۇ قولىنى شۇنداق تارتىۋېلىشىغا تۇڭ سۇغا چۆكۈپ كەتتى. بارا - بارا مى شىياڭ قولىنى خېلى بىر ھازا قويۇۋەتسىمۇ، تۇڭ چۆكۈپ كەتمەيدىغان بولدى. مى شىياڭ بۇ ھالنى كۆرۈپ، خۇشاللىقىدا كۈلۈپ قويدى.
تۇڭ كېچىلىكى ئىككى يۈز مېتىردىن ئاشىدىغان سۇ ئامبىرىنىڭ بۇ قېتىدىن ئۇ قېتىغا بىمالال ئۈزۈپ ئۆتەلەيدىغان بولدى. مى شىياڭ تۇڭغا:
— سۇ ئۈزۈشنى ئۆگەندىڭ، ئەمدى سۇ سېنى ھېچنېمە قىلالمايدۇ، — دېدى. مى شىياڭنىڭ گېپىدىن «بۇنىڭدىن كېيىن مەن ئۆگەتمىسەممۇ بولىدۇ» دېگەن مەنە چىقىپ تۇراتتى.
شۇنداق، ئەمدى ئۆگىتىش ھاجەتسىز بولۇپ قالدى، ئۇ ئۆگەتمەن دېمۇ ئۆگىتىپ بولالمايدۇ.
يازلىق تەتىلمۇ تۈگىدى. تۇڭ ئەمدى مەكتەپكە بارىدۇ. شايېدىدە ئوتتۇرا مەكتەپ بولمىغاچقا، بۇ يەردىن يۈز چاقىرىم كېلىدىغان كۇيتۇن شەھىرىگە بېرىپ ئوقۇشقا توغرا كېلەتتى. ئۇ مەكتەپتە يېتىپ - قوپۇپ ئوقۇيدىغان بولغاچقا، ئۆيىگە قايتالمايتتى. ئىلگىرى يازلىق تەتىل بەك ئاستا ئۆتكەندەك قىلغان بولسا، ئەمما بۇ قېتىم كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچىلا ئۆتۈپ كەتتى.
تۇڭ:
— مەن ئەتە مەكتەپكە بارىمەن، — دېدى.
مى شىياڭ:
— ياخشىغۇ، بارغىن، — دېدى.
تۇڭ مەكتەپكە كەتتى. تۇڭغا ئەمدى سۇ ئۈزۈشنى ئۆگىتىش ھاجەتسىز ئىدى. بىراق، ئىشتىن چۈشكەندە مى شىياڭ يەنە سۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئامبىرى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ سۇنىڭ بويىغا بېرىپ، ئاۋۋال ئەتراپىغا قاراپ بىرەر ئادەمنىڭ قارىسىنى كۆرگەن ھامان كۆلنىڭ بويىدىكى قومۇشلۇققا كىرىپ كېتەتتى. ئەگەر ھېچكىم كۆرۈنمىسە، كۆل بويىدا كىيىم - كېچەكلىرىنى سېلىپ، سۇ ئۈزۈش كىيىمىنى كىيىپ سۇغا سەكرەيتتى. ئۇ كۆلگە سۇ ئۈزۈش ئۈچۈنلا كەلمەي، بەلكى ھاردۇقى چىققۇچە يۇيۇناتتى. ئۆيدە يۇيۇنۇش بىلەن كۆلدە يۇيۇنۇش ئوخشىمايدۇ - دە! ئۆيدە ئازراق سۇ بىلەن باش - كۆزىنى بىرەر قۇر ھۆل قىلغىلىلا بولىدۇ. ئەمما، سۇ ئامبىرىدا ئىچى - تېشى چىلاشقۇچە يۇيۇنالايتتى. ئۇ ھەر قېتىم كۈن پاتاي دېگۈچە، چۆمۈلۈپ ئاندىن ئۆيگە قايتاتتى.

سۇ ئامبىرىدىن مەيدانغا بارىدىغان يولدا بىر كىچىك كۆۋرۈك بار ئىدى. ئۇ كۆۋرۈكتە جاڭ شەن بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇ جاڭ شەننى تازا تونۇپ كەتمىگەچكە، مۇنداقلا سالام بېرىپ ئۆتۈپ كەتتى، بۇ ئىشنى تازا پەرۋايىغا ئېلىپ كەتمىدى.

مى شياڭ بۇ كۆۋرۈكتە جاڭ شەن بىلەن ئۇدا بەش قېتىم دۇقۇرۇشۇپ قالدى. مى شياڭ يەنە بۇرۇنقىدەك مۇنداقلا سالاملىشىپ قويۇپ ئۆتۈپ كەتسە بولمايدىغاندەك ھېس قىلدى. ئۇ تۇرۇپ ئىچىدە: «جاھاندىكى ئىشلار توغرا كېلىپ قالسا، بۇنداقمۇ توغرا كېلىپ قالغان بارمۇ» دەپ ئويلاپ، ئەمدى پەرۋاسىزلا ئۆتۈپ كېتەلمىدى.

جاڭ شەن كۆزلىرى يوغان، قاشلىرى قاپقارا يىگىت ئىدى. بۇنداق يىگىتلەر پاراڭ قىلسا، ھەر قانداق بىر قىز بېرىلىپ ئاڭلايتتى.

جاڭ شەن:

— سىز ھەر كۈنى سۇ ئۈزۈشكە بارامسىز؟ — دەپ سورىشىغا، مى شياڭ:

— شۇنداقراق، — دەپ جاۋاب بەردى.

ئىككىيلەن پاراڭلاشقاچ توپىلىق يولدا بىللە مەيدانغا قاراپ

ماڭدى. ئۇلارنىڭ بىرگە ماڭغىنىنى نۇرغۇن ئادەملەر كۆردى، كىشىلەر بۇ ئىككىسى مۇھەببەتلىشىۋېتىپتۇ، دەپ بىلدى.

ئېتىزدا بەزىلەر مى شياڭدىن:

— جاڭ شەن بىلەن يۇرۇۋاتامسىز؟ — دەپ سورىۋىدى، مى شياڭ جاۋاب بەرمەي كۈلۈپ قويىدى. بەزى گەپلەرنى دېيىشنىڭ ئورنىغا كۈلۈپ قويۇشمۇ بىر ياخشى جاۋاب ئىدى.

كۆپچىلىك سەل بىكار بولۇپ قالغانلىرىدا مى شياڭ بىلەن جاڭ شەننىڭ گېپى چىقسىلا، بۇ ئىككىسى بىر - بىرىگە بەك ماس كېلىدۇ، دەپ ھەۋەس قىلىشاتتى.

مى شياڭ بىلەن جاڭ شەن بىر مەزگىل ئارىلىشىپ يۇرۇپ، بىر - بىرىنىڭ مىجەزىنى ياقتۇرۇپ قېلىشتى. ئەگەر تەقدىر نېسىپ قىلىپ بىر ئۆيگە كىرسە، كۈنلىرىنىڭ چوقۇم كۆڭۈللۈك ئۆتىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىشتى.

جاڭ شەن:

— بىز مۇھەببەتلىشەيلى، — دەپ تەلەپ قويغاندا، مى شياڭمۇ:

— مەيلى، — دەپ ماقۇل بولدى. شۇنىڭدىن باشلاپ مى شياڭ سۇ ئۇزۇشقا ئۆزى يالغۇز كەلمەي، جاڭ شەننىمۇ بىرگە ئالغاچ كېلىدىغان بولدى. بىراق، جاڭ شەن سۇغا چۆمۈلمەيتتى، ئۇ سۇ ئۇزەلمەيتتى. ئۇ قاشتا مى شياڭنىڭ ئۇ قاشتىن - بۇ قاشقا ئۇزۇپ ئۆتۈشىگە قاراپ ئولتۇراتتى. مى شياڭ: «سۇغا چۈشۈڭ، مەن بولغاندىن كېيىن خەتەر چىقمايدۇ» دەپ زورلىسىمۇ، ئەمما ئۇ چۈشكىلى ئۇنىمىدى. مى شياڭ:

— چۈشۈڭە، سىزگە سۇ ئۇزۇشنى ئۆگىتىپ قويىمەن، سىزگە چوقۇم ئۆگىتىپ قويالايمەن، مەن بىر بالىغىمۇ سۇ ئۇزۇشنى ئۆگىتىپ قويغان، — دېسىمۇ، جاڭ شەن ئۇنىمىدى ۋە:

— سۇ ئۇزۇشنى بىلمەسلىكىم كېيىنكى تۇرمۇشىمىزغا تەسىر يەتكۈزمەيدۇ، — دېدى.

جاڭ شەن قىرغاقتا قاراپ تۇرسا، مى شياڭ ئۇزاقتىن - ئۇزاق تاكى قاراڭغۇ چۈشكۈچە سۇغا چۆمۈلەتتى. ئۇ جاڭ شەننىڭ يېنىدا كىيىم ئالماشتۇرۇشتىن نومۇس قىلىپ، قومۇشلۇققا كىرىپ ئالماشتۇراتتى، جاڭ شەن:

— كىيىمىڭىزنى ئالماشتۇرىۋېرىڭ، مەن ئاۋۇ ياققا قاراپ تۇرىمەن، راست، سىزگە قارىمايمەن، — دېدى. مى شياڭ:

— ئۇنداق قىلسام بولمايدۇ، — دېسە، جاڭ شەن:

— سىز بەك غەلىتە ئىكەنسىز، — دېدى.

ئۇلار سۇ ئامبىرىدىن قايتقاندا ئەتراپقا تۈن پەردىسى يېيىلغانىدى. يول ئېگىز - پەس بولۇپ، قاراڭغۇدا مېڭىش قىيىن ئىدى. مى شياڭ جاڭ شەننىڭ بىلىكىگە ئېسىلىۋالدى. مى شياڭ ھېلىلا يۇيۇنۇپ چىققاچقا، ئۇنىڭ بويىنىدىن بىر خىل ئىللىق پۇراق چىقىپ تۇراتتى. ئۇلار ئۇن - تىنسىز بىر ھازا ماڭدى. جاڭ شەن تۇيۇقسىز ئورنىدا شاپپىدە توختاپ قالدى، مى شياڭ بىرەر ئىش بولغانمىدۇ دەپ، ئۇنىڭدىن سورىغان بولسىمۇ، ئەمما جاڭ شەن گەپ قىلماي ئۇنى چىڭڭىدە قۇچاقلىۋالدى.

مى شياڭ جاڭ شەننىڭ بۇنداق يۈرەكلىك ئىكەنلىكىنى ئويلىمىغانىدى. ئۇنى سەل تىترەك باستى، مۇشۇ تىترەك بىلەن ئۇلارنىڭ لەۋلىرى بىر - بىرىگە چاپلىشىپ كەتتى. جاڭ شەن قولىنى ئىختىيارسىز ئۇنىڭ قوينىغا تىقتى، ئۇنىڭ ئىچىدە بىر تاللا مايكىسى بار ئىدى. ھېلىلا يۇيۇنۇپ چىققاچقا، بەدىنى ئىنتايىن سىلىق ئىدى. جاڭ شەن قولىنى ئۇنىڭ كۆكسىگە ئاپاردى.

ئۇ جاڭ شەننىڭ بۇنداق ئەسەبىي ئىكەنلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. ئۇنىڭ تەقى - تۇرقىدىن بۇنداق ئالامەتلەر يوق ئىدى، مى شياڭ ئۇنىڭ بۇنداق قىلىقلارنى قىلسا، ياخشى بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ: «بۇنداق قىلماڭ» دېدى. ئۇ بەدىنىنى جاڭ شەننىڭ قولىدىن ئەپقېچىش ئۈچۈن ئۇياق - بۇياققا ھەرىكەت قىلىپ باقتى، بىراق بەدىنى لاسسىدە بوشاپ

كەتكەچكە، ھەر قانچە كۆچەپمۇ ئۆزىنى ئەپقاچالمىدى.

جاڭ شەننىڭ بۇ ئەسەبىيلىكى يەتمىگەندەك، ئۇ يەنە بىر قولىنى مى شياڭنىڭ ئىشتان بېغىغا ئۇزاتتى. مى شياڭ بىر قىز بالا، ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ نەقەدەر خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى مى شياڭ ناھايىتى ياخشى بىلەتتى. مى شياڭ ئۇنىڭ قولىنى كاپپىدە تۇتۇۋېلىپ:

— بولمايدۇ، — دېدى.

جاڭ شەن:

— بىز توي قىلايلى، — دېدى.

مى شياڭ:

— بولىدۇ، — دېدى.

جاڭ شەن:

— ئەمىسە توينى كېلەر ئايدىلا قىلىۋېتەيلى، — دېدى. مى شياڭ:

— بولىدۇ، — دېدى.

نىكاھ دېگەن بىر چوڭ ئىش، شۇنداقلا ئۇ ناھايىتى ئاسان ئىش، بولۇپمۇ شايىدىدە تېخىمۇ ئاسان. ئاتا - ئانىلار يېنىدا يوق، بىر جۈپ ياش ئۆزلىرى ئىختىيار قىلىشسىلا بولىدۇ. توي قىلىش ھەققىدە بىر پارچە ئىلتىماس يېزىپ، ئىدارىنىڭ رەھبەرلىرىگە قول قويدۇرۇپ، مەيداندىكى ئاممىۋى خىزمەت بۆلۈمىدىن توي قىلىش گۇۋاھنامىسى ئالسىلا ئىش پۈتىدۇ. توي قىلىش گۇۋاھنامىسى ئالدى دېگەن گەپ، توي قىلدى دېگەن گەپ.

جاڭ شەن يازغان توي قىلىش ئىلتىماسىغا ھەر ئىككىيلەن ئۆز ئىمزاسىنى قويدى. باشتا مى شياڭ ئىلتىماسنى كۆتۈرۈپ، ئىدارىسىگە ئاپىرىپ باشلىقىغا تەستىقلىتىپ ئەكەلدى. ئۇنىڭ باشلىقى ئۇنى - بۇنى سورىمايلا قول قويۇپ بەردى.

جاڭ شەن تىراكتور پونكىتىدا تىراكتور ھەيدەيتتى. ئۇ

ئىلتىماسنى ئېلىپ پونكىت باشلىقىغا تەستىقلاتقىلى ئاپاردى. ئويلىمىغان يەردىن ئۇ ئازراق ئاۋارىچىلىككە يولۇقتى. ئىلتىماسنى ئېلىپ باشلىقنىڭ ئالدىغا ئەكىرگەندە، باشلىقى ئىشكىنى تاقاپ سىرتقا ماڭغانىدى. جاڭ شەن باشلىقىغا ئازراق ئىش ئۈچۈن ئۆنى ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى ئېيتقان بولسىمۇ، ئەمما باشلىق:

— هازىر مەيدانغا جىددىي يىغىنغا كېتىپ بارىمەن، مەن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بىر نېمە دېيىشەيلى، — دېدى. جاڭ شەن ئىچىدە «يىغىن كۆپ بولسا بىر ئىككى كۈن ئېچىلار، باشلىق قايتىپ كەلگەندە بىر گەپ بولار» دەپ ئويلىدى. بۇ كىچىككىنە ئاۋارىچىلىك كېيىن چوڭ ئاۋارىچىلىكنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

## 3

ئارىدىن ئىككى ـ ئۈچ كۈن ئەمەس، پەقەت بىر كۈن ئۆتۈپ جاڭ شەننىڭ باشلىقى قايتىپ كەلدى. جاڭ شەن بېرىپ باشلىقنى ئىزدىگۈچە، باشلىقى ئۆنى ئىزدەپ كەلدى. جاڭ شەن بېرىپ باشلىققا قول قويدۇرغۇچە، باشلىقى كېلىپ ئۆنىڭغا ۋەزىپە تاپشۇردى، يالغۇز جاڭ شەنگىلا ئەمەس، شۇ چاغدا جاڭ شەن بىلەن بىللە ئىشلەۋاتقان يۈز نەچچە ئادەمگە ۋەزىپە تاپشۇردى. بۇلار جاڭ شەنگە ئوخشاش مەيدانغا ئېسىقلىق داڭنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ يېتىپ كېلىشكەنىدى. باشلىق:

— چېگرا ئەتراپىدا ئاھالىلەرنىڭ چەتكە قېچىش ۋەقەسى يۈز بەردى، ئەھۋال ناھايىتى ئېغىر ھەم بەك جىددىي، يۇقىرى بىنتۇەندىكى قوراللىق ئەسكەرلەرنىڭ دەرھال چېگراغا ئاتلىنىپ، چېگرادىكى ئاھالىلەرنىڭ چەتكە قېچىش ۋەقەسىنى توسۇشنى تەلەپ قىلدى، سىلەر قايتىپ تەييارلىق قىلىڭلار، ئەتە ئەتىگەندە يولغا چىقىمىز، — دېدى.

كۆپچىلىك تارقاپ تەييارلىق قىلىشقا كىرىشتى. پەقەت جاڭ شەنلا قوزغالمىدى. باشلىق ئۇنىڭدىن نېمىگە ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى سورىدى. جاڭ شەن ناھايىتى ئوڭايسىزلانغان ھالدا توي قىلىش ئىلتىماسىنى باشلىققا كۆرسەتتى. باشلىق ئىلتىماسقا مۇنداقلا بىر قاراپ قويدى ـ دە، ئۇنىڭغا تاشلاپ بېرىپ:

ــ سەندە ئاڭ دېگەن بىر نېمە بارمۇ ـ يوق، دۆلەت ۋە مىللەت مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىشلار ئالدىدا، سەن يەنىلا ئۆزۈڭنىڭ شەخسىي ئىشىڭغا چوت سوقۇۋاتامسەن، ۋەزىپىنى ئورۇنداپ بولۇپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن دېيىشەيلى، ــ دېدى. جاڭ شەن شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى، ئىلتىماسنى ئاستا پۇرلەپ يانچۇقىغا سالدى ـ دە، بۇ گەپنى ئېغىزىدىن چىقارغىنىغا قاتتىق پۇشايمان قىلدى.

قايتىپ كېلىپ بولغان ئىشلارنى مى شياڭغا دەپ بېرىۋىدى، مى شياڭ قىلچە خاپا بولمىدى ھەم:

ــ باشلىقىڭىز توغرا دەپتۇ، سىز سەل ئالدىراپ قاپسىز، ــ دېدى. ئۇ مى شياڭنىڭ بۇنداق دەيدىغانلىقىنى ھەرگىز ئويلىمىغانىدى. جاڭ شەن مۇشۇ كەتكەنچە خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەلمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ، كۆڭلى سەل بىر قىسما بولۇپ قالدى.

جاڭ شەنىنىڭ چىرايىدىكى سولغۇنلۇقنى كۆرۈپ ھەم ئۇنىڭدىن بىر مەزگىل ئايرىلىپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ، مى شياڭمۇ سەل ئازابلاندى. مى شياڭ ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈشنى ھەم ئۆز كۆڭلىنى تەسكىن تاپقۇزۇشنى ئويلاپ، ئۆزىنى جاڭ شەننىڭ قۇچىقىغا تاشلىدى. بىرنەچچە قېتىم بولدى، جاڭ شەن سەل خاپا بولۇپ قالسا، مى شياڭ مۇشۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ خاپىلىقلىرىنى ئۇنتۇلدۇرۇۋېتەتتى.

ئەمما، بۇ قېتىم يەنە ئۆتكەنكى قېتىمقىدەكلا بولىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ جاڭ شەن تازا ئېچىلمىدى. مى شياڭ سەل

جىددىيلىشىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن جاڭ شەندىن:
— قانداق قىلسام سىز خۇش بولىسىز؟ — دەپ سورىدى. جاڭ شەن:
— ماڭا خوتۇن بولسىڭىز خۇش بولىمەن، — دېدى.
مى شياڭ:
— سىز قايتىپ كەلگەندە خوتۇن بولاي، — دېدى. جاڭ شەن:
— ماڭا هازىرلا خوتۇن بولسىڭىز دەپ ئويلايمەن، — دېدى.
مى شياڭ ئويلىنىپ تۇرۇپ كېتىپ، «مەيلى» دېدى.
ئۇ مى شياڭنىڭ بۇنداقلا مەيلى دەۋېتىشىنى هەرگىز ئويلاپ باقمىغانىدى. جاڭ شەن ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە بىر هازا قادىلىپ تۇردى. مى شياڭ ئۇنىڭ كۆزىدىن هەممىنى چۈشەندى ۋە:
— مەن بەرىبىر سىزنىڭكى، شۇ تاپتا مەن بىر قەدەھ شارابقا ئوخشاپ قالدىم. سىز بالدۇرراق ئىچىشنى ئويلىسىڭىز ئۇنىڭغىمۇ رۇخسەت، — دېگىنىچە جاڭ شەننى ئۆزىگە تارتتى. بۇ ئىشقا هەر ئىككىلىسى تۇنجى قېتىم يولۇقۇۋاتقاچقا تەجرىبىسىز ئىدى، جاڭ شەن قارا تەرگە چۆمۈلۈپ هېچ ماجالى قالمىغان بولسىمۇ، ئەمما تولىمۇ خۇشال بولدى. مى شياڭ قاتتىق بىر نالە قىلدى، قىپقىزىل قان كىرلىككە ئېقىپ چۈشتى. ئۇ جاڭ شەننى چىڭ قۇچاقلاپ بېشىنى ئۇنىڭ كۆكسىگە قويدى.
جاڭ شەن سەپەرگە ناهايىتى خۇشال هالدا ئاتلاندى. باشلىقى ئىلتىماسقا قول قويۇپ بەرمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى پەرۋايىغا ئېلىپمۇ قويمىدى، ئەمدى ئۇنىڭ هاجىتى قالمىغانىدى. مى شياڭ جاڭ شەننىڭ ئىلتىماسىغا ئۆز تېنى بىلەن قول قويۇپ بەردى، بۇ ئىمزا مى شياڭنىڭ مەڭگۈ ئۇنىڭغا تەئەللۇق ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى.
جاڭ شەن چېگرادىكى ئېگىز تاغلاردا كېتىۋېتىپ، كەچكىچە مى شياڭنى خىيال قىلاتتى. ئويلىماي دېسىمۇ، ئۇ زادى خىيالىدىن نېرى كەتمەيتتى. ئۇ ئەنە شۇ خىيال ئىلكىدە

كېتىۋېتىپ، دىققىتى بۆلۈنۈپ قىيادىكى يۈز نەچچە مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى ھاڭغا چۈشۈپ كەتتى. ئۇنىڭ جەسىتىنى تېپىپ، نەرسە - كېرەكلىرىنى رەتلىگەندە، يانچۇقىدىن توي قىلىش ھەققىدە يازغان ئىلتىماس چىقتى. كىشىلەر بۇنى ئۇنىڭ باشلىقىغا تاپشۇرۇپ بەردى. باشلىق ئىلتىماسنى قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭدىكى بىر تامچە قاننى كۆردى. باشلىق بىر ھازا ئويلىنىپ تۇرۇپ كېتىپ ئاخىر ئۇنى يەرگە چۆرۈپ تاشلىۋەتتى. شامال ئۇنى ئۇچۇرۇپ نەلەرگىدۇر ئاپىرىپ تاشلىدى.

جاڭ شەنني يەرلىككە قويغاندا، مى شياڭ مىڭ يېرىدىن تۆكۈلۈپ، نەچچە ئۆلۈپ نەچچە تىرىلدى. ھەممە كىشى مى شياڭ بىلەن جاڭ شەنىنىڭ مۇھەببەتلىشىۋاتقانلىقىنى بىلىسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ توي قىلىدىغانلىقىدىن خەۋەرسىز ئىدى. مى شياڭنىڭ ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە بۇنچىۋالا قاتتىق ھازا تۇتقانلىقىنى كۆرۈپ كىشىلەر سەل غەلىتىلىك ھېس قىلدى، «مى شياڭ نېمىگە بۇنچىۋالا ئازابلىنىدىغاندۇ» دەپ ھەيران قېلىشتى. بەزىلەر: «تېخى توي قىلماي تۇرۇپ نېمىگە بۇنچىۋالا يىغلايدۇ» دېسە، يەنە بەزىلەر: «تېخى مۇھەببەتلىشىۋېتىپتىغۇ، جاھاندا بۇنىڭغا ئوخشاش مۇرادىغا يېتەلمەي ئۆتۈپ كەتكەن ئىنسانلار ئازمۇ» دېيىشەتتى. يەنە بەزىلەر: «مى شياڭ كاج تەلەي ئىكەن» دېيىشسە، يەنە بەزىلەر: «ھەر ھالدا ئۇنىڭ خېلى تەلىيى بار ئىكەن» دېيىشەتتى. ئەگەر ئۇلار توي قىلىپ بۇ ئىش چىققان بولسا، ئۇ چاغدا مى شياڭ تۇل خوتۇنغا ئايلىنىپ قالغان بولاتتى. ھازىر نېملا دېسۇن، مى شياڭ تېخى ياتلىق بولمىغان بىر قىز ئىدى. قىز بىلەن تۇل خوتۇننىڭ ئارىسىدا خېلىلا پەرق بار - دە! شۇڭا، «مى شياڭ خېلى تەلەيلىك ئىكەن» دېگەن گەپمۇ بىكار ئېيتىلمىغان. ناۋادا كىشىلەر ئىچكى سىرلاردىن ئاز - تولا خەۋەر تاپقان بولسا، مى شياڭنىڭ بۇنچىۋالا قاتتىق ھازا ئېچىشىغا باشقىچە قاراشتا بولغان بولاتتى.

مەيلى كىشىلەر نېمە دېسە دەۋەرسۇن، مى شياڭ ئەلۋەتتە

قاتتىق ئازابلىناتتى. چۈنكى، ئۇ ئۆزىنى جاڭ شەنگە تەئەللۇق دەپ قارايتتى. ئۇ كېيىن ئۆزىنى نېمە ئىشلارنىڭ كۈتۈۋالىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئەگەر ئۇ ئۆزىنىڭ كېيىنكى تەقدىرىنى بىلگەن بولسا ئىدى، شۇ تاپتا مېيىت ساندۇقىغا ئۇسۇپ، جاڭ شەننىڭ كەينىدىن بىللە كەتكەن بولاتتى. مى شياڭ جاڭ شەندىن ئايرىلىپ ئىككى ئايدىن كېيىن بويىدا قالغانلىقىنى سەزدى.

ئايال بولغانىكەن، بويىدا قالىدۇ، بۇ نورمال ئىش. ئەمما، مى شياڭنىڭ بويىدا قېلىشى نورمال ئەمەس، چۈنكى مى شياڭ تېخى توي قىلمىغان. توي قىلمىغان بىر قىزنىڭ قورساق كۆتۈرۈپ يۈرۈشى ھەرگىز ئەقىلگە سىغمايدۇ، بولۇپمۇ شايېدىگە ئوخشاش بۇنداق يەردە بۇ ناھايىتى چوڭ بىر ئىش ھېسابلىنىدۇ.

بۇ ئىشنى مەخسۇس بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن، بۇ يەردىكى كادىرلار بىر تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى قۇردى.

ئايال كىشىنىڭ ھەرگىز بىكارلا بويىدا قالمايدۇ، ئۇ چوقۇم بىرەر ئەر كىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئۇلار مى شياڭنى چاقىرىپ كېلىپ سوراققا تارتتى:

— قورساقتىكى بالا كىمنىڭ؟

— جاڭ شەننىڭ.

— بۇ مۇمكىن ئەمەس، جاڭ شەن ئۆلۈپ كەتكەن تۇرسا، ئۇ قانداقسىگە جاڭ شەننىڭ بالىسى بولىدۇ؟

— جاڭ شەن سەپەرگە چىقىشىنىڭ ئالدىنقى كۈنى مەن ئۇنىڭ ياتىقىدا قونۇپ قالغان.

— نەچچە قېتىم قونغان؟

— شۇ، بىر قېتىم.

كادىرلار ھەممىسى پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆي ـ ئوچاقلىق بولغان، بۇ جەھەتتە تەجرىبىلىك ئىدى. ئۇلار:

— بۇ مۇمكىن ئەمەس، بىر قېتىمدا قانداق بويىغدا قالىدۇ؟ —

دەپ سورىدى.

— شۇ بىرلا قېتىم، — دېدى مى شياڭ.

كادىرلار مى شياڭغا «شۇ قېتىمقى ئىشنىڭ جەريانىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەر» دەپ قىستىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ھېچنېمە دېمىدى. كادىرلار ئۇنىڭغا: «بولغۇلۇق بوپتۇ، ئەمدى نېمىگە ئۇيىلىسەن» دەپ، قايتا - قايتا خىزمەت ئىشلىگەن بولسىمۇ، مى شياڭ يەنىلا دېگىلى ئۇنىمىدى، مى شياڭ خىجىل بولۇپ ئەمەس، دېيىشنى خالىمىغانلىقتىن دېمىدى. بۇ ئۇنىڭ مەخپىيىتى، ئۇنىڭ بەختى ئىدى. بۇ گەپ ئېغىزدىن چىقىپ كەتسىلا، مەخپىيەتلىك باشقىلارنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ كېتەتتى. جاڭ شەن ئۆلۈپ كەتكەچكە، ئۇنىڭ بۇ سىرنى باشقىلارغا دېگۈسى كەلمىدى.

مى شياڭ بۇ سىرنى ئېيتمىدى. كادىرلارمۇ ئامال قىلالمىدى. بىراق، ئۇلار قاتتىق ئاچچىقلاندى. چوڭ يىغىن ئېچىپ، يىغىندا مى شياڭنىڭ خاتالىقىنى جاكارلاپ ئۇنىڭغا چارە كۆردى. بىرەر ئىنسان بۇنى «بۇ سەل چەكتىن ئېشىپ كەتتى» دەپ ئەجەبلەنمىدى. چۈنكى، مى شياڭنىڭ قورسىقىدىكى بالا جاڭ شەننىڭ بولغان تەقدىردىمۇ، ئوخشاشلا توغرا ئىش ھېسابلانمايتتى. توي خەت ئالماي تۇرۇپ، بىر ئۆيدە ئاپاق - چاپاق بولۇشۇپ، بالا تۇغۇپ يۈرسە، پارتىيە ئىنتىزامى، دۆلەت قانۇنىغا خىلاپ ئىدى.

بىراق، مى شياڭ «مەن خاتا قىلدىم» دەپ قارىمىدى. «كېچىكىپ قىلىدىغان ئىشنى بالدۇرراق قىلسام نېمە بوپتۇ» دەپ ئويلىدى. چوڭ يىغىن ئېچىپ چارە كۆرۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما مى شياڭنىڭ چىرايىدىن پۇشايماننىڭ كۆلەڭگىلىرىنى كۆرگىلى بولمايتتى، ئۇ بۇرۇنقىدەكلا قەددىنى كۆتۈرۈپ، كۈلكە - چاقچاق بىلەن خۇشخۇي يۈرۈۋەردى.

بىراق، ئاشۇ كۈنى ئۇ يەنىلا يىغلىدى. بۈگۈن جاڭ شەن ئۆلگەندە ئازابلانغاندىنمۇ بەكرەك ئازاب چەكتى. باشقا ئايال‌لار

ئېغىربوي بولۇپ قېلىپ، تەشكىلدىن غەمخورلۇق قىلىشنى تەلەپ قىلغاندا، كادىرلار دەرھال ئۇلارنى يېنىك ئىشلارغا ئورۇنلاشتۇردى، ئەمما مى شياڭ يېنىكرەك بىرەر ئىشقا قويۇشنى تەلەپ قىلىۋىدى، باشلىق ئۇنىمىدى. مى شياڭ:

— باشقا ئاياللارغا ئېتىبار قىلىسىلەر، ماڭا نېمىشقا ئېتىبار قىلمايسىلەر، — دېسە، ئۇلار:

— ساڭا نېمىدەپ ئېتىبار بەرگۈدەكمىز، بىز بۇنچىلىك ھەق - ناھەقنى ئايرىيالمىساق بولماس، — دەپ جاۋاب بېرىشتى.

شۇنىڭ بىلەن يەنىلا مى شياڭنى ئۆستەڭ چېپىش ئىشلىرىغا سالدى. ۋەزىپىنى ئورۇنداپ بولالمىغاندا، ئۇنى چوڭ يىغىندا قالاق تىپ سۈپىتىدە تەنقىد قىلدى.

شۇ كۈنى شارقىراپ يامغۇر يېغىپ كەتتى. ئۇ يەنىلا ئىش مەيدانىدا ئىشلەۋاتاتتى. باشقىلار يامغۇردا سوغۇقتىن قېچىپ ئۆزىنى دالدىغا ئېلىشتى. ئەمما، مى شياڭغا سوغۇق ئۆتمىدى. قورسىقىدا ئىسسىق بىر ئېقىمنىڭ تەۋرىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇنىڭ ئۇستىبېشىدىن قويۇلغان يامغۇرنىڭ رەڭگىمۇ قىزىلغا بويىلىپ كەتتى. مى شياڭ ئۇستىبېشىغا شۇنداق بىر قاراپ، پۈتۈن ئەزايىنىڭ سوغۇقتىن توڭلاپ قېتىپ كەتكەنلىكىنى سەزدى. ئۇ جايىدا خۇددى مۇز ھەيكەلدەك قېتىپ قالغانىدى. ياشلار كۆزلىرىدىن يامغۇرغا قوشۇلۇپ تاراملايتتى. شۇ تاپتا يەرگە تۆكۈلۈۋاتقىنى يامغۇر ئەمەس، مى شياڭنىڭ كۆز يېشى ئىدى.

مى شياڭ ئۆيدە بىر ئايدەك يېتىپ قالدى. كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك، ئۇ مۇشۇ ياتقانچە ئەمدى ئورنىدىن تۇرالمايدۇ، جاڭ شەن ۋە تېخى دۇنياغا كۆز ئاچمىغان بالىسىنىڭ دەردىدە ئەمدى ئورنىدىن قوپالمايدۇ، دەپ قاراشتى. بىراق، بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، بىر كەچلىكى گۇگۇمدا كىشىلەر مى

شياڭنىڭ ئۆز ئۆيىدىن چىقىپ ئۇدۇل سۇ ئامبىرى تەرەپكە قاراپ ماڭغانلىقىنى كۆرۈشتى. ئۇنى سۇغا ئۆزىنى ئېتىۋالمىغىيتتى دەپ، بىر نەچچەيلەن ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭدى. ناۋادا بۇ ئىشلار راستلا ئۇنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمەي، ھاماقەتلىك قىلىپ ئۆزىنى سۇغا ئېتىۋالسا، كەينىدىن ماڭغان بۇ كىشىلەر ئۇنى سۇدىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىشقا بولسىمۇ يارايتتى.

مى شياڭ كۆلنىڭ بويىغا كېلىپ، ئەينەكتەك پارقىراپ تۇرغان تىپتىنچ سۇغا بىر ھازا قاراپ تۇردى. ئاۋۋال تۇگمىسىنى يېشىپ كۆڭلىكىنى سالدى، ئاندىن ئۇزۇن شىمىنى سالدى، ئارقىدىن مايكىسىنى يەشتى، ئاندىن كالتە ئىشتىنىنى سالدى. ئۇ شۇ تاپتا ئاندىن تۇغما ھالەتتە — خۇددى ئاپپاق گۇرۇچكىلا ئوخشاپ قالغانىدى، ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ كەلگەن بىر توپ ئەرلەرنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. ئۇلار «ئەگەر بۇ قىزنىڭ ئۆلگۈسى بولسا كىيىملىرىنى سالمايتتى» دەپ ئويلىدى. ئۇ يەردە قىپيالىڭاچ بىر قىز ئۆرە تۇرسا، ئەرلەر چەكچىيىپ قاراپ تۇرسا قانداق بولغىنى؟ ئەمما، ئۇ ئەرلەر شۇ تاپتا ئېسىنى يوقىتىپ قويىاي دېيىشكەندى.

مى شياڭ ئۆزىنى سۇغا ئاتتى. قۇياش غەرب تەرەپكە قىيسايغانىدى. مى شياڭ خۇددى سۆيگەن يارىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقاندەك ئۆزىنى سۇغا ئاتتى، ئەتراپقا چاچرىغان بۇژغۇنلاردىن ھاۋادا سانسىز كىچىك قۇياشلار پەيدا بولۇپ، ھېلىقى بىر توپ ئەرلەرنىڭ كۆزلىرىنى ئالا چەكمەن قىلىۋەتتى.

شۇ كۈندىن ئېتىبارەن، نۇرغۇن يىگىتلەر كارىۋتىدا نىكاھلاپ ئالغان خوتۇنلىرىنى قۇچاقلاپ ياتقىنى بىلەن، كۆڭلىدە مى شياڭنى خىيال قىلاتتى. مى شياڭ خىيالىغا كەلسە، تولىمۇ خاتىرجەمسىزلىنىپ ئۇھ تارتاتتى. كىشىلەرنىڭ ئۇلاردىن نېمە ئىش بولغانلىقلىرىنى سوراشقاندا: «ھېچنېمە بولمىدى» دەپ جاۋاب بېرىشەتتى.

## 4

ئاشۇ كۈنى بىر ئەر يول بويىدىكى قوناقلىقتا مۆكۈنۈۋالدى. مى شىياڭ سۇغا چۆمۈلۈپ بولۇپ ئۆيگە ماڭدى. ئەتراپقا گۇگۇم پەردىسى يېيىلغانىدى. مى شىياڭ كېتىۋاتقاندا ھېلىقى ئەر كىشى دەرەخلىكنىڭ ئارىسىدىن چىقىپ ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇۋالدى. مى شىياڭ ئۇ كىشىنىڭ يولىنى توسۇۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، يا قاچمىدى، يا ۋارقىرىمىدى. ھېلىقى ئەر كىشىمۇ ئويلىنىپ قويغانىدى. ئەگەر مى شىياڭ قاچسا ياكى ۋارقىرىسا، ئۇمۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك قوناقلىقتا قېچىپ كىرىۋالاتتى. ئەمما، مى شىياڭ مىتمۇ قىلمىدى. سۇدىن ئەمدىلا چىققاچقا، بەدىنىدىن بىر خىل خۇش پۇراق چىقىپ تۇراتتى. ئەر كىشى مى شىياڭنى قۇچاقلاپ كۆتۈرگىنىچە دەرەخلىكنىڭ ئىچىگە ئەكىرىپ كەتتى.

بىر كۈنى كېچىدە، يەنە بىر ئەر كىشى كېلىپ مى شىياڭنىڭ ئىشىكىنى قاقتى. ئەر ئىچىدە «ئىشىكنى بەش قېتىملا قاقىمەن، چىقمىسا ئۇدۇل كېتىمەن» دەپ ئويلىغانىدى. ئەمما، ئىشىكنى ئۈچ قېتىم قېقىشىغىلا ئىشىك ئېچىلدى. ئەر كىشىنىڭ قولتۇقىدا تاۋۇز بار ئىدى. ئۇ:

— بۇ يېڭىلا ئۈزگەن تاۋۇز، بىرنى ئالغاچ كەلدىم، يەپ بېقىڭ، — دېدى. مى شىياڭ كۈلۈپ قويدى. بۇنىڭ بىلەن ئەر كىشىمۇ يورەكلىك بولۇپ كەتتى. ئۇ قولتۇقىدىكى تاۋۇزنى قويۇپ، مى شىياڭنى چىڭگىدە قۇچاقلىۋالدى، مى شىياڭ:

— ئۇسساپ كەتتىم، تاۋۇز يەيمەن، — دېدى. ئەر كىشى مى شىياڭنىڭ تاۋۇز يېگىنىگە قاراپ ئولتۇرۇپ:

— يەيمەن دېسىڭىز بىرنەچچە كۈندىن كېيىن يەنە ئەكېلىپ بېرەي، — دېدى. مى شىياڭ ماقۇل بولدى.

بۇ ئىككى ئەر كىشىنىڭ خوتۇنلىرى بار ئىدى. ئۇلار مى شىياڭنىڭ يېنىدىن قايتىپ كەلگەندە، خوتۇنلىرى كۆزىگە جىن

كۆرۈندى. بۇ ئىككىيلەن باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئۆزلىرىچە كۆرەڭلەپ، جۆيلۈپ، مى شياڭ بىلەن بولغان ئىشلىرىنى كىشىلەرگە يېيىۋەتتى. بۇنىڭغا باشقا ئەرلەر ئىشەنمەي: «مى شياڭ سەندەكلەرنى نەزىرىگىمۇ ئېلىپ قويمايدۇ» دېيىشتى. ئېغىزىدا ئىشەنمەيمىز دېگەن بىلەن ئىشەنمەي تۇرغىلى بولمايتتى. مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا دېگەندەك، ئۇلارمۇ ئۆزلىرى سىناپ باقماقچى بولۇشتى. دەرۋەقە، سىناپ بېقىشۇدى، راستلا ئۇلارنىڭ دېگىنىدەك چىقتى. بۇ راھەت ئۇلارنىڭ تومۇر ـ تومۇرلىرىغا تاراپ، ئۇلارنى جاھاندا ھەر ھالدا بىكار ياشىماپتۇق دېگۈزۈۋەتتى.

مى شياڭ بىر ئېغىز ئۆيدە ئۆزى يالغۇز تۇرمۇش كەچۈرگەن بىلەن، توي قىلغان نى ـ نى ئاياللاردىن باياشات ئۆتتى. ئۇنىڭ جاڭگالغا چىقىپ ئوتۇن تەرگىنىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئەمما، شۇنداق بولغىنىغا قارىماي ئىشىكىنىڭ ئالدىغا ئوتۇن دۆۋىلىنىپ كېتەتتى. بۇ ئوتۇنلارنى ئۇ ئون يىل قالسىمۇ تۈگىتەلمەيتتى. مى شياڭنىڭ ئۆيىدىن يامغۇر ئۆتۈپ، ئۆگزىنى ئوڭشاشقا توغرا كەلگەندە، بىرەر يۈزگە يېقىن ئەر كېلىپ ئۆگزىسىنىڭ چۆرىسىدىكى خىشلارنى يېڭى خىشقا ئالماشتۇرۇپ، ئۆگزىسىگە يېڭى كاھىش ياتقۇزۇپ بەردى. قىش كىرىشى بىلەن نۇرغۇن ئادەملەر دالاغا ئوۋغا چىقاتتى. مى شياڭ ھەر كۈنى ئەتىگەندە قورۇغا چىقىپ، بىرمۇنچە ياۋا توشقان ۋە قىرغاۋۇللارنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرەتتى. تاماق ۋاقتى بولغاندا، ئۇنىڭ ئۆيىدىن گۆشلۈك تاماقلارنىڭ مەززىلىك پۇرىقى تارايتتى. ئۇ ئېتىزغا ئىشقا چىقسا، ئۆزىگە بۆلۈپ بەرگەن يەرگە ئىشلىمەي، تېرەكنىڭ سايىسىدە گازىر چېقىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئىشىنى ئەرلەر كېلىپ بىردەمدىلا تۈگىتىۋېتەتتى. مى شياڭ ھەرگىز بىرەر ئەر كىشىگە: «سىز ئاۋۇنى قىلىۋېتىڭ، ماۋۇنى قىلىۋېتىڭ» دېمەيتتى. ئەمما، بىكار تەلەپ ئەرلەر ئالدىغا ھىجىيىپ كەلسە، قاراپمۇ قويمايتتى ھەم ئۇلارنى «يولۇڭلارغا مېڭىڭلار» دەپ

www.uyghurkitap.com

كەتكۈزۈۋېتەتتى. ئەرلەرمۇ باشقىلار بىلىپ قالمىسۇن دەپ، غىپپىدە كېتىپ قالاتتى. ئەمما، مى شياڭ باشقىلارنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن قورقمايتتى.

مى شياڭنىڭ ئۆيىدە ئىككى لامپا بار ئىدى. بىرىنى ئادەتتە ياقمايتتى، پەقەت ئادەم كەلگەندىلا ياندۇراتتى. ئەمما، ئاياللار كەلگەندە ياقماي، ئەرلەر كەلگەندىلا ياندۇراتتى. ئۇنى ياندۇرۇپ تەكچىگە ئېلىپ قوياتتى. تەكچىدىكى لامپىنىڭ يورۇقىنى سىرتتىن كۆرگىلى بولاتتى، سىرتتا ئەرلەر لامپىنىڭ يورۇقىنى كۆرسىلا نىشاننى ئۆزگەرتەتتى. شۇنداق، ئۇنىڭ كۈنلىرى ھەقىقەتەن كۆڭۈللۈك كېتىپ باراتتى.

سىرتتا ئوقۇۋاتقان تۆڭ قايتىپ كەلدى. بۇ چاغدا تۆڭ تولۇق ئوتتۇرىغا چىققانىدى. ئۇنىڭ بويى ئۆسۈپ ئېگىز بولۇپ كەتكەنىدى. دادىسىنىڭ يېنىدا تۇرسا دادىسىدىن ئېگىز كۆرۈنەتتى، بۇرۇتى خېلىلا خەت تارتىپ قالغانىدى، ئەمما، ئاتا - ئانىسىنىڭ نەزىرىدە ئۇ يەنىلا كىچىك ئىدى، ئۇنى يەنىلا كىچىك بالا دەپ قارايتتى. ئۇ ئۆيگە كەلسە، ئۇنىڭغا «جاڭگالدىن ئوتۇن تېرىپ كەل» دەيتتى. ئۇ ئارغامچىنى ئېلىپ ئىشىكتىن چىققاندا، قوشنا ھويلىدىكى كىچىك سىڭلچاق ۋارقىراپ «مەنمۇ بارىمەن» دەپ تۇرۇۋالدى. بۇ قىز بۇ يىل ئون بەش ياشقا كىرگەنىدى، تېخى ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا ئورۇق، قاپقارا قىز ئىدى. مانا ئەمدى سەمرىپ، چىرايلىرى پارقىراپ قالدى.

«ئوتۇننى نەدىن تېرىپ كەلسەم بولار، — دەپ ئويلىدى تۆڭ، — يەنىلا ئاشۇ سۇ ئامبىرى ئەتراپىدىن تېرىپ كېلەي» سۇ ئامبىرىنىڭ ئەتراپىدا ئوتۇن يەنىلا شۇنداق كۆپ ئىدى. ئۇ بىردەمدىلا بىر قۇچاق تەردى. تۆڭ قىزچاقنى: «سىز كېتىپ تۇرۇڭ، مەن سۇغا چۆمۈلۈۋالاي» دېگەن بولسىمۇ، بۇ قىز: «بىرگە كېتىمىز» دەپ كەتكىلى ئۇنىمىدى. تۆڭ ئۇنىڭ بىلەن كارى بولماي ئۆزىنى سۇغا ئاتتى. ھازىر ئۇنىڭ سۇ ئۈزۈش تېخنىكىسى خېلىلا ئېشىپ كەتكەنىدى. سىنىپ بويىچە سۇ

ئۈزۈشتە ھېچكىم ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتەلمەيتتى. ئۇ كۆلنىڭ ئۇ قېتىغا ئۈزۈپ ئۆتۈپ يەنە قايتىپ كەلدى. قىزچاق سۇ ئۈزەلمەيتتى. ئۇ سۇنىڭ تېيىز يېرىگە بېرىپ بىردەم سۇ چېچىپ ئوينىدى. تۇڭنىڭ ئۆزى تەرەپكە قاراپ ئۈزۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا سۇ چاچتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر - بىرىگە سۇ چېچىشتى. قىز بىردەمدىلا ھېرىپ سۇدا ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ سۇدىن قوپقاندا باشقىچىلا بولۇپ قالغانىدى. كىيىملىرى پۈتۈنلەي ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى. نېپىز كوپتىسى ھۆل بولۇپ بەدىنىگە چاپلىشىپ قالغانىدى. ئۇ كۆڭلىكىنىڭ ئىچىگە ھېچنېمە كىيمىگەنىدى. تۇڭ پەقەت چۈشىدىلا زاھىر بولىدىغان گۈل غۇنچىسىنى كۆرۈپ قالدى - دە، ئورنىدا قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. قەلبى تەۋرەپ بەدىنى تەۋرىمىگەن بولسا، يەنە ئانچە چوڭ ئاۋارىچىلىك بولمايتتى. بىر ئادەمنىڭ بۇنى ئىشقا ئاشۇرمىقى ئاسان ئەمەس، بولۇپمۇ ئون يەتتە ياشقا كىرىپ قالغان بىر يىگىتنىڭ بۇنى ئىشقا ئاشۇرمىقى تېخىمۇ تەس. تۇڭ پەقەت چۈشىدىلا زاھىر بولىدىغان غۇنچىنى كۆرۈپ يەنە چۈشىگە قايتقاندەك بولدى. تۇڭ قىزغا ئېتىلدى. قىزچاق باشتا «تۇڭ ئاكام مەن بىلەن ئويناشىۋاتىدۇ» دەپ ئويلىدى، ئەمما، دەرھال ئۇنىڭ ئويناشمىۋاتمىغانلىقىنى سەزدى. تۇڭ قىزنى سۇنىڭ چېتىدىكى شېغىلغا سۆرەپ ئاپىرىپ، ئۇنىڭ ھۆل كىيىملىرىنى تارتىشتۇرۇپ يىرتىۋەتتى. قىز يىغلىغىنىچە ئۆزىنى ئەپقاچتى. ئەمما، تۇڭ تېخىمۇ ياۋايىلىشىپ، قىزنىڭ يىغىسىغا زادى پەرۋا قىلماي ئۇنىڭ ئىشتىنىنى تارتىشقا باشلىدى.

قىز جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىرىدى. ئەمما بۇ ئاۋاز تۇڭنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ چۈشىنى كۆرۈشكە ئالدىرايتتى. ھەر قېتىم چۈشى تۈگىگەندىلا ئويغىنىپ كېتەتتى. بۇ قېتىم ئۇ «ئويغىنىپ كەتمىسەم، چۈشۈمنى ئاخىرىغىچە كۆرۈپ بولسام بولاتتى» دەپ ئويلىدى، قىز:

— ئاكا، ئۆتۈنۈپ قالاي، مېنى قويۇۋېتىڭ، — دەپ

ۋارقىرىدى. تۇڭنىڭ ئىچىدە چىلبۆرە ھۇۋلايتتى. بۇ ئاۋاز قىزنىڭ ئاۋازىنى پۈتۈنلەي بېسىپ كەتتى. بىراق، بۇ قېتىم ئۇ چۈشىنى كۆرۈپ بولالمىدى. سەۋەبى، ئۇ قىزنىڭ كىيىملىرىنى تېخى سالدۇرۇپ بولالمايلا چۈشىدىن ئويغىنىپ كەتتى. ئۇنى چۈشىدىن ئويغاتقۇچىنىڭ كىرىش ئىكەنلىكىنى مى شياڭ بىلمەيتتى.

## 5

ۋارقىرىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ، تۇڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ مى شياڭنى كۆردى. تۇڭ ئەقلىدىن ئازغانىدى. ئۇ «ئەمدى تۈگەشتىم، ئەمدى مېنى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىغا ئاپىرىپ بېرىدىغان بولدى» دەپ ئويلىدى، ئۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرسىلا خىزمەتكە چىقاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ نېمىلەرنى قىلىپ يۈرگەنلىكىنى ئەمدى چۈشەندى. بۇ ئىشنىڭ نەقەدەر ئېغىر ئىكەنلىكىنى ئۇ ياخشى بىلەتتى. ھۆكۈم ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىلاتتى، بۇنىڭغا مەكتەپىدىكى بارلىق ئوقۇغۇچىلار قاتنىشاتتى. ئۇنىڭ نامىنى ئاڭلىمىغان كىشىلەر مۇشۇنداق چوڭ يىغىندا ئاڭلايتتى. كىشىلەر بىلمەيدىغان نۇرغۇن ئىشلار مۇشۇنداق چوڭ يىغىندا پاش بولۇپ قالاتتى. بۇنداق چاغدا ئۇ لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، بەدەر قېچىپ كېتەي دەپ ئويلىسىمۇ، ئەمما پۇت ـ قولىدا جان قالمىدى.

مى شياڭ ئۇدۇل كېلىپ قىزچاقنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭ كىيىملىرىنى كىيگۈزدى. مى شياڭ:

— سىڭلىم، ئاكىڭىز سىزگە چاقچاق قىپتۇ. بۇنى راست دەپ ئويلاپ قالماڭ. ئۆيگە بارغاندا باشقىلارغا دېمەڭ، چوڭلار ئاڭلىسا تىللايدۇ، ئۇقتىڭىزمۇ؟ — دېدى. قىزچاق:

— ئۇقتۇم، — دېدى.

مى شياڭ:

— ھېچكىمگە دېمەيمەن، دەپ ماڭا ۋەدە بېرىڭ، — دېدى.

قىزچاق:
— دېسەم ئىت بولۇپ كېتەي، — دېدى.
مى شياڭ:
— سىز بەك ياخشى جومۇ، سىڭلىم، مەن سىزنى بەك ياخشى كۆرىمەن، — دەپ قىزچاقنى يولغا سېلىپ قويدى.
تۇڭنىڭ چىرايىنىڭ ئاپپاق تاتىرىپ، يەردە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ قالغانلىقىنى كۆرگەن مى شياڭ كۈلۈپ قويدى ھەم تۇڭغا:
— بۇنداق تېز چوڭ بولۇپ كېتىدىغانلىقىڭنى ئويلىماپتىمەن، — دېدى ئورنىدىن تۇرۇپ، — كېلە، بويىمىزنى تەڭلەشتۇرۇپ باقايلى.
تۇڭ ئورنىدىن قوپىمەن دەپمۇ قوپالمىدى. مى شياڭ ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى. تۇڭ ئورنىدىن تۇرۇپ مى شياڭنىڭ يېنىغا كېلىۋىدى، ئۇنىڭدىن بىر غېرىچ ئېگىز چىقتى. مى شياڭ:
— قايتىپ كەپسەن، ھەددەمنى كۆرۈپ كېلەيمۇ دېمىدىڭ. ھەدەڭنى ئۇنتۇپ كەتتىڭمۇ نېمە، مېنى ئۇنتۇپ قالساڭ ھېچ گەپ يوق. ئەمما، مەن ئۆگەتكەن سۇ ئۈزۈش تېخنىكىسىنى ئۇنتۇپ قالساڭ بولمايدۇ. قېنى، كۆلگە چۈشۈپ بىر ئۈزۈپ باقە، مەن بىر كۆرۈپ باقاي، راست ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ - يوق؟ ئۆتكەن قېتىم ساڭا پاقىچىلاپ ئۈزۈشنى ئۆگەتكەن، ئەركىن ئۈزۈشنى ئۆگەتمىگەنىدىم، ئەگەر خالىساڭ، يەنە ئۆگىتىپ قويسام بولىدۇ، — دېدى.
تۇڭ مى شياڭغا تىكىلىپ، ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ لەۋلىرى لىپىلداپ كەتتى. مى شياڭ:
— بىر نېمە دېگۈڭ بارمۇ، بولسا دەۋەرگىن، ھېچقىسى يوق، — دېدى.
تۇڭ:
— ھەدە. سىز راستلا مېنى ج خ ئىدارىسىگە تۇتۇپ

بەرمەمسىز؟ — دەپ سورىشىغا، مى شياڭ كۇلۇپ:
— خاتىرجەم بول، ھەدەڭ ھەرگىز ئۇنداق ئىشلارنى قىلمايدۇ، — دېدى. تۇڭ پاتىڭىدە ئېتىلىپ يىغلاپ مى شياڭنىڭ ئالدىغا تىزلاندى. مى شياڭ تۇڭنىڭ بېشىنى باغرىغا باستى.
ئۇنىڭ ئاغزى تۇڭنىڭ قۇلاقلىرىغا تېگىپ قالدى. مى شياڭ ناھايىتى نازۇك بىر ئاۋازدا:
— سەن ئەمدى چوڭ بولدۇڭ، سەن دېگەن ئوغۇل بالا، ئېسىڭدە بولسۇن، ئۇكام، ھەقىقىي ئوغۇل بالا قىز بالىنى ھەرگىز مەجبۇرلىمايدۇ. ئۇلارنى ئۆزۈڭگە كۆيدۈرۈۋال، قىزلار سېنى ياخشى كۆرۈپ قالسىلا، سەن نېمە قىلىمەن دېسەڭ، ئۇلار ماقۇل بولىدۇ.
تۇڭنىڭ بېشى مى شياڭنىڭ باغرىدا قىمىرلايتتى. تۇڭ:
— ياق، ياق، مەن بەك ئەسكى، ھېچكىم مېنى ياخشى كۆرمەيدۇ، — دېدى.
مى شياڭ:
— كىم شۇنداق دەيدۇ، مەن سېنى شۇنداق ياخشى كۆرىمەنغۇ، — دېدى. تۇڭ بېشىنى لىككىدە كۆتۈرۈپ مى شياڭغا قارىدى. مى شياڭ:
— راست، سېنى مەنلا ئەمەس، يەنە نۇرغۇن قىزلار ياخشى كۆرىدۇ، — دېدى.
تۇڭ:
— ئىشەنمەيمەن، — دېدى.
مى شياڭ كۆلىنىڭ قىرىدا تۇرۇپ خۇددى تۇڭنى كۆرسۇن دېگەندەك قىلىپ كىيىملىرىنىڭ ھەممىسىنى سېلىۋەتتى. تۇڭ چۈشىدە نۇرغۇن قىزلارنى كۆرگەن، ئەمما ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى مى شياڭدەك چىرايلىق ئەمەس ئىدى. مى شياڭ ئىككى بىلىكىنى ئۇزۇن سوزۇپ تۇڭغا:
— كېلە، سۇ ئۈزۈشنى ئۆگىتىپ قوياي، سۇ ئۈزۈشنى ئۆگىنىۋالساڭ، سۇدىن قورقمايدىغان بولىسەن، سۇمۇ سېنى

ھېچنېمە قىلالمايدۇ، — دېدى.

مى شياڭ سۇدىن چىقىپ قۇمدا ئوڭدىسىغا ياتتى. ئۇ تۇڭنى ئۇستىگە چىقارماقچى بولۇپ، ئۇنىڭغا:

— گېپىمنى ئاڭلا، بايىقىدەك كىچىك قىزلارغا ئۇنداق قىلىقلارنى قىلما، باشقا قىزلارغىمۇ ئۇنداق قىلما، ئۇنداق قىلساڭ ياخشى بولمايدۇ، پەقەت بولالمىساڭ، ئۇدۇل كېلىپ مېنى ئىزدە.

تۇڭ كۆپ ئىشلارنى بىلمەيتتى. ئۇ مى شياڭنىڭ ئۇستىگە تاشلىنىپ، ھەدەپ كۆچۈكلەردەك قىلىقلارنى قىلغىلى تۇردى، تۇرۇپلا يەنە يىغلاپ كەتتى.

بىر يىگىت يېتىلىش جەريانىدا چوقۇم بىرەر قىزغا يولۇقىدۇ، ئەگەر ئۇ قىز بولمىسا، ئۇنىڭ ھاياتىمۇ بولماسلىقى مۇمكىن. تۇڭنىڭ ھاياتىدىكى ئەنە شۇ قىز بالا مى شياڭ بولسا كېرەك. تۇڭ ھامىنى بىر كۈنى بۇنى چۈشىنىپ قالىدۇ.

تۇڭ ئىشىكنىڭ ئالدىدا كىتاب كۆرۈپ ئولتۇرغاندا، يان قوشنىسى بولغان ھېلىقى قىزچاق كېلىپ ئۇنىڭدىن:

— نېمە كىتاب كۆرۈۋاتىسىز؟ — دەپ سورىشىغا، تۇڭ كىتابنىڭ مۇقاۋىسىنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ قويدى. قىز:

— ئاكا، تۈنۈگۈن نېمە بولدىڭىز، مېنى بەك قورقۇتۇۋەتتىڭىز، — دېدى.

تۇڭ:

— تۈنۈگۈن مېنى قارا بېسىپ قاپتۇ، — دېدى.

قىزچاق:

— كۈپكۈندۈزدە قارا باسامدۇ؟ — دېدى.

— ھەقىقىي قارا باسىدىغان چۈشلەرنى ئادەم كۈندۈزى كۆرىدۇ، — دېدى تۇڭ.

قىزچاق:

— ئەمىسە بۇنىڭدىن كېيىن قەتئىي بۇنداق چۈشلەرنى كۆرمەڭ، بولامدۇ؟ — دېدى قىزچاق.

تۇڭ:

— ئەمدى ئۇنداق چۈشلەرنى كۆرمەيمەن، — دېدى.

قىزچاق نەچچە قېتىم تۇڭ بىلەن «جاڭگالغا ئوتۇن تەرگىلى بارىمەن» دەپ ئەگەشكەن بولسىمۇ، ئەمما تۇڭ ئۇنى بارغىلى قويمىدى. تۇڭ مى شياڭنى يادىغا ئالدى. ئۇ مى شياڭنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرسىلا، باشقا قىزلارنى ئۇنتۇپ كېتەتتى.

بۇ تەتىلمۇ بەك تېز ئۆتۈپ كەتتى. سۇ ئامبىرىدا تۇڭمۇ، مى شياڭمۇ قىپيالىڭاچ چۈمۈلىدىغان بولدى. تۇڭ مى شياڭغا:

— بۇ يەردىن پەقەت كەتكۈم كەلمەيۋاتىدۇ، — دېسە، مى شياڭ:

— سەن بەك ئەخمەق ئىكەنسەن، ئالەمدە قىز بالا دېگەن ناھايىتى كۆپ، — دېدى. تۇڭ.

— ئالەمدە قىز بالا كۆپ بولغان بىلەن ھېچكىم سىزگە يەتمەيدۇ، — دېدى.

مى شياڭ:

— بۇنداق دېسەڭ، مەن بەك خۇش بولۇپ كېتىمەن، — دېدى.

## 6

يەنە بىر ئوقۇش مەۋسۇمىدىن كېيىن تۇڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرەتتى. ئۇنىڭغىچە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلىنىپ كەتتى. قىزىل قوغدىغۇچىلارنىڭ يەڭ بەلگىسىنى تاقىغان تۇڭ شايېدىگە قايتىپ كەلدى. ئۇ يىراقتىنلا ئالدىدا بىر توپ - تۇمانىنىڭ كۆتۈرۈلگەنلىكىنى كۆردى. ئۇ يەردە نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئۇ ئالدىغا مېڭىپ شۇنداق قارىشىغا، بىر توپ ئاياللارنىڭ بىر قىز بالىنىڭ چېچىنى يۇلۇۋاتقانلىقىنى كۆردى. بۇ قىز بالىنىڭ بوينىغا، بېلىگە كونا ئاياغلار يىپقا ئۆتكۈزۈپ ئېسىپ قويۇلغانىدى.

بىر ئايال يۈگۈرگەن پېتى سەھنىگە چىقىپ، بۇ قىزنىڭ چېچىنى يۇقىرىغا تارتىۋىدى، قىز بېشىنى كۆتۈردى. ئۇنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ تۆگىنىڭ يۈرىكى قارت قىلىپ قالدى. تۇڭ ئوتتۇرىغا تارتىپ چىقىرىلغان بۇ قىزنىڭ مى شياڭ بولۇشىنى زادىلا ئويلىمىغانىدى. مى شياڭ يەنىلا شۇنداق چىرايلىق ئىدى. ئۇ چىرايلىق، نازاكەتلىك بولۇپلا قالماي، يەنىلا شۇنداق مەغرۇر ئىدى. ئۇنىڭ چىرايىغا قارىغان ھەرقانداق بىر ئايالنىڭ شۇ ھامان كۆنداشلىقى تۇتاتتى.

بىر توپ ئايال خۇددى غالجىر ئىتقا ئوخشاش ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشلاندى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى تىتىلىپ، پۈتۈن ئەزايىدىن ئاققان قان ئۇنى تونۇغۇسىز قىلىۋەتكەنىدى.

تۇڭ مى شياڭنىڭ ئالدىغا كېلىپ نېمە قىلىشىنى بىلمەي تۇرۇپلا قالدى. مى شياڭ تولغىناتتى، لاغىلداپ تىترەيتتى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ تۆگىنى كۆرگەندەك قىلدى، ئۇ تۆگىغا:

— ئۇكام، ماڭا ئازراق سۇ ئەكېلىپ بەر، بەك ئۇسساپ كەتتىم، — دېدى. تۇڭ ئەتراپىنى شۇنچە ئىزدەپمۇ ھېچ يەردىن سۇ تاپالمىدى. تۇڭ ئىچىدە مى شياڭنى يۆدەپ سۇ ئامبىرىغا ئاپىرىپ، ئۇنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇپ، ئۈستىبېشىدىكى توپا ـ تومان، قان داغلىرىنى يۇيۇپ تازىلىۋەتمەكچى بولدى.

تۇڭ شۇنداق ئويلىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنداق قىلالمىدى. تۇڭ رادىيو كانىيىدىن رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ تيەنئەنمېن راۋىقىدا قىزىل قوغدىغۇچىلارنى قوبۇل قىلىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىدى. ئۇ دەرھال ئۆرۈلۈپلا يۈگۈردى، شۇ ھامان قىزىل قوغدىغۇچىلار سېپىگە قېتىلدى. بىر ئايدىن كېيىن، ئۇ تيەنئەنمېن راۋىقىدا، راۋاقتا تۇرغان ئۇلۇغ داھىيلارغا قىزىل گۆھەر كىتابنى پۇلاڭلىتاتتى.

ئارىدىن 20 يىل ئۆتۈپ، تۇڭ بىر داڭلىق مۇخبىر بولۇپ قالدى. ئۇ شايىدىگە كەلگەندە، نۇرغۇن ئادەملەر ياشىنىپ، كۆچ ـ قۇۋۋىتىدىن قالغان، تامغا يۆلىنىپ، ئاپتاپسىنىپ

www.uyghurkitap.com

ئولتۇراتتى. تۆك ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ مى شياڭنى سورىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك «مۇنداق بىرى بار ئىدى» دېيىشتى، ئەمما ئۇنىڭ ھازىر نەدە ئىكەنلىكىنى سورىغاندا ھېچكىم دەپ بېرەلمىدى. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، ئاشۇ كۈنى مى شياڭ كۆرەشكە تارتىلغاندىن كېيىن يوقاپ كەتكەن. دەسلەپتە كىشىلەر «مى شياڭ ئۆزىنى سۇ ئامبىرىغا تاشلىۋېتىپتۇ» دېيىشتى. بىراق، بۇ گەپكە ھېچكىم ئىشەنمىدى. چۈنكى، ئادەم سۇدا ئۇزاق تۇرالمايدۇ. بىر قانچە كۈندىن كېيىن لەيلەپ چىقىدىغان گەپتە! ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ سۇ ئۈزۈشكە شۇنداق ئۇستا تۇرسا، سۇدا تۇنجۇقۇپ ئۆلەي دېسىمۇ، ئەمما سۇ ئۇنى ھېچنېمە قىلالمايدۇ. يەنە بەزىلەر: «مى شياڭ ئاشۇ كۈنى كەچتە تاشيولغا چىقىپ ماشىنا توسۇپ، جەنۇبىي جۇڭگوغا كېتىپتۇ» دېيىشتى، يەنە بەزىلەر: «مى شياڭ سۇ ئۈزۈشكە ئۇستا بولغاچقا، دېڭىزدا ئۈزۈپ شياڭگاڭغا بېرىپتۇ، ئۇ ئاۋۋال ئۇ يەردە ئۇششاق تىجارەت قىلىپ، كېيىن چوڭ تىجارەتنىڭ پېشىنى تۇتۇپ، داڭلىق خوجايىن بولۇپ كېتىپتۇ» دېيىشتى. بۇمۇ بىر ئەپقاچتى گەپ. ئىشقىلىپ، شۇ كۈندىن ئېتىبارەن شايېدىدىكىلەرنىڭ ھېچقايسىسى مى شياڭنى كۆرمىگەنىدى.

شايېدىگە كاماندىروپكىغا چىقىپ قايتىپ كەلگەن تۆك ئىشىكتىن كىرىشىگىلا خوتۇنى ئۇنىڭدىن:

— بۇ قېتىم ئۇ يەرگە بارغاندا مى شياڭنى كۆردىڭىزمۇ، — دەپ سورىدى. تۆك:

— ياق، — دەپ جاۋاب بەردى. تۆكنىڭ خوتۇنى ئەينى ۋاقىتتىكى قوشنىسى بولغان ھېلىقى كىچىك قىزچاق ئىدى. ئۇلار توي قىلغاندىن كېيىن خوتۇنى تۆكغا نەچچە قېتىم:

— ھېلىقى چاغدا مى شياڭ ھەدەم مېنى توسىمىغان بولسا، مېنى بوزەك قىلغانلىقىڭىزنى دادام - ئاپاملارغا ۋە باشقىلارغا دەۋېتەتتىم، — دېدى. تۆك:

— سەن بەك دۆت ئىكەنسەن، مېنىڭ ئۇنداق قىلىشىم سېنى

بەك ياخشى كۆرگەنلىكىمدىن ئىدى، — دېدى.


خوتۇنى:

— بىلىمەن، بىراق ئۇ چاغدا مەن بەك كىچىك ئىدىم، ھېچ ئىشنى ئۇقمايتتىم، — دېدى. تۇلۇڭ نەچچە قېتىم خوتۇنىغا مى شياڭ بىلەن بولغان ئىشلارنى پاراڭ قىلىپ بېرەي دەپ ئويلىدىيۇ، ئەمما دېمىدى.

مى شياڭ چوقۇم تېخى ھايات، تۇلۇڭ ئەنە شۇنداق بىر تۇيغۇدا ئىدى. كىم بىلىدۇ، بىر كۈنى بىرەر يەردە مى شياڭ تۇيۇقسىزلا ئالدىدا پەيدا بولۇپ قالامدۇ تېخى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ قەتئىي ئۆزگەرمىگەندى. ئۇ يەنىلا گۈرۈچتەك يۇمىلاق، ئاپپاق ئىدى، يەنىلا بۇرۇنقىدەك ئاشۇنداق خۇشبۇي ئىدى.

2003 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، بېيجىڭ لۇشۈن ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىدا يېزىلدى.

شۆھرەت مۇھەممىدى تەرجىمىسى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئەلىيۇلئەلالىق چۈشى

يۇ لىجى

يەنە بىر دۆڭدىن ئاشىسىلا بىڭگۇ كەنتى كۆرۈنەتتى. قۇياش نۇرىدا يالتىراپ تۇرغان زۇمرەتتەك تاغ سۇلىرى ئەگرى - بۈگرى تولغىنىپ ئېقىپ تولىمۇ گۈزەل بىر مەنزىرە ھاسىل قىلغانىدى. شۇ يوەن چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈلگەن ھالدا كەنت تەرەپكە قاراپ ئالدىراش كېتىۋاتاتتى. چاپىنى تەردىن دومىبىسىگە چاپلىشىپ قالغانىدى. توساتتىن شۇ يوەننىڭ ئالدى تەرىپىدىكى ئورماندا بىر بۆغىنىڭ شاخلاپ كەتكەن مۈڭگۈزى كۆرۈندى، بۆغا بىردىنلا ئادەم ھىدىنى ئالغان بولسا كېرەك، يىراقتىن كۆرۈنگەن لۆڭشۈشەن تېغى تەرەپكە قاراپ چېپىپ كەتتى. بۇ يەرنىڭ ھەممىلا نەرسىسى شۇ يوەنگە بەش قولدەك تونۇش ئىدى. ئەمما، ناھىيە بازىرىنىڭ ئاۋات - قايناق تۇرمۇشىغا ئۆگىنىپ قالغان شۇ يوەننى بۇ گۈزەل مەنزىرە ھېچقانچە ھاياجانغا سالالمىدى. «ئۆيگە قايتمىغىنىمغا بىرنەچچە ئاي بولا - بولمايلا، 5 - ئاينىڭ بۇنچىلىك ئىسسىقىغا چىدىيالمىسام، جاننى خورىتىدىغان ئۇ جاپالىق ئوقۇشقا قانداق چىدايمەن» دەپ ئويلىدى شۇ يوەن كەيپىسىزلىنىپ. بۇ قېتىمقى قايتىش مەقسىتى ئېسىگە كېلىۋىدى، ئۇنىڭ يۈرىكى ئىختىيارسىز جىغىلداپ كەتتى. كۆڭلى غەش بولۇپ، قەدەملىرى ئېغىرلاشتى.

شۇ يوەن ناھىيەلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 3 - يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان بولۇپ، بۇ يىل ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرەتتى. تاغلىق كەنتتە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ۋە ئوقۇغان شۇ يوەن ناھىيەلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆتكەندىن كېيىن، ناھىيە

بازىرىنىڭ رەڭگارەڭ، قايناق تۇرمۇشىنى كۆرۈپ، كۆزى خېلىلا ئېچىلىپ قالغانىدى. دەسلەپتە ياخشى ئوقۇدى، ئۇنىڭ نەتىجىسىمۇ يامان ئەمەس ئىدى، ئەمما يېڭى ساۋاقداشى دىلى تىپ بىلەن ئارىلىشىشقا باشلىغاندىن تارتىپ، ئۇنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى بىراقلا چۈشۈپ، ئالدىنقى ئون ئوقۇغۇچىدىن ئارقىدىكى ئون ئوقۇغۇچى قاتارىغا كىرىپ قالدى. مۇئەللىم ئۇنىڭغا: «تاغ ئاتلاپ ئوقۇشقا كەلدىڭ، شۇنداق بولغاندىكىن ياخشىراق ئوقۇساڭ بولمامدۇ، ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمەي قالسام قايتىپ كېتىپ دېھقان بولىمەن، دەپ ئويلاۋاتامسەن يا؟» دېۋىدى، ئۇ تىلىنىڭ ئۇچىدىلا: «بۇنىڭدىن كېيىن چوقۇم تىرىشىپ ئۆگىنىمەن» دەپ ۋەدە بەردى. كۆڭلىدە بولسا باشقىچە چوت سوقاتتى. ئۇنىڭغا شەھەر تۇرمۇشى ئوبدانلا يېقىپ قالغانىدى، ئۇنى ھەرقانچە قوغلىسىمۇ تاغ ئىچىدىكى ھېلىقى نامرات كەنتكە ھەرگىز كەتمەيتتى. ئۇنىڭ بىلەن دىلى تىپ سىنىپتا ئەڭ «قەدىناس» بۇرادەرلەردىن بولۇپ قالغانىدى. دىلى تىپ تەكرار ۋاقتىدا سىنىپتىن غىپپىدە چىقىپ ئويۇنغىلى ماڭاتتى، شۇ يەن ئۇنىڭغا سادىقلىق بىلەن ئەگىشەتتى؛ دىلى تىپنىڭ قوشنا سىنىپتىكى قىزلارغا كۆزى چۈشۈپ قالسا، شۇ يەن ئىككى ئارىدا مۇھەببەت خېتى توشۇيتتى؛ دىلى تىپ سىرتتا باشقىلار بىلەن ئۇرۇشسا، شۇ يەن مۇشتىنى تۈرگىنىچە ئۇنىڭغا بولۇشاتتى. دىلى تىپ شۇ يەننىڭ بۇرنىدىكى قانىنى سۈرتكەچ تەسىرلەنگەن ھالدا:

— تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، باج ئىدارىسىدە ئىشلە، بۇ ئىشنى ئۆزۈم جۆندەيمەن! — دەيتتى. شۇ يەن بۇنداق چاغلاردا دىلى تىپدەك مەرد - مەردانە دوستىنىڭ بولغانلىقىدىن سۆيۈنۈپ كېتەتتى. باج ئىدارىسى ناھىيە بويىچە مائاش كىرىمى يۇقىرى، تەمىناتى ئوبدان ئىدارە تۇرسا، شۇ يەن خۇش بولماي كىم خۇش بولسۇن؟ بۇ ئىدارىگە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرمۇ ئوڭاي كىرەلمەيتتى. دىلى تىپنىڭ دادىسى باج

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ، ناھىيەدىكى غوللۇق شەخسلەردىن ئىدى.

شۇ ئائىلىسىنىڭ ئۇزۇن يىل يوشۇرۇپ كەلگەن بىر مەخپىيەتلىكى بار ئىدى، شۇ يوەن ئۇنىڭغا ئىشىنىپ كەتمىسىمۇ، باشقىلارغا تىنماي كەلگەننىدى. بىر كۈنى، دىڭ تيې ئۇنى بىر ھەشەمەتلىك مۇنچىغا باشلاپ ئاپاردى، يۇيۇنۇپ بولغاندىن كېيىن، مۇنچىخانا مۇلازىملىرى ئۇلارنىڭ بەدىنىنى تازا ھوزۇرلاندۇرۇپ ئۇۋۇلاپ قويدى. شۇ يوەن قاتتىق تەسىرلىنىپ، دىڭ تيېگە:

— ھىممىتىڭگە كۆپتىن - كۆپ رەھمەت، — دەپ تەشەككۈر ئېيتتى.

دىڭ تيې خاپا بولغان قىياپەتتە:

— شۇ يوەن، مېنى يات ئادەم قاتارىدا كۆرۈۋاتامسەن - نېمە؟ — دېدى. بۇ سۆزدىن شۇ يوەننىڭ كۆڭلى شۇرۇرىدە ئېرىدى - دە، ئائىلىسىنىڭ مەخپىيەتلىكىنى دىڭ تيېگە دەۋەتتى:

— ئەسلىي مەن ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە پەنلىرىگە قىزىقاتتىم. قېرىشقاندەك بوۋام مېنى ئىجتىمائىي پەندە ئوقۇيسەن، دەپ تۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇنىڭغا بىر ئەلىۋلئەلالىق يەرلىكى ئۇچراپتۇ. رەم ئېچىپ كۆرسە، ئۇنىڭ ماگا تەۋە ئىكەنلىكى مەلۇم بوپتۇ. ئۇ يەرلىكنىڭ ئالتۇندىن ياسالغان ئىشىكى، قاشتېشىدىن پۈتكەن پەردىسى بار ئىكەن. ئۇنىڭ يەنە «ساھىبجامال پەرداز ئازگىلى» دېگەن نامىمۇ بار ئىكەن. شۇ يەرلىككە ئىگە بولغۇچىنىڭ كېيىنكى ئۈچ ئەۋلادى كەينى - كەينىدىن ئۈچ قېتىم ئەلىۋلئەلالىق ئۇنۋانىغا ئېرىشىپ كاتتا مەنسەپلەرگە ئولتۇرۇپ، ھوزۇر - ھالاۋەت سۈرىدىكەن.

دىڭ تيې ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ھەيرانلىقتىن داڭ قېتىپ قالدى. بىر ئازدىن كېيىن كۆزلىرىنى ئويناتقان ھالدا:

— ھازىرقى كۈندە ئەلىۋلئەلالىق نېمىش قىلسۇن؟ — دېدى.

— شۇنى دېگىنە، مەن بۇۋامغا: «كېجۇي (قەدىمكى فېئوداللىق ئىمتىھان تۈزۈمى) تۈزۈمى سۇي سۇلالىسى دەۋرىدە پەيدا بولۇپ چىڭ سۇلالىسى زامانىغىچە داۋاملاشقانىكەن، تارىختا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ جۇاڭيۈەن، جيېيۈەن، خۇيىيۈەن دەيدىغان ئۈچ خىل ئەلىيۇلئەلالىق ئۇنۋانى بولغانىكەن. لېكىن، بۇ ئۇنۋانلار ئاللىقاچان تارىختا ئايلىنىپتۇ. بىزنىڭ تارىخ كىتابىمىزدا شۇنداق يېزىلغان دېسەم» بۇۋام مېنى بىلىمسىزگە چىقىرىپ مازاق قىلدى ۋە:

— ئالىي مەكتەپلەردىكى باكلاۋۇرلۇق، ماگىستىرلىق، دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانلىرى ئىلگىرىكى ئۈچ ئۇنۋان بولماي نېمە؟ — دېدى.

— پوستدوكتور دېگەن ئۇنۋاننى نېمە دەيسەن ! — دېۋىدىم، بۇۋامنىڭ جۇدۇنى تۇتتى - دە، قولىنى شىلتىغان ھالدا:

— كاللاڭ زادى ئىشلىمەيدۇ سېنىڭ، ئەلىيۇلئەلا دەل ئاشۇ دوكتور دېگىنىڭنىڭ ئۆزى شۇ، «پوست» دېگىنى دوكتورلارنىڭ ئەڭ نوچىسى بولمامدۇ، ھى، ھى، ئۇنى زورمۇزور قوشۇۋالغاندۇ، تايىنلىق ! — دەپ بەرمىدى.

دىڭ تيې لام - جىم دېمىدى. ئىككىنچى كۈنى ئۇ شۇ يۈەننى رېستوراندا كاتتا مېھمان قىلدى. دىڭ تيې تېخى پىۋا بۇيرۇتتى، ئىككىيلەن يەپ - ئىچىشكەچ قىزىق پاراڭغا چۈشتى.

دىڭ تيې گەپ ئارىسىدا شۇ يۈەندىن:

— ئىككىمىز ئاغىنىمۇ - ئەمەسمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بۇنىڭغا گەپ كېتەمدۇ، — دېدى شۇ يۈەن جاۋابەن.

— ئىككىمىزنىڭ ئاغىنىدارچىلىقى قانداقراق؟

— بۇنىڭغا گەپ كەتمەيدۇ !

— ئەمىسە ئۇدۇللا دەۋېرەي، دادام خېلى بۇرۇنلا بۇۋاڭنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغانىكەن، رەم بېقىشتا ناھىيەدە ھېچكىم بۇۋاڭغا يەتمەيدىكەن. دادام ھېلىقى يەرلىكلەرنى 20 مىڭ يۈەنگە

سىتىۋالماقچى، بۇ سودىغا قانداق دەيسەن!

شۇ يۈەن بىردىنلا گاڭگىراپ قالدى. جىددىيلەشكەنلىكىدىن ئاغزىغا گەپمۇ كەلمىدى.

— ئۆزۈڭ بىلىسەن، بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە باج ئىدارىسىمۇ ئانچە تىنچ ئەمەس، ئىدارىنىڭ ھېساباتىدىن بىر ئاز مەسىلە چىقىپتۇ. بەزىلەر دادامنى يۇقىرىغا چېقىپتۇ، باشقىلارغا مەنسەپ ساتتى دەپ، گېزىت يۈزىدە پاش قىپتۇ. رەمچىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇنىڭغا بوۋامنىڭ يەرلىكىنىڭ ياخشى تاللانمىغانلىقى سەۋەب بوپتىمىش، بوۋامنىڭ قەبرىسىنى ياخشى يەرلىككە كۆچۈرسەكلا، دادامنىڭ ئىشلىرى ئورنىغا چۈشەرمىش.

— داداڭ شۇنىڭغىمۇ ئىشىنەمدۇ؟ — سورىدى شۇ يۈەن.

دىڭ تيې نېمە دېيىشىنى بىلمەي بىردەم تۇرۇپ قالدى، ئاندىن:

— ئىشىنىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى.

شۇ يۈەن ئۇندىمىدى، ئۇ يەرلىكنىڭ 20 مىڭ يۈەنگە يارايدىغانلىقىنى زادى ئويلاپ باقمىغانىدى. شۇڭا، ئۇ بوۋىسىنىڭ نەسىھىتىنى قۇلىقىدا چىڭ تۇتماي، مەخپىيەتلىكنى دىڭ تيېغا ئاشكارىلاپ قويغانلىقىغا بىردىنلا پۇشايمان قىلدى. شۇ يۈەن بوۋىسىنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلەتتى، ئۇ يەرلىكنى سېتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، شۇ يۈەننىڭ بۇ سىرنى ئاشكارىلاپ قويغانلىقىنى ئاڭلىسا، غەزەپتىن يېرىلىپ كېتىشى تۇرغان گەپ. ئەمما، دىڭ تيې شۇ يۈەننىڭ قەدىناس دوستى تۇرسا، يەرلىكنى ساتالمايمىز، دېگەن گەپنى ئۇنىڭغا قانداقمۇ ئېيتالىسۇن؟

دىڭ تيې ئۇنىڭ تەڭلىكتە قالغانلىقىنى كۆرۈپ:

— ھازىرقى ئاشۇ نەتىجەڭ بىلەن ئۇنىۋېرسىتېتقا ھەرگىزمۇ ئۆتەلمەيسەن، تەلپىمگە كۆنسەڭ، باج ئىدارىسىگە ئورۇنلىشىشىڭغا مانا مەن ھۆددە قىلىمەن! — دېدى مەيدىسىگە مۇشتلاپ.

شۇ يۈەننىڭ قەلبىدە ئۇزاقتىن بۇيان يالقۇنجاپ كېلىۋاتقان ئارزۇسى ئاخىر غالىب كەلدى:

— مەندە گەپ يوق، بىراق، بوۋام تەرسا ئادەم، ئۇنىماسمىكىن.

— ئۇنىڭغا ئېيتمىساڭلا بولمىدىمۇ.

— بوۋام يەرلىكنى تولىمۇ مەخپىي تۇتىدۇ. ئېنىق ئورنىنى مەنمۇ بىلمەيمەن.

دىڭ تيې بىرپەس سۈكۈتكە چۆمدى، بىردەمدىن كېيىن سەل جىددىي تەلەپپۇزدا:

— دادامنىڭ ئېيتىشىچە، ئاغىنىدارچىلىقتا يارايدىغان - يارىمايدىغانلىقىڭ مۇشۇ ئىشتا سىنىلىدىكەن ! — دېدى.

شۇ يۈەننىڭ يۈرىكى «قارت» قىلىپ قالدى. ئۇ ئالمان - تالمان:

— مەن بوۋامنى ماقۇل كەلتۈرەي، — دېدى.

خەلقئارا «1 - ماي ئەمگەكچىلەر بايرىمى» كەلدى. شۇ يۈەن ئوقۇتقۇچىسىدىن رۇخسەت ئېلىپ بىڭگۇغا قاراپ يولغا چىقتى، ئۇ يول بويى بۇ ئىش ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ ماڭدى. ناۋادا بوۋامغا ئۇدۇللا دېسەم، ئۇ جەزمەن قوشۇلمايدۇ؛ ئەڭ ياخشىسى ھىيلە بىلەن ئۇ يەرلىكنىڭ ئورنىنى بىلىۋالاي، شۇندىلا ئىشىم پۈتىدۇ، دېگەن خۇلاسىگە كەلدى.

بۇ چاغدا شۇ يۈەن كەنتكە يېقىنلىشىپ قالغانىدى، كۆز ئالدىدا كەڭ كەتكەن كۆممىقوناقلىق زاھىر بولدى. پۈتۈن كەنتتىكىلەرنىڭ بىر يىللىق يېمەكلىك ئاشلىقى يېزا ئىگىلىكىدە داجەيدىن ئۆگەنگەن ئاشۇ يىللاردا ئېچىلغان مۇشۇ بىر پارچە ئېتىزدىن چىقىدىغان ھوسۇلغىلا قاراشلىق ئىدى ! باشقا يەرلەردە كۆتۈرۈلگەن ئىقتىسادىي ئىسلاھات دولقۇنى بۇ نامرات تاغلىق كەنتكە تېخى يېتىپ كەلمىگەنىدى. قاۋۇل ئەركەكلەرنىڭ ھەممىسى پۇل تېپىش ئۈچۈن سىرتلارغا كەتكەن بولۇپ، قېرى، ئاجىز، كېسەل، مېيىپلەر ۋە خوتۇن - باللارلا قېلىپ قالغان. بۇلار ئۇزۇن سەپ تۈزۈپ، ئېتىزلىقتا ئوتتەك

قىزىق ئاپتاپقا قارىماي ئېگىشىپ ئىشلەۋاتاتتى، ھەممىلەن ئىشقا جىددىي بېرىلگەن، پەقەت ئوتىغۇچىنىڭ يەرگە تەگكەندىكى «گاچ - گۇچ» قىلغان ئاۋازىلا ئاڭلىناتتى… يىراقتىن ئوت ئوتاپ بولغان كىشىلەرنىڭ ئېتىز قىرىغا كېلىپ ئارام ئېلىۋاتقانلىقى كۆرۈندى، ئاندىن جىڭجۇي تىياتىرىنىڭ كۈي ناخشىسى خىرە - شىرە ئاڭلاندى. بۇ بوۋىسى ئاجايىپ ياقتۇرۇپ ئېيتىدىغان «جامپېئەن» (ساھىبجامالنىڭ ئۆلۈمى) تىياتىرىدىن ئارىيە ئىدى:

فۇما غوجام كۆردى، ئەرزدە مۇنداق مەزمۇن يېزىلغان،
(چىن شياڭلىيەنتى ئۇنى يازغان ئوتتۇز ياشلىق نەۋقىران):
ئالداپ خاننى، مەن بويتاق، دەپ ئۆز ئەسلىنى يوشۇرۇپ،
خان كۈيئوغلى بولۇۋالدى مىكىر بىلەن فۇمالاڭ،
مەنسەپ، ئابرۇي ئۈچۈن ساتتى ۋىجداننى تەپ تارتماي،
رەزىللىكتە چەككە يېتىپ، بولۇپ گويا دۇ - چايان
ئۆلتۈردى ئۇ شۇ ئىش ئۈچۈن ئايالىنى، ئوغلىنى،
ئۆز ۋاقتىدا بۇ ئەرزمۇ ئىدى ماڭا يوللانغان.

— بەلەن ناخشىكەن ! — دەپ ماختىشىپ كەتتى ھەممەيلەن.
— ۋاڭ چاڭ، ماخەن (بۇلار باۋگۇڭنىڭ قابىل ياردەمچىلىرى) ! — دەپ چاقىردى بوۋىسى تەنتەنىلىك ھالدا.
— لەببەي ! — دەپ جاۋاب بەردى كەنتتىكى داشا (چوڭ دەلدۈش) ۋە ئېرشا (كىچىك دەلدۈش) ئىسىملىك قوشكېزەك ئاكا - ئۇكىلار.
— شۇ يوەن قايتىپ كەپتۇ ! — ۋارقىرىدى كۆزى ئىتتىك ليۇ ئانا.
ھەممەيلەن شۇ يوەن بىلەن ئامان - ئېسەنلىك سوراشتى، بىر ئازدىن كېيىن شۇ يوەن بوۋىسى بىلەن ئۆيگە قاراپ ماڭدى. بىر نەچچە ئايدىن بۇيان نەۋرىسىنى كۆرمىگەن شۇ بوۋاي ئۇنى كۆرۈپ

قەۋەتلا خوش بولغان بولسىمۇ، ئادىتى بويىچە خوشال بولغانلىقىنى بىلىندۈرمىدى، بوۋاي چاپىنىنىڭ ئالدى پېشىنى يېنىككىنە قاقتى ـ دە، ئوتىغۇچنى شۇ يەنگە بەردى، ئۆزى بولسا قوللىرىنى ئارقىسىغا سېلىپ شۇ يەنىنىڭ كەينىدىن ماڭدى.

راست گەپنى دېگەندە، شۇ يەنىنىڭ شۇنچە ئۇزاق ۋاقىت ئۆيگە قايتماسلىقى دەرس كۆپ، ۋاقىت قىس بولغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۆيگە قايتقۇسى يوقلۇقىدىن ئىدى. ئۇنىڭ ئائىلىسى نامرات بولۇپ، ئاپىسى بىرنەچچە يىل ئىلگىرى كېسەل سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كەتكەن، دادىسى پۇل تېپىش ئۈچۈن سىرتقا چىقىپ كەتكەن، ئۆيدە بوۋىسى تەنها قالغانىدى. بوۋىسىنىڭ رەم ئېچىپ يەرلىك تاللاشتا خېلى نامى بار ئىدى، يۈز چاقىرىم ئارىلىقتىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى تونۇيتتى. شۇ بوۋاي ئىلگىرى خۇسۇسىي مەكتەپتە بىرنەچچە يىل ئوقۇغان، قەدىمكى خەنزۇ تىلىنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ مەلۇم سەۋىيەگە يەتكەنىدى، تۆت ـ بەش ئادەم بار يەردە كونا كىتابلاردىن نەقىل كەلتۈرۈپ جاھان ئىشلىرىنى چۈشەندۈرەلەيتتى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە «تۆت كونا»نى تەنقىد قىلىش شامىلىغا ئۇچراپ، خېلى ئۇچۇقدالغانىدى. ئەجەبلىنەرلىكى، يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بېرى، تەقدىر ـ تەلەيگە ئىشىنىدىغانلار خېلى كۆپىيىپ قالدى. ئۇلار دائىم دېگۈدەك ئۇنى يەرلىك تاللاپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىشاتتى. بۇ، شۇ يەنىنىڭ ئوقۇش پۇلى ۋە تۇرمۇش خىراجىتىنىڭ مەنبەسى بولۇپ قالغانىدى. خەقلەر خوراپاتلىققا ئىشەنسە ئىشىنىۋەرسۇن، ئەمما شۇ يەن قەتئىي ئىشەنمەيتتى. چوڭ بوۋامنىڭ يەرلىكىنى بوۋام ئۆزى بىر قوللۇق تاللىغانغۇ، نېمىشقا ئۇنىڭ روھى ئۆزىنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادىنى يۆلىمەيدۇ؟ نېمىشقا شۇ ئائىلىسى ئۇ يىلدىن ـ بۇ يىلغا غۇربەتچىلىكتە ئۆتىدۇ؟ دەيتتى ئۇ.

شۇ يەن بوۋىسىغا ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن، كۆپنى سۇ

بىلەن لىققىدە توشقۇزۇۋەتتى. ئەپكەشنى قويۇپلا، كاتەك ئالدىغا ئۆتۈپ، پالتا بىلەن بىر پەستىلا بىر دۆۋە ئوتۇن يېرىۋەتتى. بوۋىسى خۇش بولۇپ، تاماكا خالتىسىدىن غاڭزىغا لىققىدە تاماكا بېسىپ پۇرقىرىتىپ چەككىلى تۇردى. ئۆزى تېرىپ، ئۆزى قۇرۇتقان كۆك تاماكىنىڭ ئاچچىق ئىسى ئەتراپنى بىر ئالدى. لېكىن، بۇ دورەم شۇ يەنگە ئانچە ئاچچىق بىلىنمىدى. چۈنكى، ئۇ دىڭ تىپىنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ تاماكا چېكىشنى ئۆگىنىۋالغانىدى. يەنە كېلىپ ئۇنداق - مۇندىقىنى ئەمەس، ساپلا دىڭ ئىدارە باشلىقىغا سوۋغا قىلىنغان سۇزگۇچى بار ئالىي تاماكىلارنى چېكەتتى.

شۇ بوۋاي كەنتتىكىلەر بىلەن ئەپ ئۆتەتتى، كەنتتىكىلەر شۇ بوۋاي ۋە نەۋرىسىنىڭ ئېغىزىغا تېتىغۇدەك تاماق ئېتەلمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى، تاماق ۋاقتىدا، ليۇ ئانا ۋە باشقا قولۇم - قوشنىلار ئۆيلىرىدىن بىرنەچچە تەخسە قورۇما ئېلىپ كېلىشتى، ھەممەيلەن تاماق ئۈستىلىنى چۆرىدەپ ئولتۇردى. شۇ يەن شۇ بوۋاينىڭ ئېتىخارى ۋە ئارزۇلۇق نەۋرىسى بولغاچقا، شۇ بوۋاينىڭ كۆڭلى ئۈچۈن، بىرى سۆز ئېچىپ، شۇ يەن ناھىيە بازىرىدا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ بەرگەن بولسا، دەپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن شۇ يەن ناھىيە بازىرىدىكى قاينام - تاشقىنلىق تۇرمۇش مەنزىرىلىرىنى زوق - شوق بىلەن سۆزلىگىلى تۇردى. ئاڭلىغۇچىلار پاھ، پاھ دېيىشەتتى، كۆزلىرىدىن بولسا ھەۋەس - ھەيرانلىق ئۇچقۇنلىرى چاچرايتتى. شۇ بوۋاينىڭ چېھرىسىدە ئېتىخارلىق تەبەسسۇمى جىلۋە قىلاتتى. داشا، ئېرشالار ئېغىزلىرىنى كالچايتىپ ھاماقەتلىك بىلەن كۈلەتتى. بۇ قوشكېزەكلەرنىڭ ئاتا - ئانىسى بىر نەۋرە ئاكا - سىڭىللاردىن ئىدى. نامراتلىق دەستىدىن چوڭلار ئۇلارنى بىر - بىرىگە چېتىپ قويغانىدى. نەتىجىدە ئۇلاردىن قوشكېزەك كەم ئەقىللەر ئاپىرىدە بولغانىدى.

ئولتۇرغانلاردىن بىرى چېكىپ باقماقچى بولۇپ:

— مۇشۇ كۈنلەردە رادىيودىن دائىم خىيانەتچى ئەمەلدارلار توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى ئاڭلايدىغان بولۇپ قالدۇق، تۈنۈگۈن بىر خىيانەتچى شەھەر باشلىقى تۇتۇلغان بولسا، بۈگۈن بىر ئۆلكە باشلىقىغا ھۆكۈم ئېلان قىلىنىۋاتقان، بۇ زادى قانداق ئىش ئۆزى؟ — دەپ سورىدى ئېھتىيات بىلەن.

بۇ سوئال شۇ يەننى گاڭگىرىتىپ قويدى. ئۇ پوكاندەك قىزىرىپ، نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي قالدى. ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا تەييارلىق كۆرۈۋاتقاچقا، شۇ يەن تۇرماق ئائىلىسى ناھىيەدە بولغان ئوقۇغۇچىلار چېغىدا، كەچتە ئۆيلىرىگە قايتقاندىن كېيىن تاكى تۈن نىسپىگىچە تەكرار قىلغاچقا، ئۇلارغا رادىيو ئاڭلايدىغان، گېزىت - تېلېۋىزور كۆرىدىغان ۋاقىت چىقمايتتى. يەنە كېلىپ، سەۋەبىنى بىلگەن تەقدىردىمۇ، بۇنىڭ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بولسۇن؟

شۇيەننىڭ ئوسال ئەھۋالدا قالغانلىقىنى كۆرۈپ شۇ بوۋاي گەپنى تارتىۋالدى:

— ھەممىسى چەرەندە - پەرەندىلەر بولمامدۇ! — دېدى ئۇ.

— چەرەندە - پەرەندە دېگەن نېمە؟ — سورىدى ليۇ ئانا.

— بۇ توغرۇلۇق بىر ھېكايە بار، — دېدى ئۇ، — چيەنلۇڭ خان بىر قېتىم كېمە بىلەن جەنۇبقا مېڭىپتۇ. سەپەرنىڭ يېرىمىغا كەلگەندە، كېمە توساتتىن توختاپ قاپتۇ، چيەنلۇڭ خان نېمە بولغانلىقىنى سورىغانىكەن، ھەرەم ئاغىسى تەزىم بىلەن: «سان - ساناقسىز بېلىق، تاشپاقا، راك، قىسقۇچپاقىلار كېمە ئالدىدا تۈرۈۋېلىپ كېمىنى ماڭغۇزمايۋاتىدۇ» دەپتۇ. چيەنلۇڭ خان قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ ۋە: «ئۇلارنىڭ غەرىزى نېمىكەن» دەپ سوراپتۇ. ھەرەم ئاغىسى يەنە تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ: «ئۇلار ئەمەل تەلەپ قىلىۋاتىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. چيەنلۇڭ خان: «چەرەندە - پەرەندىلەر قانداقمۇ ئەمەل تۇتالىسۇن؟ ئەمەل بەرمەيمەن!» دەپتۇ غەزەپ بىلەن. «ئەمما، ئەمەل بېرىلمىسە، بۇ

بىر نىمىلەر كىمىنى ماڭغۇزمايدۇ، خان ئالىيلىرى» دەپتۇ ھەرەم ئاغىسى.

چىيەنلۇڭ خان نائىلاج كىمىدىكى جىنچىراغقا قاراپ قويۇپ: «بوپتۇ! ئەمەل بەرسەم بېرەي، لېكىن جىنچىراغ تۆۋەنگە قارايدىغان بولغاندا كېلىپ ئەمەل ئالسۇن!» دەپتۇ ۋەدە بېرىپ.

چەرەندە ـ پەرەندىلەر قانائەت ھاسىل قىلىپ كېمىگە يول بېرىپتۇ. كېمە ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ.

چىيەنلۇڭ خان ئەينى چاغدا ئۇلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈنلا شۇنداق دەپ قويغانىكەن. ئۇ، كۆنلەرنىڭ بىرىدە چىراغنىڭ راستلا تۆۋەنگە قارايدىغان بولۇپ قالىدىغانلىقىنى نەدىن بىلسۇن. مانا ئەمدى لامپۇچكىلارنىڭ ھەممىسى تۆۋەنگە قاراۋاتامدۇ. خاننىڭ سۆزى ئاتقان ئوق، ھازىرقى خىيانەتچى ئەمەلدارلار دەل ئاشۇ كەمدىكى چەرەندە ـ پەرەندىلەرنىڭ نەق ئۆزى! ھەممەيلەن قاقاھلاپ كۈلۈشتى، مۇشۇ كۈلكە بىلەن ئۇلار بارلىق ئىچ پۇشۇقلىرىنى چىقىرىۋالغاندەك، يەڭگىللەپ قېلىشتى.

شۇ بوۋاي سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

ـــ ئەلمىساقتىن ھازىرغىچە قايسى سۇلالە، قايسى زاماندا خىيانەتچى ئەمەلدار، پارىخور مەنسەپدارلار بولمىغان؟ ھازىر رادىيودا كۈنبويى دۆلەتنى پەن ـ مائارىپقا تايىنىپ قۇدرەت تاپقۇزۇش ھەققىدە سۆزلىنىۋاتىدۇ. مېنىڭچە، جۇڭگودا كەم بولۇۋاتقىنى بۇ ئەمەس، بەلكى باۋگۇڭ، خەي رۇيدەك پاك ـ دىيانەتلىك ئەمەلدارلار! ـــ دېدى.

بوۋاينىڭ سۆزلىرى تولىمۇ ۋەزىنلىك ئىدى. كۆپچىلىك بوۋايغا ئېھتىرام بىلەن قاراشتى ۋە ھەممەيلەن «بەرھەق، بەرھەق» دېيىشتى تەڭلا.

دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى تاغلىق پۇقرالارمۇ غۇلغۇلا قىلىشىدىكەن ـ ھە؟ شۇ يوەن بىر ئاز ئەجەبلەندى. كۆن غەربكە ئېگىلگەندە كىشىلەر كەتتى. شۇ يوەن شۇ چاغدىلا، ئەلىيۇلئەلالىق

يەرلىكى توغرۇلۇق ئەگىتىپ سۆز ئاچتى. بۇ ئىشنى تىلغا ئالا - ئالمايلا، بوۋىسىنىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا كەتتى:

— سەن «يۇڭجۇاڭ قىسسىسى»نى ئوقۇغانتىڭغۇ؟ ئۇنىڭدا مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن شۇ زىشى ئىسىملىك بىر كىشى سۆزلىنىدۇ. بۇ كىشى دەل جەمەتىمىزنىڭ پېشۋاسى بولىدۇ. ئەينى چاغدا ئۇ تولىمۇ نامرات ئىكەن. بىر كۈنى كەچتە، ئۇ خوتۇنى بىلەن ئوچاق ئالدىدا ئوت ئىسسىنىپ ئولتۇرسا، بىردىنلا بىر چوڭ راك پەيدا بولۇپ: «راك پۇتىمدا باردۇر خاسىيەت، دەھلىز تامان ئاتلاندى ئۇن كارامەت. ئەلىيۇلئەلالىق تاپتى قاراز بۇ كېچىدە، ئىشىكى زەر، پەردىسى ياقۇت ئۆڭكۈر ئىچىدە» دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئەتىسى بىر رەمچى ئۇنىڭغا ئەلىيۇلئەلالىق يەرلىكىنى كۆرسىتىپ قويۇپتۇ. ئۇنىڭ دادىسى ئالەمدىن ئۆتۈپ ئۇزاق ئۆتمەي، دەرۋەقە ئۇنىڭ بېشىغا ئەلىيۇلئەلالىق تاجى قونۇپتۇ.

— بوۋا، سىنىڭ تاللىغىنىڭمۇ شۇنداق ئەلىيۇلئەلالىق يەرلىكمىدى؟ — دەپ سورىدى شۇ يەن بوۋىسىدىن.

— گېپىمگە قۇلاق سال، ئائىلىمىزدىن يەنە بىر ئەلىيۇلئەلا چىقىدۇ. بىر يىلى چاغان ھارپىسى يېرىم كېچىدە بىر چۈش كۆردۈم. چۈشۈمدە ئالتۇن پەلەمپەينى بويلاپ مېڭىپ قاشتېشىدىن ياسالغان بىر سۇپىدىن ئۆتۈپ، ھەشەمەتلىك بىر ئوردىغا كىرىپتىمەن، ئوردا تۆۋرۈكىگە بىر مەسنەۋى يېزىلغانىكەن، ئۇنىڭدا «زەردىن ياسالغان ئىشىكى، قاشتېشىدىن ياسالغان پەردىسى» دېگەن ئىككى مىسرا خەت چاقناپ تۇراتتى. توساتتىن بىر مۇلازىم ئالدىمدا پەيدا بولۇپ، ماڭا بىر پارچە قەغەز سۇندى، ئۇنىڭدا «كەكلىك بار جاينى تاللىما، بۇغا ياتقان جاينى تاللا» دېگەن سۆزلەر يېزىلغانىدى. ئەتىسى چۈشۈمدىكى بېشارەت بويىچە بىر يەرلىكنى ئۇچراتتىم. ئېيتقاندەك، يەرلىكنىڭ شەكلى ساھىبجامالنىڭ پەرداز ئۆيىگە ئوخشاپراق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كېتىدىكەن. يەرلىكنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا بىر بوغا ياتقانىكەن، مېنى كۆرۈپلا پارتتىدە قاچتى. ئېيتقىنا، بۇ كارامەت بولماي نېمە؟ !...

شۇ يوەن «بۇ تاغدا بوغا دېگەن ساماندەك، تاسادىپىي ئىشنى مۆجىزە دېگىلى بولامتى؟ مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈنلەردىمۇ خوراپىيلىقتا ئىشەنگەن بارمۇ؟ دىڭ تيېنىڭ دادىسىغا ئوخشاش ئادەملەر تېخى خېرىدار ئىكەن، بوۋام ھەرقانچە ۋەز ئېيتسىمۇ، ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ھەرگىز ئىشەنمەيمەن !» دەپ ئويلىدى ۋە بۇ قېتىمقى كېلىش مەقسىتىنى ئېسىگە ئېلىپ بوۋىسىدىن:

— ئاشۇ ئەلىيۇلئەلالىق يەرلىكى زادى قەيەردە؟ — دەپ سورىدى.

ئېھتىمال شۇ يوەن ئالدىراقسانلىق بىلەن توپتوغرا سورىغاچقىمىكىن، كۆپ يىل ئەل كەزگەن بۇ بوۋاي سۆزىنى بىردىنلا توختىتىپ ھەيرانلىق چىقىپ تۇرغان سىنچى كۆزلىرىنى شۇ يوەنگە تىكتى.

ئەزەلدىن يالغان سۆزلىمەيدىغان شۇ يوەنىنىڭ يۈرىكى قارتتىدە قىلىپ قالدى. ئۇ بوۋىسىنىڭ كۆڭلىدىكىنى سېزىپ قالغانلىقىنى بىلدى ــ دە، بىردىنلا ئالاقزەدە بولۇپ، دېمەكچى بولغان گەپلىرىنى ئېغىزىدىن چىقىرالمىدى. بوۋاي كۆزىنى ئۇنىڭدىن ئاغدۇردى، ئۇ چىرايىنى سەل ــ پەل تۈردىيۇ، ئارقىدىنلا چىرايىغا زورمۇزور كۈلكە يوگۈرتۈپ مۇلايىم تەلەپپۇزدا:

— مەن ياشىنىپ قالدىم، ئەلىيۇلئەلالىق يەرلىكنى شۇنچە يىللاردىن بېرى ساقلاپ كېلىشىم سەن ئۈچۈن ئەمەسمۇ، كۆڭلۈڭدىكىنى ئۇدۇللا دەۋەرگىن، سەندىن زادى رەنجىمەيمەن، — دېدى. كۆڭۈل سىرى ئاشكارىلىنىپ قالغاچقا، شۇ يوەن نائىلاج غەيرەتكە كېلىپ، دىڭ تيې بىلەن دېيىشكەن گەپلىرىنى بوۋىسىغا يىپىدىن ــ يىڭنىسىگىچە دەپ بەردى.

بوۋاي نەۋرىسىنىڭ سۆزىنى دىققەت بىلەن ئاڭلىدى، بوۋاينىڭ

دەرەخ قوۋزىقىدەك بوينىدىكى گۆرەن تومۇرلىرى كۆپۈپ چىقتى. ئۇ غەزىپىنى باسالماي، ئالىقىنى بىلەن شىرەگە قاتتىق ئۇرۇپ:

— ھۇ، يارىماس... 20 مىڭ يۈەن بىلەن كىچىككىنە بىر خىزمەت ئورنىغا ئەلىۋلىئەلالىق يەرلىكنى تېگىشمەكچىمۇ سەن؟ — دەپ گۈركىرىدى.

بوۋىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، شۇ يۈەننىڭ مېڭىسىدىن تۇتۇن چىقىپ كەتتى ۋە بەدىنىگە تىترەك ئولاشتى. ئۇ شۇ دەم ئۆزىنىڭ كەتكۈزۈپ قويغانلىقىنى بىلدى. ئۇ ئۆزىنى سەل ئوڭشىۋېلىپ، ئالدىنئالا تەخ قىلىپ قويغان سۆزلىرىنى زەردە بىلەن ياغدۇرۇۋەتتى:

— مەن ئەلىۋلىئەلالىق يەرلىكى دېگەن نېمىگە زادىلا ئىشەنمەيمەن! ئۇنىڭ خاسىيىتى بولسا نېمىشقا ئائىلىمىز روناق تاپالمايدۇ؟ ئانام نېمىشقا شۇنچە ياش تۇرۇپ ئۆلۈپ كېتىدۇ؟ دادام نېمىشقا پۇل تاپىمەن دەپ سىرتلاردا قېقىندى - سوقۇندى بولۇپ يۈرىدۇ؟

— بۇنىڭ سەۋەبىنى ساڭا دەپ كېلىۋاتىمەنغۇ! بۇلارنىڭ ھەممىسى پېشانىمىزگە پۈتۈلگەن تارتقۇلۇقىمىز!... ئىلگىرى ئائىلىمىزگە بۇ ئامەتلەر نېسىپ بولمىغان!

— ھالا بۇگۈنكە كېلىپ ماڭا بۇنداق ئامەت نېسىپ بوپتۇ - دە؟ بۇنى قانداق بىلدىڭ؟ — سورىدى شۇ يۈەن. ئۇ مۇشكۇل ئەھۋالدىن قۇتۇلۇپ چىققانىدى. ئۇنىڭ دىل تېپى ۋەدە قىلغان 20 مىڭ يۈەن ۋە ئۇزاقتىن بۇيان ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتقان باجگىرلىك خىزمىتىنى قولدىن بېرىپ قويۇشقا كۆڭلى ئۇنىمايۋاتاتتى.

— ئۇ يەرلىكنىڭ كونكرېت ئورنىنى رەم ئارقىلىق مىڭ بىر مۇشەققەتتە ھېسابلاپ چىققانمەن... — دېدى بوۋاي ۋە قىزىل مىستىن ياسالغان توم مۇشتىكنى كۆچەپ شوراشقا باشلىدى.

— سالغان رەمنىڭ توغرا چىقىسىدى كاشكى، خەقلەر سېنى: «ليۇ ئانىغا رەم سېلىپ تېپىپ بەرگەن يەرلىكى ليۇ جەمەتىنىڭ

نەسلىنى قۇرۇتىدىغان بولدى» دېيىشىۋاتىدۇ ! — دېدى شۇ يۇەن ئاچچىق قىلىپ.

ئۇنىڭ سۆزى بوۋىسىنىڭ ئېچىشقان يېرىگە تەگدى. بوۋاي بىر دىنلا داڭقېتىپ قالدى. شۇ يۇەن «بوۋام مۇشتىكى بىلەن كاللامغا سالىدىغان بولدى» دەپ ئويلاپ، ئۆزىنى قاچۇرۇشقا تەييارلاندى، ئەمما بوۋاي قولىنى پەسكە چۈشۈرۈپ قاتتىق يۆتىلىپ كەتتى. ليۇ ئانا ئىلگىرى بوۋىسىغا بىر يەرلىك تاللاتقۇزغان بولۇپ، بوۋىسى ليۇ ئانىغا: «ئەۋلادىڭلار ئەمدى ئاۋۇپ روناق تاپىدۇ» دېگەنىدى. ئەمما، ليۇ ئانا ئاقمۇەتتە داشا، ئېرشا ئىسىملىك قوشكېزەك ئاكا ـ ئۇكا دەلدۈشلەرنى تۇغدى، ئۇلارنىڭ يېشى قىرىقتىن ئاشقان بولسىمۇ، قىزلار ئۇلارنى ياراتمىغاچقا، ھازىرغىچە ئۆي ـ ئوچاقلىق بولالمىغانىدى.

بوۋىسىنىڭ ئۇندىمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، شۇ يۇەننىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشتى ـ دە، بوۋىسىغا نەسىھەت قىلغىلى تۇردى:

— بوۋا، ئويلاپ باقىنا، مەن باج ئىدارىسىدە ئىشلىسەم، توققۇزىمىزنىڭ تەل بولغىنى شۇ، يەنە كېلىپ 20 مىڭ يۇەن ئۇستەك بېرىدۇ، دېگىنە، مۇھىمى ئىككىمىزنىڭ تۇرمۇشى گۈلدەك ئۆتىدۇ. خىزمەتكە چىقسام، سېنى ناھىيە بازىرىغا ئېلىپ كېتىمەن، راھەت ـ پاراغەت سۈرىسەن...

— ھوي كەم ئەقىل، ئەليۇلئەلالىق يەرلىكنى ساتىمەن، دەۋاتامسەن تېخى؟ بۇ نىيىتىڭدىن يان ! — بوۋاينىڭ يەنە غەزىپى ئۆرلىدى. شۇ يۇەن بوۋىسىنىڭ مۇنداق ئاچچىقلانغانلىقىنى زادى كۆرۈپ باقمىغانىدى، — كونىلار «ئەلنىڭ گۈللەپ ياشنىشى ياكى مۇنقەرز بولۇشىدا ھەربىر كىشىنىڭ مەسئۇلىيىتى بار» دېگەنىكەن، ئادەم بىلەن ھايۋاننىڭ پەرقى ئادەمنىڭ باشقىلار ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىدىغانلىقىدا، مۇقەددەس كالامنى يامىنىغا ئۆرۈگەنلەر خۇدانىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ ! يەرلىكنى ساتقا ئاتىغىنىم راست، ئەمما سەن ئەليۇلئەلالىق يەرلىكى يالغۇز ئۆزۈمىنىڭ، دەپ ئويلاپ قاپسەندە؟ ياق ! مەن كۆڭلۈمگە دۆلەت

ئۈچۈن بىر قابىل بىلىم ئىگىسى تەربىيەلەپ بېرىشنى پۈككەن ئادەممەن! سەلتەنەتلىك بۇ قەدىمىي دۆلىتىمىزنىڭ بەش مىڭ يىلدىن بېرى مەزمۇت قەد كۆتۈرۈپ تۇرالىشى پۈتۈنلەي ئەجدىھا روھىنىڭ يۆلىشى، ئەرش بىلەن پەرىشتىكى ئەۋلىيا - ئەنبىيا، ماشايىخ - مۆئەككىللەرنىڭ مەدىتى، ياۋ - شۈنلەرنىڭ ئەلنى ئوبدان ئىدارە قىلغانلىقىدىن بولغان. جاھاندا ھەققانىيلىق، توغرا كەيپىيات ئەۋج ئالسا، جىن - ئالۋاستىلارنى بويسۇندۇرىدىغان ئەزىمەت - پالۋانلار كۆپىيىدۇ. ھەي! سەن بولساڭ بۇرنۇڭنىڭ ئۇچىنىلا كۆرۈپ، چولتا ئويلاۋاتىسەن، ئۆز ۋاقتىدا ئەلىيۇلئەلالىق يەرلىكىنى ساڭا ئاتىغىنىم ئۈچۈن ئەمدى پۇشايمان قىلىۋاتىمەن!

شۇ بوۋاينىڭ كىلاسسىك كىتابلاردىن بىلىدىغىنى خېلى كۆپ بولۇپ، ئۇ كىچىك چېغىدىن تارتىپلا «ئۈچ خەتلىك دەستۇر»، «بەيجياشىڭ» (يۈز جەمەتنىڭ فامىلىسى)، تاڭ، سۇڭ نەزمىلىرى، تۆت كالام، بەش نوم قاتارلىقلارنى يادقا بىلەتتى. بوۋىسىنىڭ سۆزلىرى تولىمۇ جاراڭلىق ۋە ۋەزمىن ئىدى. شۇ يەن بوۋىسىنىڭ سىر - ھەيۋىسى ئالدىدا جىم تۇرۇشقا مەجبۇر بولۇپ، سۆز قايتۇرۇشقا پېتىنالمىدى، كەچ كىرىپ ئەلياتقۇ بولدى، شۇ چاغقىچە ئىككىسى بىر - بىرىگە گەپ - سۆز قىلمىدى. شۇ يەن دومسايغان پېتى يېشىنىپ ياتتى، باتناپ بوۋىسىغا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمايتتى. ئۇنىڭ ئاچچىقى تېخچە يانمىغانىدى.

شۇ يەن كاڭدا ئۇياقتىن - بۇياققا ئۆرۈلەتتى، ئىدىشتىن چىقىۋاتقان ئاچا سەينىڭ ئاچچىق پۇرىقى ئۇنىڭ بۇرنىنى ئېچىشتۇرۇۋەتتى، بوۋاينىڭ نەۋرىسىنى كۆرمىگىنىگە خېلى بولغانىدى، شۇ يەن ھەر قېتىم ئۆيگە كەلسە، بىر كېچە قونۇپ، ئەتىسى قاق سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ ناھىيە بازىرىغا بارىدىغان ئاپتوبۇسقا ئۈلگۈرۈشى كېرەك ئىدى. ئەمما، بۈگۈن بىر - بىرى بىلەن سەن - پەن دېيىشىپ قالغاچقا، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا قاتتىق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئارازلىق پەيدا بولغانىدى. ئىلگىرىكى ئىللىق كاڭ مانا ئەمدى بىردىنلا سوغۇق ۋە يېقىمسىز تۇيۇلۇۋاتاتتى.

تۈن نىسپىدە شۇ يۈەن ئۇخلاۋېتىپ بىر چۈش كۆردى. چۈشىدە ئۇ دالادىكى قۇرۇپ قاقشال بولۇپ كەتكەن بىر تۈپ تۇخۇمەك دەرىخىگە يۆلەنگەن پېتى ئۇخلاپ قالغانمىش، توساتتىن، دەرەخ يوپۇرماقلىرىدىن سارقىغان بىر تامچە شەبنەم تامچىسى ئۇنىڭ يۈزىگە چۈشكەنمىش. شۇ يۈەن سوغۇق شەبنەم تامچىسىدىن ئەندىكىپ ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ ئۆزىنىڭ بوۋىسىغا يۆلىنىپ ياتقانلىقىنى كۆردى، بوۋىسى دەرەخ قوۋزىقىدەك يىرىك بىلىكى بىلەن ئۇنىڭ بوينىدىن قۇچاقلاپ تۇراتتى، چۈشىدە ئۇنىڭ يۈزىگە چۈشكەن شەبنەم تامچىسى ئەسلىي بوۋىسىنىڭ كۆز يېشى ئىدى! شۇيۈەن ھەيران قالدى، «بوۋام پۇشايمان قىلغانمىدۇ؟ ياق، ئۇنداقتەك قىلمايدۇ» دەپ ئويلىدى ئۇ.

شۇ يۈەننىڭ ئويغانغانلىقىنى كۆرۈپ، بوۋىسى قولىنى تارتىۋالدى. قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن بوۋىسىنىڭ ئېغىر خورسىنغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن، يېنىدا ئۇنىڭ تۇغىنى كۆتۈرىدىغان ۋاپادار ئوغلى بولمىسا، ماتەم مۇزىكىسى چېلىنمىسا، قانداق بولغىنى، بۇ نېمىدېگەن دەھشەت! — دېدى بوۋىسى ئالىجوقا سۆزلەپ. بۇنى ئاڭلاپ شۇ يۈەننىڭ تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى، كۆڭلى بىردىنلا دەككە - دۈككىگە چۈشتى.

— بوۋا، نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىڭ، خەقلەر سېنى ساغلاملىقتا يىگىتلەردىن قېلىشمايدۇ، دەۋاتامدۇ، يۈز ياشقا كىرىسەن تېخى! — دېدى شۇ يۈەن.

شۇ يۈەن بوۋىسىنىڭ بېشىنى چايقىغانلىقىنى ئىلغا قىلدى. بوۋىسى ئۇھ تارتتى ۋە:

— سەن كېيىنچە مەنسەپ تۇتۇپ قالساڭ، جەزمەن باۋگۇڭ، خەي رۇيلەردەك پاك - دىيانەتلىك ئەمەلدار بول، خىيانەتچى

ئەمەلدار، پارىخور مەنسەپدارلار تۈگىتىلگەندىلا، ئاندىن جۇڭگو روناق تاپالايدۇ ! — دېدى.

شۇ يۈەننى كۈلكە قىستىدى. «بوۋام مېنى زادى چۈشەنمەيدىكەن، تېخى ئالىي مەكتەپ بوسۇغىسىنى ئاتلىمىغان تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىغا ئۇنداق مەنسەپ نەدە تۇرۇپتۇ؟» دەپ ئويلىدى ئۇ. شۇ يۈەن شۇنداقتىمۇ خېلى تەسىرلەندى. ئۇ ئۇننى تېشىغا چىقارماي، ئىنتائەتمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— ئىستىقباللىق بالا دېگەن مۇشۇنداق بولىدىغان ! — دېدى بوۋىسى ئۇنىڭ ئىپادىسىدىن تولىمۇ رازى بولۇپ، ئارقىدىنلا بوۋاينىڭ چىرايىدا تەبەسسۇم جىلۋە قىلدى.

ئەتىسى شۇ يۈەن ئورنىدىن سەھەر تۇرۇپ يولغا چىقتى. بوۋىسى بۇ نۆۋەت ئۇنى ئاپتوبۇس بېكىتىگە ئۇزىتىپ بارمىدى. شۇيۈەن بوسۇغا ئالدىدا بوۋىسى بىلەن خوشلاشتى، قىزىق، شۇ تاپتا بوۋىسىنىڭ كېچىدىكى مۇئامىلىسىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى، ئۇ دىمىغىدا «ھىم» دەپلا قويۇپ، كاڭنىڭ لېۋىدە تامغا يۆلەنگەن پېتى تاماكىسىنى چېكىپ ئولتۇرىۋەردى، چىرايى سۇرلۇك ۋە جىددىي تۈس ئالغانىدى.

شۇ يۈەن مەكتەپكە قايتىپ بېرىپ، ئىشنىڭ جەريانىنى ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە دىڭ تېيىغا سۆزلەپ بەردى. دىڭ تېي چىرايىنى تۈرۈپ:

— شۇ يۈەن، كىمنىڭنى ئەخمەق قىلىسەن، سېنى يېقىن ئاغىنەم دەپ يۈرۈپتىمەن، ئاغىنىدارچىلىقتا يارىمايدىغان بىر نېمىكەنسەن ! — دېدى - دە، پېشىنى قېقىپ كېتىپ قالدى.

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتتى، شۇ يۈەن يەنىلا ئۈمىدىنى ئۈزمىدى. ئۇ دىڭ تېيدىن ئۆزىنىڭ باج ئىدارىسىگە كىرىش ئىشىنى ئەگىتىپ سورىۋىدى، دىڭ تېي توڭلۇق بىلەن:

— بۇ يىل يۇقىرىدىن بىر سان بېرىلىپتىكەن، ھاكىم تېلېفون بېرىپ ئېلىۋاپتۇ، ئەمدى ئامال يوق، — دەپ گەپنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆزۈۋەتتى.

شۇ يوەن پوكاندەك قىزىرىپ كەتتى. ئۇ ئالمان ـ تالمان:

— بوۋام قېرىپ قالدى. ئۆزاقىقا قالماي يەرلىكنىڭ ئورنىنى ماڭا ئېيتىپ بېرىدۇ. شۇ چاغدا ئۇ يەرلىكنى جەزمەن ساڭا بېرىمەن، — دېدى.

— قاچانغىچە ساقلايمەن؟ سەن: «بوۋام ئىنتايىن ساغلام، گەپ يوق يۈز ياشقا كىرىدۇ» دەۋاتامتىڭ؟ — دېدى دىڭ تيې ۋە ئارقىدىنلا ئۆرۈلۈپ كېتىپ قالدى.

شۇ يوەن دىڭ تيېنىڭ قارىسىدىن كۆزىنى ئۈزمەي خىيالغا چۆمدى ۋە بىردىنلا ئۆز ئاغزىغا كېلىشتۈرۈپ بىر كاچات سالدى.

شۇ يوەن ئىككى ئايدىن بېرى قاتتىق ئۆگەندى، كۈندە ئاران ئۈچ سائەتلا ئۇخلايتتى، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، كۆز جىيەكلىرى قارىيىپ كەتتى. ئورنىدىن تۇرغاندا كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ ئىمىر ـ چىمىر بولۇپ كېتەتتى. ئاساسى ئاجىز بولغاچقا، ھەر قانچە ئۆگەنگىنى بىلەنمۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ياخشى نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدىغانلىقى ئۆزىگە ئايان ئىدى.

ئالىي مەكتەپكە كىرىش ئىمتىھانى باشلاندى. ئۇ ئاخىرقى پەندىن ئىمتىھان بېرىپ بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئالىي مەكتەپ دەرۋازىسىغا يېقىن بارالمايدىغانلىقىنى جەزملەشتۈردى.

كىم بىلسۇن، شۇ يوەن ئىمتىھان مەيدانىدىن چىقىپلا، دادىسىنىڭ مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدا ئۇنى ساقلاپ تۇرغانلىقىنى كۆردى، دادىسىنىڭ كۆزلىرىدە لىققىدە ياش، چىرايىدىن قايغۇ ـ ھەسرەت تۆكۈلۈپ تۇراتتى.

شۇ يوەننىڭ كۆڭلى بىر شۇملۇقنى تۇيغاندەك بولدى:

— نېمە ئىش يۈز بەردى؟ — دەپ سورىدى ئۇ دادىسىدىن تەقەززالىق بىلەن.

دادىسى ئۆكسۈپ تۇرۇپ:

— ئۆيگە تېز قايت، بوۋاڭ تۈگەپ كەتتى! — دېدى.

بۇ كۈتۈلمىگەن مۇسىبەت خەۋىرىنى ئاڭلاپ، شۇ يوەننىڭ

يۈرىكى جىغىدە قىلىپ، بېشى پىررىدە قايدى، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى. دادىسى ۋەقەنىڭ باش - ئاخىرىنى يىپىدىن - يىڭنىسىغىچە بىر قۇر سۆزلەپ بەردى. شۇ يۈەن مەكتەپكە قايتىپ، ئىككىنچى كۈنى، بوۋىسى «ۋاڭ چاۋ، ماخەن»① — داشا بىلەن ئېرشاغا: «باۋگۇڭ سىلەرنى بۈگۈن كېچىدە بىر مەخپىي ئىشنى قىلىشقا بۇيرۇدى، يەنى كەنتنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى لۇڭشۇشەن تېغى قاپتىلىدا بىر كولاقلىق ئورەك بار، ئورەكتە بىر بورا يۆگەك بار، سىلەر ھېچ نەرسىنى سورىماي ۋە كۆرگىنىڭلارنى ھېچكىمگە تىنماي، تولۇن ئاي كۆتۈرۈلگەن پەيتتە ئورەكنى ياندىكى توپا بىلەن تىندۇرۇۋېتىڭلار، شۇندا چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەن بولىسىلەر» دەپتۇ، بۇ ئىككى دەلدۈش شۇ كېچىسى بوۋاينىڭ ئېيتقىنى بويىچە ئىش كۆرۈپتۇ.

شۇ يۈەن توساتتىن بوۋىسى ئېيتىپ بەرگەن بىر ھېكايىنى ئېسىگە ئالدى. بىر قېتىم باۋگۇڭ بىر دېلوغا خاتا ھۆكۈم قىلىپ قويۇپ، بىر كىشىنىڭ ناھەق ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بوپتۇ. لېكىن، خان باۋگۇڭغا ھېچقانداق گۇناھ ئارتماپتۇ. باۋگۇڭ بۇ ئىشقا قاتتىق ئۆكۈنۈپتۇ ۋە ۋاڭ چاۋ، ماخەن ئىسىملىك ئىككى ياردەمچىسىگە يولۋاس باشلىق جادۇنى ئېلىپ مەلۇم بىر جايغا بېرىپ، ئادەم يۆگەكلىك بورىنى كۆرگەن ھامان، نېرى - بېرىسىنى سۈرۈشتۈرمەيلا جادۇ بىلەن ئۇنى توغرىۋېتىشنى بۇيرۇپتۇ. باۋگۇڭ سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ بىر ئادەمنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما ۋاڭ چاۋ، ماخەننىڭ نەزىرىدە ئۇ يەنىلا ئەۋلىيا ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى دەرھال بەجا كەلتۈرۈپتۇ، ئۇلار يۆگەكنى جادۇغا بېسىپ بولۇپ، ئېچىپ قارىسا، ئىچىدىن باۋگۇڭنىڭ جەسىتى چىقىپتۇ. پاكلىق ۋە

① ۋاڭ چاۋ، ماخەن — سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن پاك ئەمەلدار باۋگۇڭنىڭ يارامىلىق ئىككى ياردەمچىسى

ئادىللىقتا نامى مەشھۇر بۇ كاتتا زاتنىڭ ھاياتى مانا مۇشۇنداق ئاخىرلاشقانىكەن...

—... مەھەللىدە ئۈچ كۈندىن بېرى بوۋاقنىڭ قارىسى كۆرۈنمەپتۇ. ناخشىسىمۇ ئاڭلانماپتۇ، قوشنىلار ئەنسىرەپ ئۆيىمىزگە كىرىپتۇ، بوۋاقنى تاپالماپتۇ. ئەمما، كاڭدىكى شىرە ئاستىدا بىر پارچە خەت تۇرغانلىقىنى بايقاپتۇ، ئۇلار خەتنى ئوقۇپ، بوۋاقنىڭ سېنىڭ بەخت - ئىقبالىڭنى دەپ داشا بىلەن ئېرشاغا ئۆزىنى تىرىك دەپنە قىلدۇرغانلىقىنى بىلىپتۇ. بوۋاق خېتىدە بۇ يەرلىكنىڭ كارامىتىنى سەل چاغلىماسلىقىمىزنى، دەپنە قىلىپ بولۇپلا دەرھال ئىبادەتخانىغا بېرىپ جىن زېنى تاۋاپ قىلىشىمىزنى، ئۆزىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى تۈگىگەندىن كېيىن ئاندىن ساڭا ئۇقتۇرۇشىمىزنى تاپىلاپتۇ، جامائەت داشا بىلەن ئېرشانىڭ يول باشلىشىدا بوۋاق كۆمۈلگەن جايىنى ئوڭايلا تېپىپتۇ. بەزىلەر يەرلىكنى ئاچىمىز، دەپ تۇرۇۋالغانىكەن، كەنت باشلىقى ئۇلارنى توسۇۋاپتۇ. «شۇ بوۋاينىڭ كۆمۈلگىنىگە ئۈچ كۈن بولغان تۇرسا، ئۇ تىرىك تۇرامتى. بىز ئۇنىڭ ئارزۇسىغا خىلاپلىق قىلمايلى، شۇ يۈەنىنىڭ دادىسىغا تېلېگرامما ئەۋەتەيلى !» دەپتۇ ئۇ. مەن تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋېلىپلا ئۆيگە قايتتىم. ئىمتىھاننى ياخشى بېرىۋالسۇن دەپ، بۇ ئىشنى ساڭا ئېيتمىدىم، — دېدى دادىسى.

شۈيۈەن دادىسى بىلەن ئاپتوبۇس بېكىتىگە قاراپ چاپتى. بىڭگوغا بارىدىغان ئاخىرقى ئاپتوبۇس قوزغىلىش ئالدىدا تۇرغانىكەن. ئۇلار ئارانلا ئۈلگۈردى. چايقىلىپ - سىلكىنىپ كېتىۋاتقان ئاپتوبۇستا ئولتۇرۇپ شۈ يۈەننىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلەتتى. ئاشۇ كۈنى كېچىدە بوۋىسىنىڭ ئۆلۈم توغرۇلۇق ئېيتقان سۆزى بىردىنلا يادىغا كەلدى - دە، دادىسىدىن:

— بوۋامنى دەپنە قىلغاندا سازەندە چاقىردىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى شۇ يوەن.

— بوۋاڭ ئاللىبۇرۇن كېتىپ قالغان تۇرسا، سازەندە چاقىرغاننىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟

— قايتىپ بېرىپلا بوۋام ئۈچۈن سازەندە چاقىرايلى!

— ھەئە، بوۋاڭنى داغدۇغا بىلەن ئوبدان ئۇزىتىپ قويايلى، ئوغلۇم. بېرىپلا سازەندە چاقىراي... — دېدى دادىسى ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ.

ئەتىسى سەھەردە، بىڭگۇلۇقلار قولاقنى يارىدىغان پوجاڭزا ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغاندى. پوجاڭزا ئاۋازى بېسىلا - بېسىلمايلا يۈرەكنى ئېزىدىغان مۇڭلۇق سۇناي ئاۋازى كىشىلەرنى شۇ بوۋاينىڭ ھويلىسىغا يىغدى. جامائەت شۇ يوەن ۋە ئۇنىڭ دادىسىنىڭ كاناپتىن تىكىلگەن قارىلىق كىيىم كىيىپ، شۇ بوۋاينىڭ سۈرىتى بىلەن تۇغلارنى كۆتۈرۈپ، بىر توپ سازەندىنى ئەگەشتۈرۈپ يەرلىك تەرەپكە كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. خالايىق شۇئان شۇ يوەننىڭ نىيىتىنى چۈشىنىپ كۆزلىرىگە ياش ئېلىشىپ سەپكە قېتىلدى. ماتەم قوشۇنى مۇڭلۇق ماتەم مۇزىكىسى ساداسى ئىچىدە ھەيۋەت بىلەن قەبرە ئالدىغا كېلىشتى ۋە ئېگىلىپ تەزىيە بىلدۈرۈشتى.

يولدا كېلىۋېتىپ شۇ يوەننىڭ بېشى تۇرۇپ - تۇرۇپ قېيىپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ كەتكەچكە، قەبرە ئالدىغا قانداق كېلىپ قالغانلىقىنى تۇيماي قالغانىدى. ئۇ دادىسى بىلەن قەبرە ئالدىدا يۈكۈنۈپ بوۋىسىنىڭ روھىغا باش ئۇرۇپ تەزىم قىلدى، كۆزلىرىدىن قۇيۇلۇۋاتقان ياشتىن كۆز ئالدى تۇمانلاشتى، ئۇ پىغان چېكىپ:

— بوۋا، ۋاپاسىز نەۋرەڭ سىزنى جەننەتكە ئۇزىتىپ قويغىلى كەلدى! يولۇڭ راۋان بولسۇن... — دەپ نىدا قىلدى. جامائەتمۇ

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ نالە ـ پەريادىدىن تەسىرلىنىپ كۆز يېشى قىلىشتى.

شۇ يۈەن بوۋىسىنىڭ قەبرىسى ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرىۋەردى، نەسىھەتلەر ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى. كۈن قايرىلغان مەھەلدە، سازەندىلەر جىمجىتلا قايتىپ كېتىشتى. جامائەتمۇ خورسىنغان هالدا ئۆيلىرىگە قايتتى. ئاخىر تۇپراق بېشىدا شۇ يۈەنگە ھەمراھ بولۇپ دادىسى، داشا، ئېرشا ۋە ليۇ ئانا نەچچە يىلەنلا قالدى. قۇياش ئاستا ـ ئاستا لۇڭشۇشەن تېغىنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇندى. تاغ باغرىنى جىمجىتلىق قاپلىدى، دەرەخ يوپۇرماقلىرىلا جىمجىتلىقنى بۇزۇشۇپ ھەسرەتلىك شىلدىرلايتتى. تۈن پەردىسى يېيىلغاندا، نەدىندۇر بىر يەردىن بوۋىسىنىڭ يۆتەلگەن ئاۋازىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر ئاۋاز ئاڭلاندى، شۇ يۈەن قورقۇمسىرىغان هالدا ئۆپچۆرىسىگە كۆز يۈگۈرتتى، ھېچ نەرسە كۆرۈنمىدى. ئۇ بېشىنى ئېگىشىگە كۆز ئالدى بىردىنلا قاراڭغۇلىشىپ، ماغدۇرسىزلانغان هالدا ئالدىغا گۈپپىدە يىقىلدى، ليۇ ئانا چىرقىرىۋەتتى، داشا بىلەن ئېرشا شۇئان ئۇنى يۆدۈپ ئۆيگە ئاپاردى. شۇ يۈەننىڭ قىزىتمىسى ئۆرلەپ، نەچچە كۈنگىچە چۈشمىدى. ئۇ چالا بىھوش هالەتتە ئىدى، ئۇنى قارا باستى. ئۇ بوۋىسى بىلەن بىر گۆردە ياتقۇدەك، قاراڭغۇ گۆر ئىچىدە نەپىسى بوغۇلۇپ كېتىۋاتقۇدەك، بارماقلىرى ئۆزى ياتقان سوغۇق بورىنى كۈچەپ تاتىلاۋاتقۇدەك، بارماقلىرىدىن قىپقىزىل قان ئېقىۋاتقۇدەك، پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ تېپىچەكلىگۈدەك، پۇتلىرى تېلىپ ئۇزۇلۇپ كېتەي دەپ قاپتۇدەك، ھەرقانچە تىركەشسىمۇ، بۇ زۇلمەتتىن قۇتۇلۇپ چىقالمىغۇدەك...


ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەنلەر تىزىملىكى ئېلان قىلىندى. ئويلىغىنىدەك، شۇ يۈەننىڭ ئىسمى تىزىملىكتە يوق ئىدى. بىڭگۇلۇقلار باشلىرىنى چايقىشىپ خورسىناتتى ۋە ئاستىرتىن: «شۇ يۈەننىڭ بوۋىسىنىڭ تاللىغان يەرلىكى كارغا كەلمىدى،

بوۋاينىڭ ئۆلۈمى بىكار كەتتى» دېيىشەتتى. قاتتىق ئاغرىغان شۇ يوەن بىر ئايدىن كېيىن ئورنىدىن تۇردى، كىشىلەر ئۇنىڭ رەتلىك كىيىنىپ كەنت بېشىغا قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى، ئۇچرىغانلار كۆيۈنگەن هالدا ئۇنىڭدىن:

— نەگە ماڭدىڭ؟ — دەپ سورايتتى، شۇ يوەن بېشىنى كۆتۈرۈپ كۆپكۆك ئاسماندىكى نۇرلۇق قۇياشقا قارىغان هالدا:

— ناھىيەگە بېرىپ تەكرارلاش كۇرسىغا قاتنىشىپ، كېلەر يىلدىكى ئالىي مەكتەپ ئىمتىهانىغا تەييارلىق قىلىمەن، — دەپ جاۋاب بېرەتتى.

پەرىدە مالىك تەرجىمىسى



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# خەير ـ خوش ، بېيجىڭ !

## لى جۈن

بۇ خۇسۇسىي ئىش ئىدى، ئەمما مەن يازدىم، چۈنكى مەن مۇشۇ ھېكايە ئارقىلىق خۇاڭئېنىلىك بىر قىزنىڭ تۇرمۇش قۇرۇش ئېلانى بەرمەكچىمەن.

ئۇلار ئاسپىرانتلىقتا ئىمتىھان بېرىشكە تىزىملىتىش ۋاقتىدا ئۇچرىشىپ قالدى.

ئۇ كۈنى ئاپتاپ ناھايىتى ياخشى ئىدى، بېيجىڭنىڭ كەچ كۈزدىكى ئاپتىپى ئۇلاردا «بېيجىڭ تولىمۇ ياخشى ئىكەن» دېگەن تۇيغۇ پەيدا قىلغانىدى. ئۇلار ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىدىغان مەسئۇل كىشىنى دوختۇرخانىدىلا كۈتۈپ تۇرغانىدى. بەلكىم ھەر ئىككىسى باشقا جايدىن كەلگەنلىكى، يۈز ـ كۆزلىرىدىكى توپا ـ چاڭلار تېخى يۇيۇۋېتىلمىگەنلىكى ياكى قىزنىڭ گۈزەل چىرايى زوق قوزغىغانلىقىدىن بولسا كېرەك، ئۇلار پاراڭلىشىپ قالدى.

ــــ سىز قەيەردىن كەلدىڭىز؟

ــــ شىنجاڭدىن، ــــ دېدى قىز.

ئۇنىڭ چىرايىدىن قاتتىق ھارغىنلىق چىقىپ تۇراتتى، ئاۋازى گويا غەربىي شىمالنىڭ شامىلى ھېلىھەم ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرگەندەك، غەربىي شىمالنىڭ قۇم ـ توپىلىرى ئۇنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى ئارىسىغا كىرىۋالغاندەك، ئاۋازى سەل خىرقىراپ قالغانىدى. ئەگەر ئاشۇنداق يىراق بولمىسا، بىر قانچە يىل ئۆتكەندىن كېيىنمۇ ئوغۇل يەنە قىزنى ئەسلىيەلەرمىدى !؟

ــــ راست، بۇ يەر ھەقىقەتەن گۈزەل. تېلېۋىزور، مەنزىرە فىلىملىرىدىن كۆپ قېتىم كۆرگەنىدىم، ــــ دېدى ئۇ. ئۇ

بەدىنىنى رۇسلاپ، چاچلىرىنى تۈزەشتۈردى، يىراق جايدىن كەلگەن قىزغا گەپ قىلىش ئىشەنچىسىنى تاپقاندەك قىلاتتى. شۇنى بىلىش كېرەككى، شەھەرلەردە گۈزەل قىزلار بىلەن گەپلەشكەندە ۋە ئارىلاشقاندا سالاھىيەت، دەسمايە بولۇشى كېرەك، بولمىسا گۈزەل قىزلار نېمە ئۈچۈن غوجايىن ۋە دىرېكتورلارنىڭ يېنىغا چېپىشىدۇ؟

— سىزچۇ؟ — دەپ سورىدى قىز بېشىنى يەردىن كۆتۈرمەي.

ئۇنىڭ چىرايىدىكى قىزىللىق تېخى يانمىغانىدى، ئۇ قىزىللىق غەربىي شىمال شامىلىنىڭ رەڭگى ئىدى.

— مەن گۇاڭجۇدىن، — ئوغۇل گويا رايون جەھەتتىكى بىرەر ئۈستۈنلۈكنى تاپقاندەك، ئۆزىنى يەنە رۇسلىدى. ئارقىدىن ئۇلار باشقا مەسىلىلەر ئۈستىدە پاراڭ سېلىشتى. ئوغۇل ناھايىتى ئەگىتىپ گەپ سورايتتى، قىز بولسا تۈزلا جاۋاب بېرەتتى. كېيىنكى گەپ - سۆزلەر ناھايىتى راۋان بولۇۋەردى، چۈنكى گەپ ئورتاق بىر تېما ئۈستىدە بولدى، ھەر ئىككىسى بىر پىروفېسسورغا ئاسپىرانتلىققا تىزىملاتقانىدى.

— ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۇ پىروفېسسور چەت ئەلدىن كەلگەنىكەن، — دېدى قىز. ئۇنىڭ پىروفېسسور توغرۇلۇق ئانچە كۆپ بىرنەرسە بىلمەيدىغانلىقى روشەن كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— شۇنداق ئىكەن، ناھايىتى جاھىل قېرى ئىكەن، ئەينى ۋاقىتتا ئۇ پاراخوتنىڭ ئىسكىلاتىدا يوشۇرۇنۇپ يېتىپ ئامېرىكىدىن ۋەتەنگە قايتقانىكەن.

— ئۇ ئىلىم - پەن ساھەسىدە داڭلىق ئادەم! — دېدى قىز سەممىي كۆڭلى بىلەن.

— شۇنداق، مۇشۇ پەن جەھەتتىكىلەرنىڭ پىرى دېسەك بولىدۇ.

— ئاڭلىشىمچە... بۇ پىروفېسسور شاگىرتلىرىغا تولىمۇ قاتتىق قول ئىكەن، سەل قورقۇۋاتىمەن، — دېدى قىز كۆز سوغۇقىنىڭ تەسىرىدىن تىترىگەندەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— سەل غەلىتىرەك، ئەمما ئۇلارنىڭ دەۋرىدە ياشىغانلارنىڭ ھەممىسى شۇنداق ئىكەنمىش، — ئوغۇل چېچىنى تۇزەشتۇرۇپ قويدى. ئۇنىڭ چاچلىرى پاكىز، ياغلىشاڭغۇ كۆرۈنەتتى.

— قېنى دەڭە، ئاشۇ دەۋردە ۋەتىنىمىز ئۇرۇش جاراھىتى ۋە مۇشەققەت خارابىلىرى ئىچىدە يېڭىلا باش كۆتۈرگەن، نامرات ئىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇلار نېمە ئۇچۇن مىڭ بىر چارە ـ ئاماللارنى قىلىپ بەس ـ بەس بىلەن قايتىپ كەلگەن؟ ئەمدىلىكتە ۋەتىنىمىزدە يەر ـ جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرگۈدەك ئۆزگىرىشلەر بولدى. ئۇ ۋاقىتلارغا قارىغاندا، ئەھۋال ناھايىتى ياخشىلاندى. يېڭى ئەۋلاد زىيالىيلار يەنە نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭدىن بەس ـ بەستە ئايرىلىشقا ئىنتىلىدىغاندۇ؟

بۇ سوئال ئوغۇلنى تەڭقىسلىقتا قويدى.

— بەلكىم دەۋرنىڭ ئوخشىماسلىقىدىن بولسا كېرەك، جاھان ئۆزگەردى، كۆزقاراشمۇ ئوخشىمايدىغان بولۇپ كەتتى، — دېدى ئۇ مۇجمەللا.

قىز باش چايقىدى، ئۇلار ئاپتاپتا مانا مۇشۇنداق پاراڭلاشتى. ئاپتاپمۇ بىر قىزىپ، بىر پەسلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار تەبىئىي ھالدا ئىمتىھان توغرۇلۇق پاراڭغا چۈشتى.

— ئاڭلىشىمچە، پىروفېسسور ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتا قاتتىق تەلەپ قويارمىش، ناھايىتى ئېھتىياتچان ئىمىش.

— ئەلۋەتتە شۇنداقتۇ، ئىنگلىز تىلىدا بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. دەرس سۆزلىگەندە، ياتاقلارنى تەكشۈرگەندە ئىنگلىزچە سۆزلەيدۇ. سىزنىڭ ئىنگلىزچە سەۋىيەڭىز قانداقراق؟

قىز تۇرۇپلا قالدى، ئوغۇل دەل ئۇنىڭ ئاجىز يېرىنى سوراپ قالغانىدى. قىز شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ ئەڭ چەت ياقىدىكى بىر دوختۇرخانىسىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇ قورۇقلۇق ئارمىيە دوختۇرخانىسى ئىدى، ئاساسلىقى چېگرا مۇداپىئە لىنىيەسىدىكى جەڭچىلەرگە خىزمەت قىلاتتى. ئاز سانلىق مىللەتلەر بىمارلىرى ئۈچۈنمۇ خىزمەت قىلاتتى، ئەلۋەتتە. ئۇلار ھەر كۈنى چېگرا

مۇداپىئە لىنىيەسىدە چېپىپ يۈرۈپ ئىشلەيتتى، ئىنگلىزچىنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگەن بولسىمۇ، ياخشى ئۆگىنىپ كەتتى دېيىشكە بولمايتتى. شۇڭا ئۇ:

— ئانچە ياخشى ئەمەس، — دېدى.

— ئىش سەل قىيىن بولغۇدەك... — دېدى ئۇ. گويا قىز ئىنگلىزچىدە ياخشى بولمىسا، ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەيدىغاندەك تۇيۇلدى ـ دە، قىزغا خەيرخاھلىقى ئاشتى. ئۇ قەددىنى تېخىمۇ رۇسلاپ قويدى.

— شۇنداقتىمۇ، — دېدى قىز دۇدۇقلاپراق، — سىناپ بېقىشىم كېرەكتە، بىزنىڭ دوختۇرخانىمىزدىكىلەرنىڭ ھەممىسى مېنى سىناپ بېقىشقا دەۋەت قىلغاندى.

— ئاسپىرانتلىققا ئىمتىھان بېرىش پۈتۈنلەي شەخسنىڭ ئىشى تۇرسا، دوختۇرخانىدىكىلەرنىڭ سىزنى ئەۋەتكىنى قانداق گەپ؟ — دېدى ئۇ قىزنىققاندەك.

— شۇنداق، ئۇلار مېنى بۇ پىروفېسسوردىن يەرلىكتىكى بىر خىل كېسەلنى داۋالاشنى ئۆگىنىپ كەلسۇن، دەپ ئەۋەتكەن، — دېدى قىز. ئۇ بۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقاندا، چىرايىدىن يەنە خىجىلچىلىق پەيدا بولدى. بۇ خىجىلچىلىق ئوغۇلنىڭ يۈرەك تارىسىنى تىترىتىۋەتتى.

— سىز مەندىن بەختلىك ئىكەنسىز، سىزنىڭ ئەكسىچە بىزنىڭ دوختۇرخانا مېنىڭ ھازىر ئاسپىرانتلىققا ئىمتىھان بېرىشىمگە قوشۇلمايتتى. بىز بىر سانىنى تالىشىپ، ئۆزئارا تولىمۇ كۆڭۈلسىزلىكلەرگە قالغاندۇق.

ئوغۇل بۇ گەپلەرنى ئاچچىقلىنىش تەلەپپۇزىدا دېدى. قىز بۇ كەيپىياتنى سەزدىيۇ، قايتىلاپ سورىمىدى. دەل مۇشۇ چاغدا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشقا مەسئۇل كىشى قايتىپ كەلدى، يوغان بۇرۇنلۇق ئۇ ئادەم خىرىلداپ، ئۇلارنى قاتارغا تۇرۇپ تىزىملىتىشنى بۇيرۇدى. قىزنىڭ توشتۇرغان جەدۋىلىدىن ئۇنىڭ شىنجاڭدىن كەلگەنلىكىنى بىلگەن يوغان بۇرۇنلۇق ئادەم:

— شىنجاڭدىن بۇ يەرگە ئاسپىرانتلىققا ئىمتىھان بەرگىلى كەلگەنلەر تولىمۇ ئاز، — دېدى.

تىزىملىتىش ئاياغلاشقاندىن كېيىن ئۇلار بىللە پىروفېسسورنىڭ ئۆيىگە باردى. پىروفېسسورنىڭ چاچلىرى پۈتۈنلەي ئاقىرىپ كەتكەن بولۇپ، كەيپى چاغ، چىرايى نۇرلۇق كۆرۈنەتتى. قىزنىڭ يۈرىكى توختىماي دۈپۈلدەيتتى، بەختىگە پىروفېسسورنىڭ سۆزى ئاز ۋە بەك ئاددىي بولدى. ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنىلا سوراپ قويدى، قىزنىڭ شىنجاڭدىن كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قىزغا باشقىچە قاراپ بىردەم تىكىلىپ تۇردى - دە، پەقەت:

— ياخشى، — دەپلا قويدى.

ئاندىن پىروفېسسور ئۇلارنىڭ ئىلمىي ماقالىلىرىنى كۆرمەكچى بولدى. ئوغۇل ئۆزىنىڭ گېزىتلەردىن چىرايلىق كۆپەيتىپ ئېلىنغان بىر دەستە ئىلمىي ماقالىسىنى كۆرسەتتى. پىروفېسسور ۋاراقلاپ كۆرۈپ قويدى - دە، بولىدىغان - بولمايدىغانلىق توغرۇلۇق ھېچقانداق پوزىتسىيە بىلدۈرمىدى.

قىز خېلى بىر ھازاغىچە ئىلمىي ماقالىسىنى چىقىرالماي تۇرۇپ قالدى.

— سىزنىڭچۇ؟ — سورىدى پىروفېسسور.

قىزنىڭ يۈزى شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى، ئۇ سومكىدىن تىترىگەن ھالدا بىر دەستە قەغەزنى ئېلىپ:

— مېنىڭ... يازغانلىرىم ئېلان قىلىنمىغان...— دېدى.

ئۇنىڭ كاللىسىدا «پىروفېسسور ئەمدى كۆرمەيدىغان بولدىغۇ» دېگەن ئوي پەيدا بولدى، شۇڭا گەپ قىلغۇدەك جاسارىتىمۇ قالمىدى. ئوغۇل ئۆزىنى يەنە بىر قۇر رۇسلاپ قويدى.

— مەن كۆرۈپ باقاي، — دېدى پىروفېسسور.

پىروفېسسور قول بىلەن يېزىلغان ھېلىقى ئىلمىي ماقالىنى ئېھتىيات بىلەن بىر - بىرلەپ ۋاراقلاپ كۆرۈشكە باشلىدى، ئاۋۋال بىرىنچى بەتنى كۆردى، ئاندىن ئىككىنچى بەتنى كۆردى،

ئاخىرىدا كۆزەينىكنى تاقاپ ئون نەچچە بەتنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن بىردىنلا توختاپ قىزغا قارىدى ـ دە:
ــ ھەممىسىنى ئۆزىڭىز يازغانمۇ؟ ــ دېدى.
ــ ھەئە، لېكىن بەزى سانلىق مەلۇماتلارنى دوختۇرخانىمىز-دىكى تېببىي خادىملار تەمىنلىگەن.
ــ ھە، مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن. سىلەر ھازىرچە قايتىپ ئىمتىھانغا ئوبدان تەييارلىق قىلىڭلار، ــ دېدى پىروفېسسور.
شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ سورايدىغانلىرى تۈگىدى.
ــ پىروفېسسور، بىزگە ئازراق ئۇچۇر يەتكۈزۈپ قويسىڭىز قانداق؟ ــ دېدى ئوغۇل پىروفېسسورغا چاقچاق قىلغاندەك.
ــ نېمە دېمەكچى سىز؟ ــ دېدى پىروفېسسور خاپا بولۇپ.
ئوغۇل پىروفېسسورنىڭ ئەھۋالىدىن ئانچە خەۋىرى بولمىغاچقا، چاقچىقىنى داۋاملاشتۇرالمىدى. ئاندىن ئۇلار پىروفېسسور بىلەن قول ئېلىشىپ خوشلاشتى.
ئۇلار تاشقىرىغا چىققاندا ئوغۇل قاتتىق بىر ئۇھ تارتتى ـ دە:
ــ بۇ قېرى ئەجەب قورقۇتۇۋەتتى يا، ــ دېدى قىزغا، ــ مەن تېخى ئۇنى بىر ۋاخلىق تاماققا تەكلىپ قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن ھېسسىيات ئالماشتۇرۇپ قوياي دەپ تەرەددۇت قىلىۋاتاتتىم، ئەمدى بۇنىڭ زۆرۈرىيىتى يوقتەك قىلىدۇ.
ــ مېنىڭمۇ يۈرىكىم سېلىپ كەتتى دەڭە، ــ دېدى قىز راھەتلىنىپ تىنىۋالغاندىن كېيىن.
شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار قۇياش نۇرى ئاستىدا قاقاھلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى.
ــ سىز راستىلا بىرەر پارچىمۇ ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلمىغانمىدىڭىز؟ ــ دېدى ئوغۇل خەيرخاھلىق قىلىش نەزىرى بىلەن قىزغا قاراپ.
ــ شۇنداق، ــ دېدى قىز، ــ ئەۋەتكەن ماقالىلىرىمنىڭ ھەممىسى قايتىپ كەلگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— ئەگەر مەن بىلەن باشتىراق تونۇشقان بولسىڭىز، — دېدى ئوغۇل، — مېنىڭ تەھرىر دوستلىرىم ماقالىڭىزدىن بىر قانچىسىنى ئېلان قىلىشىپ بەرگەن بولاتتى.

قىز مۇنداقلا كۈلۈمسىرەپ قويدى.

قىزنىڭ كۈلكە باسقان چىرايى ئوغۇلغا ناھايىتى سەلتەنەتلىك كۆرۈندى، ئوغۇلنىڭ يۈرىكى تۇيۇقسىز قاتتىق سىلىپ كەتتى. ئوغۇل قىزنى بىرلىكتە غىزالىنىشقا تەكلىپ قىلىۋىدى، قىز ماقۇل كەلدى. غىزادىن كېيىن ئۇلار قول ئېلىشىپ خوشلاشتى. ئۇ « قىز يەنە كەلمەيدۇ» دېگەننى ئويلاپ، قىزنى ئاتايىن پويىز ۋوگزالىغا قەدەر ئۇزىتىپ باردى ھەمدە ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ:

— قانداقلا بولسۇن، مۇھىمى قاتنىشىش، كۆڭۈلنى توق تۇتۇش كېرەك، — دېدى.

قىز رەھمەت ئېيتتى. لېكىن، پويىز قوزغالغان ۋاقىتتا ئوغۇل بىلەن قىزنىڭ كۆڭلى باشقىچە بىسەرەمجان بولۇپ كەتتى. نېمە ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگىلى بولمايتتى. قۇيقۇرۇق ۋوگزال سۈپىسىدا شامالنىڭ غۇرقىراپ نادامەت چېكىشلىرىلا ئاڭلىناتتى.

ئىككىنچى يىلى ئۇلار بەختلىك ھالدا ئاسپىرانتلىققا قوبۇل قىلىندى. كېيىن قىزنىڭ بىلىشىچە، ئۇنىڭ ئىنگلىزچە ئىمتىھان نومۇرى يەنە ئون نەچچە نومۇر كەم ئىكەن، لېكىن پىروفېسسور رەسمىيەتنى بۇزۇپ، رەھبەرلىكنىڭ قېشىغا بېرىپ بىر ساننى ئارتۇق ئېلىپ قىزنىمۇ قوبۇل قىلغانىكەن. ئۇ رەھبەرنىڭ ئىشخانىسىغا بېرىپ: «بۇ تېما غەربىي رايوندىكى ناچار شارائىتتا ئۇفتىسىر - جەڭچىلەرنىڭ سالامەتلىكىنى تەتقىق قىلىشتا پۈتۈنلەي يېڭى يۈزلىنىشكە ئىگە، مېنىڭچە بۇ ئوقۇغۇچىنىڭ ئىلمىي ماقالىسىنىڭ ئاساسى ياخشى ئىكەن، ئاز - تولا ئۆزگەرتىلسە، ئېلان قىلغىلى بولىدىكەن» دەپتۇ.

پىروفېسسورنىڭ چەت ئەللەردە تەسىرى كەڭ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا بىرەر ئىش توغرۇلۇق رەھبەرنى

ئىزدەپ باقمىغانىكەن، شۇڭا رەھبەرمۇ شۇئانلا ئۇنىڭ گېپىگە ماقۇل كەلگەنىكەن.

قىز ناھايىتى تەسىرلەندى، ئوغۇلمۇ ناھايىتى تەسىرلەندى.

پىروفېسسور:

— مەندە ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان چاغدا ھەقىقىي ماھارىتى بولمىسا، ئىلمىي ئۇنۋان دىپلومى ئېلىشنى خىيال قىلمىسۇن! — دېدى.

پىروفېسسور شۇنىلا دېدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ قىز پۈتۈن زېھنىي كۈچىنى تىرىشىپ ئۆگىنىشكىلا قاراتتى. ئادەمنى بىئارام قىلىدىغىنى شۇ بولدىكى، بىرىنچى يىلىنىڭ ئىككىنچى مەۋسۇمىدىلا ئوغۇل ئۇنىڭ ئارقىسىغا كىرىۋالدى. ئوغۇلنىڭ قىزغا ئىچپەش تارتىشتىكى ئۇسۇلىمۇ ناھايىتى رومانتىك، ناھايىتى قىزغىن ئىدى. راستىنى ئېيتقاندا، قىز بەزىدە قاتتىق تەسىرلەندى، شۇنداقتىمۇ رەت قىلدى.

كېيىنكى ئىككى يىلدىمۇ ئەھۋال شۇنداق بولدى، ھەتتا ئۇلار ماگىستىرلىق قالپىقىنى كىيگەندىمۇ قىز ماقۇل بولمىدى.

ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئوغۇل پىروفېسسورغا ئۆزىنىڭ دوكتورلۇقتا ئوقۇيدىغانلىقىنى ھەمدە پىروفېسسورنىڭ ئامېرىكىلىق بىر دېگەن پىروفېسسور دوستىدا دوكتورلۇقتا ئوقۇماقچى بولغانلىقىنى ئىپادىلىدى. پىروفېسسور قوشۇلۇپ تەۋسىيە پىكرى يېزىپ بەردى. پىروفېسسورنىڭ خەلقئارادىكى مۇشۇ پەن ساھەسىدىكى ئورنىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئامېرىكا تەرەپتىن تېز ئارىدىلا قوشۇلغانلىق جاۋابى كەلدى. قىزنى بولسا پىروفېسسورمۇ دوكتورلۇقتا ئوقۇشقا تەشەببۇس قىلغانىدى، لېكىن قىز ئۆزىنىڭ چەت - ياقا چېگرا جايدىكى دوختۇرخانىغا قايتىپ كېتىدىغانلىقىنى قەتئىي تەلەپ قىلدى، شۇنىڭ بىلەن پىروفېسسور ئۇنىڭ بېشىنى تۈنجى بولۇپ سىلاپ قويىدى، گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالمىدى.

پىروفېسسورنىڭ قولى قىزنىڭ دادىسىنىڭ قولىغا شۇنداق

ئوخشايتتى! ئۇنىڭ دادىسى بىلەن چوڭ دادىسىمۇ غەربىي رايوننىڭ ھەربىي گازارمىسىدا ئۆمرىنى ئۆتكۈزگەنىدى، ئۇلارنىڭ روھى ئاشۇ ماكاندا ئىدى. قىزنىڭ كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش ئاقتى.

ئوغۇل ئامېرىكىغا ماڭغان چاغ بېيجىڭنىڭ كۈز ۋاقتى ئىدى، بۇ كۈز پەسلىنىڭ مەنزىرىسى تولىمۇ چىرايلىق ئىدى، بېيجىڭ ئۇياقتىن - بۇياققا كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغان ساياھەتچىلەر بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. قىز ئۇ چاغدا تېخى كەتمىگەن بولغاچقا، ئوغۇلنى پايتەخت ئايرودرومىغا ئۇزىتىپ باردى.

ئۇلار يەنە ئاپتاپتا تۇرۇشاتتى، بۇ ئاپتاپ ئۇلارنى بىرىنچى قېتىم ئۇچراشقان چاغدىكى ۋاقىتنى ئېسىگە ئېلىشقا ئۈندەيتتى. ئۇ چاغدىكى قىزىقمۇ ئەمەس، مۆتىدىلمۇ ئەمەس ئاپتاپ ئۇلارنىڭ كەيپىياتىغا ئوخشاپ كېتەتتى.

بەلكىم خوشلىشىشتىن پەيدا بولغان ئەپسۇسلىنىش كەيپىياتىدىن بولسا كېرەك، ئوغۇل:

— بۇدا بىر كەتسەم قايتىپ كەلمەسلىكىم مۇمكىن، — دېدى قىزغا.

— بىلىمەن، — دېدى قىز ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن.

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى ئۇ قىزنىڭ جاۋابىدىن سەل ھەيران بولۇپ.

— تۇنجى قېتىم پاراڭلاشقىنىمىزدىلا بىلگەنىدىم، — دېدى قىز. ئۇ بۇ گەپنى قىلىۋېتىپ بېشىنى چايقىدى. ئوغۇلنىڭ يۈرىكى «قارت» قىلىپ قالدى. ئۇ جىم بولدى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭدا ئاشۇ چاغدىلا مۇشۇنداق ئوي بولغانىدى. ئۇ ئۆزىنى ئاسپىرانتلىققا ئىمتىھان بەرگىلى قويمىغان جەنۇبنى ياقتۇرمايتتى، ئۇنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدىغان ۋەقەلەر ئارىسىغا قايتىپ بېرىشقىمۇ كۆڭلى ئۇنىمايتتى.

ئۇ باشقا بىر جايغا بېرىپ، ئۇ كىشىلەرگە ئۆزىنى تازا بىر كۆرسىتىپ قويۇشنى خىيالىغا پۈككەنىدى. ئۇنىڭ خىياللىرى

يەنە تالاي - تالاي تەرەپلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.
— شۇڭا مېنى رەت قىلغانمىدىڭىز؟ — دېدى ئۇ قىزغا.
— پىروفېسسور سىزنى ناھايىتى ئەقىللىق ئىكەنسىز، كەلگۈسىدە جەزمەن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىسىز دەپ، قوبۇل قىلىغانىكەن، — دېدى قىز ئۇنىڭ سوئالىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، — پىروفېسسورنىڭ ئېيتىشىچە، سىز چەت ئەلگە بارغاندىن كېيىن جەزمەن قايتىپ كەلمەيدىكەنسىز، شۇنداقتىمۇ ئۇ سىزنى پىروفېسسور بىلىغا دەبدەبە بىلەن تەۋسىيە قىلغانىكەن.
ئۇلار جىم بولدى. ئوغۇل قىزنىڭ يېنىغا كېلىپ مۇرىسىنى تۇتۇپ:
— شۇنداق قىلىپ، غەربىي يۇرتتا ئۇمۇرۋايەت ياشىماقچى بولۇۋاتامسىز؟ — دەپ سورىدى.
قىز ئوغۇلنى ئىتتىرىۋەتمىدى. ئوغۇلنىڭ بىرقانچە يىلدىن بېرى ئۇنى كۆپ قېتىم قۇچاقلىغۇسى كەلگەن، بىراق قىزنىڭ مۇشۇ قېتىم ئوغۇلنىڭ رايىغا تۇنجى يول قويۇشى ئىدى.
— شۇنچىۋالا كۆپ ئوقىتسېر - جەڭچى مۇشۇنداق كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ تۇرسا، — دېدى قىز ئۆزىنى ئېغىر - بېسىق تۇتۇپ، — ئۇلارنى داۋالاشقا ئادەم بولۇشى كېرەك - دە. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن دېگەن دوختۇرخانىمىز ئەۋەتكەن تۇنجى تەتقىقاتچى ئوقۇغۇچى تۇرسام.
ئۇلار ھەر ئىككىسى قاتتىق سۈكۈتكە چۆمدى، ئايروپىلانغا چىقىش ۋاقتى توشۇپ قالغانىدى، ئوغۇل شاققىدە بۇرۇلۇپ قىزنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى، ئۇنىڭ پېشانىسىگە يېنىك سۆيۈپ قويدى. ئاندىن چاققانلىق بىلەن ئۇنى ئىتتىرىۋەتتى - دە، يوغان - يوغان قەدەم تاشلاپ، بېلەت تەكشۈرىدىغان ئىشىككە قاراپ يۈرۈپ كەتتى، قايتا بۇرۇلۇپمۇ قويمىدى.
قىز تۇرغان جايىدا قېتىپلا تۇراتتى، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە لىققىدە ياش كەلدى. قىز ئۆزىنىڭ ئوغۇلنى سۆيىدىغانلىقىنى ئۇنىڭغا ئېيتىشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى، مانا ئەمدى مۇمكىن

ئەمەس ئىدى. نۇرغۇن ـ نۇرغۇن نەرسىلەر باشتىلا ئۇلارنى ئايرىپ تۇرغانىدى. خەير ـ خوش بېيجىڭ، خەير ـ خوش!

قىز ئوغۇلغا بەرمەكچى بولۇپ ئالىقىنىدا چىڭ سىقىمداپ تۇرغان خېتىنى ئالدىرىماي ئاچتى ـ دە، يىرتىپ تاشلىدى. ئاندىن بىر پارچە تۆت چاسا رەڭلىك قەغەزنى ئاستا ـ ئاستا ئالدىرىماي يېنىدىن چىقاردى. تۆت چاسا رەڭلىك قەغەز ئوغۇلنىڭ ھەر ھەپتىسىگە جەزمەن سېتىۋالىدىغان تەنتەربىيە لاتارىيە بېلىتى بولماستىن، بەلكى شۇ كۈنى ئاخشىمى شىنجاڭنىڭ ئەڭ چېتىدىكى قەشقەر دېگەن شەھەرگە قاتنايدىغان ئايروپىلاننىڭ بېلىتى ئىدى.

ئەمدى گەپنى دەۋېتەي. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغىنى ھامامنىڭ قىزى بولۇپ، خۇاڭئەنلىك ئىدى. بىز ئۇنى لىڭ ئاچا دەپ ئاتايتتۇق. ئۇنىڭ چوڭ دادىسى زور قوشۇن بىلەن شىنجاڭغا كىرگەن، ئۇنىڭ دادىسىمۇ چېگرا مۇداپىئە قىسمىدا ئۆمۈر بويى ۋەزىپە ئۆتىگەن. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى غەربىي رايوندىكى بىر خىل تارقىلىشچان كېسەللىك بىلەن قازا قىلغان. ئەينى ۋاقىتتا بىزنىڭ جەمەتىمىزدىكىلەر پۈتۈنلەي قارشى تۇرغان بولسىمۇ، ھامام يەنىلا ھەربىي فورما كىيگەن ھېلىقى يىگىت بىلەن بىللە كەتكەن.

لىڭ ئاچام ئون يەتتە ياشقا كىرگەندە ئەسكەرلىككە قاتناشقان، ئون توققۇز ياشقا كىرگەندە شىنجاڭ قۇتۇپى ھەربىي تېببىي مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرگەن، ئۇ مەكتەپنىڭ گۈلى ئىكەن. يىگىرمە ئۈچ يېشىدا ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇش پۈتتۈرگەن. ئۇ ئىككى يىل خىزمەت قىلغاندىن كېيىن، مەن بېيجىڭدىكى مۇشۇ چوڭ دوختۇرخانىغا خىزمەتكە يۆتكىلىپ كەلگەنىدىم، مەن ئىلھام بېرىپ تۇرغانلىقىم ئۈچۈن ئۇ قىز بېيجىڭغا ئاسپىرانتلىققا ئىمتىھان بەرگىلى كەلگەنىدى. مەن ئۇنىڭ ئاسپىرانتلىقنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن قايتىپ كەتمەسلىكىنى ئارزۇ قىلاتتىم. لېكىن، لىڭ ئاچام مېنىڭ

گېپىمگە زادى قۇلاق سالمىدى، ئۇ قايتىشىدا مەن بىلەن خوشلىشىپمۇ قويماي كەتتى.

ھازىر ئۇ توپتوغرا ئوتتۇز ياشقا كىرىپ، چوڭ ياشتىكىلەردىن ھېسابلىنىدىغان بولۇپ قالدى، ھېلىمۇ چەت ياقىدىكى ھېلىقى دوختۇرخانىدا ئىشلەۋاتىدۇ. ھازىر شۇ يەرنىڭ ئىلغار تىپى بوپتۇ. ئاڭلىشىمچە، ھەر يىلى كوئېنلۇن تېغىغا بېرىپ تۇرىدىغان ئوفىتسېر - جەڭچىلەرنىڭ ئۇنى بىلمەيدىغىنى يوق ئىكەن، لېكىن لىڭ ئاچامنىڭ شۇنچىلا چوڭ ياشقا كېلىپمۇ يەنە نېمىنى ساقلاپ تۇرىدىغانلىقىنى ھېلىغىچە بىلمەيمەن، ھېلىقى يىگىتنى ساقلامدىكىن؟ لېكىن مەن ئۇنىڭ ئامېرىكىدىن قايتىپ كېلىشىگىمۇ ئىشەنمەيمەن.

مەن لىڭ ئاچامنى سۆيىمەن، بىزنىڭ قانداشلىق مۇناسىۋىتىمىز يېقىن، ئىكاھلىنىشقا مۇناسىپ كەلمەيمىز. شۇڭلاشقا، مېنىڭ بۇ مۇھەببىتىممۇ نەتىجىسى يوق مۇھەببەت بولىدىغان بولدى، ئەگەر بىرەرىنىڭ تەلىيى كېلىپ، بۇ ھېكايىنى ئوقۇپ، لىڭ ئاچامغا كۆڭلى چۈشسە، ماڭا خەت يېزىشىنى سورايمەن. ئۇ چىرايلىق، كەڭ قول، ئاق كۆڭۈل، ياخشى قىز، كىمنىڭ قېيىنچىلىقى بولسا ياردەم بېرەلەيدۇ، سىزگىمۇ ياردەم بېرىشى تۇرغانلا گەپ.

ياسىن ھاۋازى تەرجىمىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مۇبادا شەھەر باشلىقى بولۇپ قالسام

## چىن دېلۇڭ

بۇ ئايدا سىنىپتا «مۇبادا شەھەر باشلىقى بولۇپ قالسام» دېگەن تېمىدا مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى.

«مۇبادا شەھەر باشلىقى بولۇپ قالسام» دېگەن تېما بەك چوڭ بولغاچقا، بەزى ساۋاقداشلار گەپ قىلىشقا پېتىنالمىدى. ياقا يۇرتتىن كەلگەن ۋاڭ شياۋماڭ دېگەن ساۋاقداش شەھەر باشلىقى بولۇشنى زادىلا ئويلاپ باقمىغاچقا، بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە گەپ قىلماي ئولتۇرۇۋەردى.

ساۋاقداشلار بۇ تېما ئۈستىدە قىزغىن پاراڭغا چۈشتى، ئۇلار بۇ تېمىغا بەكمۇ قىزىققانىدى. ئەگەر ئۇلار كەلگۈسىدە شەھەر باشلىقى بولالىسا، ئۇلار ئۈچۈن ناھايىتى زور شەرەپ ئىدى.

— مۇبادا مەن شەھەر باشلىقى بولۇپ قالسام، شەھىرىمىزنى كۆكەرتىش، گۈزەللەشتۈرۈش ئۈچۈن ئامېرىكىدىن چىم، روسىيەدىن ئاق قېيىن... قاتارلىقلارنى كەلتۈرىمەن. شەھىرىمىزگە كەلگەن چەت ئەللىك دوستلارنى قالاق يېزا بازىرىغا كېلىپ قاپتۇق، دېگەن خاتا تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن، ھەرقانداق ئادەمنىڭ شەھىرىمىزنىڭ ھەرقانداق يېرىگە پىدىگەن، تۈرۈپ، مايلىق يېسۋىلەك قاتارلىقلارنى تېرىشىغا ھەرگىز يول قويمايمەن.

— ئەگەر مەن شەھەر باشلىقى بولۇپ قالسام، دۇنيا بويىچە بىرىنچى دەرىجىلىك باغچە بەرپا قىلىپ، ئادەملەر بىلەن ھايۋانلارنىڭ ئىجىل - ئىناق ياشىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىمەن. ئەلۋەتتە، بۇ باغچىگە يېزىلاردىن بىر تۈركۈم ئات، كالا،

چوشقا، قوي، قېچىر، ئېشەك... قاتارلىق ھايۋانلارنى سىتىۋېلىپ ئەكېلىمەن. ساۋاقداشلار كۈلمەڭلار، چۈنكى ھازىر نۇرغۇن كىچىك دوستلار نېمىنىڭ ئات، نېمىنىڭ قېچىر، نېمىنىڭ ئېشەك ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرەلمەيدۇ، ئۇلارنى ئوخشاش دەپ قارايدۇ....

بىرنەچچە ئون ساۋاقداش بەس - بەستە پىكىر بايان قىلىشىپ، «مۇبادا شەھەر باشلىقى بولۇپ قالسام» دېگەن بۇ تېما ئۈستىدە ئۆز كۆزقاراشلىرىنى بايان قىلىشتى. بۇ كىشىنى بەكمۇ جەلپ قىلىدىغان مەنىلىك، قىزىقارلىق تېما بولغاچقا، ساۋاقداشلار بەكمۇ خۇشال پاراڭلاشتى.

ياقا يۇرتتىن كەلگەن ساۋاقداش ۋاڭ شياۋماڭلا پىكىر بايان قىلمىدى.

ۋاڭ شياۋماڭ بۇ مۇھاكىمىگە قانداق قاتنىشىشنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ ئولتۇرىۋەردى. سىنىپ باشلىقى ئاخىر ۋاڭ شياۋماڭغا ئۆز پىكرىنى بايان قىلىپ بېقىشنى ئېيتتى.

ۋاڭ شياۋماڭ قىزىرىپ كەتتى، ئۇ دۇدۇقلىغان ھالدا:

— مەن... مەن شەھەر باشلىقى بولماي، بولامدۇ؟ — دېدى.

— ياق، بولمايدۇ، بۈگۈنكى سىنىپ مۇھاكىمىسىنىڭ ئاساسىي تېمىسى ھەممە ئادەم شەھەر باشلىقى بولۇش. سەن بولساڭمۇ بولىسەن، بولمىساڭمۇ بولىسەن. بولمايمەن دېسەڭ، يارامسىز ئادەم بولالمايسەن، — دېدى سىنىپ باشلىقى كەسكىنلىك بىلەن.

ۋاڭ شياۋماڭنىڭ چىرايى تېخىمۇ قىزىرىپ كەتتى:

— ئەگەر مېنى شەھەر باشلىقى بولىسەن دەپ تۇرىۋالساڭلار، بىر ئىشنى چوقۇم قىلىمەن، ئۇ بولسىمۇ، ۋاقىتلىق تۇرۇش كىنىشكىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش.

ۋاڭ شياۋماڭنىڭ گېپى تۈگە - تۈگىمەيلا، سىنىپتا قاتتىق كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

— شۇمۇ گەپ بولدىمۇ؟ شەھەر باشلىقى بولساڭ، شۇ ئىشنىلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلامسەن؟

— ھەئە، مۇشۇ ئىشنى قىلىمەن، بۇ دېگەن چوڭ ئىش.

— بۇ قانداقمۇ چوڭ ئىش بولسۇن، شەھەر باشلىقى بولساڭ، كىممۇ سېنىڭدىن ۋاقىتلىق تۇرۇش كىنىشكىسى تەلەپ قىلالىسۇن، بۇ تازىمۇ ئەخمەقلىقتە.

— يېزا باللىرىنىڭ ۋاقىتلىق تۇرۇش كىنىشكىسى بولمىسا، مەكتەپتە ئوقۇيالمايدۇ - دە، — دېدى ۋاڭ شياۋماڭ تەن بەرمەي.

— ھە، مۇنداق دېگىنە، ۋاڭ شياۋماڭ، ئۇنداق بولسا، ۋاقىتلىق تۇرۇش كىنىشكاڭنى بىزگە كۆرسىتىپ باقە.

ۋاڭ شياماڭ چۆچۈپ كەتتى - دە، ئۇندىمىدى.

— ۋاڭ شياۋماڭ، — دېدى ئۇنىڭ پارتىدىشى جاڭ جىڭجىڭ، — مەن بۇرۇنلا ساڭا دېيىشنى ئويلىغان، دادام مەخسۇس كىنىشكا يىغىپ ساقلايدۇ. ساقلاۋاتقان نەرسىلەرنىڭ ئىچىدە تېخى ياقا يۇرتلۇقلارنىڭ ۋاقىتلىق تۇرۇش كىنىشكىسى يوق، ئەگەر سېنىڭ ۋاقىتلىق تۇرۇش كىنىشكاڭنى ماڭا بەرسەڭ، مەن دادامغا ئاپىرىپ بەرسەم، ئۇ چوقۇم خۇش بولاتتى.

ۋاڭ شياۋماڭ جاڭ جىڭجىڭغا قاراپ قويدى - دە، كالپۇكىنى چىشلىگىنىچە ئۈندىمەي تۇردى.

سىنىپ كەيپىياتى ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. سىنىپ باشلىقى بۇ ھالەتنى ئوڭشاش ئۈچۈن:

— ئۇنداق بولسا، ۋاقىتلىق تۇرۇش كىنىشكىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا بولامدۇ - يوق، دېگەن مەسىلىنى داۋاملىق مۇھاكىمە قىلىپ باقساق، — دېدى.

سىنىپنىڭ كەيپىياتى بىردىنلا جانلىنىپ كەتتى. ساۋاقداشلار ئۆز كۆزقاراشلىرىنى بەس - بەستە بايان قىلىشتى. ھەممەيلەن، ۋاقىتلىق تۇرۇش كىنىشكىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا بولمايدۇ، ئەمەلدىن قالدۇرۇلسا، شەھەرنى ياقا يۇرتلۇقلار قالايمىقان قىلىۋېتىدۇ، دېگەن قاراشقا كەلدى.

ۋاڭ شياۋماڭنىڭ كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلدى، ئۇ يىغلىغانىدى.

مۇھاكىمە ئاياغلاشتى.

ۋاڭ شياۋماڭ ئۆز ماكانىغا قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ماكانى ياقا يۇرتلۇقلار شەھەرنىڭ چېتىگە ياسىۋالغان بىر لاپاسىنىڭ ئىچىدە ئىدى.

ۋاڭ شياۋماڭ لاپاسىنىڭ قېشىغا توختىتىپ قويۇلغان بىر كىچىك ماشىنا بىلەن ساقچى ماشىنىسىنى كۆرۈپ، ساقچىلار ئادەم تۇتقىلى كەلگەن بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ قورقۇپ كەتتى.

ۋاڭ شياۋماڭنىڭ ئويلىغىنى خاتا بولۇپ چىقتى. ئەسلىدە بۇ ساقچى ماشىنىسى شەھەر باشلىقىنى قوغداپ كەلگەنىدى. بۈگۈن شەھەر باشلىقىنىڭ كەيپى بەك ياخشى بولغاچقا، بۇ يەردىكى ياقا يۇرتلۇقلارنى يوقلاپ كەلگەنىدى.

ئۇچىسىغا ئاق كۆڭلەك كىيگەن شەھەر باشلىقى بېلىنى تۇتۇپ، قورسىقىنى تومپايتىپ سۆزلەۋاتاتتى. شەھەر باشلىقىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاۋاتقان ياقا يۇرتلۇقلار مۇخبىرىنىڭ ئاپپاراتىنىڭ ئاغزىغا قارىغىنىچە چاۋاك چېلىۋاتاتتى.

— شەھەر باشلىقى، ۋاقىتلىق تۇرۇش كىنىشكىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرغىلى بولارمۇ؟ — قىستىلىپ يۇرۇپ شەھەر باشلىقىنىڭ ئالدىغا بارغان ۋاڭ شياۋماڭ ئۈنلۈك ئاۋازدا سورىدى.

— ھە، كىچىك دوست، ئۆزۈڭ دەپ باقە؟ مۇبادا شەھەر باشلىقى بولۇپ قالساڭ، ئەمەلدىن قالدۇرارمىدىڭ؟

— مەن چوقۇم ئەمەلدىن قالدۇراتتىم، — دېدى ۋاڭ شياۋماڭ.

— بىراق، ۋاقىتلىق تۇرۇش كىنىشكىسىنىڭ نۇرغۇن پايدىسى بار، ھازىرچە، ئەمەلدىن قالدۇرغىلى بولمايدۇ، ئەمەلدىن قالدۇرۇلسا، شەھەر قالايمىقانلىشىپ كېتىدۇ، سىلەر ياقا يۇرتلۇقلارمۇ بۇ يەردە تۇرالمايسىلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋاقىتلىق تۇرۇش كىنىشكىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرمايدىغان ئادەم، شەھەر باشلىقى بولۇپ نېمە قىلاتتىڭىز؟

شەھەر باشلىقى بۇ گەپنى ئاڭلاپ داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى.

ۋاڭ شياۋماڭ شەھەر باشلىقىغا تىكىلىپ تۇرۇپ:

— مۇنداق شەھەر باشلىقلىقىنى مەنمۇ قىلالايمەن، — دېدى.

ۋاڭ شياۋماڭنىڭ گېپى تۈگە - تۈگىمەي، ئېڭىكىگە بىر تەستەك تەگدى.

ۋاڭ شياۋماڭنىڭ ئاتىسى يېلىنىپ تۇرۇپ:

— شەھەر باشلىقى خاپا بولمىسىڭىز، بۇ بالا كىچىك بولغاچقا، ئاغزىغا كەلگىنىچە بىلجىرلاۋاتىدۇ، — دېدى.

شەھەر باشلىقىمۇ قىزىرىپ كەتتى، ئۇ كۆڭلىدىكى بىر گەپنى ئاغزىدىن چىقىرالمايۋاتاتتى، ئەسلىدە ئۇمۇ ياقا يۇرتلۇق ئىدى.

ساتتار ئابدۇللا تەرجىمىسى



# پىكاپ ئالماشتۇرۇش

شۈي شاگمىڭ

Aبازىرىنىڭ شۆجىسى ئۇلتۇرىدىغان ئادەتتىكى سانتانا 300 نەچچە مىڭ كىلومېتىر يول يۈرگەنىدى. شىن شۆجى ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، بىر قانچەيلەن ئۇنىڭغا: «پىكاپىڭىزنى ئالماشتۇرۇۋېلىڭ» دېدى، ئۇ: «پۇلنىڭ بېشىدا ئوت كۆيۈۋاتىدۇ، ئەپلەپ ـ سەپلەپ ئىشلىتىپ تۇرايچۇ» دېدى.

بىر كۈنى ئۇ يېزىلىق مەركىزىي تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تورۇسلىرى چۈشۈپ كەتكەن كونا ياتاقلاردا يېتىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپتى ـ دە، بۇنىڭغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. شۇ كۈنى كەچتە ئۇ ئالاقىدار رەھبەرلەرنىڭ بىرلەشمە يىغىنى چاقىرىپ، مەردانىلىك بىلەن:

— جاپالىق ئىشلەۋاتقان مېهنەتكەش باغۋەنلىرىمىز كونا ياتاقلاردا يېتىۋېتىپتۇ، بىز كادىرلار سىرتقا چىققاندا پىكاپقا ئولتۇرۇۋالساق، كۆڭلۈم بىر قىسمىلا بولۇپ قالىدىكەن، — ئۇ بىر يۇتۇم چاي ئوتلىۋالغاندىن كېيىن گەپنىڭ پوسكاللىسىنى دېدى، — ئۇ سانتانانى سېتىۋېتىپ پۇلىغا ئوقۇغۇچىلار ياتىقىنى رېمونت قىلدۇرۇپ بېرەيلى.

ئۈچىنچى كۈنى شىن شۆجى ھېلىقى پىكاپنى ساتقان پۇلدىن ئون مىڭ يۈەننى مەكتەپ مۇدىرىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى ۋە قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ دىرېكتورىنى نەق مەيدانغا چاقىرتىپ، رېمونت قىلىش لايىھەسىنى بېكىتتى. ئەللىك ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان مەكتەپ مۇدىرى بۇنىڭدىن تەسىرلىنىپ كۆزىگە لىق ياش ئالدى ـ دە، شىن شۆجىنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ

تۇرۇپ:

— رەھمەت شۈجى، رەھمەت سىزگە شۈجى! — دېدى يېنىش - يېنىشلاپ.

شۈجىنىڭ پىكاپىنى سېتىۋېتىپ مائارىپنى قوللىغانلىقى پۈتۈن ناھىيەگە پۇر كەتتى. ھاكىم: «ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەتلەپ، مائارىپنى قوللىغان بۇنداق رەھبەر ھەقىقەتەن ئۆلگىمىز بولۇشقا مۇناسىپ» دېدى.

يېرىم ئايدىن كېيىن، شىن شۈجى يەنە ھەيران قالارلىق بىر چوڭ ئىش قىلدى. ئۇ يەككە كارخانىچى لى غوجايىننىڭ يېڭى تۇرىگە ئۈچ يۈز مىڭ يۈەن ھەقسىز ياردەم قىلدى. كىشىلەر: «ياش كادىرلىرىمىز شىن شۈجىدەك جىگەرلىك، تەدبىرلىك بولسا نېمىدېگەن ياخشى - ھە» دېيىشتى. ناھىيە چاقىرغان ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىدا ناھىيەلىك پارتكومنىڭ شۈجىسى: «يېزا - بازار كادىرلىرى A بازىرىدەك چوڭ - چوڭ ئىشلارغا تۇتۇش قىلىپ، كۆپرەك ئەمەلىي ئىش قىلىدىغان بولسا، ناھىيەمىزنىڭ سانائەت ۋە يەككە كارخانىلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتىن زور ئۈمىد كۈتكىلى بولىدۇ» دېدى.

يەنە بىر ئايدىن كېيىن A بازىرىدىن يېڭى خەۋەر تارقالدى يەككە كارخانىچى لى غوجايىن بېيىغاندا جەمئىيەتكە جاۋاب قايتۇرۇشنى ئۇنتۇپ قالمىدى، ئۇ بازارلىق پارتكومغا ئېكسپورت قىلىنغان «پاسات» ماركىلىق ھەشەمەتلىك پىكاپتىن بىرنى ھەقسىز بەردى.

شىن شۈجى پىكاپتا ئولتۇرۇپ چەكسىز رازىمەنلىك بىلەن:

— يەنىلا ئېكسپورت قىلىنغان پىكاپ ئېسىل، راھەت ئىكەن، — دېدى.

ئابلەت ئابدۇللا تەرجىمىسى

# جۇڭگو داڭلىق يازغۇچىلىرىنىڭ ھېكايىلىرىدىن تاللانما

ئاپتورى: ۋاڭ مېڭ قاتارلىقلار
تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئەخمەت پاسار، مەسئۇت خالىت قاتارلىقلار
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئازات ئالماس
مەسئۇل كوررېكتورى: ئايگۈل سابىت
تەكلىپلىك كوررېكتورى: يۈسۈپ ئىسمايىل
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
تېلېفون: 0991-2827472
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830001
باسقۇچى: ئۈرۈمچى جۇنشىڭ باسما زاۋۇتى
ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى: 1230×880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 10
نەشرى: 2012 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى: 2012 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 3000 — 1
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 – 7 – 228 – 15791 – 4
باھاسى: 25.00 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : مەمەت نەۋبەت

جۇڭخۇا نادىر ئەسەرلەر تەرجىمە قۇرۇلۇشى

中华经典翻译工程

ISBN 978-7-228-15791-4

9 787228 157914 >

定价: 25.00元